www.kitaphumar.com

# نادىر ماقالىلەر توپلىمى

# (7)

ئېلكتاب ئىشلىگۈچى: تۇران 2014-يىلى 1-ئاي

مەنبە: ئۇكيان تورى،

# مۇندەرىجە


1. ئىلىمدارنىڭ قەرزى ۋە پەرزى ......... غەيرەتجان ئوسمان (بىلىكيار) 3
2. تارىختا بېيجىڭدا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ................
.......................... مۇھەممەد تۇرسۇن ئابدۇلكەرىم يۈكسەل 63
3. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ موڭغۇل مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تارىخي تەسىرى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش ....................................
.......................... مۇھەممەد تۇرسۇن ئابدۇلكەرىم يۈكسەل 84
4. مەۋجۇتلۇق نېمىلەرگە باغلىق؟ .................. ئابدۇرەھىم دۆلەت 106
5. ئەخلاقنىڭ نۇرى ۋە رولى ............. يۈسۈپجان سەمەت ئەفيفىي 136
6. پەرزەنت تەربىيىسى بىز .............. يۈسۈپجان سەمەت ئەفيفىي 149
7. تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ ئاساسىي قاراشلىرى ....................
................................ ھۆرمەتجان ئابدۇراخمان فىكرەت 166
8. تىلنىڭ كۈلتۈر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ..........................
................................... ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق 179
9. يايلاق مەدەنىيىتى ۋە ئىنسانىيەت تارىخى ............................
........................................ مىلىك چىبى (موڭغۇل) 195
10. يېڭى ئەسىرنىڭ كۈچلۈكلىرى كىم؟ ........... ئابدۇرەھىم دۆلەت 221
11. ئىلىمگە خىيانەت-ئەلگە قىيامەت ............. ئابدۇرەھىم دۆلەت 230
12. ياشلار ئويلىنىشقا تېگىشلىك سۇئاللار.......... ئابدۇرەھىم دۆلەت 241
13. موڭغۇلىيەدىن ۋەتىنىگە قايتقان ئۇيغۇرلار ........................
.......................................... ئابدۇراخمان ئەبەي 250
14. ئەخلاقنىڭ ۋاقتى ئۆتتىمۇ؟ ..................... ئابدۇرەھىم دۆلەت 272
15. ھايات ساۋاقلىرى ئائىلە ۋە ئائىلە كرىزىسى .... ئابدۇرەھىم دۆلەت 280

# ئىلىمدارنىڭ قەرزى ۋە پەرزى

ــ ئۆز باشنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2010ـ يىل 4ـ سانىغا بېسىلغان "ئۇيغۇرلاردا ئىجتىمايەت، ئادىمىيەت پەنلىرى مەسىلىسى" ناملىق ماقالىسىدىن تەسىرات ۋە يانداشما ئويلار

**غەيرەتجان ئوسمان (بىلىكيار)**

ئۆزى ئۆگەنگەن بىلىم ھەم تەتقىق قىلغان ئىلىم ـ پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاۋام ـ خەلققە ئومۇملاشتۇرۇشنى خالىمىغان ھەر قانداق ئادەم قانچە كۆپ كىتاب ئوقۇغان ـ يازغان، تاغدەك مول بىلىمى بولغان ۋەياكى قانچىلىك كاتتا مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئۇ ھەرگىز "ئالىم" ياكى "ئىلىمدار"①دېگەن شەرەپلىك نام بىلەن ئاتاشقا ئەسلا مۇناسىپ كەلمەيدۇ. ــــ خاتىرەمدىن

## I. سۆز بېشى ۋە تېمىغا كىرىش: ئۆزباش نېمە دېمەكچى؟!

كەمىنە يازارمەن②نىڭ ئاساسلىق كەسپى ئادىمىيەت پەنلىرى بولماستىن تەبىئەت پەنلىرى بولۇپ، ئۆگىنىش ۋە ئىجادىيەت مۇھىتى ۋەجىدىن يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى ئىزچىل خەنزۇ تىل مەدەنىيەت مۇھىتىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ بىر نەچچە يۈز پارچە ماقالە ـ ئەسەر ۋە بىر قانچە كىتاب يازغانىدىم. بىراق، يېقىنقى يىللاردىن بېرى پەنلەر چىگرىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ چوڭ ئىلىم ـ پەن بىناسى تۇرغۇزۇش ۋە ئىلىم ـ پەن ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئادىمىيەت پەنلىرى ۋە ئارىلىق پەنلەر تەتقىقاتىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىۋاتقان بولسامۇ، ئانا تىل مۇھىتىدىكى ئىجادىيەتكە كىرىشكىنىمگە

ئـانچە ئـۇزۇن بولمىـدى. شـۇڭا هامـان بەزى نۇقسـانلارنىڭ بولۇشـى تەبىئـى. شـۇنداقتىمۇ ئـۆگىنىش ۋە تەپەككـۇر هايـاتىم، بەختىمنىـڭ بىـر قىسـمى دەپ قارايـدىغان بولغانلىقىمـدىن، ئۇشـبۇ ماقالىغـا قەلەم تەۋرەتـتىم. بىـراق قەلەم تەۋرىتىۋاتقان بـۇ ماقـالە قەتئـى مەنىـدىكى پەن ـ تەتقىقات ماقالىسـى، مۇهـاكىمە ماقالىسى ياكى تەجرىبە ـ تەتقىقات دوكلاتى بولمىغانلىقتىن، ئـادەتتىكى تەسـىرات ۋە ئىلهاملىرىم ئاساسىدا تولىمۇ يەڭگىل مۇهـاكىمە قىلىـش بىـلەن كۇپايىلەنـدىم. ماقالىنىڭ قۇرۇلمىسى، تەرتىپ جەهەتتىنمۇ تەپەككۇر ۋە ئىلهامىمنىـڭ ئىلگىـرى ـ كېيىنلىكى بويىچىلا رەتكە تۇرغۇزدۇم. شۇڭا ئەزىز ئۇسـتاز تەهرىـر ـ مۇهەررىر ۋە ئوقۇرمەنلەرنىـڭ سـېخى، ئالىجانـابلىق بىـلەن ئىجـابى پايـدىلىنىپ، كۆرسـەتمە بېرىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

كەمىنە ئۇشبۇ ماقالەمگە نېمە دەپ بۇ تېمىنى قويغانلىقىمغـا كەلسـەك، مەن زۇلپىقارنىڭ هاۋايىغا ئوقۇشقا بارغاندىن بېرى ئىزچىل تۇردە بىلمىگەننى ئۆگىنىپ بىلگەننى بىلمەيدىغانلارغا ئۆگىتىش، سەمىمىي ئادەم بولـۇپ هەق گەپ قىلىـش، دۇرۇس ياشاشتەك ئىلىمدارلار ئەخلاقىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۆگىنىش بىلەن ئۆگىنىش نەتىجىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى تەڭ ئېلىـپ بېرىۋاتقانلىقىـدىن سـۆيىنىش بىـلەن بىرگە، قىسمەن ئىلىمدارلاردىكى گىرىيلىق، يەكپايلىق، ئەبگـالىق، ئىچىتـارلىق، مەككارلىق (ساختا قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىش، تەتقىقاتقا پۇتكـۆل مېهـرى ـ مـۇهەببەت ۋە ئېهسـان بىـلەن ئەمەس، هىـيلە ـ مىكـرى بىـلەن كىرىشـىش) بېكىنمىچىلىك، ئۇچۇر ۋە بىلىم بـايلىق مونوپۇللـۇقى، ئىناقسـىزلىق، هەسـەت ـ غەيۋەتخورلـۇق قاتـارلىق قىلمىشـلارغا تەنقىـد هەم رەددىـيە بېرىـپ، ئـۇلارنى ئىندوكسىيەلەش ۋە مەنپەئەتلىك ئىلمىي زەرەتلەشنى كۆزدە تۇتتۇم.

ئاۋات بىـر رەسـتىدىكى پىشـقەدەم زىيـالىلار تويلىشـىپ پـاراڭ سـوقىدىغان دۇقمۇشتا، تۇساتتىن بىر بۇرادىرىم مەن بىلەن سالاملىشىپ قالدى ۋە: «شىنجاڭ مەدەنىيىتـى»نىـڭ 4 ـ سـانىنى ئوقۇدىڭـمۇ؟ زۇلپىقارنىـڭ ماقالىسـىمۇ سـاز ماقـالە ئىكەن، بىراق تېما بەك چوڭ، ماقالە بەكلا ئۇزۇن بولغاچقا پىكىر سەل چېچىلىپ كېتىپتـۇ. 20نەچـچە بەت ماقـالىنى ئوقـۇپ بولغـۇچە ئـادەم هېرىـپ قالىـدىكەن، لېكىن هەر هالدا ياخشى چىقىپتۇ دەۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا، ئەزەلدىن دىدارلىشىپ باقمىغان ياش مائارىپچى كاملجان تۇنياز تېلېفۇن قىلىپ: «شىنجاڭ ئىجتىمـائىي پەنلـەر مـۇنبىرى»نىـڭ 4 ـ سـانىنى ئوقـۇدۇم؛ ئابىـاس مۇنىيـاز تۇركىيقاننىـڭ ‹خارابـاتى نەزىرىـدىكى قەهرىمـانلىق› ، يـالقۇن روزىنىـڭ ‹ئىلىـم ـ پەنـگە

بېغىشلانغان ھايات› ۋە سىلىنىڭ ‹مەدەنىيەت چۈشەنچىمىزنى جىددىي يېڭىلاپ سەنئەتخۇمارلىقتىن ئىلىمخۇمارلىققا كۆچۈش ۋە تەبىئى پەنگە يۈرۈش قىلىشنىڭ تەخىرسىزلىكى توغرىسىدا› قاتارلىق ماقالىلار بەكلا ياخشى چىقىپتۇ. بولۇپمۇ سىلىنىڭ ماقالىنىڭ ئۇچۇر سىغىمى زور بولغاندىن باشقا، 500يىللىق تەبىئى پەن تارىخىنى تولىمۇ مېغىزلىق كارتىنىلاپ،تەبىئى پەنگە يۈرۈش قىلىشنىڭ تەخىرسىزلىكى قايىل قىلارلىق ئوتتۇرىغا قويۇلۇپتۇ؛ مەن بۇ ھەقتە ئۆزلىرى بىلەن پاراڭلاشقىلى يەنە كېرىمەن... دەپ خۇشلاشتى. يېنىمدىكىلەر يەنىلا شۇ ئىككى ژورنالنىڭ ماقالىلىرى ئۈستىدە پاراڭ قىلىشىپ، مەندىن تەسىراتىمنى سوراشتى. مەن، تېخى تولۇق كۆرۈپ بولالمىغانلىقىم، كېيىنچە پۇرسەت بولسا مەتبۇئات يۈزىدە تەسىراتىمنى كۆپچىلىككە «دوكلات» قىلارمەن دەپلا يولۇمغا راۋان بولدۇم. ئارلىقتا يەنە بىر بۇرادىرىم بۇ ماقالىنى تەۋسىيە قىلدى.

شۇنداق قىلىپ، مەن مونولوگ قىلغاچ بۇ ماقالىنى ئوقۇپ تۈگەتتىم. ئەسەرنىڭ ماڭا بەرگەن دەسلەپكى تەسىرى «ئاساسلىقى بۇزۇلۇۋاتقان ئىلمىي مۇھىت ۋە ئىلمى ئىستىل، يوقىلىۋاتقان ئىلمىي روھ ۋە ئىلمىي ھاۋا، ئادىمىيەت پەنلىرى ساھەسىدىكى ئىلىمدارلارنىڭ ‹نەزەرىيە ئەمالىقى› [1] ، يېڭىلىق يارىتىش ۋە ھەمكارلىق ئېڭىنىڭ ئىنتايىن سۇسلىقى قاتارلىق مەسىلىلەر تەنقىدلىنىپتۇ، بۇنداق قىلمىشلارنى تېخىمۇ ئېغىرراق تەنقىدلەش كېرەكىدى» دېگەنلەرنى ئويلۇدۇمدە، يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىشنى ۋە بىرەرنېمە يېزىپ بېقىشنى خىيال قىلىپ، ئىلمىي ئۇلپىتىم، سەمەرىلىك شائىر قاۋۇل ساۋۇر ئەپەندىمنىڭ مەسلەھەتىگە سېلىۋىدىم، ئۇ: «ئۇنداقتا تېخىمۇ ئوبدان بولاتتى-دە» دېدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ تېمىنى جىجىلاشقا كىرىشتىم.

## II ئىلمىي ھاۋانى ساپلاشتۇرۇش، ئىلمىي ئىستىلنى رۇسلاش ئىلىم-پەن تەرەققىياتىنىڭ تەقەززاسى

ئىلىم ساختىپەزلىكىگە يول قويۇۋاتقان، سۈكۈت قىلىۋاتقان بىر مىللەت ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ گۆرىنى كولاۋاتقان؛ ئەۋلادلىرىغا ئىلىم خارابىسىنى، دات باسقان ئەقلىنى مىراس قالدۇرۇش ئالدىدا تۇرغان مەغلۇبىيەتچى مىللەتتۇر.

[2] —— زۇلپىقار بارات ئۆزباش

بۇلغانغــان ئىلمىــي مۇھىــت بــارلىق ئىلمىــي پــاجىئە ۋە شــۇملۇقلارنىڭ مەنبەسى، چىرىك ۋە چاكىنا ئىلىمـدارلارنىڭ ئەلـگە يەتكۈزـدىغان پايدىسـىدىن زىيىنى كۆپ بولىدۇ. ـــــ خاتىرەمدىن

ئىشىك-دېرىزىلەرنى ئېچىۋەتسە ساپ ھـاۋا كىـرىش بىـلەن بىـرگە پاشـا-كۆمۈتىلارمۇ كىرگىنىدەك، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشكە ئەگىشىپ، چىرىـك-چاكىنا ئىدىيەلەرمۇ سىڭىپ كىـردى ۋە ئىختىسـادىي ساھەنى بۇلغاپلا قالماسـتىن ئىلىم ساھەسىنىمۇ چىرىتىشكە باشلىدى. بۇ چىرىك-چاكىنا ئىدىيەلەر ئىممۇنۇت كۈچى ئـاجىز خىلـى بىـر قىسـىم ئىلىمـدارلىرىمىزنىمۇ يۇقۇملانـدۇرماي قالمىـدى. مەلۇم مەنىـدىن ئېيتقانـدا ئىلىـم ساھەسـىدىكى بـۇ خىـل ناچـار ئىللەتـلەر كىشـىنى چۆچۈتكـۈدەك دەرىجىـگە بېرىـپ يەتتـى دېيىشـكە بـولاتتى. مېـنىڭچە ئـاپتۇر ماقالىسىدە بۇ تەرەپنى تولىمۇ ئەتراپلىق يورۇتقان.

ئىلىم-پەن روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ ئىلمىـي ھـاۋانى ساپلاشـتۇرۇش، ئىلمىـي ئىستىلنى جـارى قىلدۇرۇشـنىڭ ئاساسـى. بـۇ يەردە ئىلىـم-پەن روھـى بىلىـم ۋە ئىقتىداردىن كۆپ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بىـراق، "ئىلىـم-پەن روھـى" دېگەننـى نۇرغـۇن كىشـى ئېغىزـدىن چۈشۈرمىسـىمۇ، بـۇ روھنىـڭ زادى قانـداق روھ ئىكەنلىكىنى ئانچە كۆپ ئادەم بىلىپ كەتمەيدۇ. بولۇپمۇ بىـر ئادەمـدە ئـاز تـولا ئىلىـم-پەن سـاۋادى بولغـانلىقى بىـلەن ئۇنىڭـدا ئىلىـم-پەن روھـى مەۋجـۇت، ئىلىم-پەننىڭ ماھىيىتىنى ئىگەللەپ كەتتى دېگىلى بولمايـدۇ. چۈنكى كـۆپىنچە كىشىلەر ئىلىم-پەن بىلىمى(ساۋادى)بىلەن ئىلىم-پەن روھىنـى، ئىلمىـي ئېتىقـاد بىلەن دىنى ئېتىقادنى، ئىلىـم-پەن روھـى بىـلەن ئىلمىـي روھنـى ئارىلاشـتۇرۇپ قويىشىدۇ. تونـۇش ۋە چۈشـەنچە جەھەتتىكـى بۇنـداق قىلـدەك مۇجىمەللىـك ۋە خاتا تونۇش كىشىلەرنى ھەمىشە مەشغۇلات ۋە ئەمىلىي ھەركەتتىكى زور سەۋەنلىك ۋە خاتالىقلارغا غەرەزسىزلا يول قويۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق ئىلىمدار ئۆزىدە جەزمەن پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتـاق تەئەللـۇق بولغـان كۈچلۈك ئىلـم-پەن روھىنـى يېتىلدۈرىشـى لازىـم. مېـنىڭچە، ھەقىقـى ئىلىـم-پەن روھـى دېگىنىمىز كەم دېگەندىمۇ: سەممىي ئادەم بولـۇش، ئەسـتايىدىل ئىلىم تەھسىل قىلىـــش، ئىلمىــــي گۇمـــانلىنىش (شـــۈبھىلىنىش)، ئىـــدراكى تەنقىـــد، قىـزىقىش(ئىنـتىلىش)، ئـۆزىنى بېغىشـلاش، شەخسىيەتسـىز تـۆھپە قوشـۇش، راستچىل، ئەمەلىيەتچىل بولۇش، ئىتتىپاقلىشـىپ ھەمكارلىشـىش ۋە يـول ئېچىـپ

يېڭىلىق يارىتىش دېگەنلەرنى چوقۇم ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. ئۆزىدە بۇنداق روھ كەمچىل كىشىلەرنىڭ ئىسمى-جىسمىغا لايىق ئىلىمدار ياكى ئالىم بولالىشى ئۇخشاشلا مۇمكىن ئەمەس. ئامېرىكىدا چىقىدىغان «Science» (ئىلىم-پەن) ژورنىلىمۇ، ئىلىم ساختىپەزلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئىلمىي ھاۋانى ساپلاشتۇرۇشتا« تەتقىقاتچىلارنىڭ سەممىيلىكى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئىلىم-پەن دەل شۇ سەممىيلىك ئۇستىگە قۇرۇلغان بۇيۇك قۇرۇلۇش. ئىلمىي سەممىيەتنىڭ نېگىزى يەنىلا پەن-تەتقىقات خادىملىرىنىڭ ئۆزىدە.» [3] دەپ قارايدۇ. دېمەك، ئىلىم-پەن خادىملىرىنىڭ ئىلىم-پەن روھىغا ئىگە بولۇپ، توغرا بولغان ئىلمىي مېتود ۋە ئىلمىي ئىستىل تۇرغۇزۇپ، ئۆزىنى سورىشى ۋە ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ئاڭلىقلىقى (self-legislation, 学术自律) ھەممىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.«ئالىم-ئىلىمدار دېگەنمۇ ئادەم، شۇڭا ئۇلارمۇ سەۋەنلىك-خاتالىقتىن مۇستەسنا ئەمەس، بىراق ھەقىقىي بىر ئالىم بىرخىل خاتالىقنى تەكرار سادىر قىلمايدۇ. لېكىن ئالىملار ئىنكار قىلىنىپ كەتكەن نەزەرىيە ياكى قاراشنى قايتا ئىشلىتىشىمۇ مۇمكىن، بىراق ئىنكار قىلىنىپ كەتكەن ئاملىنى ھەل قىلغان بولىدۇ.»[4] ئۇنىدىن باشقا باشقىلارغا ۋە ئۇنىڭ ئىلمىغا ھۆرمەت قىلىشنى، باشقىلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشنى بىلمەيدىغان، باشقىلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا ماھىر بولمىغان ئادەم مول بىلىمى ۋە زور ‹ ‹تۆھپىسى› › بولسىمۇ قولىدىن ھەرگىز ئۇلۇغ-چوڭ ئىشلار ۋۇجۇتقا چىقمايدۇ. شۇڭا ئادەمىيەت پەنلىرى ساھەسىدىكىلەر شەخسىيەتچىل ‹ ‹ئۆزلۈك› › ئىڭى ۋە ئىدىيەۋىي چىچىلاڭغۇلۇقتىن دەرھال قۇتۇلۇپ، ئىتتىپاقلىق ھەمكارلىق ئېڭىنى ھەقىقى كۈچەيتىشى كېرەك.

## III ئىلمىي نەزەرىيە ئەمالىقنى تۈگۈتۈش ئۈيغۇر ئادىمىيەت پەنلىرى ساھەسىدە ئالەملىك نەزەر بىلەن دۇنياۋىي سەۋىيە يارىتىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى

پۇختا نەزەرىيە سىستېمىسى بولمىغان ھەر قانداق پەن مۇكەممەل بىر پەن سۈپىتىدە دۇنيا ئىلىم مۇنبىرىدە پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ، نەزەرىيەدىكى ئەمەلىلىك ئىلىم-پەن تەتقىقاتىنى تۈپۈك يولغا باشلايدۇ. ــــــ خاتىرەمدىن

"ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان پەننىڭ نەزەرىيەسىنى بىلمەسلىك ھەم ئۆگىنىشكىمۇ قىزىقماسلىق، ئادىمىيەت، پەنلىرى ساھەسىدىكى ئىلىم ئىگىلىرىدە ساقلىنىۋاتقان يەنە بىر ئېغىر مەسىلە." [5] ئىلىم-پەن نەزەرىيەلىرىنىڭ ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، ئالدى بىلەن ھەر قانداق بىر پەن مۇكەممەل بىر نەزەرىيەۋى سىستېمىسىز دۇنيا ئىلىم مۇنبىرىدە مۇستەقىل بىر پەن سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. ھەر بىر ئىلىم ئەھلىگە نىسبەتەن ئۆزى مەشغۇل بولىۋاتقان شۇ پەننىڭ نەزەرىيىسىنى پۇختا بىلمەسلىك ئۇ كىشىنى ئىلىم-پەندىكى تۈپۈك يولغا باشلاپ، ھەرگىزمۇ شۇ ئىلىمنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ئۆرلەپ چىقالماس قىلىپ قويىدۇ. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن سەمىمىي ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن نەزەرىيە ئۆگىنىشىمىز، جۇملىدىن بارلىق پەنلەرگە ماس كېلىدىغان ۋە يېتەكچىلىك ئورۇندا تۇرىدىغان ئاساسىي نەزەرىيەلەرنى جەزمەن ياخشى ئۆگىنىشىمىز، ئاندىن ئۆزىمىز مەشغۇل بولماقچى بولغان ساھە ۋە شۇ كەسىپنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەلىرىنى چوقۇم پۇختا ۋە ئەستايىدىل ئۆگىنىپ-ئۆزلەشتۈرۈپ، پەن-تەتقىقات ۋە ئىلمىي ئىجادىيەت ئۈچۈن مۇستەھكەم ئۇل سېلىشىمىز لازىم.

مەلۇم ناھىيىدىكى بىردىن-بىر مىللىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ھېسابلىنىدىغان مەكتەپنىڭ مۇدىرى شۇ مەكتەپنىڭ 18نەپەر ئۇيغۇر تىل ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسىدىن، «قۇتاتقۇ بىلىك» ۋە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نى تولۇق تۈگۈتىپ ئوقۇپ باققان ياكى ئوقۇمىغانلىقىغا سەمىمىي جاۋاب بېرىشنى سورىغاندا ئۇلاردىن ئاران بەشىنىڭ ئاز تولا ئوقۇغانلىقى، بۇنىڭدىن پەقەت ئىككەيلەننىڭلا تەپسىلى ئوقۇپ تۈگەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ قالدىم. دەل مۇشۇ پاراڭ بولىۋاتقانغا يەنە بىر ئۇلپىتىم يېنىمغا كىرىپ كەلدى ۋە سۆز قىستۇرۇپ: غەيرەتكا، يەنە ئەشۇ ئەدەبىياتچىلاردىن سوراپ باقايلىچۇ، ناۋادا ئۇلاردىن قايسى بىرى ئەشۇ كىلاسسىكلارنىڭ ئاساسى روھى ماھىيىتىنى سېلى-بىزنى قايىل قىلالىغۇدەك قىلىپ مۇلاھىزە خاراكتىرلىك بايان قىلىپ بېرەلىسە، ئۇنى بىر شىرە زىياپەت بېرىپ مېھمان قىلايلىچۇ! دىۋىدى. مەيدىسىگە مۇشتلاپ چىقالايدىغان بىرسى چىقمىدى. دېمىسىمۇ بۇ بىزنىڭ بۈگۈنكى ئەدەبىياتچىلىرىمىزنىڭ ھالى

شۇنچىلىك تۇرسا، بۇنداق كىلاسسىكلارىمىزنى بىلمەيدۇ، بۈگۈنكى دۇنياۋىي ئىلىملاردىن تېخى خەۋەرسىز، پەن-تېخنىكا ئېگىز سۈرئەتتە ئىلگىرىلەۋاتقان يازمىلىرىدا يېڭىلىق يارىتىش، بىلىمچانلىق دېگەندىن قانداقمۇ سۆز ئاچقىلى بولسۇن؟! دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان، كىلاسسىكلاردىن تېخى تولۇق خەۋىرى يوق، قىلچە تەبىئىي پەن ئاساسى بولمىغان يېرىم-يارتا، «چالاساۋات» ئەدىبلىرىمىزنىڭ قولىدىن چىقىۋاتقان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى پاخال ۋە ئەخلەت ماقالىلەرنىڭ كۆپلىكى كىشىنى ئويلاندۇرماي قالمايدۇ.

نەزەرىيە سىستېمىسى بولمىغان بىلىم پەن بولالماس، ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان ساھەنىڭ ئىلمىي نەزەرىيەسىنى بىلمىگەن ئالىم بولالماس. بىرەر پەننىڭ نەزەرىيەسىنى بىلمەي تۇرۇپ ياكى ئۇنى ئۆگەنمەي تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن ھەپىلەشكۈچىلەرنى شۇ ساھەنىڭ ئىلىم ئەھلى دېگەندىن كۆرە، ئۇنىڭ ھەۋەسكارى ياكى ياندىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يولۇچى دېگەن تۈزۈك. شۇڭا تىرىشىپ ئۆگىنىپ نەزەرىيە ئەمەلىقىنى قەتئىي تۈگۈتۈش كېرەك.

ئۆز باش ماقالىسىدا يەنە، ئادىمىيەت پەنلىرى ساھەسىنىڭ پەن تەتقىقاتىنى كۈچەيتىشنى تەكىتلەپ، نۇرغۇن كونكرېتنى تەتقىقات تۈر-تېمىلىرى ۋە تەدبىر تەكلىپلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتۈپتۇ، مەن بۇلارنى قوللايمەن ۋە پەلسەپە، ئىجادىيەتشۇناسلىق (ئېھتىمال بۇ قوش تەۋەلىك ئارىلىق پەن ھىساپلانسا كېرەك)، جەمئىيەتشۇناسلىق(سوتسولوگىيە دەپ ئاتاشمۇ ئوخشاشلا تىل قەلەندەرچىلىكى)، مەدەنىيەتشۇناسلىق، سىياسىشۇناسلىق، قانۇنچىلىق، ئېتىكا ۋە ئەخلاقشۇناسلىق، رەھبەرلىك ئىلمى، ئىقتىسادشۇناسلىق، باشقۇرۇش ئىلمى، كىلەچەكشۇناسلىق، ئىستىراتىگىيە تەتقىقاتى، نۇتۇقشۇناسلىق قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەتقىقاتلارنى نۇقتىلىق كۈچەيتىش كېرەك دەپ قارايمەن. مەسىلەن: دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى، جەمئىيەت ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، خەلقنىڭ تۇرلۇك كىرىم-تاپاۋەت ۋە پاراۋانلىق تېپىدىكى ئېرىشىدىغان نەپلىرىمۇ كۆپەيمەكتە. بىراق ئىستىمال سەۋىيەسىنىڭ ئۆسىشى، مال باھاسى ھەم تۇرمۇش تەننەرخىنىڭ ئۆرلىشى ۋە ئىستىمال ئېڭىمىزدىكى ھەشەمخورلۇق-ئىسراپچىلىق، ناموۋاپىق ئىستىماللارنىڭ كۆپلىكى، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىقتىدارىمىزنىڭ تۆۋەنلىكى سەۋەپلىك، گەرچە كىرىم-تاپاۋەت ئۆسكەندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما جەمئىيەتتىكى باي كەمبەغەللەر پەرقى چوڭىيىپ بارماقتا. ئەرلەر جان تىكىپ ئىشلەپ پۇل تېپىۋاتسا بىر قىسىم ئاياللارنىڭ

«ئىستىمال مۇسابىقىسى» ۋە ھەشەمەتچىلىكى تۈپەيلىدىن بۇ خىل ئەھۋال يەنىمۇ ئېغىرلاشماقتا. تەلىم-تەربىيە ۋە مائارىپ سۈپىتىنىڭ تۆۋەنلىكى، مەنىۋى ئېممۇنىتېت كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلى ئەخلاق قورغىنى يېمىرىلىپ، غايە-ئېتىقاد ۋە سەمىمىيەت كىرزىسى يۈز بەرمەكتە. بۇ مەسىلىلەر ئىقتىسادشۇناس، ئېتىكا-ئەخلاقشۇناس، ئىنسانشۇناس ۋە پېداگوكلارنىڭ جىددىي باش قاتۇرۇپ مەڭگۈلۈك مائارىپ (ئۆمۈرلۈك مائارىپ) ئېگى ۋە غايە ئېتىقاد، ئەخلاق-پەزىلەت تەربىيە سالمىقىنى يەنىمۇ زورايتىشنى؛ نەزەرىيە يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتىپ، توغرا ئىلمى مەدەنىي ساغلام بولغان كىشىلىك ھايات ئەقىدىلىرىنى تۇرغۇزۇپ، تېجەشلىك ئىقتىسادچىل، ئىلمىي ئىستىمال ئادىتى يېتىلدۈرۈش، پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ مەدىنىيلىك دەرىجىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشنى جىددى تەقەززا قىلماقتا. بۇ يەردە ئادىمىيەت پەنلىرى ساھەسىدىكىلەر ھەقىقى ھېس قىلالمايۋاتقان ئىنتايىن پايدىسىز بىر تونۇش ۋە ھەركەت پىسخىيكىسى شۇكى، بىز ھەتتا ئۆمرىدە ئىزىقىپ كېتىپمۇ بىرەر قېتىم كىتاب ئوقۇمايدىغان، ھەتتا ئۆزىنىڭ گېپىنىمۇ جايلاپ قىلالمايدىغان، ساۋاتسىز-بىلىمسىزلىكىدىن ئەڭ ئەقەللىي بولغان ئادىمىيەت (دىيانەتشۇناسلىق، ئېھسانشۇناسلىق) پەنلىرى ساھەسىدىكى زۆرۈر بىلىم ۋە قانۇن-قائىدىلەرنىمۇ بىلمەيدىغان ئادەملەرنى دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالى ھاكىمىيەت ئورگىنى بولغان خەلق قۇرۇلتىيىغا خەلقىمىزنىڭ «ۋەكىلى» قىلىپ سايلايمىز. ئۇنداق تۆۋەن ساپالىق كىشىلەر قانداقلارچە قانۇنى نۇقتا ۋە ئىستىراتىگىيە جەھەتتىن بىر پۈتۈن مىللەت مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلالىسۇن ۋە ئۇنى قوغدىيالىسۇن؟! ۋاھالەنكى، ئۇنداقلار ئۆزلىرىنىڭ بىر مىللەتكە ۋەكىللىك مەجبۇرىيىتىنى نەمۇنىلىك بىلەن يۈرگۈزۈش ئەمەس، ئەقەللى پۇقرالىق ھوقۇق مەجبۇريەتلىرىنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئادا قىلالىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. بۇ جەھەتتە ئادىمىيەت پەنلىرى ساھەسىدىكى ئىلىمدارلار ئۆزلىرىنىڭ جامائەت پىكىر يېتەكچىلىكى، خەلقنى تەربىيەلەش، تەشكىللەش-ماسلاشتۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ نەمۇنىلىك بىلەن ئادا قىلىشى لازىم، ئەلۋەتتە. نۆۋەتتە، بىزگە نەچچە ئونمىڭ ئارتىس، ئەدىب-شائىر، يازارمەنلەردىن كۆرە، خەلقنىڭ ئەقىل پاراسىتىنى مۇجەسسەملەپ، ئىدىيىۋىي تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، دىل بىرلىكى، ئىدىيەۋي ئۆملۈكنى ئىشقا ئاشۇرۇپ تەگداشسىز غايەت زور ئىجاد-ئىختىرا كۈچى ھاسىل قىلالايدىغان ۋە بايلىق يارىتالايدىغان مۇتەپەككۇر، ئالەملىك نەزەر ۋە دۇنياۋىي سەۋىيەدىكى پەيلاسوپ، پىشقان سىياسىئون،

تالانتلىق رەھبەر ۋە ئالى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى، تۆركۈملەپ زامانىدار كەسىپى كارخانىچى، ئالىم جىددىي كېرەك بولماقتا. شۇڭلاشقا پۇرسەت، رىقابەت ۋە تۈرلۈك قىسمەتلەر بىلەن تولۇپ تاشقان بۇ رەڭدار بىلىم ئېراسىدا دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەر بىلەن تەڭ ئورۇنغا ئىگە بولۇشىمىز ۋە ماس قەدەمدە ئىلگىرىلەپ، مىللىي مەۋجۇتلۇقنى ساقلاپ تەرەققىياتنى كاپالەتلەندۈرۈپ، مىللەت ئومۇمىي مەدەنىيتىنىڭ گۈزەل ئەتىسى ۋە پارلاق كېلىچىكىنى كۈتۈۋالالايمىز.

## IV تېرمىن ئاتالغۇلارنىڭ قېلىپلاشماسلىقى، ئۆلچەملەشمەسلىكى ئادىمىيەت پەنلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇن بولىۋاتقان يەنە بىر مەسىلە

تېرمىن ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە ئۆلچەملەشتۈرۈش جەھەتتە، ئادىمىيەت پەنلىرى ساھەسىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ھەقىقەتەن ئاز ئەمەس. بۇنى ئۆزباش ئەتراپلىق شەرھىلەپتۇ، شۇڭا«قوش ئەستەر»قىلىشنى خالىمىدىم. بىراق ئەڭ مىكرو ھېساپلىنىدىغان بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن. ئۇ بولسىمۇ ۋاقىت زادى نىمىگە ئاساسەن ئۆلچىنىدۇ؟ ئۇنىڭ توغرىسى قانداق بولۇشى كېرەك؟ دېگەندىن ئىبارەت. ئالايلۇق، پەقەت ۋاقىت مەسىلىسىمۇ ھازىرغىچە بىرلىككە كەلگىنى يوق. ئەمەلىيەتتە دۇنيادا، ۋاقىت دېگەن ۋاقىت رايونلىرىنىڭ مەمۇرى رايونلارغا ئايرىلىشى بويىچە ئاتالماستىن، جۇغراپىيەلىك جايلىششى بويىچە ئاتىلىدۇ. يەنىي دۇنيانىڭ مەركىزى ۋاقىت رايونى بولغان گىرىنۋىچ ۋاقتى ئۆلچەم قىلىنىپ، قالدى رايونلارنىڭ ۋاقتى قۇياش نۇرىنىڭ شۇ جايدىكى كۆتۈرلۈش ۋە ئولتۇرۇش ۋاقتىنىڭ ئىلگىرى كېيىنلىكى بويىچە ھېساپلىنىدۇ ۋە شۇ بويىچە ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: جۇڭگو ۋاقتى دىمەي بېيجىن ۋاقتى، ئەنگىلىيە ۋاقتى دىمەي لوندۇن ۋاقتى، فرانسىيە ۋاقتى دېمەي پارىژ ۋاقتى، ئامېرىكا ۋاقتى دېمەي نيورك ۋاقتى، ياپونىيە ۋاقتى دېمەي توكيو ۋاقتى، شىنجاڭ ۋاقتى دېمەي ئۈرۈمچى ۋاقتى دەپ ئاتايدۇ. [6] بۇنىڭ ئەلۋەتتە ئىلمىي ئاساسىي ۋە قانۇنى ئاساسىي بار ئىش. بىراق، بۇ ساھەدىكى ئىلىمدارلىرىمىز يەنىلا شۇ «ئورۇندۇق ئۇچتى، دىسە ئۇچتى!» دېگەندەك داۋاملىق «شىنجاڭ ۋاقتى» دەپ ئاتىماقتا. ھەتتا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئادىمىيەت پەنلىرى

ساھەسىدىكى ئىلىمدارلار غەيرى رەسمىي سورۇنلاردا شۇنداق دەپ تاشلىدى دەپ ئەپۇ قىلىپمۇ تۇرايلى، ھەتتا شىنجاڭ تىلشۇنىسى ئىنىستانسىسىدىن باشقا خېلى نۇرغۇن كەسپى مەمۇرى ئورگانلارنىڭ رەسمىي ھۆججەت ۋە يىغىنلىرىدىمۇ «شىنجاڭ ۋاقتى» دېگەندەك ئىبارىلەرنى ئۇچرىتىمىز. تېخى بىز شۇلارغا ئۆگۈتىپ قويۇش ئۈچۈن توغرىسى «ئۈرۈمچى ۋاقتى» دەپ ئاتاش كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرسەك، دەل شۇنداقلار خىجىل بولماستىن مازاق قىلىشىدۇ. ئۇنىمۇ بويتىلا دەپ تۇرايلى، يىقىندا ئۆتكۈزۈلگەن ئۈرۈمچى رادىئو ئىنىستانسىسىنىڭ «تۆھپىكارلار» سەھىپىسىنىڭ يۈز كىشىلىك كاتتا يىغىلىشىنىڭ خەۋىرىنى «بۇ پائالىيەت چۈشتىن كېيىن شىنجاڭ ۋاقتى سائەت 2:30 دىن سائەت 6:00 لەرگىچە ئېلىپ بېرىلدى.» [7] دەپ يېزىلغانلىقىنى كۆرۈپ قىلىپ، تولىمۇ بىمەنىلىك ھېس قىلدىم ۋە تۇرۇپلا، ئەجەبا مۇشۇ ئاخبارات ئورۇنلىرىمۇ شىنجاڭدا «ئۈرۈمچى ۋاقتى» قوللىنىشنىڭ سىياسەت، قانۇن ۋە ئىلمىي ئاساسىنى بىلمەمدىغاندۇ؟! دەپ ئويلاپ قالدىم. بۇ ھەقتە نۇرغۇن ماقالىلەر يېزىلىپ تەنقىد قىلىندى، نىمشقا تۈزىتىلمەيدۇ؟ مەن شۇنداق ئاتاشقا ئادەتلىنىپ قالغان كىشىلەردىن سەۋەبىنى سۈرۈشتە قىلىپمۇ كۆرگەنىدىم، ئۇلارچە بۇنداق ئاتاش گەرچە خاتادەك بولسىمۇ، شۇنداق ئاتىسا تېخىمۇ يىقىملىق بىلىنەرمىش، بۇ تولىمۇ كۈلكۈلۈك بولۇپ سىپى ئۆزىدىن ھىسيات پەرەسلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا تېرمىن ئاتالغۇلارنىڭ قېلىپلاشماسلىقى، ئىلمىي ژۇرناللارنىڭ تەھرىرلىك ۋە كورىكتورلۇق سۈپىتىنىڭ ناچارلىقى جۇڭگو ئىلىم ساھەسىدىكى بىر قەدەر ئومۇمىي ئەھۋال دېيىشكە بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ھەتتا بەزى يادرولۇق ئىلمىي ژۇرناللاردىمۇ مەۋجۇت. بەزى ژۇرناللار ھەتتا، ئىنگلىزچە مۇندەرىجىدە تېما، ماۋزۇ، ئاپتور ۋە بەت سانى دېگەنلەر پۈتۈنلەي ئالماشتۇرۇلۇپ قويۇيغان[9]؛ يەنە مەلۇم ژۇرنالنىڭ 2010-يىل 4-سانىنىڭ 65-بەتتە، «ئاپتور:شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنىستىتوتىنىڭ ئاسپىرانتى» دەپ يېزىلغان بولسا، 70-بېتىدە «ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنىستىتوتىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى» دەپ يېزىلغان. بۇ ئىككى پارچە ماقالىنى ئىككى تەھرىر تەھرىرلىگەنىكەن. ئەجەبا بۇ ئىككىلىسى ساپا-سۈپەتلىك، مەسئۇلىيەتچان تەھرىرلەر تۇرۇپ، ئاسپىرانتنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانت ۋە دوكتور ئاسپىرانت دەپ ئايرىلىدىغانلىقىنى، بىلمەمدۇ؟ بۇ يەردە ئاپتۇرنىڭ قايسى

يىللىققا تەۋە ئىكەنلىكىمۇ ئېنىقسىز بولۇپ قالغان. بۇنىڭدىكى مەسىلە بۇنى بىلىش بىلمەسلىك مەسىلىسى بولماستىن، مىللى مەدەنىيەتكە مەسئۇل بولۇش بولماسلىق، ئۆز خىزمىتىگە سادىقلىق بىلەن ئەستايىدىل پوزىتسىيەدە بولۇش بولماسلىق مەسىلىسىدىن ئىبارەت. بەزى ئىلمىي ژورناللار باسقىلى بىر نەرسە تاپالماي «ناپالىيون بايلىقلارنى نەگە يوشۇرۇپ قويغان؟»[10] دېگەندەك ئىسمى-جىسمىغا ماس كەلمەيدىغان ماقالىلەرنى باسقان بولسا، بەزىلىرى «مۇقاۋىسىدىكى ئىسمىنى خاتا يېزىپ قويىدىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت.» [11]، ھەتتا شۇنداق مەسئۇلىيەتسىزلىكلەر بارىكى،ئاپتورنىڭ ئىسىم فامىلىسى، ماقالە تېمىسى ھەم مۇھىم تېرمىنلارنىمۇ خاتا ياكى ئالماشتۇرۇپ قويىدىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت. مەلۇم ژورنالنىڭ2010-يىللىق 4-سانىنىڭ 96-105-بەتتىكى ئون بەتلىك ماقالىدا ئون يەردە خاتالىق كۆرۈلگەن. ھەتتا، «پاسىقلىق»نى پاسسىپلىق، «ۋىرۇس» نى زەھەر، «روھنىڭ مەۋجۇتلۇقى»نى «ئۇنىڭ مەۋجۇتلىقى» دەپ يېزىپ ئېغىر دەرىجىدىكى ئۇقۇملارنى ئالماشتۇرۇپ قويۇش خاتالىقىغا يول قويغان. شۇنداق سەۋەنلىكنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاتايەن ماۋزۇ ۋە ئاپتور ئىسمىنى خەنزۇچە ئۆلچەملىك يېزىپ ئەۋەتكەن بولسامۇ، ماقالىنىڭ خەنزۇچە ماۋزۇسى ۋە ئاپتور ئىسمىنىمۇ پۈتۈنلەي خاتا يېزىپ قويغان. بىر ئادەمنىڭ ئىسمىنى خاتا يېزىش ۋە ئۇنىڭ ماقالىسىدىكى ھالقىلىق ئۇقۇملارنى ئالماشتۇرۇپ قويۇش ــــ ئەمەلىيەتتە، شۇ تەھرىرنىڭ ئۆزى ئىشلەۋاتقان ژورنالغا مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىقلا بولۇپ قالماستىن، ئاپتورغا قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. [12]-[13] . بۇنداق ئىشلار ئەشۇ تەھرىرلەرنىڭ ئۆزىگە ئانچىكى كىچىك، ئەرزىمەس ئىشتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە شۇ ژورنالنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپلا قالماستىن، ئاپتورلارنىڭ ئوبرازىغىمۇ تەسىر يەتكۈزىدۇ. ژورنال ــــ مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى بولۇپ، ئۇ كىتابتىن كېيىنكى يەنە بىر ئىلىم سەھنىسى [14] بىراق «ئىلمىي ژورناللاردا ئىلمىي دىئالوگ ۋە مۇھاكىمە-مۇنازىرە كەيپىياتى ئىنتايىن سۇس ، مۇنبەر مونوپوللۇقى ئېغىر، ھەتتاكى بەزى ئاپتۇرلارنىڭ ماقالىلىرى خۇددى لىكسىيە ياكى دەرس تىزىسىدەكلا سۇدەك راۋان، كۆپۈنچىسىدە سانلىق قىممەت ۋە سىلىشتۇرما، مىقدارلىق ئانالىز، پەلسەپۋى، لوگىكىلىق تەپەككۇرلار يوق دېيەرلىك. بەزى ژورناللارغا بىرەر پارچە ماقالىنى سۇنسا ئاۋال ئەسەرنىڭ ئىلمىي قىممىتى ۋە يېڭىلىق بار يوقلىقىغا قارىماستىن،

ئاپتورنىڭ ئالىقاندادقتۇر قايسى ئونىۋېرسىتېت ۋە پەن-تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ پىروفېسسور، تەتقىقاتچىسى، دوكتور، ماگىستىر ياكى ئەمەسلىكىگە قارايدۇ ۋە بۇنى سۈرۈشتە قىلىشىدۇ. يەنە بەزى ژورناللاردا چەكلىك بەت ۋە سەھىپە بايلىقىدىن يۈقىرى ئۈنۈملۈك پايدىلانماستىن بايلىق ئىسراپچىلىق ئېغىر، ئەدەبىيات سەھىپىلىرى بەك كۆپ، پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش سەھىپىلىرى يوق دىيەرلىك. "پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش سەھىپىلىرى يوق، ئۆزلىرىنىڭ پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش، ئىلىم-پەن روھىنى تارقىتىش-تەشۋىق قىلىش فونكسىيەسىنى ئۈنتۇلۇپ قىلىۋاتقان گېزىت ژورناللار ئاز ئەمەس." ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىلمىي ژورناللىرى خىجىل بولماستىن ئۆز ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش روھى ۋە ئىلمىي قىممىتى بولمىغان تۆۋەن سەۋىيەلىك تەكرار ئىلمىي ماقالىلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ژورناللىرىنى مونوپول قىلىۋالماقتا. "[15] يەنە بەزى ئادىمىيەت ساھەسىدىكى ئىجادىيەتلەردە "كۆچلۈك ئىدىيەۋىيلىك، يېڭىلىق يارىتىش روھى، بىلىمچانلىق، غايە-ئېتىقاد، چىنلىق، تەبىئىيلىك، مىللىيلىق، ھەقىقىي ھېس-تۇيغۇ، پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئىلمىي فانتازىيە ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل."[16] "ئىلمىي ژورناللار پەن تەتقىقات ۋە يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئىلىم ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى ئىنتايىن مۇھىم ۋاستە ۋە بايلىق. "پەن-تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنىڭ جېنى، تارىختىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئاۋۋالقى ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچ ۋە مۇھىم بۇلاق." [17]. ئىلمىي ژورناللارنىڭ پۇلغا ماقالە ئېلان قىلىشى ياكى بەت ھەققى ئېلىشمۇ دۇنياۋىي ھادىسە. دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىن قارىغاندا باشقا ژورناللار نەچچە مىڭلاپ، ھەتتا ئونمىڭلاپ بەت ھەققى ئالىدۇ. ئۇيغۇرچە ئىلمىي ژورناللاردىكى بەت ھەققى ياكى سەھىپە ھەققى ئېلىش دېگەنلەر بۇنىڭغا قارىغاندا، تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئىش. بىراق بۇنىڭ خاراكتېرى ئوخشىمايدۇ. ئۇنداق قىممەت پۇل ئالىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى يادرولۇق ئىلمىي ژورناللار ياكى بولمىسا داڭلىق ژورناللار؛ باسىدىغىنى ساپلا دۆلەتنىڭ پەن-تەتقىقات تۈرلىرىنى ئىگەللەپ ياتقان«كاكىلىماس توخۇ»دەك «ئالىم، دوكتورلار»نىڭ ماقالىلىرى، شۇڭا ئۇلار ئېشىنچا پەن-تەتقىقات خىراجىتىنى شۇنداق يوللار بىلەن خەجلەش ئادەتكە ئايلانغاندەك قىلىدۇ. بىراق، ئۇنداق يۇقىرى ھەق ئالىدىغان ژورناللارنىڭ بوسوغىسى ئېگىز نەزىرىمۇ

ئۇستۇن. ئۇلار ماقالە بىلەن قوشۇپ پۇل ئالماستىن، ئاۋال ماقالىنىڭ ئىلمىي قىممىتىنى ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىغا نامسىز يوللاپ، باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتكەن ۋە يازما پىكرىنى ئالغاندىن كېيىن بەت ھەققى ئالىدۇكى، ھەرگىزمۇ بىزنىڭ ژورناللاردەك بىر قانچەيۈز سوم بەرسە ئەخلەت ماقالىلەرنىمۇ ئىشلىتىدىغان ھەتتاكى 200 كويىنى ئەۋەتسىلا ۋاكالىتەن قەلەم تەۋرىتىپ قويىدىغان ياكى تەييار ماقالىلەرنى ئۆزگەرتىپ ئىشلەپلا ئېلان قىلىپ بېرىدىغان ئەھۋاللار يوق. ئىگىلىنىشچە، "مەملىكەت بويىچە باھالاشقا قاتناشتۇرۇلغان ژورنال 8725تۈرلۈك بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە «جۇڭگو ژورناللار سىپى»گە كىرگىنى 716، «قوش يۇقۇرى» (داڭقى يۇقۇرى، سەۋىيەسى يۇقۇرى ژورنال)40، « قوش يۈز» ( ئادىمىيەت پەنلىرى ساھەسىدىكى يۈز نۇقتىلىق ئىلمىي ژورنال، پەن-تېخنىكا ساھەسىدىكى يۈز نۇقتىلىق ئىلمىي ژورنال) ژورنال 122، «قوش ئۈنۈملۈك» (ئىجتىمائىي، ئىختىسادىي ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى بولغان) ژورنال 496، «قوش مۇكاپات» (دۆلەتنىڭ ژورنال مۇكاپاتى ۋە ژورنال نامىنى ئاتاش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن) قا ئېرىشكەن ژورناللار 58. بۇنىڭدىن ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ژورناللىرىدىن بۇنىڭ ئىچىگە كىرگەنلىرى 113تۈرلۈك." [18] بىراق، كىشىنى ئۆكۈندۈرىدىغىنى، ئىلمىي ژورناللار كۆپ بولۇپلا قالماستىن ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ماقالە سانى جەھەتتە دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرسىمۇ، لېكىن تا بۇكەمگىچە بىرەر نوبىل مۇكاپات ساھەبى ياكى دۇنياۋىي سەۋىيەدىكى بۆسۈش خاراكتېرلىك تۆھپە يارىتالمىغانلىقى، ئىلمىي ژورناللارنىڭ پەن-تەتقىقات مۇۋەپپىقىيىتى ۋۇجۇدقا كەلمىدى. بىر ژورنالنىڭ قانداق بولۇشى ماھىيەتتە ئۇنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىرى ۋە خىزمەتچىلىرىنىڭ ساپا ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىغا باغلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن ژورنالچىلىقمۇ مەۋقەنى كۆز ئالدىغا قويۇپ ئىگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن ھەر قايسى تەرەپلەردىن يېڭىلىق يارىتىشى، تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، ئىدىيەنى ئازاد قىلىپ، ئىستىلنى رۇسلاپ، مۇنبەر مونوپوللىقى ۋە نوپۇزغا چوقۇنۇش، كىلاسسىك نەزەرىيەلەرگە قارىغۇلارچە ئىشىنىش، ئىلمىي گۇمانلىنىش روھى كەمچىل بولۇش دېگەنلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك رەت قىلىپ، ئالەملىك ماكرو نەزەر بىلەن جاھانغا كۆز تىكىپ، دۇنيا ئىلىم ئوربىتىسى بىلەن ماس قەدەملىك ئىلگىرلەشكە جۈرئەتلىك بولۇشى؛ ھەر قايسى ژورناللار ئۆزلىرىنىڭ قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ژورنال چىقىرىش سەۋىيەسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشى، بىلىم ئۈچۈر بايلىقى مونوپوللىقى، بىكىنمىچىلىك ۋە قورۇقچىلىقنى بىكار قىلىپ،

ژورنال چىقىرىش يۆنىلىشىنى يېڭىباشتىن سەرخىللاشتۇرۇپ توغرىلاپ، ئۆز تەھرىرلىرىنىڭ ئۆگىنىشىنى كۈچەيتىپ، بىلىمىنى موللىتىش، تەھرىرلىك كەسىپ ئەخلاقى- ئىستىل قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاش كېرەك. بولۇپمۇ «ئادەمگەرچىلىك»، «مۇناسىۋەت»، «پۇللۇق»، «ئۇنۋان» ماقالىلىرىگە قاتتىق چەك قويۇپ، ئۆلچەمگە توشمايدىغان پاخال ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، ئىلمىي ژورناللارنى ۋاشاڭ قىلىپ ئابروينى تۆكۈشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك. تەھرىرلەر شۇنى بىلىش كېرەككى، قايسى خىل ژورنالنىڭ بوسۇغۇسى ئېگىز نەزەرى ئۈستۈن بولىدىكەن شۇ ژورنالنىڭ سەۋىيەسى يۇقىرى، ئىناۋىتى ئۈستۈن بولۇپلا قالماستىن، شۇ ژورنال خىزمەتچىلىرىنىڭمۇ ئىناۋىتى يۇقىرى بولىدۇ. كىشىلەر ئىھتىرام بىلەن قارايدۇ. مەسىلەن جۇڭگونىڭ «پەن-تېخنىكا يىتەكچىسى (科技导报)»، ئامېرىكىنىڭ «ئىلىم-پەن(Science)»، ئەنگىلىيەنىڭ «تەبىئەت (Nature)» قاتارلىق دۇنياۋىي داڭدار ژورناللار بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. ئەكسىچە قايسى ژورنالنىڭ بوسۇغۇسى پەس نەزەرى تۆۋەن بولىدىكەن شۇ ژورنالنىڭ ئىناۋىتى بولمايدۇ.(بۇنىڭغا مىسال ئېلىشنى خالىمىدىم.)

تۇراقلىق ئىبارىلەر-ماقال تەمسىل ۋە قىسقارتىلغان سۆز ئىبارىلەرنى ئىشلىتىشمۇ بىر خىل ئىلگىرىلەش ۋە مەدەنىيلىكنىڭ ئىپادىسى. بىراق ئۇيغۇر ئادىمىيەت پەنلىرى ساھەسىدە بەزى تەشەببۇسلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، يەنىلا بىر بوشلۇق بولۇپ تۇرماقتا. ژورناللاردا يەنە، تىل ئاتالغۇلار بىرلىككە كەلمەيلا قالماستىن، ئۆلچەم بېرلىكلىرىمۇ بىرلىككە كەلمەسلىك، قىلىپلاشماسلىق، قالايمىقان ياكى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش خاھىشى ئېغىر. پايدىلانما ۋە ستاتا ئالغان مەنبەلەرنىڭ قايسى تۈردىكى مەنبە، قانچىنجى سان، قانچىنجى بەت، قايسى يىلنىڭ قانچىنچى نەشرى دېگەنلەرنى ئېنىق ئالماسلىق، ستاتا بەلگۈسى بىلەن ئەسەرنىڭ قۇرۇلما رەت نىنجى بەلگۈسى ياكى ئىزاھات بەلگىسى ئارىلىشىپ كېتىش (قائىدە بويىچە، ستات نىنجىسى شۇ نەقىل-ستات ئېلىنغان سۆزنىڭ سول تەرەپ يۇقىرى بۇلۇڭىغا چوڭ تىرناق ئىچىگە رەقەم بىلەن؛ ئىزاھات بېرىدىغان سۆزلۈكنىڭ سول تەرەپ يۇقىرى بۇلۇڭىغا دۆگىلەك ئىچىگە رەقەم بىلەن؛ ماقالىنىڭ قۇرۇلما، رەت نىنجىسى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ) دېگەندەك ئەھۋاللار ئېغىر. ئۇندىن باشقا ژورناللار قوشۇن قۇرۇلۇشىغا بىرلەشتۈرۈپ بىر تۈركۈم مىللىي مەدەنىيەتچان مەسئۇلىيەتكە ئۆزىنى بېغىشلاش

روھىغا ئىگە، يېڭىلىق يارىتىش تىپىدىكى ئىلىم ئەھلىلىرىنى ئەتراپىغا ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ئۇلارنىڭ دائىملىق تەنقىد تەكلىپلىرى ئاڭلىشى، ھەم شۇلار ئارقىلىق ئاۋامنىڭ ساداسىغا يىقىندىن دىققەت قىلىشى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئاپتۇرلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىشى كېرەك.

## ٧ ئىلىم پەننىڭ تەرەققىياتى پەنلەرنىڭ تۈركۈملەپ پارچىلىنىشىدىن، پەنلەر چېگرىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ چوڭ بىرلىششكە قاراپ يۈزلەنمەكتە

ئىلىم پەننىڭ تەرەققىياتى پەنلەرنىڭ تۈركۈملەپ پارچىلىنىشىدىن پەنلەر چېگرىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ چوڭ بىرلىششكە قاراپ يۈزلەنمەكتە. بىراق ئۆز باشىنىڭ ئەسىرىدە تۈرلەش كۆپ، تەرتىپ ئىلگىرى كېيىن بولۇپ قالغاندەك ئەھۋال مەۋجۇت. دېمەكچىمەنكى، ئىجتىمائىيەت، ئادىمىيەت پەنلىرى دەپ تۈرگە ئايرىپ پارچىلاپ يۈرگەندىن كۆرە، ئومۇملاشتۇرۇپ ئادىمىيەت پەنلىرى دىسەكلا كۇپايە،ياكى جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇاتقان دەل شۇ ئادەم بولغانلىقتىن ئادىمىيەت دىگەننى بىشىغا ئېلىش كېرەك، ئۇ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كەمىنە نىمە ئۈچۈن پەنلەرنى چوڭ جەھەتتىن تەبىئەت پەنلىرى ۋە ئادىمىيەت پەنلىرى دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىيمەن؟ سەۋەبى بىرىنچىدىن، بارلىق پەنلەر ئادەم بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، چۈنكى ئادەمنىڭ جىسمى تەبىئەت پەنلىرى(تەبىئى خاسلىق)گە، روھى- ۋۇجۇدى ئىجتىمائى پەنلەر(ئىجتىمائى خاسلىق)گە تەۋە بولۇپ، بۇ ئىككىسى بىر گەۋدىلەشتۈرۈلۈپ تەتقىق قىلىنسا ئۈنۈمى تولىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. بۇ ھەقتە ماركىس مۇنداق دەيدۇ:" بىزنىڭ قان گوشلىرىمىز، باش مېڭىلىرىمىزمۇ تەبىئەتكە مەنسۇپ، تەبىئەتتە مەۋجۇتمىز." [19]، ئادەمنىڭ تايىنىشچانلىق مۇناسىۋىتى ئەمەلىيەتتە ئادەمنىڭ تەبىئەتكە تايىنىشچانلىقىدىن كەلگەن بولىدۇ. ماركىس ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئالاھىدە بىر خىل ئىستىرولۇق مۇناسىۋەت دەپ قارىغان. ئىككىنجىدىن، بارلىق پەنلەرنىڭ نەزەرىيەلىرىنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولمىغان ئىككى چوڭ قانۇنىيەتكە بوي سۇنىدۇ. يەنى، تەبىئەت پەنلىرىنىڭ نەزەرىيەلىرى ئىنسان خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدىغان تەبىئى تۈپ قانۇنىيەتلەر

ئاساسىدا تۇرغۇزۇلىدىغان بولۇپ، ئۇ ھەمىشە ئىنسان خاھىشىغا باقمايدۇ؛ ئادەتتە، "ئادەمنىڭ ماھىيىتى يالغۇز ئەزەلى ئابستىراكىت نەرسە ئەمەس، ئەمەلىيەتتە، ئۇ بارلىق ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسى." [20]. ئادىمىيەت پەنلىرىنىڭ نەزەرىيەلىرى بولسا ئىجتىمائىي قانۇنىيەت، يەنى جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئادەمنىڭ ئاڭلىق پائالىيەتلىرىنىڭ تەسىرى ۋە چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. دېمەك، پەنلەرنى شۇ پەن نەزەرىيەلىرىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشىدىكى تايىنىش ئاساسى بويىچە تۈرلىگەندە پەنلەر ئارا تام-توساقلارنى بۇزۇپ تاشلاپ، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، بىرلىكتە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، زور ئىلىم-پەن نەزەرىيەلىرىدە توپلاشقان بىر پۈتۈن يېڭىلىق يارىتىش ۋە ھالقىش خاراكتېرلىك تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈشكە تولىمۇ پايدىلىق. بۇ خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدىكى يېڭى بىر يۈزلىنىش، ھەم كەسىپ ۋە پەن ھالقىغان ئىلىم-پەن تەتقىقاتىنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈشكىمۇ قولايلىق. بولۇپمۇ تەبىئەت پەنلىرى ساھەسىدىكى تۈپكى قانۇنىيەت ۋە ئاساسىي نەزەرىيەۋىي بىلىملەرنى ئادىمىيەت پەنلىرى ساھەسىگە تەدبىقلاپ، ئادىمىيەت پەنلىرى تەتقىقاتىدىكى بىلىش مېتودى ۋە نەزەرىيەۋىي تەتقىقاتتىكى بىر تەرەپلىمىلىك، خاھىشچانلىق، ئۆزگىرىش كۆپ، ئېنىقلىق كەم بولۇش قاتارلىق ئاجىزلىقلارنى ئۈنۈملۈك يېڭىپ، ئادىمىيەت پەنلىرىنىڭ ماس قەدەملىك سىجىل ۋە ساغلام تەرەققىياتى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن پايدىلىق. بۇنى ھەم ئىلىمىزنىڭ ئادىمىيەت ساھەسىدىكى سالاھىيەتلىك ئالىملارنىڭ ئېنىق تەشەببۇسى دېيىشكە بولىدۇ.

## VI پەلسەپە ۋە ئۇنىڭ ئىنسانىيەت تەرەققىياتىدىكى مۇھىم رولى توغرىسىدىكى ئىزدىنىش ئادىمىيەت پەنلىرىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەزىپىسى

پەلسەپىسىز ھايات ــ ئىلىم-پەنسىز ھايات؛ ئۇ ئىنساننى نادانلىق، نامراتلىق، ئىناقسىزلىق ۋە ئاخىرى زاۋاللىققا ئېلىپ بارىدۇ. ــــــــ خاتىرەمدىن

بارلىق كونكرت قوللىنىشچان پەنلەرنىڭ ھەممىسى ئابستراكتلاشقان پەلسەپەۋى پرىنسىپلارغا بويسۇنۇشى كېرەك. بىراق، بۇ چوقۇم پەلسەپەۋى پرىنسىپنىڭ توغرا بولۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ــــــ قاسىم سىدىق

## 1.پەلسەپە ۋە ئۇنى تونۇش

پەلسەپە (philosophy) تەتقىقاتى ئادىمىيەت پەنلىرى-جەمئىيەتشۇناسلىق پەنلىرىنىڭ ئالدىنقى فرونتى، پەلسەپە ۋە ئۇنىڭ ئىنسانىيەت تەرەققىياتىدىكى مۇھىم رولى توغرىسىدىكى ئىزدىنىش ئادىمىيەت پەنلىرىنىڭ ئەۋۋەلقى مۇھىم ۋەزىپىسى. گەرچە پەلسەپىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە بۈگۈنگە قەدەر ھەممە ئورتاق ئېتىراپ قىلغان ئەڭ نوپۇزلۇق بىرەر تەبىر بارلىققا كەلمىگەن بولسىمۇ، ئەسلىي مەنىسىدىن قارىغاندا، پەلسەپە ئىلمىي تەنقىد ۋە ئەقلىي تەپەككۇر ئارقىلىق ئالەم،ئادەم ۋە كىشىلىك ھاياتقا مۇناسىۋەتلىك بارلىق زور ئىلىم-پەن ۋە بىلىش مەسىلىلىرىنى مۇھاكىمە ۋە تەتقىق قىلىدىغان پەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاخىرقى مەقسىدى بارلىق «نېمە ئۈچۈن»لەرگە ئەڭ ئاخىرقى توغرا جاۋابنى تېپىشتىن ئىبارەت. ئېينىشتېين پەلسەپە ھەققىدە مۇنداق تەھلىل قىلغان: «ئەگەر پەلسەپەنى ئەڭ ئومۇميۈزلۈك ۋە كەڭ تارقالغان مېتودلار ئىچىدىكى بىلىم ھەققىدە ئىزدىنىش دەپ چۈشەنسەك، ئۇنداقتا پەلسەپە ئېنىقكى بارلىق پەنلەرنىڭ ئانىسى بولالايدۇ.» [21] ئومومەن ئېيتقاندا، پەلسەپە بارلىق مەۋجۇدىيەتلەر ئوتتورىسىدىكى ئابستراكت مۇناسىۋەتلەرنى تەتقىق قىلىدىغان پەن بولۇپ، ئىنسانلارغا دۇنيانى مەنە جەھەتتىن تونۇتىدۇ. ئۇ ئىنسانىيەت ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، ئىنسانلارنىڭ شەيئىلەرنى بىلىشتىكى ئەڭ مۇكەممەل ئۇقۇمى ۋە ئۇقۇملارنىڭ ئىخچاملىنىشى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە مېتودولوگىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ئىنسانلارنىڭ شەيئىيلەرنى بىلىش، جەمئىيەت ۋە دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىكى قورالىدۇر. فرىبباخ ماتېرىيالىستىك پەلسەپە ھەققىدىكى باياناتىدا مۇنداق دەيدۇ:«پەلسەپە دېگەن ئوبىيكتىپ ماۋجۇدىيەت توغرىسىدىكى بىلىم بولۇپ، شەيئى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى قانداق بولسا، ھەممە چوقۇم شۇنداق بولۇشى كېرەك دەيدىغان ئىدىيەدە ئۇلارنى تونۇش دېمەكتۇر. مانا بۇ پەلسەپىنىڭ ئەڭ ئالىي قانۇنى، ئەڭ ئالىي

ۋەزىپىسى.» [22]. پەلسەپە بارلىق پەنلەرنىڭ ئانىسى. بارلىق كونكرېت مەۋجۇدلۇق ۋە تەرەققىياتنىڭ ھەممىسى ئابستراكىت قانۇنىيەتلەرگە بويسۇنىدىغان بولغان ئىكەن، ئادىمىيەت پەنلىرى توغرىسىدا سۆز ئاچقىنىمىزدا ھەرگىز پەلسەپىدىن يىراقلاپ كەتمەسلىكىمىز ياكى ئۇنىڭدىن ئەگىپ ئۆتۈپ كەتمەسلىكىمىز لازىم.

ئىلىم-پەن پەلسەپىسىنىڭ ۋەزىپىسى ئىلىم-پەنگە قارىتا پەلسەپىۋى تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت.نېمە ئۈچۈن بۇنداق تەتقىقاتنى ئېلىپ بارىمىز؟ ئەمەلىيەتتە ھامان يېتەكچىلىك رولىنى ئوينايدىغان بەزى تۈپكى قائىدە-پرىنسىپ ۋە ئۆلچەملەر بولىدۇ. پەلسەپىنىڭ ۋەزىپىسى دەل ئەنە شۇ قائىدە-پرىنسىپ ۋە ئۆلچەملەرگە قارىتا تەنقىد-تەپتىش ئېلىپ بېرىپ، مۇۋاپىق تۈزۈتىش تەكلىپلەر ۋە يېتەكچى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۇنىڭ توغرا ۋە ھەقىقى بولۇشىنى كاپالەتلەندۇرۇش ئۈچۈندۇر. پەلسەپە بىلەن ئىلىم-پەن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت خۇددى ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بولۇپ، پەلسەپە «ئىلىم-پەننىڭ ئانىسى»، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا زادى ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان مۇكەممەل دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋەت مەۋجۇت. ئىلىم-پەن بىلىم ھاسىل قىلسا، پەلسەپە ئىدىيە شەكىللەندۈرىدۇ. پەلسەپىنىڭ تەرەققىياتى ئىلىم-پەننىڭ تەرەققىياتى تەمىنلىگەن بىلىملەرنى ئاساس قىلسا، ئىلىم-پەننىڭ تەرەققىياتى پەلسەپە تەمىنلىگەن ئىلمىي مېتود ۋە ئەقىل-پاراسەت جەھەتتىكى يېتەكلەشتىن ئايرىلالمايدۇ. دېمەك ئادىمىيەت پەنلىرىنىڭلا ئەمەس، بەلكى ھەرقانداق پەننىڭ ساغلام تەرەققىياتى پەلسەپىنىڭ يول باشلىشى، يېتەكلىشى ۋە مەدەت بېرىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، بارلىق تەبىئەت ۋە ئادىمىيەت پەنلىرى دەل پەلسەپە ئاساسىغا قۇرۇلغان ۋە تەرەققىياتقا ئەگىشىپ پەلسەپىدىن ئۆزي ئايرىپ چىققان. بۇ مەنىدىن قارىغاندا، ئادىمىيەت پەنلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىنى ۋە گۈللىنىشىنى پەلسەپىسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

ئۆزباش ماقالىسىدە پەلسەپە ھەققىدە توختىلىپ، ئىنتېل تورىدىكى «ئۇيغۇرغا پەلسەپە كېرەكمۇ يوق»دېگەن ماقالە ۋە بەرقى تورىدىكى قەقنۇس ھەققىدىكى مۇھاكىملەرنى تىلغا ئېلىپ[23] ئارقىدىنلا قەقنۇسنىڭ يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىنى تەنقىد قىلغان. كەمىنە بىلىكيارمۇ قەقنۇسنىڭ ئەسەبىلەرچە سۆز-ئاتالغۇ ئىجاد قىلىش، ئىجاد قىلغان تېرمىنلىرىغا ئىزاھات بەرمىگەنلىك، ئىلمىي

مەنتىقسى قالايمىقان بولۇش،ھەتتا ئىنىق دەلىل- پاكىت تەلەپ قىلىدىغان زور ئىلىم- پەن مەسىلىرىگە قارىتا«ئاسماندىن چۈشكەن»دەكلا گويپىدە تاشلاپ قويۇپ،ئاساسى ياكى ئۇچۇرنىڭ مەنبەسىنى كۆرسەتمەسلىك، يازمىلىرىدا ئوقۇرمەنلەرگە قارىتا «چۈشەنسەڭ چۈشەن، چۈشەنمىسەڭ نىمەكارىم» دەيدىغان ئىلىم مۇستەبىتلىكىگە مەنمۇ قەتئىي قارشى. بۇ ھەقتە ھەتتا مەنمۇ بىۋاستە تەكلىپمۇ بەرگەن، بۇنىڭغا قارىتا مىنىڭمۇ ئاچچىغىم بار. بىراق(قەقنۇسنىڭ بەرقىدىكى مۇھاكىمىگە تۇتقان پوزىتسىيەسىگە رەھمەت ئېيتىمەن. چۈنكى قەقنۇس ئۇ قىتىملىق مۇھاكىمىدىكى ھەر بىر سوئالغا تولىمۇ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلدى ۋە سەممىيلىك بىلەن جاۋاب بەردى. ھەتتاكى بەزى ساپا- سۈپەتسىز تورداشلار گۈدەكلەرچە ئۇنىڭ شەخسىيىتىگە تىگىپ سوئال سورىغاندىمۇ ،ئۇ قىلچە رەنجىمەستىن جاۋاپ يازدى. ئاخىرىدا سوئاللارغا جاۋاب بىرەلمەي ئەمەس، سورايدىغان سوئال تۈگەپ قىلىش بىلەن ئاخىرلاشتى. بىلىشىمچە، قەقنۇس بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن تور سۆھبىتى شۇ ۋاقىتتىكى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كۆرۈلۈش قىتىم سانى ئەڭ يۇقىرى بولغان.) يەنە شۇنى بىلىشىمىز لازىمكى، ئالدى بىلەن قەقنۇس ھەرگىز ئادەتتىكى تەييار ساۋاتلارنى ئومۇملاشتۇرۋاتقان يەننى ئومۇملاشتۇرۇش خادىمى ياكى دىھقانلىرىمىز قوناقلىقتا ئوقۇيدىغان ئىپتىز ناخشىلىرىنى يازىدىغان تېكىستچى ئەمەس، ئۇ بىر تەتقىقاتچى، تەپەككۇر پەللىسى ئۈستۈن، ئىلمىي مىتودى ئۆزگىچە بولغان بىلىش ئۈستىسى، بىلىم ئىجاد قىلىۋاتقان بىلگىن ۋە تەپەككۇرچى. دىمەك، بەرقى مۇنبىرىدىكىلەر بىلەن ئۇنىڭ تەپەككۇر پەللىسى، تەپەككۇر ئەندىزىسى، تەپەككۇر يۈكسەكلىكى ھەم تەپەككۇر ئۇسۇلىدا بەلگۈلۈك پەرىق بار. بۇ پەرىقلەر تەپەككۇر ۋە تەتقىقاتدىكى ناھايىتى زور پەرىقلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. مىنىڭ نەزىرىمدىمۇ ئۇ ھەقىقەتەن ئادىمىيەت پەنلىرى، جۇملىدىن پەلسەپە ۋە روھىيەت ساھەسىدە توسالغۇسىز تەپەككۇر قىلىپ دولقۇنلار يىرىپ ئىلگىرلەۋاتقان ئىلىمدار (ئەلۋەتتە نۇقسانسىز ئادەم بولمايدۇ) بولۇپ، ئۇ بۇ ساھەدە كۆپ ئىزدەنگەن بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ قىممىتى تېخى تولۇق بايقالغىنى يوق. قەقنۇس ھەققىدە ئابدىقادىر جالالىدىن، ئىسلامجان شىرىپلا كۆپ يازمىلارنى يازدى. بۇ يەردە تەكىتلەشكە تىگىشلىكى، بىز ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۇچۇن ، ئىلىمدارنىڭ ئېتىقادى، ئىستىلى ۋە قىممەت قارىشىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇنىڭدا پەقەت بىزگە كىرەكلىك بىلىملا بولىدىكەن، ئۇنىڭدىن

ئۆگىنىشىمىز كېرەك. ئۇنىڭدىكى ئىلىمدىن مەنپەئەتلىنىش ئىلمىي زەرەت ئىلىش ياكى يۇقۇملىنىپ قىلىشقا كەلسەك، ئۇ شۇ ئىلىم ئۆگەنگۈچىنىڭ ئىلمىي پاراستى، تالالاپ ئۆگىنىش ئىقتىدارى ۋە ئىلمىي ئىممۇنىت كۈچىگە باغلىق. بىز بۇگۈنمۇ «ياندىكى ھىسپىنىڭ قەدرى يوق»دېگەنىدەك ئىش قىلىۋەرسەك ئەمدى بولمايدۇ. بۇ يەردە كەمىنە، مۇشۇ مۇناسىۋەتتە زۇلپىقار بارات ئۆزباشقا دىلكەش دوسلاچە شۇنى رەسمىي تەۋسىيە قىلىمەنكى، ئۆزباش ئەپەندىم دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسىنى تاماملاشتىن بۇرۇن قەقنۇسنى ئىلمىي زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر قېتىم بولسىمۇ سۆھبەت ۋە مۇھاكىمىدە بولسىكەن دېگەن ئۈمىدتىمەن. مېنىڭچە بۇ ئىلمىي زىيارەت ئارقىلىق ئۇنىڭدىن نۇرغۇن يېڭى ئىلمى ئوزۇق، سىپى ئۆزىدىن ئەسلى ئىجادىيەت ۋە يېڭى ئىلھاملارغا ئېرىشىش مۇمكىن.

نېمە ئۈچۈن بۇنداق دەيمەن؟ سەۋەبى قەقنۇس باشقا بارلىق ئىلىمدارلىرىمىزغا ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە قارىسام شۇنى ھېس قىلىمەنكى، ئۇ دىن ۋە پەن ئالىملىرىنىڭ نۇرغۇن قاراشلىرىنى رەت قىلىدۇ. قانداق رەت قىلىدۇ؟ ئۆز باش دېگەن ئەجنەبىي ھەم ۋەتەنداش ئالىملار يازغان ئەسەرلەرنى ئوقۇپ تەلقىن قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆز ۋۇجۇدىدا ھاسىل قىلغان يېڭى زىھنىي يۈكسەكلىكتىكى ئۆگىلەك روھى بىلەن رەت قىلىدۇ. ھەتتا ماركسىزىم كىلاسسىكلىرىدىنمۇ كەمتۈك جايلارنى تېپىپ تۈزىتىش، تولۇقلاش-«ياماش» پوزىتسىيەسىدە تۇرىدۇ. مېنىڭچە ئۇنىڭ بۇنداق پوزىتسىيەسىدە، جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ: «ئىنسانىيەتنىڭ تۈزۈم، قائىدىلىرىنى بىمەنىلىك ياكى يالغانچىلىق ئاساسىغا قۇرۇشقا بولمايدۇ. بۇنداق بولىدىكەن، جەمئىيەت ماۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. ئەگەر جەمئىيەتشۇناسلىق شەيئىنىڭ ئەسلى تەبىئىتىنى ئاساس قىلمايدىكەن، ئۇ مۇقەررەر ھالدا تۇرلۇك پاكىتلار ئالدىدا توسۇلۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەتقىقاتتا، ماۋجۇدىيەتنى ھەقىقىي تۈردە تونۇش ھەمدە ئۇنى ئىپادىلەش كېرەك.»دېگەن شەرتى ھۆكۈم سۈرگەن. ئۇ، دۇنيانىڭ ھاسىل بولۇش تارىخىنى ئون دەرىجىگە بۆلۈپ ئالغاندىن كېيىن، بۇ دەرىجىلەرنىڭ ئالمىشىش سەۋەبىنى شۇ دەرىجىلەردىكى ئەقىل تەرەققىياتىدىن ئىچىپ بەرسە، ئەقىل تەرەققىياتىنى ئادەمدىن ئىبارەت نىگىزدىن ئىچىپ بېرىپ، بىزگە بىر پۈتۈن ئىنسانىيەت تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىپلا قالماستىن، يەنە شۇ ئادەم جىسمىدىكى ئەقىلنى رىغبەتلەندۈرۈپ، يېڭى دەۋر ئېچىشنىڭ يۈكسەك ئىقتىدار تەرەققىياتىنىمۇ كۆرسىتىپ بەرگەن. ھازىرقى كۈندە ئۇنىڭ تونۇلۇش دەرىجىسى

تـۆۋەن، ئەسـەرلىرىنىڭ تەلقىـن قىلىـنىش دائىرىسـى تـار بولغـانلىقتىن، ئۇنـىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىزدەك كىتابىي نەقىللەردىن ئايرىلسا مەسىلە چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيـدىغان ئـادەملەر ئۇچـۇن غەلىـتە بىـر ئۇسـلۇب بولـۇپ تۇيۇلسـىمۇ، شەيئىنىڭ ئەسلى ۋەسلىدىن مەسىلىلەرنى چۈشـەندۈرۈپ بېرىـپ، تولىمـۇ يىـراق ئۇپۇقلارغـا ھالقىـپ كېتىۋاتقـان ئىلىمـداردۇر. چۈشىنىشـىمچە، ئۇنـىڭ بۇنـداق ئۇسلۇبىدا شەيئىنىڭ ئەسلى ـ ۋەسلى ياكى تەبىئىتىنى ئاساس قىلىش مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا بولـۇپ، جەمئىيەتنـى كۆرتـۈرۈب تۇرغـان ماۋجۇدىيەت_ئـادەمنى تـوغرا تونـۇش ۋە ئىپـادىلەش، بولۇپمـۇ ئۇنـىڭ ئەقىـل تەرەققىيـاتىنى ئىنسـان تەبىئىتىدىن ئېچىپ بېرىش نىگىز قىلىنغـان. جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسـىدىن ئېيتقانـدا، ئۇنـىڭ بۇنـداق قىلىشـى بـۇ پەننىـڭ ئالـدىنقى شـەرتىنى ئورۇنـداش بولـۇپ، بـۇنى پۈتكـۈل ئىنسانلار تارىخىغا ئەينەك قىلىش مۇمكىن. مەسىلەن: ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىنى ئون دەرىجىگە بۆلۈپ، ھەر بىر دەرىجىدىكى تۈزۈم قائىدىلەرنىڭ بىمەنىلىـك ۋە سـاختىلىقلار ئۈسـتىگە قۇرۇلغـان نىقابلىرىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئەقىل تەرەققىياتىدىكى ئۆدۈم ۋە قۇرۇملارنى كۆرسىتىشى بىزنـى شۇنداق بىر شەرتنى ئورۇنداۋاتقان تەبىئىي تۇيغۇغا كەلتۈرىدۇ. بـۇنى چۈشـىنىپ يېـتىش ئۈچـۈن تەخـىر قىلىـش لازىمكـى، بۇنـداق تۇيغـۇ پەقەت ئۇنىـڭ ئەسەرلىرىدىكى چوڭقۇرلۇقنا شۇڭغۇغان شـجائەتنى تونـۇش، ئۇنىڭـدىكى يېڭـى پىكىرلەرنـى ھەزىـم قىلىـش ئاساسـىدا ھاسـىل بولـىدۇ. شـۇنىڭ ئۈچـۈن بولسـا كېرەك، ئۇنى دەسلەپتە، مەنمۇ شۇنداق قاراشتا يـۈرگەن. بىرقـانچە يىـل ئۇنـىڭ ئەسـەرلىرىنى ئوقـۇش، ئـۇنى كـۆپ قىـتىم زىيـارەت قىلىـش جەريانىـدا، ئۇنـىڭ مېڭىسـىدە نەقىـل (ئىـدىيە ـ پىكىـر ئـارىيەت) ئالمىسـىمۇ شـەيئىلەرنى «ئەيـنەن يەقىن»قىلىدىغان بىر خىل پىكىر ئېقىمى كۆۋەجەپ تۇرغانلىقىنى بايقىدىم ـ دە ، ئـۆزۈمنى بېسـىۋالدىم. مەسـىلەن: بىـر قىـتىم ئۇنـىڭ «يېڭـى ئىـرا تەلىماتىنىـڭ شەرھىي باياني» دېگەن ئەسىرىدىمۇ ئىش قىلىپ بىـر ماقالىسـىدە:"مېنىـڭ بـۇ ماقالەمنى دوكتور، پىروفېسسور دەرىجىلىـك كىشـىلەرلا ئوقـۇپ چۈشـۈنەلەيدۇ." دېگەندەك ئىزاھاتلىرىنى كۆرۈپ، بۇ نېمە دېـگەن پـوچى ئـادەم ؟! دەپ ھەيـران قالغانىتىم. دەرۋەقە بۇ ماقالىسىنى بىر قـانچە قىـتىم ئوقـۇپ ئانـدىن ئۇنـىڭ نـېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. شۇڭا بىز ئۇنى تەنقىد قىلىشتىن ئاۋال ئۇنىڭ ئىلمىي ئىدىيەسى ۋە بىلىش مېتودىنى نۇقتىلىق ئۆگىنىشكە تىگىشلىك. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ دىنى تەسەۋۋۇپ ساھەسىدىكى ئون گۇناھى ئەزەلىـى ھەل قىلغـۇچى ئـون

خۇمـــايى يەزەل كۆزقارىشـــى (بـــۇ تەپســـىلاتنى «مـــۇنبەر»دە ئـــېلان قىلىنغان«ئىنسانىيەتنى قۇتقازغۇچى ئەقىدەت: ئـون خۇمايى يەزەلنىڭ شەرئى بايانى» ، «ئۆگۋادۇر تەلىماتى»ۋە باشقا ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئوقۇشقا توغرا كېلىدۇ.) نىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى؛ يېڭى ئېرا تەلىماتىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى يالغۇز ئۇيغۇرنىڭلا ئەمەس، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلىي بۇرۇلۇش ياسىشى ئۈچۈن يېڭى يول ۋە نەزەرىيە ئاساسى كۆرسىتىپ بەردى دېيىشكە بولىدۇ. شۇنىتسىيەلىك داۋۇد تومسون ياساپ چىققان ئونلۇق ئۆلچەملىك ئاتوم سائىتى، يېڭى ئېرا تەلىماتىدىكى ئونلۇق چۈشەنچىسىگە؛ سەئۇدى ئەرەبىستاندا ياسالغان 400 گىرادۇسلۇق كومپاس قاتارلىقلار يېڭى ئېرا تەلىماتىدىكى چۈشەنچىگە تەققاسلانغانمۇ قانداق؟! بۇلارنىمۇ يەنىمۇ ئىچكىرلەپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئېھتىمال ئۆزباش ياكى باشقا دوستلىرىمىز ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى قېتىرقىنىپ ئوقۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەن بولۇشى، ياكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ يىل ناملىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۇنى كۆتۈرۈپ تۇرغان پەلسەپىۋى پىكىرلەر ۋە قەدىمىي تىل مەنبەلىرى(تۈرك، ئەرەب، پارس، چاغاتاي تىللىرى) بىلەن چوڭقۇر تونۇشمىغان بولۇشى مۇمكىن. مەن ئۇنىڭ بىر ماقالىسىدە «پۇرسەتپەرەسلىك (机会主义)» نى «ئوپپورتونۇسزىم» دەپ يازغىنىنى كۆرۈپ يىرىم كېچىدە تېلېفون قىلدىم ۋە رەنجىگەن پېتىم: ئەپەندىم نېمە دەپ ئىستىمالدىن قالغان تىل ئاتالغۇلارنى كۆپ قوللىنىدىلا؟ ئۇنىڭدىن كۆرە ھازىرقى خەلق تىلىغا يېقىن ئېرمىنلارنى ئىشلەتسەك بولمامدۇ؟ بۇ ياكى قەستەن «قالايمىقان قىلىش» ، ئۆزلىرىنى بىلىملىك كىلاسسىك ئالىم قىلىپ كۆرسىتىشمۇ ؟دەپ قاتتىغراق سورىغىنىمدا، گەرچە مېنى تولۇق قانائەتلەندۈرۈپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، جاۋابەن: بۇلارنىڭ ھەممىسى سېلى تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنلاردىلا ئەجداتلار ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان تىل-مەدەنىيەت بايلىقلىرىمىز، بۇلارنى ھازىر كۆپ ئادەم بىلىپ كەتمەيدۇ، ئىستىمالدىن قالدى دەپ تارىخنى كۆيدۈرۈۋەتكىلى بولماس. شۇڭا كىلاسسىكلىرىمىزدىكى تارىختىن قەپ قالغان تىل-مەدەنىيەت بايلىقلىرىمىزنى كۆنىمىزدىكى ئەلۋاتلارغا يەتكۈزۈپ، ئۆتمۈشنى بۈگۈنگە ئۇلاي دەپ شۇنداق قىلدىم. بۇمۇ مىللى مەدەنىيەت بايلىقلىرىمىزغا مەسئۇل بولۇشقۇ؟ بەزىلىرىنى ئىزاھلىماسلىقىم ياشلىرىمىزمۇ تەييارتاپ-ھورۇن بولۇپ كەتمەي تەپەككۇر قىلسۇن ۋە ئۆگەنسۇن دەپ شۇنداق قىلدىم، ئۇنىدىن باشقا ۋاقىت ۋە سەھىپە چەكلىمىسىمۇ بار تۇرسا، دېگىنى ئېسىمدە. كونىلار:" كۆپتۇر سېنىڭ

بىلگىنىڭدىن بىلمىگىنىڭ، بىلسەڭ ھامان ئۇنى ئۆلمىگىنىڭ! "دەيدۇ. ھېچ ۋەقەسى يوق، ھەركىم ئۆزى چۆككەن تەرەپلەردە ئالەمچە سۆز قىلىدۇ، چۆكمىگەن تەرەپلەردە بالىلارچە گەپ قىلىدۇ. ئەمما، ھەركىم كۆڭۈل بۆلگەن ئىكەن ھامان ئالتۇن بىلەن مىسنى ئايرىپ ئالالايدۇ. پىشقەدەم شائىر ئىجتىھاتلىق ئەدەبىي تەرجىمان ئىمىن ئەھمىدى سىپىزورلىقى، ھۆرمەتىمىدىكى ئەدىب ئابدۇقادىر جالالىدىن تەقرىز تەۋسىيەلىكى، ئالى مۇھەررىرقۇربان ماھۇتىنىڭ تەھرىرلىكىدىن ئۆتكەن بۇ ماقالىنى قىزىقىپ ئوقۇش بىلەن بىرگە، بۇ پىكىرلەرنى قىلىپ، كۆپچىلىكنى بۇ بىلىش ئۇستىسنى تېخىمۇ ئىلگىرلەپ تونۇش ھەققىدە تەۋسىيە قىلماقچىمەن. ئىشىنىمەنكى، كۆنلەرنىڭ بىرىدە بىز ئۆز يېرىمىزدىكى ئالىملارنى ئۆلگەندىن كېيىنكى باھالاشقا قالدۇرماي ھايات ۋاختىدا ئىككى ئېغىز راست گەپ قىلىشقا ئۇلگۇرىمىز. مەن پەقەت، بىر ئېغىز گەپنى تەكرارلايمەن: تېرىك «ئالىملار» ئىچىدىمۇ بىز باش ئۇرۇۋاتقان جەسەت كەبى «ئالىملار»مۇ باردۇر.

ئەمما شۇنى قاتتىق مۇراجەت قىلىش كېرەككى، قەقنۇس ئەپەندىمۇ ئىلمىي ئىستىلىنى دەرھال تەپتىش قىلىپ، ئىجادىيەتتىكى يىگانىلىك، ستات ئالماسلىق (ستات ئېلىش زۆرۈر بولسا چوقۇم ئېلىش كېرەك.بۇنىڭ ھېچ بولمىغاندا ئۈچ تۈرلۈك پايدىسى بار: بىرى، ئالدىنقىلارنىڭ ئەمگەكلىرىنى ئەسكە ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئەمگىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىلىدۇ؛ يەنە بىرى، ئۆزىمىز مۇھاكىمە قىلىۋاتقان مەسىلىنىڭ ئىلمىي قىممىتى ۋە قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ؛ ئۈچىنجى، شۇ ئاپتۇرنىڭ «قۇدۇق ئىچىدىكى پاقا» بولماستىن، بۇ ھەقتە ئاز-تولا بىرنېمىلەرنى ئوقۇغان،بىرنېمە بىلىدىغانلىقىنىڭ بىر خىل دەلىلى بولالايدۇ)، ئىلمىي ھەمكارلىققا سەل قاراش ئېڭىنى تۈگۈتىشى؛ ئۆزىدىكى مول بىلىم خەزىنىسى ۋە ئۆزگىچە ئىلمىي مېتودىنى سېخىيلىق بىلەن ئەلگە تەقدىم ئېتىشى؛ ئىلمىي مەنتىقە ۋە ئىجادىيەتتىكى قالايمىقانلىق ۋە ھەممىنى بىراقلا تۆكمە قىلىشقا ئۇرۇنۇش ئادىتىنى تۈگۈتىشى لازىم. بولۇپمۇ بىلىش مېتودى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلىدىكى ئۆزگۈچىلىكنى سىستېمىلاشتۇرۇپ ئىلىم ساھەسىگە سوغا قىلىشى؛ ئۇقۇرمەنلەرنى كۆزىگە ئىلىشىنى ئۆگىنىۋېلىشى، ئۆز يازمىلىرىنىڭ ئوبيكتى بولمىش ئۇيغۇرنىڭ ئەرەب-ئىسلام مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشلىك كىشىلەر ئىكەنلىكىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىشى؛ يازمىلىرىدىكى مۇجمەل ھەم چۈشىنىكسىز تېرمىن-ئاتالغۇلار ۋە ئۆزى ئىجاد قىلغان-ياسىغان سۆز-ئىبارىلەرنى

ئىمكانقەدەر خەلق تىلىغا يېقىنلاشتۇرۇشى، بەزى يېڭى تېرمىن-ئاتالغۇلارنى ئىخچاملاش ياكى ئاددىي چۈشىنىشلىك قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇش مۇمكىنچىلىكى بولمىغاندا شۇ يازمىنىڭ ئاستى ياكى ئاخىرىغا مۇناسىپ ئىزاھات-چۈشەنچىلەرنى بېرىپ مېڭىشقا ئادەتلىنىشى كېرەك.

خوش! پەلسەپىنى كېرەك قىلىش كېرەكمۇ يوق؟ دېگەن مەسىلىنىڭ ئۆزىمۇ بىر پەلسەپىۋى مەسىلە بولۇپ، بۇنىڭدىن پەلسەپىنىڭ ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرى ۋە مەۋجۇتلۇقىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. پەلسەپە ـــ تەبىئەت، جەمئىيەت قانۇنلىرى توغرىسىدىكى بىلىش، بىلىمنىڭ ئۆز قانۇنىيەتلىرىنى بىلىش(تەپەككۇر قىلىش) توغرىسىدىكى قانۇنىيەتلەرنى ئومۇملاشتۇرلۇپ نەزەرىيەلەشتۈرۈلگەن، سىستېملاشتۇرۇلغان دۇنيا قاراش بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئىلىم-پەن تەتقىقاتى، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، تەپەككۇرىغا قەدەر چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، كىشىلەرنىڭ دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، ياشاش ئۇسۇلىنى لايىھەلەپ، شەخسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتىغا نىسبەتەن بەلگىلەش رولىنى ئۆتەيدۇ. پەلسەپە بىلەن كونكرېتنى پەنلەرنىڭ مۇناسىۋىتىدە، پەلسەپە كونكرېتنى پەنلەرنى ئومۇمىي نەزەرىيە ۋە بىلىش مېتودى بىلەن تەمىنلەپ ،كونكرېتنى پەنلەرگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ كونكرېت پەنلەر پەلسەپىنى ئىلىم-پەن ئاساسى بىلەن تەمىنلەپ، پەلسەپىنىڭ ئىلمىيلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. ئىلىم-پەن، پەلسەپە تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مىساللار ناھايىتى كۆپ. فارادېي بايقىغان ئېلېكتېر ماگنىت ئىندۇكسىيە قانۇنىيىتىگە ئاساسەن كىشىلەر گېنېراتورنى ياساش بىلەن بىرگە، ماگنىت-توكتىن ئىبارەت باغلىنىشلىق بىر پۈتۈنلۈككە نىسبەتەن شەيئىلەر ئومۇمىي باغلىنىشلىق ئىچىدە مەۋجۇت بولىدۇ، زىددىيەتلىك ئىككى تەرەپ مۇئەييەن شارائىتتا بىر-بىرىگە ئايلىنىدۇ، دېگەن پەلسەپىۋى قائىدىگە ئاساسەن ماگنىت مەيدانى توك ھاسىل قىلالىغان ئىكەن، ئۇنداقتا توكمۇ ماگنىت مەيدانى ھاسىل قىلالايدۇ دەپ قاراپ، ئەمەلىي قوللىنىدىغان ئېلېكتېر ماتورنى ياساپ چىقتى؛ ئوكسىگېن (oxygen) بىلەن ئوزون(ozone)نىڭ ھەر ئىككىلىسى ئوكسىگېن ئېلېمېنتىدىن تەركىپ تاپقان بولسىمۇ، بىر مولېكولاسىدىكى ئوكسىگېن ئاتومىنىڭ سانى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئوخشاش بولمىغان ماددىغا تەۋە بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان خىمىيەلىك خۇسۇسىيەتنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئالاھىدە

ئەھۋال شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى ئىچكى ئامىل تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، دەيدىغان پەلسەپىۋى يەكۈننى ئىسپاتلايدۇ. پەلسەپە ئومۇمىي قانۇنىيەتلەر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارسا، كونكرېتنى پەنلەر ئالاھىدە قانۇنىيەتلەر ئۈستىدە تەتقىقات ئىلىپ بارىدۇ. پەلسەپە بىلەن كونكرېت پەنلەرنىڭ ھەر ئىككىلىسى شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش ۋە بىلىش بولۇپ، پەلسەپە ئومۇمىي جەھەتتىن، كونكرېتنى پەنلەر ئايرىم دائىرىدىن تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ. دېمەك،«ئۇيغۇرلارغا پەلەسەپە كېرەك مۇ يوق؟» دېگەن مەسىلە ئۇيغۇرلار دۇنيانى بىلىشى كېرەكمۇ يوق؟ تەپەككۇر قىلىشى كېرەكمۇ يوق؟ دېگەن مەسىلىگە ئېلىپ بارىدۇ. يەكۈن شۇكى، پەلسەپە كىشىلەرنىڭ دۇنيانى بىلىش ۋە ئۆزگەرتىشىدىكى كۈچلۈك قورالى بولۇپ، جەمئىيەت تەرەققىياتى، ئىلىم-پەن تەتقىقاتى، ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر تەرەققىياتىدا غايەت زور رول ئوينايدۇ.

## 2. پەلسەپىگە تۇتۇلغان خاتا پوزىتسىيە

بىرىنچى، پەلسەپىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇماسلىق. تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەر بارغانسىرى پەلسەپە ئۆگىنىش دېسە بېشى ئاغرىيدىغان، پەلسەپە ئۆگىنىش تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىشى دەپ قاراپ، ئۆگەنمەيدىغان بولۇۋېلىشتى. ئەمەلىيەتتە، جەمئىيەت ۋە ھەر بىر شەخسنىڭ تەرەققىياتى پەلسەپىۋى تەپەككۇردىن ئەسلا ئايرىلالمايدۇ. بۇ ھەقتە ئېنگېلس: "بىر مىللەت قەد كۆتۈرمەن دەيدىكەن بىر مىنۇتمۇ نەزەرىيەۋى تەپەككۇردىن ئايرىلماسلىقى كېرەك"دەيدۇ.

ئىككىنچى، پەلسەپىۋى قائىدىلەرنى دوگما ھالەتتە چۈشىنىۋېلىش، چوڭقۇرلاپ ئەقلىي مۇلاھىزە قىلماسلىق، ئۇ قۇتۇپتىن بۇ قۇتۇپقا ئىغىپ كېتىشلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا پايدىسىز. ماددا بىلەن ھەركەت (ئېنېرگىيە، تەسىر) نىڭ مۇناسىۋىتىدىن بىلىشكە بولۇدىكى، ماددا بىلەن ھەركەت ئايرىلماس بىر پۈتۈنلىككە ئىگە، ماددا بىلەن ئاڭمۇ ئوخشاشلا ئايرىلماس بىر پۈتۈنلىككە ئىگە. ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكا ئاڭ مېڭىدىن ئىبارەت ئالاھىدە ماددىنىڭ فۇنكسىيەلىك ھەركىتى دەپ قارايدۇ. ماددىدا ھەركەت ۋە ئىنكاس(تەسىر)

بولىدۇ؛ ماددا بىلەن ئىنكاس ئايرىلماس بىر پۈتۈنلۈك، ماددا بىلەن روھ ۋە ئاڭمۇ ئايرىلماس بىر پۈتۈنلۈك. مۇئەييەن شارائىتتا ماددا ئىنكاسنى، مۇئەييەن شارائىتتا ئىنكاس ماددىنى بەلگىلەيدۇ دەپ قارىغاندا، ماددىلار ئارىسىدىكى خىمىيەلىك تەسىر ئۆز ئارا ئىنكاسىدىن ئىبارەت بولۇپ، يېڭى ماددا ھاسىل قىلىدۇ. يادرولارنىڭ يىغىلىشى ۋە يىمىرىلىشى بىر خىل سىرتقى كۈچنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، يېڭى يادرولار ھاسىل بولىدۇ. يەنىي ئىنكاس(تەسىر) يېڭى ماددا ھاسىل قىلىدۇ. ماددا بىلەن ئاڭ مۇئەييەن شارائىتتا بىر-بىرىنى بەلگىلەيدۇ. ماددا بىرلەمچى ئاڭ ئىككىلەمچى قارىشى دوگما ھالەتتە چۈشىنىلسە ماددىغا ئەھمىيەت بېرىپ ئاڭغا سەل قاراش خاھىشى كېلىپ چىقىپ، كىشىلەردە ماددىي مەنپەئەتكە جىنىنىڭ بارىچە بېرىلىش، غايە-ئېتىقادى سۇسلىشىش، چىرىكلىشىش، ئەخلاقنىڭ يىمىرىلىشى قاتارلىق روھى كىرزىسلەر كېلىپ چىقىدۇ. شۇ سەۋەپتىن، ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، غايە-ئېتىقادنى مۇستەھكەملەپ، ئەخلاقى تەربىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، سىياسى ئېتىكا ۋە ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش قاتارلىقلار سىياسى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلدى. ئىدىيالىستىك پەلسەپە روھ ماددىدىن مۇستەقىل تۇرىدىغان پەلسەپۋي كاتېگورىيە دەپ قاراپ، روھ بىلەن ماددىنىڭ بىرلىكىگە سەل قارىدى. ئۇلار يارىلىش قىسسىسىدىكى ئادەمنىڭ تۇپراقتىن ئىبارەت ئالاھىدە ماددىدىن ھاسىل بولغانلىقىنى بولسىمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، ئىدىيالىزىملىق پەلسەپە يېتەكچىلىكىدىكى جەمئىيەتلەر بولسا پەن-تېخنىكا ۋە ماددىي ئىشلەپچىقىرىش جەھەتلەردە تولىمۇ ئارقىدا قېلىپ ، ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ ھاياتى كۈچىنى يوقاتتى. دەل شۇ سەۋەبلىك، ئۇلار مەۋجۇتلۇق ۋە تەرەققىيات رىقابىتىدە ئۆزلىرىگىمۇ ئىگە بولالماي قالدى. بۈگۈنكى ئىراق ۋە ئافغانىستانلارنىڭ نۆۋەتتىكى رىئاللىقىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. پەلسەپە ئىدىيەسىنىڭ ئوبيېكتىپ چىنلىققا ئۇيغۇن بولماسلىقى تەپەككۇر مەجرۇھلىقى، نادانلىق، نامراتلىق ۋە ئىنسانلارنىڭ مەنىۋي جەھەتتىن چىرىكلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماستىن، پەلسەپۋي زىدىيەت پەيدا قىلىپ، زىدىيەتتىن پىكىر ئىختىلاپلىرىغا، پىكىر ئىختىلاپلىرى توقۇنۇش ۋە ئىناقسىزلىققا ئېلىپ بارىدۇ. ئالايلۇق، پىروفېسسور خانتىڭتوننىڭ «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋي تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى (文明冲突与世界秩序的重建, The Clash of Civilizations and the Remaking of world Order)» دېگەن ئەسەردە مەقسەتلىك ھالدا، مەدەنىيەت

دېگەن ئىناقلىقنىڭ مەنبەسى دەپ كۆرسەتمەستىن، توقۇنۇشنىڭ يىلتىزى سۈيىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. پەلسەپە جەھەتتىكى بۇ بىر خاتا يىتەكلەشنىڭ تەسىرىدىلا ئىنسانلار ئارا بىر تالاي ئارازلىقلاركېلىپ چىقىپ، بەرشارىنىڭ تىنچلىق-تەرەققىياتى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئىناقلىقىغا زور تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. ئەلۋەتتە بۇ جەرياندا ئامېرىكىلىقلارنىڭ تارتقان زىيىنىدىن ئېرىشكەن ھەر تەرەپلىمە پايدىسى كۆپ ئارتۇق بولدى. تارىختا مۇنداق مىسال ۋە ئاچچىق ساۋاقلار ئاز ئەمەس. بىزنىڭ بۇ يەر شارىمىزدا ئىنسانلار قان قېرىنداش (خىرىستىئان ۋە ئىسلام مەدەنىيەتلىرىدىمۇ ئىنسانلارنى ئوخشاش بىر ئەجدات__ ھەزرەتى ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىنىڭ پەرزەنتلىرى دەپ قارايدۇ) دەيدىغان ئىناق مەدەنىيەتنى يارىتىش ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيەسى ئوبيېكتىپ چىنلىققا ئۇيغۇن كېلىشى، پىكىر ئىختىلاپلىرىنى ئوبيېكتىپ چىنلىقنىڭ ماھىيىتىدە بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئىناق دۇنيا بەرپا قىلىشقا تىرىشىپ يۈزلىنىش ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك.

ئۈچۈنچى، پەلسەپىۋى تەپەككۇر قىلماسلىق. زەھەرلىك چېكىملىك، قىمار قاتارلىق بىمەنە ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارنى پەلسەپىۋى تەپەككۇر قىلىپ، شۇ بويىچە ھەركەت قىلىدىغانلار دەپ قاراشقا بولامدۇ؟ ئۇلار پۇلغا زەھەر سېتىۋېلىپ بىباھا تېنى زەئىپلەشكەندە بولسا يەنە پۇلغا داۋالانماقتا؛ قىمار ئويناپدىغانلار ئازغىنا پۇل ئۈچۈن قىممەتلىك ئۆمرىنى ئىسراپ قىلماقتا، نامراتلىشىپ مادارىدىن كەتكەندە بولسا، ئۇنى ئۆزىدىن كۆرمەي جەمئىيەتكە دۆڭگەپ قويماقتا؛ رايون توقۇنۇشلىرى، «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» دېگەندەكلەر يەر شارىنىڭ تېنچلىقىغا تەھدىت بولۇپ تۇرماقتا. ئىنسانلار ئىناق دۇنيا بەرپا قىلىش ھەققىدىكى پەلسەپىۋى ئىدىيەنى تىكلەپ، بىرلىكتە ئىناق ياشايدىغان بولسا، دۇنيادىكى ھەربىي ئىشلارغا ئاجرىتىلىۋاتقان خىراجەت ماتارىپ پەن-تېخنىكا، سەھىيە ساقلىقنى ساقلاش ۋە خەيرى ساخاۋەت ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان بولسا دۇنيادا بىرمۇ ئادەم ساۋاتسىز قالمىغان، بىرمۇ ئادەم بىئەجەل ئۆلۈپ كەتمىگەن، بىرمۇ ئادەم ئىشسىز قالمىغان، بىرمۇ ئادەم نامرات قالمىغان بولاتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا يەنە كىملەر بىلەن كىم، قايسى مەدەنىيەتلەر بىلەن قايسى مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشۇپ يۈرۈيدۇ؟!

تۆتىنچى، ئادىمىيەت پەنلىرى ساھەسىدىكىلەرنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيەلەرنى تەتقىق قىلىشى ۋە ئومۇملاشتۇرۇشى، ئىلغار ئىدىيەلەر بىلەن خەلقنى تەربىلىشى

يىتەرسىز بولماقتا. خىلمۇ-خىل كىرزىسلار، جۈملىدىن كىلىمات ئۆزگىرىشى، مۇھىتنىڭ ناچارلىشىشى، ئەيدىز كېسىلى قاتارلىق ئاپەتلەر ئىنسانلارنىڭ ماددىي مەنىۋىي تۇرمۇشىغا تۈرلۈك يېڭى خىرىس ۋە تەھدىتلەرنى ئېلىپ كەلمەكتە. ئادىمىيەت پەنلىرى ساھەسىدىكىلەر نامراتلارنىڭ نامراتلىق ئازابىنى تەسۋىرلىگەندە، تىرىشىپ ئۆگىنىش ۋە ئىشلەش ئارقىلىق باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرىدىغان باي ئىدىيەنى بىرلىكتە ئۆگۈتىشى كېرەك. مەئىشەتنى تەسۋىرلەش بىلەن بىرگە، خىرىستىن ئاگاھلاندۇرۇشى، كىرزىسنى تەسۋىرلەش بىلەنلا قالماي، كىرزىستىن قۇتۇلۇشنىڭ پەلسەپۋىي يولىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، كىشىلەرنى ئالەملىك نەزەر، دۇنياۋىي ئاڭغا ئىگە زاماندار قىلىپ تەربىيەلەشكە ماھىر بولۇشلىرى لازىم. بۇ يەردە «2012-يىلى» ناملىق فانتازىيەلىك فىلىمنى مۇشۇ تۈردە دادىل يېڭىلىق ياراتقان ۋە ئۇتۇق قازانغان نادىر ئەسەر دېيىشكە ھەقلىقمىز. چۈنكى خىرىستىئان مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشلۈك بۇ فىلىم دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا قويۇلغاندىن كېيىن غەرب دۇنياسىدىكى غايە-ئېتىقادسىزلىق ۋە ئەخلاق قورغىنىنىڭ يىمىرلىش ھادىسىلىرىگە قارىتا غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكتىن كىشىلەر ئۆز قىلمىشلىرىنى قايتىدىن تەپتىش قىلىپ، ئۆز ئارا مېھرىبان بولۇش، خەيرى-ئېھسان قىلىش، مۇھىتنى ئاسراش، مەنىۋىي تاكامۇللۇققا ئېتىبار بىلەن قارايدىغان بولۇشقاندىن باشقا، ھەتتا خىرىستىئان مەدەنىيىتى بىلەن ئانچە ئىناق ئۆتەلمەيۋاتقان ئىسلام مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشلۈك كىشىلەردىكى يىرىك مۇناسىۋەتلەرنى ئۆللىتىش، مۇھىت ۋە كىلىمات مەسىلىلىرىدە بىردەك پىكىر ھاسىل قىلىشتا ئىجابىي رول ئوينىدى.

بىر ئاپتوموبىلغا بىردىن ئولتۇرىدىغانلار بىر قەدەم يەرگىمۇ ئاپتوموبىل بىلەن بارىدىغانلار كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭمۇ ھەققى بولغان بايلىق ۋە ئېنېرگىيەنى خورىتىش بىلەن بىرگە، مۇھىتقا كۆپ مىقداردا بۇلغۇما قويۇپ بېرىپ، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى، كىلىماتنىڭ ئىللىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ يەرشارىنىڭ ھالاكىتىنى تېزلىتىش بىلەن بىرگە، يۇقىرى ئېنېرگىيەلىك يىمەكلىكنى كۆپ يەپ ئىستىمالغا چۈشلۇق ئەمگەك-ئىختىرا قىلمىغانلىقتىن، قاندا ماي ئۆرلەپ كېتىش، دىئابىت قاتارلىق كېسەللىكلەرنى تېپىۋېلىپ ئۆزلىرىنىڭمۇ ھالاكىتىنى تېزلەتمەكتە. بۇنداق ئىسراپخورلارغا ئىستىمالغا يارىشا (يىگەن نانغا چۈشلۇق) ئەمگەك -ئىختىرا قىلىش، ئىلمىي ھايات مەدەنىي تۇرمۇشقا يېتەكلەنسە، بايلىق تېجەلگەننىڭ ئۈستىگە ئىنسانلارنىڭ ساغلاملىق سەۋىيەسى ئۆسكەن، تۆۋەن

سەرپىيات يۇقۇرى ئۇنۇملۇك ياخشى سۈپەتلىك بايلىق ئېنېرگىيە ئايلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولاتتى.

بەشىنچى، پەلسەپە تەتقىقاتىدا چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئورنىغا كونا ئۇقۇملارغا يېپىشىۋېلىش خاھىشى ئېغىر. پەلسەپە ئىنسانلارنىڭ ياۋايى تۇرمۇشتىن، ياۋايىلىقتىن، ۋەھشىيلىك ۋە رەزىللىكتىن قۇتۇلۇپ روھى ۋە ماددىي جەھەتتىن باياشاتلىققا، گۈزەللىككە، مۇكەممەللىككە ئېلىپ بارىدىغان قىممەتلىك ئەنگۈشتەر. ياۋايى ئىنسانلار بىر-بىرىنى يەيدىغان ئېپتىدائىي دەۋرگە نىسبەتەن دىنىي پەلسەپە بولغان بۇددا دىنى گۆش يېمەسلىكنى تەشەببۇس قىلىپ، ئىنسانلارنى ئۆز خىللىرىنى يېمەيدىغان مەدەنىيلىككە ئېرىشتۈردى. ئىسلام دىنى بىر قۇلنى ئازاد قىلىش، بىر نامراتنى تويغۇزۇشنىمۇ كاتتا ئىبادەت ھىساپلاپ، ئىنسانلارنى بىر-بىرىگە كۆيۈنۈشكە ۋە خەيرى-ئېھسان قىلىشقا ئۈندەپ، ئىناق ياشاشقا، ئىنسانپەرۋەرلىككە، مۇھىت ۋە ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنى قوغداشقا كۈچلۈك دەۋەت قىلدى. سوتسىيالىزم تەلىماتى بايلىقلارنى ئادىل تەقسىملەپ ئېزىش-ئېزىلىش بولمىغان باراۋەر دىمگۇراتىك، ئىناق جەمئىيەتكە يۈرۈش قىلىشقا چاقىردى. دىنىي ئىدىيەلەردە قىسمەن بىر تەرەپلىمىلىكلەر مەۋجۇت بولسىمۇ، سوتسىيالىزم تەلىماتلىرى بىلەن بۇ جەھەتتە ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە. ھەر قايسى قاتلام كىشىلىرىنىڭ بۇنىڭدىن قانچىلىك خەۋەردار ئىكەنلىكى نامەلۇم. ئەڭ ئېغىر بولغىنى، ئادىمىيەت پەنلىرى ساھەسىدىكىلەر، جۈملىدىن، ئەدىب، سەنئەتكارلارنىڭ پەلسەپىنى ياخشى بىلمەسلىكى، چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىپ ئۆگەنمەسلىكى، تۈپەيلى ھىس-ھاياجان بىلەن يېزىقچىلىق قىلىپ، ئاۋامنى تەربىلەش مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلالماسلىقى كىشىنى ئىچىندۈرىدۇ.

### 3. چىنلىقنىڭ ماھىيىتىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ، بىرلىككە كەلگەن پەلسەپە سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇش قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك

دۇنيادا ئەڭ قورقۇنۇچلۇق بولغىنى ئەيدىز كېسىلى، گېن قورالى، يادرو ئۇرۇشى، نامراتلىق بولماستىن، بەلكى خاتا ئىدىيىنىڭ پەلسەپە سۈپىتىدە هۆكۈمران ئورۇنغا چىقىپ قېلىشىدۇر. ـــــ ئابدۇشۈكۈر سىدىق

كۈنىمىزدىكى كىشىلەر ئالىقانداقتۇر تولىمۇ «ئەمەلىيەتچىل» بولۇپ كەتتى بوغاي، مىلتىقنىڭ ئوقىدەك گۇم قويسا دوك تېگىپ «ئەمەلىي ئۈنۈم بەرمەيدىغان» ئەمما بارلىق پەنلەرنىڭ سەردارى بولغان پەلسەپە تەتقىقاتى ۋە ئۆگىنىشىگە بولغان تونۇش يېتەرسىز بولغانلىقتىن، پەلسەپە ئۆزنىڭ بارلىق پەنلەرنىڭ يول باشچى ۋە يېتەكچىسى بولغان ئۆز خاسىيىتىنى يوقاتتىمۇ ياكى قۇيرۇق چۈرۈگۈچ بولۇپ قالدىمۇ؟ دېگەن مەسىلە ئادىمىيەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ جىددىي ئويلىنىشىنى كۈتۈپ تۇرماقتا. پەلسەپە ئىدىيەسى ئەسلىدە ئوبيېكتىپ چىنلىقنىڭ ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك ئىدى. سىنىپىي جەمئىيەتتە پەلسەپە هۆكۈمران سىنىپلارنىڭ هۆكۈمرانلىق قىلىش قورالى بولۇپ، هۆكۈمران سىنىپلارنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئىددىيەسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ كەلدى. ۋاھالەنكى، قۇللۇق جەمئىيەتتىكى قۇل ئۆز خوجايىنى ئۈچۈن ئۆلۈشى كېرەك دېگەندەك ئىدىيەلەر پەلسەپە يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلۈپ قانچىكى پەردازلانسىمۇ ئۇ ھەقىقىي پەلسەپە بولالمايدۇ. پەلسەپە چىنلىقنى ساداقەتمەنلىك بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئالەملىك ئومۇمىي ھەقىقەتلەر ئارقىلىق تۈرلۈك كونكرېت پەنلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشى، ئىنسانلارنى مۇكەممەل ۋە ساغلام تەپەككۇر قىلىشقا يېتەكلەشنى، روھىي تاكامۇللىققا، يۈكسەك مەدەنىيەتلىك ۋە باياشات تۇرمۇشقا، ئىناق ئاسايىشلىق دۇنيا بەرپا قىلىشقا يېتەكلەشنى مەقسەت قىلغاندىلا ئاندىن توغرا يۆنىلىش بويىچە ماڭغان ۋە ئۆزىنىڭ تەرەققىيات رېلىسىغا چۈشكەن بولىدۇ. بۇنداق پەلسەپە ئىددىيەلىرى ئىنسانىيەتنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تەرەققىيات تارىخىدا تەدرىجى تۈپلىنىپ، بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان ئىدىيە مەدەنىيەت خەزىنىسىنى شەكىللەندۈردى؛ ساكيامۇنىدىن خرىستوس(ئەيسا روھىللا)، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە، ماركسىزم كىلاسسىكلىرىنىڭ جەۋھىرى ۋە راۋاجى بولغان ماركس، ماۋ زېدوڭ، دېڭ شياۋپىڭ ئىدىيەلىرى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش»، «ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى»گە قەدەر ھەممىسىدىلا مول پەلسەپە جەۋھەرلىرى بار. بىز بۇلارنى نىمشقا سىستېمىلىق تەتقىق قىلىپ ئۆگەنمەيمىز؟! ھەم ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاش ۋە بۇلار ئارقىلىق كىشىلەرنى تەربىيەلەپ-

يىتەكلەشكە ماھىر بولالمايمىز؟! بۇھال ھەرقانداق مەسئۇلىيەتچان ئىلىمدارنى ئويلاندۇرماي قالمايدۇ. ئەلۋەتتە بۇگۈنكى پەلسەپە ھەققىدە گەپ بولۇۋاتقاندا، بىز ئۇن ـ تىنسىز ئەجىر قىلىۋاتقان ئۇستاز ئىسلامجان شىرىپ بەشكىرەمى ۋە ئۇنىڭ «تالانتشۇناسلىق»، «ئىجادىيەتشۇناسلىق»تىن تاكى «ياشاش سەنئىتى» (دىۋانۇ ئۆگلۈك)كە قەدەر بىر قانچە يۈرۈشلۈك، بىر پۈتۈن ئىدىيىۋى سىجىللىق ۋە سىستېمىلىقتا ئىگە بولغان كاتتا ئەمگەكلىرىگە تەشەككۇر ئېيتماي بولمايدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ«ياشاش سەنئىتى» دۆلەت، جەمئىيەت،شەخس قاتارلىقلارنىڭ ئۆگلۈشىش يوللىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولۇپ، بۇلارنى نەزەرىيەلەشتۈرۈپ ئومۇملاشتۇرغاندا ھازىرقى زامان پەلسەپەسىنىڭ يېڭى تەرەققىيات مەنزىلىنى ياراتقىلى بولىدۇ. بۇ زاتنى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى(تېخىمۇ توغرىسى ھەزارەت، يۈكسەك ۋە ئالى دەرىجىلىك مەدەنىيەت دېيىش كېرەكىدى)گە يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن، ئىلمىي ئىدىيە ۋە ئىلمىي مېتودنى پۈختا ئىگىلىگەن ئەجداتتىن ھالقىغان زاماندار پەيلاسوپ دېيىشكە ھەقلىقمىز. چۈنكى ئۇ ئىلىمزدىكى تۇنجى مەخسۇس ئۇيغۇر نەشرىيات:«قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى»نى قۇرۇش لاھىيە ـ تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ دوكلات سۇنۇشتىن تەييارلىق كۆرۈش، قۇرۇش، بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقىغا تەشكىلاتچىلىق قىلىش ۋە بىر تۈركۈم ئىقتىساسلىقلارنى تەربىيلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىن باشقا، بىر ئۆمۈر جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق بۈگۈنكى ئۇيغۇرنىڭ ياشاش پەلسەپە سىستېمىسىنى تۇرغۇزدى. ئۇ يازغان «ياشاش سەنئىتى» (دىۋانۇ ئۆگلۈك) ناملىق يۈرۈشلۈك ئەسىرىنىڭ ئىجادىيەت ۋە ئۆگلۈك ۋادىلىرىدا قانداق قىلىپ يەككە ئادەمنىڭ چىرىگەن بىلىم زىندانلىرىدىن قۇتۇلۇپ ئۆزلۈك①تىن ھالقىغان زاماندار ئۆگلۈك② بولۇش ۋە ئۆگلۈشىش③تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىنسانىي كامىللىققا يېتىشنىڭ بىر يۈرۈش قائىدە پىرىنسىپلىرى، قەدەم باسقۇچلىرى ۋە كونكرېتنى تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. قىسقىسى ئۇ كىتاب چەتئەلنىڭ ياكى كۆڭزى مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى تونۇشتۇرۇش ۋەياكى ئۆزلەشتۈرمە ئەسەر بولماستىن، مىللىي ھەزارەتكە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن جۇڭگو ۋە چەتئەللەرنىڭ ئوخشاش سەۋىيەسىدىن، ھەتتا ئەجداتلار سەۋىيەسىدىنمۇ ھالقىپ كەتكەن ئۇيغۇرغا خاس دۇنياۋى سەۋىيەدىكى پەلسەپىۋى ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ. "ئۇنىڭدىكى ئاساسىي ئىدىيەلەر ۋە پىكىر سىستېمىلىرىنى خارۋارد، ئوكسفورت، كېمبىرج،

ئەزھەر ئۇنۇۋېرستېلىرىنىڭ ئىلىم مۇنبەرلىرىدە لېكسىيە قىلىپ سۆزلىسە ئوخشاشلا قارشى ئېلىنغۇدەك كاتتا ئەسەر. (بۇ ھەقتە مەن بۇندىن ئىلگىرى مەخسۇس ماقالە يازغان بولغانلىقتىن، تېخىمۇ تەپسىلاتلارنى شۇ ماقالىدىن كۆرۈپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن) ئىلمىي ئاساسىي مائارىپى ۋە ئالىي مائارىپىدا ئىجادىيەتشۇناسلىق ئىلمىي دەيدىغان مەخسۇس پەن تەسىس قىلىش، ماگىستىر مائارىپى باسقۇچىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا ئۇنىڭ ئىجادىيەت ۋە ئىددىيەلىرىنى سىڭدۈرۈپ ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىش كېرەك. [24] قىسقىسى، بۇندىن ئىلگىرىكى بۇ ساھەدىكى ئىلىمدارلىرىمىز مەيلى قانچىلىك ۋە قانداق ئىلىم بەرگەن بولمىسۇن، ئىش قىلىپ ئۇلار بىزگە «قان» (بىلىم) تەقدىم قىلغان بولسا، ئىسلامجان شىرىپ بەشكېرەمى «قان» (بىلىم) ياساش ئۇسۇلى ۋە ئىقتىدارىنى ئۆگەتتى. ھەرقانداق ئىدراكى ئادەم «قان بېرىش» بىلەن«قان ياساش ئىقتىدارى»دىن قايسىنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئۇلارنىڭ قىممىتىنى چوقۇم ئاڭقىرالايدۇ.

جەمئىيەتشۇناسلىق(Sociology)نىڭ ئۇچ چوڭ ئاساسچىسىدىن بىرى بولغان ئېمىل دۇركھېيم(Emile Durkheim) "جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ئاساسى مەقسىدى يالغۇز يوقالغان مەدەنىيلىكلەرنىڭ پورمىسىنى چۈشۈنۈش ۋە پىكىرىنىڭ قىزىشلا ئەمەس، بۇنىڭ ئەكسىچە، بارلىق دەلىللىگۈچى پەنلەرگە ئوخشاش بىزگە بىر غىرىچچە يەردە يېقىن تۇرغان ۋە شۇ تۇپەيلى ئىدىيە ۋە ھەركىتىمىزگە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدىغان رىئال ماۋجۇدىيىتىمىزنى شەرھىيلەشتىن ئىبارەت. بۇ ماۋجۇدىيەت ئادەمدۇر. تېخىمۇ توغرىسىنى ئېيتقاندا، بۈگۈنكى كۈندە ياشاۋاتقان ئادەمدۇر."[25] دەيدۇ. ئىسلامجان شىرىپ بەشكېرەمنىڭ ئەسەرلىرى گەرچە مەخسۇس جەمئىيەتشۇناسلىق دېگەن نام بىلەن ئاتالمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئادەمنى، ئەقلىنى، ئادەمنىڭ ئىجادىي قۇدرىتىنى، يەنە كېلىپ دەلمۇ دەل ئىجادىيەت دەۋرىدىكى ئادەمنىڭ ساپاسىنى تەتقىق قىلغانلىقى، بۇ ھەقتىكى دۇنياۋى تەلىماتلارنى مىللىي مۇھىتقا ئۆزلەشتۈرسە، مىللىي مۇھىتىمىزدىكى تەلىماتلارنى ھازىرقى دۇنياۋى سەۋىيەگە كۆتۈرۈپ ياشارتقانلىقى بىلەن ئادېمىيەت پەنلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تەرەپلىرىگە يېڭى قان تولۇقلىغان. يەنى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە تارىخ بىلەن رىئال دۇنيا، مىللىيەتلىك بىلەن دۇنياۋى پەنلەر شۇنداق گىرەلىشىپ كەتكەنكى، ئەگەر بىز بۇنىڭغا«ياشاش سەنئىتى»نىڭ تۆت تومىنى دەلىل قىلساق، بۇ ئەسەر گويا بىزنىڭ ھەر بىرىمىزنىڭ جىسمىدىن پۈتكۈل ئىنسانلار مەۋجۇدىيىتىگە قاراپ

سىزىلىۋاتقان خەرىتە سۈپىتىدە بىر ئەقىل يورۇش ئېلىپ كېلىدۇكى، بىز ئۆزلۈكىمىزدە بىلىم ۋە تەجرىبە نامىدا ئۇيۇپ قالغان نۇرغۇن مەنىۋى كىر-توگۇرلارنى يۇيۇپ-تازىلاپ، ئىجادىي ھاياتقا قەدەم باسىدىغان يېڭى يولنى بايقاپ ئالالايمىز. بۇنىڭدا بىر نۇقتا باركى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئاساسەن زېھنىيەت، ئىجادىيەت ئالىمىگە قارىتىلغان بولۇپ، بىلىم ئىگىلىكى ئىراسىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تۇرلۇك ئىقتىدار كىرزىسلىرىدىن قۇتۇلۇپ زامانىدار ئىختىراۋىي قوۋملەردىن بولۇشقا يول ئاچقان تامامەن يېڭى بىر سىستېمىدۇر. بۇنى مەلۇم مەنىدە ئۇيغۇر مۇھىتىدىكى بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىجادى ئىزدىنىش دېيىش مۇمكىن.

يىغىپ ئېيتقاندا بىز ئەمدى بۇرۇنقىدەك ئۆز ئالىملىرىمىزنى «تىرىكلىكىدە تونۇماي ئۆلگەندىن كېيىن يىغلاپ» يۈرسەك بولمايدۇ. بۇ ھەقتە بۈيۈك مۇتەپەككۇر، شائىر، پەيلاسوپ مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خاراباتى مۇنداق دەپ قارايدۇ:«ساپالىق ئەل ئۆز ئالىملىرىنى قەدىرلەيدۇ، نادان ۋە پاراسەتسىز ئەل ئۇلارغا دىشۋارچىلىق سالىدۇ. بىر ئەلنىڭ سۈپەت دەرىجىسىنى مۇشۇنىڭدىن بىلگىلى بولىدۇ...؛ نادان خەلقتىن تەگرى بىزار، ئۇلار ھامان تەگرىنىڭ لەنەت-نەپرىتىگە ئۇچرايدۇ، بۇنداق ئەل مەڭگۈ روناق تاپالمايدۇ....»[26] مېنىڭچە،«ياشاش سەنئىتى»نىڭ" گەۋدىلىك تۆھپىسى ۋە ئىلمىي قىممىتى يۇقىرقىلاردىن باشقا، يەنە مۇنداق ئىككى نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن. بىرىنچىدىن، بۇ ئەسەر ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل-ئىدراكى ۋە ئىلىم-پەن ئىجادىيىتىنىڭ مەنىۋى مەنبەسى، ئادىمىيلىك ئەخلاقى- پەزىلىتىنىڭ مىزانى بولغان مۇقەددەس ساماۋىي(ئىلاھىي) كىتابلاردىن، فارابى، يۈسۈپخاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشغەرىي باشچىلىقىدىكى كىلاسسىكلىرىمىزنىڭ ئىدىيەلىرىنى ھەزىم قىلىپ ۋە ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلارنى زامانىدارلىققا-دەۋر روھىغا ئىگە قىلىشنى ئۆزىگە باش مەنبە ۋە تۈپ يېتەكچى قىلغان كاتتا ئىجادىي ئەمگەك بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجادىيەت ۋە ياشاش پەلسەپەسى جەھەتتىكى بىر بۆسۈش ۋە ھالقىش خاراكتېرلىك ئىلگىرلەشتۇر؛ ئىككىنچىدىن، پۈتكۈل ئەسەر يەتتە ۋادا بويىچە ئىنسان دېگەن نېمە؟ ئۇ نىمىگە بۇيرۇلدى؟ نېمە ئۈچۈن بۇ دۇنيانىڭ خەلىپىسى سۈپىتىدە شۇنچىۋالا ئۇلۇغ قىلىپ يارىتىلدى؟ ئۇ ئىنسان زادى قانداق ياشىشى كېرەك؟ دېگەندەك چوڭقۇر قاتلاملىق پەلسەپىۋي مەسىلىلەرگە بىر قەدەر ستېمىلىق جاۋاب بېرىپ، ئىنسانىنىڭ دىلىنى يورۇتۇش، روھى مەجرۇقلۇقتىن

قۇتۇلـدۇرۇپ، ھەر بىـر ئـادەمنى ئـۆزى ئۇسـتىدىكى تەپتىشـنى توختاتمايـدىغان تەپەككۇرنى جانلاندۇرۇپ، ئۆزىنى بايقايدىغان، دەۋر تەلەپلىرى بـويىچە ئـۆزىنى قايتـا قۇرىـدىغان ئىختىراۋىـي بۈيـۈك ئىنسـان قىلىـپ تـاۋلاپ چىقىـش ئۈچـۈن كىرەكلىك مەنىـۋىي بوشـلۇقنى تولدۇرۇشـقا ئۆزلۈكسىـز ئىلھـام ۋە كـۈچ ـ قـۇۋۋەت بېغىشلايدىغان يېڭى يول ئاچقانلىقىدا. ..... " [27]

## VII غايە ـ ئېتىقاد① مەسلىسى ئادىمىيەت پەنلىرى ساھەسى قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان مەڭگۈلۈك تېما

بۈگـۈنكى كۈنـدە كىشـلەرنىڭ ھەر ۋاقىـت كۆڭـۈل بۆلـىدىغىنى ئىقتىسـادى كىرزىسنىڭ ئالدىنى ئېلىش بولـۇپ قالـدى. لـېكىن، جەمئىـيەتكە كەلتۈرۈدىغـان يوشۇرۇن خەۋپى ئەڭ ئېغىر،زىيىنـى ئەڭ چوڭقـۇر ھەم جىـددىي قۇتقۇزىـۋىلىش كېـرەك بولـۇۋاتقىنى دەل روھـى كىـرزىس_ ئېتىقـاد كىرزىسـى بولـۇپ تۇرماقتـا. ئىنچىكـى كۆزىتىــدىغان بولسـاق شـۇنى بايقايمىزكى،ئىجتىمـائى ئەخلاقنىــڭ بۇزۇلىشى، يۈكسەك مەدەنىيلىككە تەۋە بولغان ئالى پەزىـلەت ۋە ئىسىـل ئەدەپ ـ قائىــدىلەرنىڭ سۇسلىشىشــى، ئىجتىمــائىي مۇناســۋەتلەرنىڭ جىــددىيلىكى، كىشــلەردىكى ســاختىلىق ـ سەمىمىيەتســىزلىك، شەخســيەتچىل ئېڭــى قاتــارلىق ئىجتىمائى ھالەتلەر پەقەت تاشقى كۆرۈنىشـتىنلا ئىبـارەت بولـۇپ، ئەمەلىيەتتـە، ئۇنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىق يىلتىزى دەل كىشلەردىكى ئېتىقادسىزلىقتىن كەلگەن.

غــايە ـ ئېتىقــاد مەسىلىســى ئــادىمىيەت پەنلــىرى ساھەســى قېچىــپ قۇتۇلالمايدىغان مەڭگۈلۈك تېمـا. "غـايە ئېتىقـاد ئـۇ بىـر بـايراق." غـايە ـ ئېتىقـاد ئادەمنىڭ مەنىۋىي ئۇمرۇتقىسى ۋە يىلىكى، ئادىمىي بىنانىڭ تۈۋرىكى، ئادەمنىـڭ بـارلىق كـۈچ قۇدرىتىنىـڭ كـېلىش مەنبەسـى. ئـادەم غـايە ئېتىقادقـا تايىنىـپ ياشايدۇ، ئۇنىڭدىن ئايرىلسا ئـادىمىيلىكىنى يوقاتقـان بولـىدۇ. غـايە ئېتىقادسـىز ئادەمنىڭ چارەپايلاردىن قىلچە پەرقى بولمايـدۇ. شـۇڭا ئىنسـان مەيلـى نـېمىگە، قانداق ئېزىم، قايسى پىكىر سىستېمىسى ۋە قايسى ئىـدىيۋىي مەسـلەك ـ سۈلۈككە ئېتىقـاد قىلىشــىدىن، ھەتتــاكى بىرەرتــال گىيــاھ چــاغلىق نەرســىگە ئېتىقــاد قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، چوقۇم ئۇنىڭدا مۇستەھكەم غايە ـ ئېتىقـاد بولـۇشـى، ئـۆز ئېتىقادىنى قەدىرلىمىكى لازىم."ئىلىم ـ پەن ۋە دىـن(ئېتىقـاد) ___ ئىنسـانلارنىڭ

رىئال تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىككى چوڭ ئامىل." [28] دۇنيا ئىلىم-پەن تارىخىغا نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، ئومۇمەن دۇنيادا زور ئۇتۇق قازانغان ياكى گەۋدىلىك تۆھپە قوشقانلىكى ئىلىمدارلارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك بىرەر نەرسىگە ئېتىقاد قىلىدىغان ‹ ‹ئېتىقادلىق ئادەم› › لەردىن ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. بىراق، ئۇيغۇر ئادىمىيەت ساھەسىدىكى كۆپلىگەن ئىلىمدارلارنىڭ غايا ئېتىقاتىدا ھامان بەلگىلىك مەسىلىلەرنىڭ بارلىقىمۇ ھەم بىزگە مەلۇم. بۇنى بىز ئۇلارنىڭ يازمىلىرىدىن كۆرۈپ يېتەلەيمىز. ھەتتا بەزى يازارلىرىمىز باركى غايە-ئېتىقادنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەستىن ئېغىزىغا كەلگەننى بىلجىرلاپ ئېتىقادچى ئاۋامنىڭ لەنىتىگە قالىدىغان(مەسىلەن: ‹ ‹ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى› › دېگەندەك)، ئەل ئارا دىل بىرلىكى، ئىدىيىۋى ئۆملۈك ۋە ئىجتىمائى ئىناقلىققا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت.

ئەمەلىيەتتە، ئىناق دۇنيا بەرپا قىلىش كۈچەپ تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنمىزدە، قەلب ئىناقلىقى ھەر قايسى جەھەتلەردىكى ئىناقلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى ۋە ئالدىنقى شەرتى. جېجياڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مەدەنىيەت تەتقىقات مەركىزىنىڭ پروفېسورى گاۋ چاڭجياڭ نىڭ سۆزى بويىچە: "ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش يالغۇزلا ئىجتىمائى قۇرۇلۇش بولۇپ قالماستىن ئۇ بىر تۈرلۈك مەدەنىيەت قۇرۇلىشۇر."، " ئەل ئارىسىدىكى ئېتىقاد:ئىجتىمائىي ئىناقلىقنىڭ مەدەنىيەت كاپىتالى." [29] شۇڭا بىز ئىلغار مەدەنىيەتنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش بىلەن بىرگە پۇقرالارنىڭ خۇسۇسىي ئېتىقادىغىمۇ تولۇق ھۆرمەت قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭ ئىناق كىشىلىك تۇرمۇش، ئىناق ئائىلە، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىكى مۇھىم رولىغىمۇ سەل قارىماسلىقىمىز لازىم.

ئادىمىيەت پەنلىرى ساھەدىكى ئىلىمدارلار ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقات ۋە ئىجادىيىتى داۋامىدا ئېتىقاد ۋە ئۇنىڭ رولىغا قەتئى سەل قارىماسلىقى، ئېتىقادقا ھۆرمەت قىلىپ ئىلىم-پەنگە تەلپۈنۈپ، ئىناق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت دەۋر ساداسى ۋە ئاساسىي مىلودىيەنى ياڭرىتىشتا ماھىر بولۇشى كېرەككى، ھەرگىزمۇ تەنتەكلىك بىلەن، خەلقىمىزنىڭ ئىلىم-پەن ۋە تەرەققىيات جەھەتتىكى قالاقلىقىنى سادىدا ۋە مىخانىك ھالدا دىنى ئېتىقادقا دۆڭگەپ قويماسلىقى لازىم. شۇنىسى ئايانكى، "دىنىي ئېتىقاد ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى بۈگۈنگە قەدەر ئەڭ ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇۋاتقان ھادىسە بولۇپلا قالماستىن، كەلگۈسى ئىنسانلار جەمئىيىتىدىمۇ مەڭگۈ مەۋجۇت بولىدىغان ئومۇمىيۈزلۈك

ھادىسە. "[30] شۇنداقلا ئۇ ھەزارەت(ئومۇمىي ۋە كەڭ دائىرلىك يۈكسەك مەدەنىيەت، Civilization ,文明)نى تەشكىل قىلغۇچى يادرولۇق ئامىللارنىڭ بىرى. "ئالەملىك دىنىي ھېسيات ئىلىم-پەن تەتقىقاتىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئەڭ ئالىيجاناب مۇددىئاسىدۇر. "[31] "دىن بىلەن ئىلىم-پەن ئۆز ئارا زىددىيەتسىز ۋە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي، ئۆز ئارا بېقىنىدىغان ۋە بىر بىرىنى تولۇقلايدىغان ئورتاق گەۋدە. "بۈيۈك ئالىم ئالبېرت ئېيتىنشتېين مۇنداق دەيدۇ «ئىلىم-پەنگە دىن بولمىسا قارىغۇ، دىنغا ئىلىم-پەن بولمىسا توكۇر بولۇپ قالىدۇ.» [32] "ئىلىم-پەننى پەقەت پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ھەقىقەت ئىزدەشكە ۋە شەيئىلەرنى چۈشۈنىشكە كىرىشكەن ئادەملەرلا ئىجات قىلالايدۇ.... "[33] ھەتتا بەزىلەر«ئېتىقاد تۇغما بولىدۇ» دېسە، ئەنگلىيە ‹ ‹كۈندىلىك پوچتا گېزىتى› › نىڭ 2009-يىل 11-ئاينىڭ 14-كۈنىدىكى خەۋرىدە ئامېرىكىلىق بىئوخىمىيە ئالىمى ھامېر دوكتور" ئىنسانلاردا"VMAT2"دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل گېن بولىدۇ، بۇنى ئېتىقاد گېنى(God Gene)دەپ ئاتايمىز، بۇ خىل گېن كىشىلەرنى دىنغا بەكرەك ئېتىقاد قىلدۇرىدۇ."دېگەننى ئىسپاتلاپ كىتابمۇ يازدى. ئىلىم-پەن راسا گۈللىنىۋاتقان، كىشىلەر بارغانسىرى ئەقلىيلىققا يېقىنلىشىۋاتقان ئىلىم-پەننىڭ مۇشۇ سۈرئەتلىك دەۋرلىرىدىمۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار شىددەت بىلەن ئازلىماستىن،"دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ كۆنسىرى كۆپىيىۋاتقان "[34]-[35] لىقىدەك رىئاللىق، شۇ كىشىلەرنىڭ مەلۇم خىل نەرسىگە ئېتىقاد قىلىشنىڭمۇ ھامان مۇئەييەن ‹ ‹ئىلمىي ئاساسىي› › ۋە ئۆزگە يارىشا ‹ ‹مۇۋاپىق چۈشەندۈرۈشى› › بارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن كۆزەتكەندە، ئىلىم-پەن بىلەن دىن ئوخشاش بولمىغان ئىككى ئورنىتىدىكى ئوخشىمىغان ئىككى ئۇقۇم ۋە سىستېما بولۇپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ مەۋقەسى، تەتقىقات ئوبيېكتى، جاۋاب بېرىدىغان مەسىلە ۋە چىقىش نۇقتىسىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئۇنداق ئىكەن ئوخشىمىغان ئىككى نەرسىنى بىر ئورۇنغا ۋە ئوخشاش بىر مەۋقەدە قويۇپ تۇرۇپ سېلىشتۇرۇشمۇ ئوخشاشلا ئىلمىدىكى چولتىلىق ۋە پاراسەتسىزلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، دىنغا ئىشىنىشنى ئادەتتىلا خوراپاتلىق دەپ قاراشمۇ پاراسەتسىزلىك ۋە بىر خىل زامانىۋىي مەدەنىيەتسىزلىك. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنسانلار ھەزارىتى (مەدەنىيىتى) نىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ مەدەنىيەت ئىپتىدائى باسقۇچتىن تەدرىجى ھالقىپ ئالى باسقۇچقا دادىل قەدەم تاشلاۋاتقان دېموكراتىك مەدەنىي دۇنيادا ھېچكىمنىڭ باشقىلارنىڭ ئېتىقادىغا ھۆرمەتسىزلىك

قىلىش ياكى ئۇنى كەمسىتىدىغان ھوقۇقى يوق؛ چەكسىز چىگىرسىز ئالەم، دەرىجىدىن تاشقىرى مۇرەككەپ ئادەمگە مۇناسىۋەتلىك ساناقسىز چىگىش ۋە ھىكمەتلىك (يېشىلمىگەن ۋە تىلسىملىق) بىلىش مەسىلىلىرى ئالدىدا نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتالىقى؟ ۋە نېمىنىڭ ھەقىقەت، نېمىنىڭ سەپسەتە ئىكەنلىكىنى ئەڭ ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا ئەقلىيلىق ئارقىلىق دەلىللەش مۇمكىن، ۋاھالەنكى، ئىنسانىنىڭ بىلىش ئىقتىدارى ۋە بىلىمى ئىنتايىن چەكلىك، شۇڭا ئۆزىمىز تونۇپ يېتەلمىگەن ۋە ئىسپاتلاپ بولالمىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مەۋجۇت ئەمەس، بىز بىلمىگەننىڭ ھەممىسى خاتا، كۆزىمىز كۆرمىگەننىڭ ھەممىسى يوق بولۇشىنى نا تايىن. مەسىلەن ئادەتتىكى، توكنى ھېچكىم كۆرگىنى يوق.بىراق توك تەپسە ئادەمنىڭ ئۆلىدىغانلىقى ھەممە بىلىدىغان ئەمما ھېچكىممۇ ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ باقمىغان ئەقەللىي قائىدە. يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، ئىنسانىيەتنى پەقەت غايە-ئېتىقاد ئاساسىدىكى ئەخلاقنىڭ تۈۋەن چېكى ۋە ئىدراكى ئاڭلىقلىق چەكلەپ تۇرمايدىغان بولسا، بۇ دۇنيانىڭ نېمە بولۇپ كېتىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، بۈگۈنكى كۈندە ھەر قانداق نەرسىگە ئېتىقاد قىلىش ياكى قىلماسلىق ھەر كىمنىڭ ئۆزىنىڭ ئەقەللىي كىشىلىك ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكى، بۇ ھەم يەر شارىنىڭ ھەممە يېرىدە كاپالەتكە ئىگە. بىراق يەنە ھېچكىمنىڭ باشقىلارنىڭ ئېتىقادىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىدىغان، كەمسىتىدىغان ھوقۇقى يوق. بۇ جەھەتتە مۇنداق بىر مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتۈش مۇمكىن، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ئاقىدىغان ئامېرىكا دوللىرىنىڭ كەينى يۈزىدىكى ئاقسارايىنىڭ ئۈستىگە «تەڭرىگە ئېتىقاد قىلىمىز (In God We Trust)» دېگەن ئىنگلىزچە خەت بېسىلغان، بىراق دوللارنى خەجلەپ يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك دىنغا ئېتىقاد قىلىشى جۇملىدىن، خىرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى ناتايىن، ئەمما ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا ئۆكتە قوپقىنى يوق، مانا مۇشىنىڭ ئۆزىلا بىر خىل ئەقىل-پارەسەت ۋە ئالى ھەزارەت.

دىنى ئېتىقاد ــــ تارىخى ئۇزۇن، تارقىلىشى كەڭرى، تەسىرى چوڭقۇر ئىجتىمائى ھادىسە بولۇپ، ئۇ ئومۇمەن ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ بارلىق تەرەپلىرىنى قاپلىغان. كىچىكى شەخسىنىڭ خۇسۇسىي پائالىيىتى ۋە روھى دۇنياسى، چوڭى جەمئىيەتنىڭ قىممەت قارىشى ۋە ھەركەت ئۆلچىمىگىچە، قەدىمدىن كەلگۈسىگىچە دىنى ئېتىقاد مەسىلىسى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتمىگەن

بىرمۇ ساھە يوق. يۇقىرىسى پەلسەپە، سىياسى، قانۇن، ئېتىكا قاتارلىق ھەرقايسى ئىدىيولوگىيە ساھەسىدىن تۆۋىنى ئىلىم-پەن، تىل-ئەدەبىيات، سەنئەت، مۇزىكا قاتارلىق تۇرلۇك پەنلەرنىڭ ھەممىسى دىنى ئېتىقاد بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىشلىق بولغان بولىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا ماركىس ئومۇملاشتۇرۇپ مۇنداق باھا بەرگەن: "دىن دېگەن بۇ دۇنيادىكى ئومۇمي نەزەرىيە، ئۇ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئومۇمي پروگراما. "[53] ئۇنداق بولغان ئىكەن ئۇيغۇر ئادىمىيەت پەنلىرى ساھەسى بۇ "ئومۇمي نەزەرىيە" ۋە "ئومۇمي پروگراما" دىن ئەگىپ ئۆتۈپ كەتسە ياكى ئۆزىنى قاچۇرسا بولمايدۇ. بولۇپمۇ ماركىسىزىم يىتەكچى ئورنىدىكى جۇڭگودا تېخىمۇ شۇنداق.

قىسقىسى، بىز يۇقىرقىلاردىن شۇنى بايقايمىزكى، دىنىي ئېتىقاد مەسىلىسى بۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان ئىنسانلار ئۇچۇن ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي بولغان مەڭگۈلۈك تېما. ئۇنداق ئىكەن، ئادىمىيەت پەنلىرى دىنى ئېتىقاد مەسىلىرىدىن ھەر قانچە قىلىپمۇ ئۆزىنى قاچۇرالمايدۇ ھەم قاچۇرسا بولمايدۇ. شۇڭا ئادىمىيەت ساھەسىدىكى ئىلىمدارلىرىمىز رىئاللىقا يۈزلىنىپ، ئەمەلىيەتچىل بولۇپ، غايە ئېتىقاد مەسىلىرىگە قارىتا ئىلمىي ئىدراكى مۇئامىلە قىلىشلىرى؛ ئىلمىي ئىدراكى بولغان غايە ئېتىقاد قارىشى تۇرغۇزۇش ئاساسىدىكى ئېتىقادلىق ئىلمىدارلاردىن بولۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا پەن تەتقىقات ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانمىقى لازىمدۇر.

## VIII باشقىلارنىڭ نەزەرىيە بىلىملىرىنى ئۆگىنىشتىن مەقسەت ئۇنىڭغا چوقۇنۇش ئۈچۈنمۇ ياكى ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلىك ئىلمي زەرەت ئېلىپ ئۆگىلىشش ئۈچۈنمۇ؟!

ئىلمي نەزەرىيەدە ئىزچىل باشقىلارغا بېقىنىپ كەلگەن، ئۆزىگە يارىشا ئىلمىي نەزەرىيە سىستېمىسى ۋە بىلىش مىتودى بولمىغان مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئادىمىيەت پەنلىرى بولمايدۇ. ——— خاتىرەمدىن

مەن ئــۆز باشــىنىڭ ماقالىســىنى كــۆرۈش جەريانىــدا بــۇ قىرىندىشــىمىزنىڭ نوپۇزغــا ۋە چەتئەللىكنىــڭ نەزەرىيەلىــرى چوقۇنــۇش خاھىشــىنىڭ بىــر قەدەر ئېغىرلىقىنى ھىس قىلمىدىم. ھەم باشقىلارنىڭ، جۈملىدىن چەتئەللەرنىڭ ئىلىم-پەن بىلىملىرىنى ئۆگىنىشىمىزدىكى مەقسەت زادى نېمە؟ ئــۇلارنىڭكىنى ئۆگۈنــۈپ ئۆزلەشتۈرۈپ ، ئۆزىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلــدۇرۇش، ئــۇلاردىن ئېشــىپ كېتىشمۇ ياكى ئۇلارغا روھىي بەخشەندە ۋە ئىلمىي گۇمراھ بولۇشمۇ؟ دېگەنلەرنــى چوڭقۇر ئويلۇنــۇپ قالــدىم. مەن بــۇ يەردە ئىككــى چــوڭ مىســال كۆرســىمەن. بــىرى ماركىســىزىم-لېنىنىزىمنىــڭ چەتئەلنىــڭ ئىكەنلىكىنــى ھەممىــگە ئايــان. ئېلىمىــز ـــجۇڭگــو ئــۇنى قوبــۇل قىلــىش ۋە ئىلىمىزنىــڭ ئەمەلىيىــتىگە تەدبىقــلاپ «جۇڭگوچىلاشتۇرۇش» مۇساپىسىدا خۇددى ئەما كىشى تاشنى تۇتۇپ سۇدىن ئۆتكەندەك ، قانچىلىك ئەگرى توپىقايلىقلارنى بېســىپ ئۆتــۈپ، قــانچىلىق جەبىرى جاپــالارنى تارتــىپ، قانچىلىــك خاتــالىقلارنى ئۆتكۈزگەنلىكىمىزمــۇ ھەم ھەممىــگە ئايــان؛ يەنە شــۇنداقلا بۇگــۈنكى ئېتىقــاد ۋە مەدەنىيىتىمىزنىــڭ ئاساسى بولغــان ئەرەب-ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي روھىي ماھىيىتى قەيەردىن كەلگەنلىكى ھەم ئومۇمىي ساۋات. بىــراق بىــز ئۇنىــڭ روھــى مــاھىيىتى ۋە تــۈپ ئەقىــدىلىرىنى رىئال تۇرمۇشىمىزغا ئۇنۇملۇك تەدبىقلاشنى بىلىــپ بولالمــاي قانچىلىــك جەبىرى-جاپــالارنى تارتىــپ نــېمە كــۈنلەرنى، قانچىلىــك دىشــۋاچىلىقلارنى بېشــىمىزدىن كۆچۈرمىدۇق؟ ناۋادا يۇقىرقى بىلىم سىستېمىلىرى ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ئەسلى كېلىش مەنبەلىرى يەھۇدى ناسارا ۋە ئەرەبلەرنىڭ بولماي جۇڭگولۇقنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرنىڭ بولۇپ قالغان بولسا ئېدى، ئــۇ چاغــدا بىــز شــۇ جەبىرى-جاپالارنى تارتاتتىقمۇ؟! بۇنىسى نا تايىن.

دىــن سۈبھىســىز ئېتىقــاد قىلىشــتىن گۈللەنســە، ئىلىــم-پەن گۈمــانلىنىش، مۇھاكىمىلىك ھالــدىكى تىنىمســىز ئىــزدىنىش ۋە ئــۆزىنى بىغىشلاشــتىن گۈللىنىــدۇ. مانابۇ دىن بىلەن ئىلىم-پەننىڭ ماھىيەتلىــك پەرقــى. ئــۆز بــاش ئەســرىدە يەنە ئۇيغــۇر ئىلىمــدارلارنىڭ يــازمىلىرى" ھېچــنىمىگە ھېســاب ئەمەس.... ئۇيغۇرنىــڭ ئىلمىــي نەزەرىــيىلەرى چەتئەللىكنىــڭ ئالدىــدا ھېچــنىمىگە ئەرزىمەيــدۇ .... چەتئەلنىڭكىنى ئاساس قىلىپ، ئۇنىڭغا تايانمىسا پەن-تەتقىقات ھېسابلانمايدۇ .... " [36] دېگەنلەرنــى ئــالاھىتەن تەكىتلەپتــۇ. بــۇ ھــال مېنــى تولىمــۇ ئېچىندۇردى؛ خەلقئار مائارىپ تەربىيەسى قوبۇل قىلىۋاتقان بىــر دوكتورىمىزنىــڭ تونۇشــى ۋە پوزىتسىيەســى راســتىنلا شــۇنداق بولىــدىغان بولسا، ئــۆز كالللىسىغا

تايىنىپ مۇستەقىل پىكىر قىلىدىغان ئۆزىگە خاس باش ئىگىسىنىڭ سىمۋولى بولغان«ئۆز باش» دېگەن تەخەللۇس خاتا قويۇلۇپ قالغان بولامدۇ؟! بۇنىڭغا قارىتا، تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق بىلەن شۇنداق نىدا قىلىمەنكى، مۇبادا بىزنىڭ ئادىمىيەت پەنلىرى(كونكىرتنى قىلىپ زۇلپىقار ئوقۇۋاتقان جەمئىيەتشۇناسلىق دەپمۇ تۇرايلى) ساھەسىدىكى دوكتورلىرىمىزدا ئەنەشۇنداق ئىلمىي پوزىتسىيە، ئىلمىي مەھكۇملۇق ئىدىيەسى، چەتئەلنىڭ نەزەرىيەلىرىگە، نوپۇزغا چوقۇنۇش، ‹ ‹ياندىكى ھىسپىنىڭ قەدرى يوق› › دېگەندەك ئۆزىمىزدىكىنى چوڭقۇر قىدىرىپ تەكشۈرمەسلىك، ئۆزىنى ئۆزى كۆزگە ئىلماسلىق، ئۆزىنىڭ ئىلمىي نەزەرىيەۋي سىستېمىلىرىنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى خەلقئارا(دۇنياۋىي) ئۆلچەم قىلىپ تۇرغۇزۇش ئىستىكى، شۇنداق بىر مىللىي مەسئۇلىيەت، ئىلمىي جاسارەت ۋە بۇرۇچ تۇرغۇسى بولمايدىكەن مەڭگۈ ئۇيغۇرغا تەۋە بولغان دۇنيا ئېتىراپ قىلغۇدەك ئۇيغۇرغا خاس بولغان مۇنتىزىم ئادىمىيەت پەنلىرى بولمايدۇ. شۇنى بىلىشىمىز لازىمكى بىلىم ۋە ئىختىسادنىڭ يەرشارىلىشىشغا ئەگىشىپ دۇنيا ئاللىبۇرۇن كۆپ قۇتۇپلىششقا باشلىدى، بۇنداق ئەھۋالدا ھەر قانداق بىر تەرەپلىملىك ياكى ئەبەدىيلىك نۇقتىسىدىن ھەر قانداق بىرەر ئامىلنى پۈتۈنلەي يوق قىلىۋتىش ۋە قانداقتۇر ئىلىم مەركىزى دېگەنلەر ئۆتمىشكە ئايلاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئىلىمدارلىرىمىز خەلقئارالىشىش (يەر شارىلىشىش)بىلەن غەربىلىشىشنىڭ پەرقى ۋە چەك-چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىشى؛ ئىلمىي ئۈلپەتداشلىق بىلەن ئىلىم-پەندىكى مەزھەپچىلىك ۋە گۇرۇھۋازلىقنى پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىشى؛ ئۆز ئارا ئىلىم ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقتا چېك تۇرۇپ، تار مەنىدىكى ئۆزلۈك (مەنلىك) كېشەنلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، قورۇقچىلىق-بىكىنمىچىلىك، ئايرىمىچىلىقتىن، بىيۇگراتلىق، مەۋقەسىزلىك ياكى زىيادە قاتماللىقتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك. ئىلمىي پوزىتسىيە ۋە مېتود جەھەتتىن ھەمىشە باشقىلار (خەق) نىڭ ئاۋازى بىلەن ئۆز خاسلىقىمىزنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇشتىن كۆرە، ئۆزىمىزنىڭ ئەسلى ئاۋازى(ئۆزىمىزگە تەۋە بولغان پىكىر، سادا) ۋە خاسلىقى ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەم ئالاھىدىلىكىنى باشقىلارغا(جاھان ئەھلىگە) ھىس قىلدۇرۇشىمىز- تونۇشتۇشىمىز لازىم. مەنچە بۇمۇ ئىلىمدارلىرىمىزنىڭ كۈنىمىزدىكى مىللىي مەدەنىيەتكە بولغان ئالاھىدە بىرخىل مەسئۇلىيىتى ۋە مېتودىدۇر. ئۇندىن باشقا، ئىلىم-پەندىكى ئۆزلۈكتىن قۇتۇلغان ئۆگلۈك روھى بويىچە «ئۇستاز»، «نوپۇز»، «سالاھىيەت»

دېگەنلەرنى كەسكىن تەر قىلىپ (ھېچ بولمىغاندا خۇدادىن باشقا ھەممىدىن گۇمانلىنىشتا ھەقلىقمىز، مانا بۇ بىز ئىزدەۋاتقان ۋە بىزدە ئەڭ كەم بولىۋاتقان ئىلىم-پەن روھى ھەم ئىلىمدارنىڭ ئىستىلى. مەنچە غەربلىكلەر دەل مۇشۇ روھقا ئىگە بولىۋالغانلىقى ئۈچۈنلا ئىلىم-پەندىكى ساناقسىز سىپى ئۆزىدىن تۈنجى ئىجادىيەت ۋە نوبېل مۇكاپاتى ئۇلاردىن ئاشمايۋاتىدۇ.)، مۇستەقىلىق ھەم مۇرەسسەسىز ھالدا مېھرى مېتود بىلەن پەن-تەتقىقات ئىلىپ بېرىشىمىز لازىم. چۈنكى، ھەقىقەت ئىگىلمەيدۇ سۇنمايدۇ، ئىگىلسىمۇ، سۇنسىمۇ ئوخشاشلا ھەقىقەت بولالمايدۇ؛ بىراق كىشىلەرنىڭ ھەقىقەتنى تونۇشى ھامان ئىلگىرى كېيىن ۋە پەرقلىق بولىدۇ. جاھان ئەھلى گەرچە ھەر خىل زۇۋان ۋە مېتود بىلەن ئىش ھەركەت قىلسىمۇ لېكىن ئالەم بىر، دۇنيامۇ بىر، ئالەم ۋە ئادەمگە ئالاقىدار بارلىق تۈپ قانۇنلار ھامان بىر ۋە مۇقەددەستۇر. ئۇنداق ئىكەن ئىلىم-پەندە مۇرەسسە ۋە نەيرەڭۋازلىققا قىلچە ئورۇن يوق.

ئەلۋەتتە، بىز ئۆزباشىنىڭ ماقالىسى ئارقىلىق بۇ ساھەدىكى بىرقانچە ئىلىمدارنىڭ ئىسمى بىلەن تونۇشقان بولساقمۇ، لېكىن بىز ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى سىستېمىلىق ئەمگەكلىرىدىن تېخى خەۋەرسىز. شۇڭا ئۇلارنى بۇ ساھەنىڭ ئىلىم سەرخىللىرى ياكى ھەقىقي مەنادىكى ئىلىمدارى دېيىشكە ئاساسىمىز يېتەرسىز. چۈنكى بىر ساھەدە بىر ئىككى پارچە ماقالە ئېلان قىلىش ۋە بىر ئىككى ئېغىز ھىس-ھاياجانلىق پىكىر قىلىش شۇ ساھەگە گەۋدىلىك تۆھپە قوشقانلىق ، ئۇنىڭ سەركىسى ياكى قازىسى بولغانلىق ھىساپلانمايدۇ. ئەمما بىز يۇقىرقى ئىلىمدارلاردىن باشقا يەنە، بۇ ساھەدە سەمەرىلىك ئىزدەنگەن سالاھىيەتلىك پەيلاسوپ ئىسلامجان شېرىپ بەشكېرەمىنى، شۇنداقلا دوكتور ئەسەت سۇلايمان ۋە ئەدىب ئابدۇقادىر جالالىدىن قاتارلىقلارنىڭ مۇبارەك ناملىرىنى ئېھترام بىلەن تىلغا ئالماي بولمايدۇ.

ئابدۇقادىر جالالىدىن پىروفېسسوردا گەرچە پىكىر ئىزچىللىقى كەمچىل بولۇپ، ھازىرچە ئۆزىگە خاس ئىدىيە ۋە پىكىر سىستېمىسىنى شەكىللەندۇرمىگەن بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ پىكىر ۋە ئىدىيەسىنى تاۋلاپ پۇشۇرۇش ئۈچۈن غەربنىڭ، جۇڭگونىڭ، جۇملىدىن خرىستىئان، بۇددا- كوڭزى، ياپون-ساماۋىيخان (سامراي) روھى ۋە ئىسلام مەدەنىيەتلىرى قاتارلىق كۆپلىگەن ھەزارەت (يۇكسەك ۋە ئالى مەدەنىيەت)-مەدەنىيەتلەر(مۇلكى مەدەنىيەت، كۇلتۇر)لەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئىدىيەسى ۋە پىكرىنى تاۋلىماقتا؛ بۇ جەھەتتە

گەرچە سىستېمىلىق بولمىسىمۇ مەۋقەنى رىئاللىققا قويۇپ، ئەل قەلبىگە يېقىنلىشىپ كۆپ تەرەپلىمە، كۆپ قاتلاملىق ئىزدەندى. بولۇپمۇ، ئۇ بىر ئىجتىھاتلىق شائىر، ئەدەبىياتشۇناس، مەسئۇلىيەتچان ئوقۇتقۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆز كەسپى بولغان ئەدەبىيات تەتقىقاتى ۋە ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا مەسئۇلىيىتىنى نەمۇنىلىك بىلەن ئادا قىلىپلا قالماستىن، ئۇيغۇرنىڭ ئەقلىي ئويغۇنۇش، ھەمكارلىق، يېڭىلىق يارىتىش، تەبىئىي پەن ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلىپ، ئىلىمدارلاردىكى ئەبگالىق، جانباقتىلىق، ئىناقسىزلىقنى قامچىلاپ، ئىلىمدارلار ئىتتىپاقلىقىنى كۈچايتىش جەھەتتە كۆپ ئەجرى قىلدى؛ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژورنىلىنىڭ مەخسۇس ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭلا دەۋەتخانىسى بولۇپ قالماستىن، تەبىئىي پەن ئالىملىرىنىڭمۇ مۇلاھىزە-مۇھاكىمە سورۇنىغا ئايلىنىشىنى تەكىتلەپ، ئەمەلىيەتچىل بولۇش، مەۋقەنى كۆز ئالدىمىزدىكى رىئال ئاددى ۋە كىچىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىن باشلاپ تۇتۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىجادىي پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تەپسە تەۋرىمەس ئىلىمدارلارلىرىمىزنى ئىندۇكسىيەلەپ، كەڭ ئاۋامنى كۆپ تەرەپلىمە مەنئەپەتلىك ئىلمىي زەرەتلەپ، زور ئىجتىمائىي ئۈنۈملەرگە ئېرىشتى. شۇڭا ئاۋام ئۇنى ئەتىدىن كەچكىچە كىتاب غاجىلاپ، ئۆلۈك يادىكەشلىك بىلەن چىرىگەن-ۋاقتى ئۆتكەن بىلىم لاتقىلىرى، قۇرۇق شۆھرەت ۋە زىغىردەك ئاقماس ئەمەل-مەنسەپلەر ئارىسىغا غەرق بولۇپ، ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن ھاياتى ۋە گۆھەردەك ئىلمىنى ئىسراپ قىلىپ، ئەلگە ئەمەلىي نەپ يەتكۈزەلمەيۋاتقان ‹ ‹ئالىم، مۇتەخەسسىس ۋە دوكتور، پروفېسسور، تەتقىقاتچى› › دېگەنلەردىن بەكرەك ھۆرمەتلەيدۇ. بىراق بۇ جەھەتتە، ئابدۇقادىر جالالىدىن ئەپەندىمۇ پىكىر ۋە ئىدىيەلىرىنىڭ سىجىللىقى (ئىزچىللىقى)، سىستېمىلاشتۇرۇشقا قاراپ يۈرۈش قىلىشى، ئىلمىي ئىجادىيەتتىكى ياپساچىلىق، مۇرەسسەچىلىك پوزىتسىيەسى ۋە قىسقا مۇددەتلىك خاھىشىدىن يىراقلاپ، چوڭقۇرلۇق ۋە خاسلىققا قاراپ ئىلگىرىلىشى، شەيئى ۋە مەسىلىلەرنى ھادىسىدىن ئەمەس ماھىيىتىدىن، تەبىئىي خۇسۇسىيىتىدىن چۈشەندۈرۈشكە، پىكىرلەرنىڭ تارىخ سىنىقىدىن ئۆتەلىگۈدەك ئەبەدىيلىكى ئۈچۈن تىرىشىشىغا توغرا كېلىدۇ.

ئەسەت سۇلايمان قانداقلا بولمىسۇن ئىنسانىي كامىللىق ئۈستىدە بىر قەدەر سىستېمىلىق ئىزدەنگەن تەپەككۇرى چوڭقۇر ياش دوكتور بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىنسانشۇناسلىق ۋە مەدەنىيەتشۇناسلىقنىڭ ئېتنوگرافىيەلىك باسقۇچىسىن

ھالقىپ، ئىجتىمائىي ۋە زامانىۋى-مەدەنىيەتلىك مىللەت باسقۇچىغا ئۆتۈش ئۇچۇن جىددىي كېرەك بولغان « «ئۆزلۈك» ۋە كىملىك» » نى بايقاشتىن ئىبارەت ئىپتىدائىي ۋە ئۆتكۈنچى ئۇقۇملارنى تۇرغۇزۇپ، زامانىدار ئىختىراۋىي مىللەت بولۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلىپ، ئۆگىلۈككە يېتىش ۋە ئۆگىلۈششىنىڭ دەسلەپكى پىكىر سىستېمىسىنى، ئىپتىدائىي باسقۇچىدىكى ئاساسىي ئىدىيە ھەم پىكىر سىستېمىسىنى يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشتى. بىراق بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالماي، داۋاملىق بۇ خىل چوڭقۇرلۇق ۋە كەڭلىككە قاراپ ئىلگىرىلىمىكى لازىم بولىدۇ. چۈنكى، « «ئۆزلۈك» » (自我) ئۇقۇمى گەرچە قارىماققا بىر ئاز ئىلگىرىلىگەن(ئىلغار) ۋە جەڭگىۋارلىقى ئىگە ئۇقۇمدەك تۇيۇلسىمۇ، ئەمما تەپەككۇر بۇلىڭىمىزنى ئۆزگەرتىپ ئالەملىك نەزەر ۋە دۇنياۋىي ئىلىم ئوربىتىسىدا تۇرۇپ، تېخىمۇ يۇكسەك نۇقتىدىن تەپتىش قىلىپ كۆرگىنىمىزدە، يەنىلا شۇ ئۆزىنى مەركەز قىلىدىغان چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىكنى تەرغىپ قىلىنىدىغان ئۆتكۈنچى ئۇقۇم بولۇپ، ئۇنىڭ ئالىي باسقۇچى « «ئۆگىلۈك» » كە قاراپ چوڭقۇرلىشى ۋە ئۆگىلۈششىگە توغرا (真我、真实我、创新型人精) كېلىدۇ.

ئادىمىيەت، ئىجتىمائىيەت پەنلىرى دەل شۇ ئادەملەر تەشكىل قىلىپ تۇرۇۋاتقان جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان بولىدۇ. پەنشۇناسلىق ۋە ئىلىم-پەننىڭ ماھىيەتلىك تەلپىدىن قارىغاندا، ھەرقانداق ئادىمىيەت، پەنلىرى ۋە ئۇنىڭ نەزەرىيەۋىي تەشەببۇسلىرى ھەرقانچە ئۇلۇغ ۋە بۈيۈك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جەزمەن ئۆزىمىزنىڭ مىللىي مۇھىتىدا ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلىشى كېرەك، ئۇنداق بولمايدىكەن كىشىلەر ئۇنىڭ ئىلمىيلىكى ۋە توغرىلىقىدىن گۇمانلىنىشقا ۋە ئىشەنمەسلىككە ھەقلىق. دېمەك، ئۇنىڭ رېئال ئۈنۈمى كۆرۈلىشى لازىم. بۇ يەردىكى ئۈنۈم شۇكى، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئالدىن يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن تەرەققىيات يۆنىلىشى جەھەتتىن ئورۇن بەلگىلەش، مەنىۋىي ماياكلىق ھەم ئىلمىي، توغرا بولغان نەزەرىيىۋىي يېتەكچىلىك فونكسىيەسىنى ئۆتەلىشى لازىم. جەمئىيەتشۇناسلار ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش قىلىپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى « «ساۋاتلىق ھاراقكەش» » لەرنىڭ قاۋاقلىرىغا بېرىپ قالىدىغان بولسا « «ئۆگىلۈك ئۇچۇن ئىچەيلى!» » « «ئۆگىلۈك ئۇچۇن ئۆگىنەيلى!» » « «ئۆگىلۈك ئۇچۇن ئىتىپاقلىشايلى!» » دېگەندەك شۇئار-چاقىرىقلار ئارىسىدا ھاراق ئىچىۋاتقان روھى

ئىنجىنېرلارنى ئۈچرىتىشى مۇمكىن. دېمەك، ئۆگىلۈك ئۇقۇمى ۋە ئۆگىلۈشىش تەشەببۇسى بۇ خىل فونكسىيەنى ئاللىبۇرۇن ئۆتەشكە باشلىدى. شۇ مۇناسىۋەتتە بىز ئىسلامجان شىرىپ بەشكېرەمى ۋە ئۇنىڭ «‹ئۆگىلۈك ۋادىسى›» ھەققىدە ئازراق توختىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، ئۇ بىر ئۆمۈر ئىزدىنىش ئارقىلىق «‹ئۆزلۈك›» (自我) ئۇقۇمىدىن غايەت زور دەرىجىدە ھالقىپ، ئۆزلۈككە سۇئال قويۇش، ئۆزى، يەنى ئۆزلۈكتىكى بارلىق نۇقسانلارنى يېڭىپ، «‹ئۆگىلۈك›» كە ئۆتۈش ئاساسىدىكى ئىنسانىي كامىللىققا يېتىش ۋە ھەر بىر يەككە ئادەمنى «‹ئۆگىلۈك›» رىغبىتى ئاساسىدا (ئۆزى) نىڭ، جۈملىدىن باشقىلار (ئەجداتلىرى) دىكى تۈرلۈك سەۋەنلىكلەرنى ئۆزىدە تەكرارلىمايدىغان ئۆزى (ئۆزلۈك، مەن)دىن ھالقىغان ئۆگىلۈككە يېتىش ئاساسىدىكى زاماندار ئىختىراۋىي ئادەم قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئىلمىي سىستېمىسى ۋە ئاساسىي ئىدىيەسىنى تۇرغۇزۇپ بەردى. ھەتتا ئۆگىلۈكنىڭ قانداق مەيدانغا كېلىش جەريانى ۋە ئۇنىڭ تۇرغۇزۇلۇش، تۈرۈملىنىش- ئۇدۇملىنىش ئاساسىنى كۆرستىپلا قالماي، سىلىشتۇرۇپ ئۆگىنىش ۋە سىلىشتۇرما تەتقىقاتقا قولاي بولسۇن ئۈچۈن، چەتئەل ۋە جۇڭگونىڭ، شۇنداقلا باشقا مەدەنىيەت تىپىدىكىلەرنىڭ ئالاقىدار تىپىك پىكىرلىرىنىمۇ ياندىشىما سىلىشتۇرما سۈپىتىدە بىرگە سۇندى. بىراق بۇ، ئىلمىي سىستېما ۋە ئاساسىي ئىدىيەلەر ھەققىي سەنئەت ۋە ئىلىمنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئەسلا بىلمەيدىغان نادان ئىلىمدارلىرىمىزنىڭ تەنقىدى يوسۇندا بولسىمۇ ئەستائىيدىل ئۆگىنىش-تەتقىق قىلىشىغا نائىل بولالمىدى. تولۇقسىز ئىككىنچى يىللىقنىڭ «‹ئىدىيە ئەخلاق›» دەرسلىكىگە ياشلىق مەزگىلىدىكى «‹ئۆزلۈك›» ۋە ئۇنى تونۇش ھەققىدىكى يۈزەكى ئۇقۇملار كىرگۈزىلىپ، ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويغان يېڭى ئۆزلۈكتىن باشلاپ ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى ۋە قىممىتى ھەققىدە ئويلىنايلى! [37] دېگەن تەشەببۇس ئوتتۇرىغا قويۇلۇپتۇ. بۇنىڭ ئەلۋەتتە يېڭىدىن ياشلىق دەۋرىگە قەدەم بېسىۋاتقان كەلگۈسى ئەۋلادلارنى ئۆزىنىڭ ياشلىق دەۋرىنى بايقاپ ۋە ئۇنى قەدىرلەپ ئىجتىھات بىلەن ئىلىم تەسىل قىلىشىغا يېتەكلەشكە بەلگۈلۈك ياردىمى بولسىمۇ. لېكىن، نۇقۇل ئۆزلۈكنى بايقاش ۋە كۈچەيتىشلا تەكىتلىنىپ، ئۆگىلۈك رىغبىتىنى بايقاش ۋە ئۆگىلۈشىش تەكىتلەنمىسە بۇ خۇددى ئىچىرقاپ كەتكەن چىلبۆرە ھېچنىمىگە يول قويماي ئۆز نەپسىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ئىنتىلگىنىدەكلا ئىش بولۇپ، شەخسىيەتچىلىك ئەۋج ئېلىپ كېتىشكە ئىدىيەۋىي مەنبە بولۇپ قېلىش

ئىھتىماللىقى ناھايىتى زور. بىراق ئۆزلۈكنىڭ ئالى باسقۇچى بولغان ‹‹ئالى ئۆزلۈك›› (ئۆگىلۈك، يەنىكىشى ئۆز شەخسىيەتچىلىكىدىن ھالقىغان ھالىدا ئۆزىنىمۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئومۇملىقىغا قويۇپ تۇرۇپ، ھەممىنى بىر تۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىدىغان) ئۇقۇمىنى بولسا ئىلىمدارلىرىمىز تېخى چۈشۈنىپ-ھەزىم قىلىپ ئۈلگۈرمىگەن ھالەتتە تۇرماقتا. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۆزلۈكنىڭ تومۇرى ‹‹مەن›› - ‹‹ئۆزى›› دىن ئىبارەت. ئۇ پەقەت ئۆزىنىلا مەركەز قىلىش، شەخسىيەتچىلىك دېگەندىن دېرەك بېرىدىغان ئۇقۇم بولۇپ، بۇ خىل شەخسىيەتچىلىكنى مەيلى خرىستىئان، ئىسلام مەدەنىيىتى ۋەياكى بۇددا، كۇڭزى مەدەنىيىتى بولمىسۇن ئوخشاشلا قارشى ئالمايدىغان تۆۋەن دەرىجىلىك ئۆتكۈنچى ئۇقۇمدۇر. ئۆگىلۈك بولسا ئۆزىدىن ھالقىش، ئۆزى ۋە ئەجداتتىكى سەۋەنلىك-خاتالىقلارنى ئۆزى ۋە كېيىنكى ئەۋلادلاردا قايتا سادىر قىلماي، ئۆزىنىمۇ ئۇنتىمىغان ھالەتتە بارلىغىنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئومۇمىي ئۇلۇغۋار ئىشلىرى يۈكسەكلىكىگە قويۇپ تۇرۇپ ئۆزىنى بېغىشلايدىغان ئەجدات ۋە ئەجنەبىلەر سەۋىيەسىدىن ئاللىبۇرۇن ھالقىپ كەتكەن ئالى ئۇقۇم ۋە ‹‹ئادەم›› نى زاماندار ئىختىراۋىي ئىنسان قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنىڭ يۇقىرى باسقۇچىدۇر. مېنىڭچە ئادىمىيەت پەنلىرى ساھەسىدىكى بارلىق دوكتۇر، ماگىستېرلىرىمىز ئالدى بىلەن ئىسلامجان شېرىپنىڭ ‹‹ئۆگىلۈك ۋادىسى›› ۋە ‹‹ئىجادىيەت ۋادىسى›› (دىۋانۇ ئۆگىلۈك) توغرىسىدىكى يۈرۈشلۈك ئەسەرلىرىنى تەنقىدى نەزەر بىلەن مەخسۇس تەتقىق قىلىشى كېرەك. بۇ جەرياندا، ئۆگىلۈك ئۇقۇمىنىڭ تۇرغۇزۇلىشى ۋە ئۇنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسىنىڭ ئاجىز، زامانىدار ئىختىراۋىي ئىنسان قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئاساسىي مەنتىقىسى ھەم ئىلمىي پىرىنسىپلارغا ماس كەلمەيدىغان، ئۇيغۇرغا يات ئىكەنلىكىنى بايقىسا قىلچە يۈز خاتىرە قىلماستىن رەھىمسىزلەرچە قاتتىق تەنقىد ياغدۇرىشى؛ ئۇنداق بولمايدىكەن ئۆزلۈكتىن ھالقىپ ئۆگىلۈكنى ئۇدۇملاپ،ئۆگىلۈشىش يولىغا مېڭىشىمىز ۋە بارلىق ئىلىمدارلىرىمىز ئۆزلۈكتىن ھالقىپ ئۆگىلۈك رىغبىتىگە قاراپ ئۆزىنى توغرىلىشى لازىم بولىدۇ. بۇنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ھېچ بولمىغاندا ‹‹شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى›› 2010-يىل 5-سانىغا بېسىلغان «ئۆگىلۈك قانداق كېلىپ چىقتى» (قوشۇمچە ئىسخىمىغا قاراڭ) سەرلەۋھىلىك ماقالىنى ئوقۇپ بېقىشىمىز كېرەك. ئوقۇماي تۇرۇپ پىكىر قىلىش ئىلمىدىكى تەنتەكلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.)

جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ قايتا گۈللىنىش يۈكسەكلىكىدىن قارىغاندىمۇ، بىزگە قانداقتۇر بىر تۈركۈم چەتئەللىكنىڭ قىممەت قارىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆلچىمى بىلەن ئۆزىمىزنى ئۆلچەيدىغان ئەجنەبىي كەبى دوكتورلار ئەمەس بەلكى، چەتئەللىكلەرنىڭ سەۋىيەسى ۋە ئۇلار بىلەن بىر ئورىبىتىدا تۇرۇپ ئۆزىمىزنىڭ ئاكادىمىك ئىشلىرىنى تەتقىق قىلالايدىغان، دۇنياۋىي سەۋىيەدە پىكىر قىلىش سالاھىيىتى ۋە ئىقتىدارىغا ئىگە زاماندار ئۇيغۇر ئىلىمدارلىرى جىددىي مۇھتاج بولماقتا. يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، يەر شارىلىشىش مۇساپىسىدا ھەممىدە چەتئەللىكنىڭ توغرا بولۇشىرىشى، ئۇلارنىڭ دائىم ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ پاراۋۇزى ۋە سەركىسى بولۇشىرىشىمۇ ناتايىن ھەم بىھاجەت. ئىلىم-پەندىكى تېرمىن ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش مەسىلىسىدىمۇ ھەممىدە چەتئەل (باشقىلار) نىڭ ئۆلچىمىنى ئاساس قىلىش، ئۇلارغا قاراپ ئۆزىمىزنى توغرىلاشتىن كۆرە، بەزى نەزەرىيە سىستېمىلىرىنى ئۇلارنىڭكىدىن ئىلغار قىلىپ تۇرغۇزساق ۋە بۇ جەرياندا بەزى يېڭى تېرمىن-ئاتالغۇلارنى ئىجات قىلىپ، دۇنيا ئىلىم ساھەسىگە سوۋغات سۇپىتىدە سۇنساق-تونۇشتۇرساق تامامەن بولىدۇغۇ! مەسىلەن: ئۇيغۇرنىڭ ئادىمىگەرچىلىك، مېھماندارچىلىق، ئەخلاقى-پەزىلەت، ئائىلە مەدەنىيىتى، تىلىدىكى ئەۋرىشىملىك، تىل بايلىقىنىڭ مولللىقى، يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى، خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىكى چوڭقۇر پاراسەت، ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئىلىمنى ئۇلۇغلاش ئىدىيەسى، ‹‹قۇتادغۇبىلىك›› تىكى ئادىمىيەت ۋە سىياسى ئېتىكا ئەخلاق پىرىنسىپلىرى قاتارلىق جەھەتلەردىكى نۇرغۇن ئۆزگىچە ئارتۇقچىلىقلارنى داۋاملىق قىدىرىپ-تەكشۈرۈپ، تەرەققىي قىلدۇرۇپ ۋە سىستېمىلاشقان نەزەرىيە يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ ، ئۇنى باشقىلارنىڭ ئۆگىنىش ئۆلگىسى ۋە ئۆلچىمى سۈپىتىدە جاھان ئەھلىگە سۇنساق تامامەن بولىدىغۇ! ئۇندىن باشقا ئۆگىلىك ئۇقۇمنىمۇ ئېنگىلىز مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشلۈك ئىلىمدارلارغا بىز ئىجاد قىلغان يېڭى تېرمىن ۋە ئۆلچەم سۈپىتىدە ‹‹ئېكسپورت›› قىلساق نېمىشقا بولمىغۇدەك!؟ دېمەكچىمەنكى، ‹‹چەتئەلنىڭ ھەممە نېمىسى ئەتىر پۇرايدۇ›› دېگەندەك، بىزگە مۇناسىپ كەلسۇن-كەلمىسۇن ھەممە نەرسىنى چەتئەللىك بىزگە تاڭمىسۇن، بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ ئىلغار ۋە نادىر بولغان مەدەنىيەت مېۋىلىرىمىزنى جاھان ئەھلىگە ئومۇملاشتۇرۇش ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ باقايلىك! چەتئەلنىڭ كىلاسسىك نەزەرىيىلەرگە قارىتا قارىغۇلارچە چوقۇنۇش، باشقىلارنىڭ ئۆلچىمى ۋە قېلىپىدا ئۆزىمىزنىڭ ئىشلىرىنى

ئۆلچەيدىغان ھىسسىياتتىكى باشقىلارغا بېقىنىش-بەخشەندىلىك، مېتودتىكى دوگماتلىق، نەزەرىيەدىكى مەھكۇملۇقتىن ساقلىنىشىمىز كېرەك. بۇ يەردە زۇلپىقار بارات ئۆزباشنىڭ مۇنۇ سۆزى ئورۇنلۇق ئېيتىلغان:" ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەت ئىمىن ئۇيغۇر ئادىمىيەت پەنلىرى تەتقىقاتىنىڭ ئۇلىنى سىلىپ بەرگەن بولسىمۇ........ ئۇنىڭ باشقا پىكىر يوللىرىدىن خەۋەرسىز قىلىشى، ‹ ‹ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى› › قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ماركىستىن ناھايىتى ئۇزاق يىللار ئىلگىرى ياشىغان ئۇيغۇر كىلاسسىكلىرىنىڭ ئىدىيەلىرىنىمۇ ماركسىزىم نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىشى بىر گۆدەكلىك "[38] دەك كۆرۈنىسىمۇ. بىراق، بۇنى يەنە شۇ ئەسەرنىڭ تارىخي دەۋر شارائىتى بىلەن باغلاپ تەھلىل قىلغىنىمىزدا يەنىلا توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ.

كۈلكىلىك يەنە بىر ئىش 9-ئايىنىڭ20-كۈنى چۈشتىن كېيىن، مەن بىر تونۇشۇم بىلەن دىدارى ئەسرا بولۇش ئۈچۈن يولدىن ئۆتۈۋېتىپ پوسكامدىكى مەلۇم مەكتەپكە كىرىۋىدىم، مەكتەپ قوروسىدا كۇڭزى، لۇشۈن، ئېيىنىشتىيىن، لى فېڭ قاتارلىق جۇڭگو ۋە چەتئەلنىڭ بىر قانچە ئالىم(مەشھۇر ئەرباپ)لىرىنىڭ ھەيكىلى تۇرۇپتۇ. كۆرۈپ تولىمۇ سۆيۈندىم، چۈنكى ئوقۇغۇچىلار كۈندە نەچچە ۋاخ ئۇ ئىلىم ئۇستىلىرىنى كۆرۈپ ئۇلاردىن مەنپەئەتلىك ئىلمىي زەرەت ئېلىشى تۇرغان گەپ. بىراق دۇنياۋىي شۆھرەتلىك ئالىملىرىمىزدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇدكاشغەرىلەرنىڭ ئەسەرلىرى دەرسلىكلەرگە كىرگۈزىلىدى. ئۇنداق ئىكەن ئۇلارنىڭ ھەيكىلىنىمۇ مەكتەپ قوراسىغا قويۇپ قويغان بولسا بۇمۇ بىر خىل ئوبراز ئارقىلىق تەربىيەلەش بولاتتى-دە، تېخىمۇ كاتتا ئىش بولاتتى! دېيىشىمگە، يەنە بىرسى جاۋابەن: بىزنىڭ مۇدىر ئۇلارنىمۇ قويۇشنى دەپتىكەندۇق، شۇجىمىز ئۇلار دېگەن ‹ ‹موللام› › تۇرسا، دەپتىكەن، مۇدىرىمىز ئۇنداقتا بوپتۇ دەپتۇدەك ،دېگەن باھانىنى كۆرسەتتى. ئېھتىمال شۇنداق دىگۈچى كۇڭزى ھەزرەتنىڭمۇ ‹ ‹موللام› › ئىكەنلىكىنى بىلمىسە كېرەك! ھەرقانداق ئىلىمدارنى چۈشۈنىشتە ۋە ئۇنىڭ ئىدىيەسى بىلەن تونۇشۇشتا ،ئۇ ياشىغان تارىخي شارائىت ۋە مۇھىت بىلەن باغلاپ تۇرۇپ تەھلىل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، ئىلىم-پەن دېگەننىڭ مىللىتى، سىنىپى بولمايدۇ، ئۇ بارلىق ئىنسانىيەتكە ئورتاق تەئەللۇق نەرسە دېيىشىمگە. شۇ ئارىدا يەنە بىرەيلەن سۆز قىستۇرۇپ: ئېھتىمال سىلەرنىڭ مۇدىرىنىڭ سەۋىيەسى بۇ مەسىلىنى شۇ شۇجىنىڭ كاللىسىدىن ئۆتكىدەك قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە يەتمىگەن چىغى، دەپ

چاقچاق قىلدى. ھىلقى ئوقۇتقۇچى يەنە: ياق، بىزنىڭ مۇدىرنىڭ سەۋىيەسى خىلى يۇقىرى دەپ ئاقلىدى. بىراق بۇ مەنزىرىدىن مەن تولىمۇ ئەپسۇسلانماي تۇرالمىدىم. مەن ناھايىتى نۇرغۇنلىغان دۇنياۋى سەۋىيەدىكى ئالىم-مۇتەخەسسىس، نوبېل مۇكاپات ساھەبلىرى ۋە ئاكادىمىكلار بىلەن ئۇچراشقان. ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەت، ھەمداستىخان بولغانمەن، قارىسام ئۇلاردا تار مەنادىكى مىللەتچىلىك ئۇقۇمى يوق بولۇپلا قالماستىن، تولىمۇ ئىنسانپەرۋەر ۋە ئالىيجاناب كېلىدۇ. نېمە دەپ قورسىقىدا «ئىلىمنىڭ سۇنىقى يوق» كىشىلەر شۇنداق تار مىللەتچى ۋە مۇتەئەسسىپ كېلىدىغاندۇ دەپ ھەيرانلىق ھىس قىلدىم. چۈنكى بۇنداق ئايرىمچىلىق ۋە تار مىللەتچىلىك خاھىشىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي ئىناقلىقنىڭ ئىدىيەۋى ئاساسىنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغانلىقىنى ئېنىق. ئەمەلىيەتتە، بۇ نوقۇل ھالدىكى سەۋىيە، ئىنسانپەرۋەرلىك، تونۇش مەسىلىسى بولۇپلا قالماستىن يەنە، ئىلمىي ئاڭلىقلىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش ۋە مىللەت مەدەنىيىتىگە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىق، تەلىم تەربىيە مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ.

## IX تەبىئەت پەنلىرىنى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىش ئادىمىيەت پەنلىرىدە توسالغۇسىز تەرەككىي قىلىپ، يول ئېچىپ بېكىتلىق يارىتىش ھەم ساغلام تەرەققىي قىلىشنىڭ مۇقەررەر يولى ۋە جىددىي تەقەززاسى

تەبىئىي پەن — تەبىئەتنىڭ تىلى. —— گالىلېي

تەبىئىي پەن- ئىنسانلارنى ھەقىقىي ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈشنىڭ بىرخىل قورالى. —— ماۋزېدوڭ

ئىلىم-پەن(تەبىئى پەن) ئادەم روھىنى جەسۇر قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ ئوبيېكتىپ ئۇستازى. — بىرونۇ.

دۈشمەندىنمۇ ئۆگىنىش كېرەك ،پەقەت دۈشمەن بىلىملىك بولسىلا. —— گوركىي

ئىلىم-پەننى ئۆگىنىش(چۈشۈنىش)، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، ھوزۇر-نەپ ئېلىش پەقەت ئىنسانغىلا خاس بولغان ئالىي ئىقتىدار ۋە پاراسەت بولۇپ، بۇ ئەمەلىيەتتە ئىنساننىڭ ئەقلىنى تېپىپ بەختكە ئېرىشىش جەريانىدىن ئىبارەت.

—— خاتىرەمدىن

بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيادىكى ھەممە ساھە ئىلىم-پەنگە خۇددى بارلىق جانلىقلار ئوكسىگېنغا ئېھتىياجلىق بولغاندەك مۇتلەق ئېھتىياجلىق. تەبىئەت تەڭرىنىڭ بىرىنچى كىتابى بولسا، تەبئى پەن ئۇنىڭ بىرىنچى تىلى. ئىلىم- پەن پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بايلىقى بولۇپ، ئىلىم-پەن ئىگىلەش ھەر قانداق بىر ئىنساننىڭ مۇقەددەس مەجبۇرىيىتى ۋە ھوقۇقى. كۆك ئاسماننىڭ ئاستىدا ئوخشاش بىر قۇياش نۇرىدا ياشاۋاتقان ئىنسانلارغا نىسبەتەن، ئىلىم - پەن ئالدىدا ھەممە ئادەم باب باراۋەر. شۇنداقلا، ھەممە ئادەمنىڭ ئىلىم-پەن ئىگىلەش ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى بار. نېمە ئۈچۈن تەبئى پەن ئۆگىنىشنى مۇھىم دەپ قارايمىز؟ بۇنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سەۋىبى: ئالدى بىلەن ئىلىم-پەم ھاياتنىڭ قىممىتىنى ئىزدەش سەپىرىدىكى ئادەمدىكى ئىلاھى خۇسۇسىيەتنى نۇرلاندۇرىدىغان بىردىن بىر قورال. شۇنداقلا، ئىلىم-پەننىڭ ماھىيەتلىك تەلىپى ۋە پەنشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بارلىق ئادىمىيەت-ئىجتىمائىيەت پەنلىرىنىڭ ئومۇمي نەزەرىيەلىرى ۋە ئاساسى تىئورمىلىرى تەبىئەت پەنلىرىنىڭ، يەنى تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تۈپ پىرىنسىپلىرىغا شەرتسىز ئۇيغۇن كېلىشى لازىم، ئۇنداق بولمايدىكەن ھامان شاللىنىپ كېتىدۇ؛ ئاندىن، پەن-تېخنىكا ھازىرقى زامان ئىنسان مەدەنىيىتىنىڭ ئۇل تېشى ۋە جېنى، پەن-تېخنىكا، ئەقلىيلىك ھەم ئاڭلىقلىقتىن ئايرىلغان مەدەنىيەت قۇرۇق ۋە ساختا مەدەنىيەتتۇر؛ ئۈچىنچىدىن، دەل شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن تەبئى پەن ئاساسى بولمىغان ھەر قانداق ئادەمنىڭ ھەقىقى مۇكەممەل بىر ئالىم-ئىلىمدار، جۈملىدىن ھەقىقي بىر لاياقەتلىك پەيلاسوپ بولالىشى ئەسلا مۈمكىن ئەمەس. چۈنكى، ھەقىقىيى ئالىم ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇ بىر ئۇنۋىرسال يېتىلگەن تەبئى پەن ئۇستىسى ۋە پەيلاسوپ بولۇشى كېرەك. مەسىلەن: ئارىستوتېل، نيۇتون، ئېينىشتيىن قاتارلىقلاردەك؛ "پەيلاسوپ تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان ھەم ئىجادىي تەپەككۇر قىلالايدىغان روھ ۋە ئىقتىدارغا ئىگە ئادەم بولۇشى كېرەك. چۈنكى تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى ھەق قانۇنىيەتلەر بولۇپ،

قەتئىي ئۆزگەرتكىلى ۋە خىلاپلىق قىلغىلى بولمايدىغان يارالمىش مۇقەررەر ئىلىمدۇر. شۇڭا پەيلاسوپ ئەڭ ئالدى بىلەن تەبىئەت ئىلمى ساھەبى بولۇشى كېرەك...شۇندىلا ئىلمي قانۇنىيەتلەرگە ھۆرمەت قىلىدىغان تەمكىنلىك كىشىنى ھەر ۋاقىت ھەق-راست گەپ قىلىلىشقا، ھىسياتقا بېرىلمەسلىككە دەۋەت قىلىپ تۇرىدۇ. مۇشۇ روھ بىلەن ئىزدەنگەن (قەلەم تەۋرەتكەن) زاكۇنشۇناسلىق ۋايىغا يېتىدۇ. "[39] بۇنى قەقنۇسنىڭ تىلى بويىچە ئىپتقاندا: "بۇ دۇنيادا تەبىئەت ئاتا ــ ئوقۇتقۇچى، جەمئىيەت بالا ــ ئوقۇغۇچى دېگەن بىلىم قاتلاملىرى مەۋجۇت بولۇپ، تەبىئەت پەنلىرى ئۇ مۇتلەق سەممىيەت ۋە چىن مۇھەببەت بىلەن كىرىشىشنى تەلەپ قىلىدىغان مۇقەددەس ئىلىمدۇر. ئۇ قىلچە ساختىپەزلىك ۋە ھىلە-نەيرەڭنى سىغدۇرالمايدۇ. "[40] ناۋادا، نۇقۇل ئەدەبىيات ئاساسىلا بار ھەم تىل ئەدەبىياتتىن ئۆزگىنى بىلمەيدىغان ئەدىبلەر پەلسەپە، ئىنسانشۇناسلىق، مەدەنىيەتشۇناسلىق ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەلىرىگە ئارىلاشماقچى ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئۇتۇق قازانماقچى بولىدىكەن، ئالدى بىلەن پەنلەر چېگرىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ تەبىئىي پەنگە يۈرۈش قىلىشى، تەبىئىي پەن كىتابلىرىنىمۇ ئوقۇپ قويۇشى؛ تەبىئىي پەن بىلىملىرى ۋە تەبىيئەتنىڭ تۈپكى قانۇنىيەتلىرىنى، پەلسەپە ۋە تەبىئەت دىئالېكتىكىسى ئۆگىنىشى لازىم بولىدۇ. شۇندىلا ئىسمى جىسمىغا لايىق ئىلىمدار بولالايدۇ. ۋاھالەنكى ،بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان ئىلىمدار-ئالىم (تالانت، بىلگىن، زىيالى) دېگەنلەر قانداقتۇر بىرخىل ئىلىمنى بىلسە يەنە بىر پەنگە چولتا "يەكپاي ئىقتىساسلىقلار "نى كۆزدە تۇتماستىن، ئادىمىيەت پەنلىرى خادىمى بولسا تەبىئەت پەنلىرى، تەبىئەت دىئالېكتىكىسى، تەبىئەت پەلسەپىسى، تەبىئىي پەن مېتودىكىسى ۋە ئەڭ ئاساسلىق تەبىئىي پەن بىلىملىرىدىن جەزمەن خەۋەردار بولغان؛ تەبىئەت پەنلىرى خادىمى بولسا پەلسەپە ۋە ئانا تىل مەدەنىيىتىنى جەزمەن بىلىدىغان، قوش قاتلاملىق، قوش تىللىق، كۆپ قىرلىق تەپەككۇر قىلىش ۋە ئىجادىيەت ئىقتىدارىغا ئىگە، مول بىلىم، چوڭقۇر پىكىرلىك زاماندار ئىختىراۋىي ئىنسان بولۇشى لازىم. ئىتالىيەلىك مەشھۇر رەسسام داۋىنچى ئۆز نۆۋىتىدە فىزىك، بىئولوگ ھەم ئىنژېنېر، شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ" مۇنالىزا "، " ئەڭ ئاخىرقى كەچلىك غىزا"قاتارلىق ئەسەرلىرى ئىنسانىيەت سەنئەت بايلىقى بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭ ئادەتتىكى ئەسەرلىرىمۇ شۇنچە ئەتىۋالانماقتا. ئىبىنسىنا شائىر، شۇنداقلا تەبىئىي پەن ئالىمى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى شۇ دەرىجىدە

پاساھەتلىك بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭ مەدەنىيىتى، ئاسترونومىيە قاتارلىق پەن ساھەسىدىكى ئەسەرلىرىمۇ ئىنسانىيەت ئىلىم-پەن تارىخىدا پارلاق نۇر چېچىپ تۇرماقتا. ھەممىگە تونۇش فرانسىيىلىك پەيلاسوپ (Descartes) دېكارت ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇ بىر ماتېماتىكا ئالىمى، تېبابەت ئۇستىسى. ئۇ بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن تەبىئىي پەنلەرنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىپ ئوقۇغان، شۇڭا ئۇ ئانالىز گېئومېتىرىسىنى بەرپا قىلىپ، ماتېماتىكىغا گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان، يۈرەك چىرىتىيۈژنى سىزىپ چىققان. ئۇندىن كېيىن دېكارت «پەلسەپە پىرىنسىپلىرى»نى يېزىپ ئۆزىگە خاس يېڭى پەلسەپەنىڭ بايراقدارى بولالىغان. مۇدىرنىزىم ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ داڭلىق ۋەكىلى نوبېل مۇكاپاتى ساھەبى جامىس جۇيىس بىر قانچە ئۇنىۋېرسىتېتلاردا تەبىئىي پەن ئۆگەنگەن مۇنەۋۋەر تەبىئىي پەن مۇتەخەسسىسى ئىدى. لۇشۈن ئەسلى ھاياتلىق ھەم مەدەنىيەتنا ئۇستىسى ئىدى، بىراق ئۇ تەندىكى كېسەلنى داۋالاشتىن روھنى داۋالاشقا كۆچكەن. شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بىز جۇڭگولۇقلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى روھىي كېسەللەرنى داۋالايدىغان ئۆزگىچە ئوپراتسىيە پىچىقى بولالىغان. شائىر ھۆسەيىنخان تەجەللىي ئۆز زامانىسىدا ئەينى ۋاقىتتىكى دۇنيا ئىلىم مەركەزلىرىدە 20يىل ئىلىم تەھسىل قىلغان، ئىسلام مەدەنىيىتى، ئىلمىي نۇجۇم، مەدەنىيەتنا ۋە بىئو-خىمىيە قاتارلىق تەبىئىي پەنلەردىن يۇقىرى مەلۇماتلىق ئالىم ئىدى. ئابدشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەسلى بىئو-خىمىيە ئىلمى بويىچە تولۇق كۇرۇس ۋە ماگىستىرلىقنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئاندىن ئەدەب، پەيلاسوپلۇق يولىغا ماڭغان بولغاچقا تونۇلغان نۇرانە ئالىم بولالىغان. قەقنۇس ئەسلىدە ھازىرقى دوكتورلىرىمىزدەك چەتئەللىكنى بۇۋاستە ئوقۇمىغان بولسىمۇ ئەينى يىللاردا مەھەممەت ئىمىن يۇسۇپ، ئۆتكۈر ئەپەندىلەر بىلەن بىرلىكتە كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان، كېيىنكى كۈنلەردە بەزى سەۋەبلەر بىلەن جەنۇبى شىنجاڭغا ئالمىشىپ كەتكەن پىشقەدەم تەتقىقاتچى. ئۇنىڭ ئادىمىيەت پەنلىرى ساھەسىدىكى تۇسالغۇسىز تەپەككۇر قىلىپ دولقۇنلار يېرىپ ئىلگىرلەۋاتقان ھەممەباپ ئىلىمدار بولالىشىنىڭ سىرى دەل ئۇنىڭ ئەزەلدىن تەبىئەتكە قىزىقىپ-تىۋىنىپ، تەبىئەت بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ، تەبىئەت ۋە تەبىئىي ھادىسلەرنى كۆزۈتۈپ ئۇنى ئادىمىيەت ساھەسىگە تەققاسلاشقا ماھىر بولۇپ، تەبىئەتتىن ئۆزلۈكسىز ئىلمىي ئېنېرگىيە ۋە يېڭى ئىلھام ئېلىۋاتقانلىقىدىن؛ ئىلمىي ئىدىيە ۋە ئىلمىي مېتودنى توغرا ئىگەللەپ، پەن تەتقىقاتىغا مىكرى مېتود(ھېلى مىكرىلىك

ئۇسۇل) بىلەن ئەمەس مېھرى مېتود(چىن ئىخلاس ۋە مۇھەببەتلىك ئۇسۇل) بىلەن پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن كىرىشىدىغان بولغانلىقتىن، ئادەتتىكى كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدىكى قەلب ھۆرلىكىگە ئىگە بولۇپ، ئاجايىپ بىلىش مېتودى شەكىللەندۈرگەن ۋە ئادىمىيەت ساھەسىنىڭ پەلسەپە، روھىيەت، تېرمىنولوگىيە، تارىخ، مەدەنىيەت، تىل-ئەدەبىيات، شېئىرىيەت تەتقىقاتلىرىدا ھازىرقىلارغا ئۇستاز بولالىغۇدەك دەرىجىدىكى بىلگىن بولالىغان. ئىسلامجان شېرىپ بەشكېرەمى "تەڭرىنىڭ بىرىنچى كىتابى تەبىئەت" دەپ قاراپ، تەبىئى پەن بىلىملىرىنى تېنىمسىز ئۆگەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە تەبىئى پەن پۈرىقى ئىنتايىن قويۇق، بىلىمچانلىقى باشقا ھەر قانداق ئىجتىمائى پەن ئەسەرلىرىدىن كۈچلۈك، تەپەككۇرى تەبىئەتنى ھاسىل قىلىپ تۇرغان تۆرت تادۇ بويىچە تولىمۇ ئەركىن. ئۇنىڭ خاس پەلسەپىۋي ئەسەرلىرىدىمۇ "سېنتېزلاش" دېگەندەك بىئو-خىمىيىلىك تېرمىنلارنى ھەر ۋاقىت ئۇچرىتىمىز. تالانتلىق شائىر،«قاپ يۈرەك فىزىك» قاسىم سىدىق تەبىئەت پەلسەپىسىنى ئىزچىل بېرىلىپ ئۆگىنىپ، تەبىئى پەنگە يۈرۈش قىلغانلىقى ئۈچۈن، تەبىئەتتىن ئۆزلۈكسىز يېڭى ئىلھام ئېلىپ، تەبىئەتنى 32يىل كۈزۈتۈش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق «فىزىكىلىق شەكىل نەزەرىيەسى»نى ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك ئىلمىي ئېتىقادى قىلىپ تۇرغۇزالىغان. ھەم نەزەرىيەۋي فىزىكا ۋە ئالەمشۇناسلىق ساھەسىدە ئاجايىپ كاتتا ئىلمىي قىياس ۋە يېڭى تېئورما، ئاكسىيوملارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيانى بىلىشىنى ئۆزگىچە يېڭى مېتود ۋە نەزەرىيىۋي ئاساس بىلەن تەمىنلەپ، ئادەتتىكى كىشىلەر ئەمەس كەسپىي فىزىكلارنىمۇ ئەسلىدىكى مۇقەددەس دەپ قارىلىپ كېلىنگەن نۇرغۇن ئىلمىي قاراش ۋە نەزەرىيەۋي تونۇش مەسىلىلىرىنى قايتىدىن ئويلىشىشقا سەۋەپ بولدى. ھەتتا بۈيۈك ئالىم ئالبىرت ئېينىشتېيىننىڭ نەزەرىيەلىرىدىكى كەمتۈك ۋە پارودوكسلارنى«بايقاپ»، ئۇنى تۈزىتىش ۋە ھەل قىلىشنىڭ يېڭى مېتودىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇپ، يېڭى بىر نۆۋەتلىك فىزىكا ئىنقىلابىنىڭ ئېچىشكىنى قاقماقتا (ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ بەزى نەزەرىيەلىرىنى فىزىماتلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىش-ئىسپاتلاش ۋە جاھان ئەھلىگە تونۇشتۇرۇش نۆۋەتتىكى جىددى ۋەزىپە بولۇپ تۇرماقتا). دېمەك، مۇكەممەل ئىلىم-پەن ساھىبى جەزمەن پەنلەر چېگرىسىنى بۆسۈپ تاشلاپ ئەتراپلىق يېتىلگەندىلا ئىنسانىيەتكە ھەقىقىي ئۆلمەس بايلىقلارنى يارىتالايدۇ. تەبىئى پەن ئۆگىنىش بەلكىم بەزىلىرىمىزگە تاغدەك جاپا ۋە

مۇشـەققەتلىق ئىـش تۇيۇلـىشـى مۇمكىن. بـىراق چـارلىز رىچـارد دارۋىـن مۇنـداق دەيـدۇ:مەن بىلـىـدىغان قىممىتـى بـارلىكى بىلىملەرنـىـڭ ھەممىسـى ئۆزلىگـىمـدىن ئۆگـىنىشـتىن كەلـگەن. ئەجـداتلار: «تىرىشساڭ تاپارسـەن» دىگەنـىكەن، بىزمۇ ئـۆزلىگـىمىزدىن تىنىمسـىز ئۆگـەنسـەك نىمىشـقا بولمىغـۇدەك؟! ئىلىـم-پەن نـۇرى ھەمـمە دىللارنـى يورۇتقاي! پەن-تېخنىكـا ھەممىـگە كـۈچ-مـادار ۋە قانـات ئاتـا قىلغاي!

## X تۈگەنچە ۋە مۇراجەت: ئۆزلۈك ۋە كىملىكنى بايقاپ ئىناق ئىختىراۋىي ئۆگلۈككە يۈرۈش قىلايلى

ئاكادىمىك، فىزىكا ئالىمى،فۇدەن ئۇنىۋېرسـىتېتىنىڭ سـابىق مـۇدىرى شـىي شـىدي: «ھاياتىمـىدىكى ئەڭ زور خوشـاللىقىم كەسـپىم ـــ قىلىۋاتقـان ئىشـىمغا ئۆزۈمنى بېغىشلاش» [41] دەيدۇ. ئادەمـدە شـۇنداق ئـۆزىنى بېغىشـلاش، تـۆھپە قوشۇش روھى بولغاندىلا، ئاندىن ھەقىقي خوشاللىق، بەخت تاپقىلى، ھەقىقي مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشـكىلى، كىشـىلىك ھاياتنـىڭ ھەقىقـى قىممىتىنـى يـاراتقىلى، ئىنسـانىيەت مەدەنىـيەت خەزىنىسـىگە ھەقىقـى تـۆھپە قوشـقىلى بولـىدۇ. ئـالىم (ئىلىمدار) لاردىلا ئەمەس، ھەر قانداق پەزىلەتلىك ئىدراكى ئـادەملەردە شـۇنداق بىر مەسئۇلىيەت بولىدۇكى، ئۇ بولسـىمۇ ئىجتىمـائىي ۋە ۋىجـدانىي مەسـئۇلىيەت. ھەقىقي ئىلىمـدارلاردىكى ئـۆزىنى بېغىشـلاش، خالىسـانە تـۆھپە قوشـۇش روھـى ئىلىـم-پەن روھـىـدىن كېلىـدىغان ئىجتىمـائىي بـۇرچ ۋە ۋىجـدانىي مەسـئۇلىيەت بولۇپ، بـۇ خىـل مەسـئۇلىيەت ھەر قانـداق شـەكىلدىكى مەنىپەئەت ۋە شـەرتلىك مەسئۇلىيەتتىن ناھايىتى كۆپ قىممەتلىك ھەم بىباھادۇر. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى بۇ خىل مەسئۇلىيەت ھەرگىز شەخسىي پايدا-مەنپەئەت ۋە ھوقۇقنى شەرت قىلمايدۇ. مىنىڭچە بىزگىمۇ دەل ئەنەشۇنداق ئالىيجاناپ روھ ۋە ئىسـىل پەزىلەتكە ئىگە، مىللى مەدەنىيەتكە يۈكسەك ۋە چەكسىز مەسئۇل بولىـدىغان پاراسەتلىك زور بىـر تۈركۈم ئىلىمدارلارنىڭ بولۇشى ئىنتايىن زۆرۈر بولماقتا. نىشانسىـز ئـادەم يېپسىـز لەگلەككە، ماياكسىز پاراخوتقا ئوخشـايدۇ؛ ئىنىـق ۋە تـوغرا نىشـان ھەم ئىزچىـل رئـال تىرىشـچانلىق كىشـىنى ئىلىـم تەتقىقاتـىدا جۇشـقۇن ھايـاتى كـۈچ ۋە مۆلچەرلىگۈسىز ئۆنۈمگە ئېرىشتۈرىدىغان، ئىلىم-پەن يولىدىكى نـۇرانە كـىلـەچەك

ۋە گـۈزەل مەنزىـرىگە باشـلايدىغان بىباھـا ئەنگۈشـتەر. كـۆز ئالـدىمىزدىكى بـۇ ساھەدە ساقلىنىۋاتقان نۇرغۇن مەسىلىلەر ۋە ھەل قىلىشنىڭ ئاساسىي تەدبىر ـــ تەشەببۇسلىرىنى ئۆز باش تولىمۇ سىستېمىلىق ۋە تەپسىلى ئوتتۇرىغا قويۇپتـۇ. ئەمدىكى مەسىلە ۋە ئۇنىڭ ئـاچقۇچى ئـىدىيەۋىي تونـۇش ۋە ئەمەلـىي ھەركەتـكە ئۆتۈشـتە قالـدى. مېنىـڭ تولۇقلىمـام ۋە مۇراجـاتىم شـۇكى، ئۇيغـۇر ئـادىمىيەت پەنلىـرى ساھەسـىدىكىلەر دۇچ كېلىۋاتقـان مەسـىلە: كـۆز قاراشـىنى يـېڭىلاپ ئىدىيەنى ئازاد قىلىپ ئىستىلنى رۇسلاش، تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ئەمەلىـي ھەركەتـكە ئۆتـۈش؛ مەدەنىـيەت چۈشـەنچىمىزنى جىـددىي يـېڭىلاپ، سەنئەتخۇمارلىقتىن ئىلىمخۇمارلىقا كۆچۈش ۋە تەبىئىي پەنگە يۈرۈش قىلىش، تار مەنە ۋە تـۆۋەن سـەۋىيەدىكى مەھەللىـۋىي مەدەنىـيەت ئېڭىنىـڭ ئاسـارىتىدىن قۇتۇلۇش، ئىـدىيۋىي ئۆملـۈك ۋە دىـل بىـرلىكىگە ئـىگە ئىسمى-جىسمىغا يارىشا ئۇيۇشقاق، ئىختىراۋىي قوۋمەلەردىن بولۇشتىن ئىبـارەت. بـۇ ھەقـتە مەن بۇنـدىن ئىلگىرىكى ماقالىرىمدە مەخسۇس توختالغـانمەن. شـۇڭا «قـوش ئەسـتەر»قىلغـۇم يوق، بىراق بەزى مەسىلىلەرنى تەكرار بولسىمۇ تەكىتلەش زۆرۈر:

ئالدى بىلەن ئەستايىدىل ئۆگىنىپ نەزەرىيە ئەمالىقىنى تۆگىتىش-ساپانى ئۆستۈرۈش،كەسىپكە سادىق بولـۇپ ئـۆزىنى بېغىشلاش ۋە"نـېمە بولسا تـۈزۈك بولۇش، نېمە قىلسا تۈزۈك قىلىش" كېرەك؛

ئانـدىن، ئىـدىيەۋىي چېچىلاڭغۇلـۇق ۋە ئىتتىپاقسـىزلىق سـەۋەبىدىن، ھەمكارلىق روھى، يېڭىلىق يارىتىش ئېڭـى سـۇس بولـۇش، ئىجادىيەتكە پۈتـۈن مېھرى مېتـود بىـلەن كىرىشـمەي مىكرى مېتـود بىـلەن كىرىشـىدىغان ناباپلىق، كـاززاپلىق، مەئىشەتپەرەسـلىك، پۇلپەرەسـلىك، تەپەككـۇر ھـورۇنلىقى، پىكىـر قاتماللىقى، نادانلىق قاتارلىق روھى كېشەنلەرنى چۆرۈپ تاشلاپ، دىـل بىرلىكـى ۋە ئىـدىۋىي ئۆملـۈكنى ئىشـقا ئاشـۇرۇپ، ئۆزلـۈك (مەنلىـك) ئېڭىنـى يېڭـىپ ۋە ئۇنىڭدىن ھالقىپ ئۆگلۈككە قاراپ يول ئېلىش لازىم؛

ئۈچىنچىـدىن، سـاددا ھالـدىكى ھېسسىياتپەرەسـلىك، سـەنئەتخۇمارلىقنى تاشلاپ، پاراسەتلىك ئەقلىي مىللەت، پەلسەپىۋى مىللەت ۋە ئىختىراۋىي مىللەت بولۇشقا قـاراپ يـۈرۈش قىلـىش كېـرەك. ھەممىـگە پەرۋاسـىز قارايـدىغان، يـاكى ھەممىـــدە ھىـــس-ھاياجـــان بىـــلەن ئىـــش كۆرۈدىغـــان قىزىققـــانلىق ۋە پاراسەتسـىزلىكتىن ئەمـدى قـول ئـۈزمەي بولمايـدۇ. بولۇپمـۇ، ئەدىب (قەلەمـدار) لىرىمىـز خەلقىنـىڭ ھېسسىياتپەرسـەلىكىگە جـۆر بولـۇپ ۋە ئۇنىڭـدىن پايـدىلىنىش

ئۇرنىغا تەمكىن ۋە ئاقىلانىلىك بىلەن تەپەككۇر قىلىپ، بىلىم بىلەن تويۇنغان، ئەقىل-پاراسەت بىلەن پاتلانغان زامانىدار ئىختىراۋىي پىكىر قىلىش ئارقىلىق خەلقنى تەربىيەلەش ۋە يېتەكلەشكە ماھىر بولۇشنى ئۇگۇنىۋېلىشى لازىم. ئۇنداق قىلالمىسا قىلالايدىغانلارغا ئورۇن بوشۇتۇشى كېرەك؛

تۆتۈنچىدىن، "ھازىرقى كۈندە بىر جاي، بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ ئۇمۇرۇتقىسىغا ئۇنىڭ تارىخى ئىزلىرى ئەمەس، شۇ جاي، شۇ مىللەتنىڭ پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرگەن نەخ ئۇتۇقلىرى ۋەكىللىك قىلىدۇ." [42] شۇڭا بىز ئەتىدىن كەچكىچە تارىختا يۇسۇپ خاسھاجىپ، مەھمۇد كاشغەرى، ئامانىساخان قاتارلىق بوۋا-مومىلىرىمىز ۋە ئۇلار قالدۇرغان كاتتا مىراسلىرىمىز بولغان دەپ ئېغىز تاتلىق ئېتىپ، ئۇ ئەجداتلارنىڭ تۆھپىسىنى ئىگىز ياستۇق قىلىپ يېتىۋەرسەك ئەمدى بولمايدۇ. ئوتتۇرا ئەسىردىكى بوۋىلىرىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق ، ئۇلار گەرچە شېئىر يازغاندەك، لوغەت تۈزگەندەك تۇرسىمۇ بۇ ئەسەرلەردە ئادىمىيەت ۋە تەبىئەت پەنلىرىنىڭ ھەممە تۈرلىرى جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، پۈتكۈل ئادىمىيەت ساھەسى ۋە ئاۋام ئارىسىدا ھەقىقىي مەنادىكى بىر مەيدان ئىلغار مەدەنىيەتنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇش ۋە راجلاندۇرۇش ھەركىتى قوزغاپ، ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق ئىلغار مەدەنىيەت مېۋىلىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق مىللىي مەدەنىيەتنى يەنىمۇ نۇرانە كېلەچەككە باشلاپ مېڭىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن بۆسۈش نۇقتىسىنى دەل بىر مەيدان چىن مەنىدىكى ئۆگىنىش ۋە تەپەككۇر ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىش لازىم. بولۇپمۇ ئۆگىنىش ۋە ئىجادىيەت ئىستىلىنى يەنىمۇ رۇسلاپ ئىلىم-پەن ئىشلىرىغا ئۆزىنى ئاتاش ۋە خالىس تۆھپە قوشۇش، سەممىي ئادەم بولۇپ، راستچىل-ئەمەلىيەتچىل ئەستايىدىل بولۇش، ھەق-نەق گەپ قىلىش، ئۆگىنىش بىلەن ئىجادىيەت ۋە پەننى ئومۇملاشتۇرۇشنى ئاڭلىق بىرلەشتۈرۈش؛ يېڭىلىق يارىتىش مەدەنىيىتىنى ئومۇملاشتۇرۇش، بىلىم ۋە بىلىملىكلەرنى قەدىرلەش، ئىجادىيەتكە، ئەمگەككە ھۆرمەت قىلىپ(بۇ يەردىكى ھۆرمەت چوقۇمكى، نوقۇل ھالدىكى ئەدەب يازغۇچى ۋە سەنئەتكارلارنىلا ئۇلۇغلاشنىلا كۆزدە تۇتماستىن بارلىقنى تەبىئى پەنغا بېغىشلاۋاتقان بىلىمكار، ئىلمىي سەنئەتكار ئىلىمدارلارنى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇلارنىڭ ئەمگەكلىرىنى قەدىرلەشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئومۇمىي خەلقنىڭ پەن-مەدەنىيەت ئېڭى ۋە ئىجادىيەت قۇدرىتىنى ھەقىقى ئاشۇرۇش كېرەك. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى،

“ئىلىم-پەننىڭ ئىنسانىيەتكە كۆرسەتكەن تەسىرى ئاستا ۋە تەدرىجىي بولىدۇ، بىراق، ئىلىم-پەن بەلگىلىك مەدەنىيەت ئاساسى ۋە ئىدراكىي روھقا ئىگە بولغاندىلا ئاندىن ھېس قىلغىلى بولىدىغان مەدەنىيەتتۇر.”[43] ئىلىم پەن ئىجادىيىتىدە ئىلىمىز ۋە دۇنيانىڭ ئىجادىيەت قەدىمى بىلەن«ئوخشاش ئورنىدا ئىلگىرلەش»[44] ئۈچۈن ئادىمىيەت ساھەسىدىكى ئىلىمدارلىرىمىز ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ «مەدەنىيەت چۈشەنچىسى»نى تېزدىن يېڭىلاپ، نوقۇل ھالدىكى ئەدەبىيات سەنئەت ۋە ئەلگە ئەمىلىي نەپ بېرەلمەيدىغان ياكى بىر توپ پەرۋانە كەبى ئىسنانلارنى تەربىلەيدىغان ۋە ياكى بولمىسا ئىلىم-پەن، ئەخلاقى - پەزىلەت ۋە پاراسەت بىلەن يۇغۇرۇلمىغان، ئەتىدىن كەچكىچە 7ياشتىن70ياشقىچە ھەممە كىشى‘ كۆيدۈم پىشتىم؛ دىككا-دىككاڭ’ دېگەندەك پاخال-ئەخلەت ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىنى ئىجاد قىلىۋەرمەستىن، خەلقنى مەنپەئەتلىك ئىلمىي زەرەتلەش كۈچىگە ئىگە نادىر ئەسەرلەرنى ئىجات قىلىشى ۋە ئومۇملاشتۇرۇشى؛ قۇرۇقتىن قۇرۇق سۆز ئويۇنلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن ئاۋارە بولىۋەرمەستىن كىشىلەرگە ئەقىل پاراسەت ئۆگىتىدىغان، ئىلىم-مەرىپەت ئىگەللەشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى تونۇتىدىغان، ئەل-ۋەتەننى يەنىمۇ قىزغىن سۆيۈپ، ئىدىيەۋىي ئۆملۈك ۋە دىل بىرلىكىگە يېتەكلەيدىغان، ئەقىلنى بىلەپ تەپەككۇرنى غىدىقلاپ ئىجادىيەت زېھنىنى ئاچىدىغان نادىر ئەسەرلەرنى ئىجات قىلىشى، تەشۋىق قىلىشى ۋە ئومۇملاشتۇرۇشى ئىنتايىن زۆرۈر. بۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ ئېڭىدا مەدەنىيەتنىڭ ھەممىسى شېئىر-قوشاق، ناخشا-ئۇسسۇللا بولماستىن، ئۇنىڭ ئۇلى ۋە جېنى ئىلىم-پەن، ئەقلىيلىق ۋە ئاڭلىقلىق ئۇنىڭغا ماياك دەيدىغان ئورتاق ئالى تونۇش، قەلبىگە پەن-تېخنىكا ئۆگۈنىش ئېڭى، ئىلىم ئىشتىياقى ۋە شۇنداق بىر ئوتنى سېلىپ قويۇش مەخسىتىگە يېتىلىسىلا كۇپايە. خەلقىمىزنىڭ ئەقلىي ئويغۇنىشى، ئىلىم-پەن ۋە ئەقىل-پاراسەت بىلەن يۇغۇرۇلغان ھەقىقى مەدەنىيەتلىك ئىختىراۋىي مىللەت يولىغا يۈرۈش قىلىشتا، ئادىمىيەت پەنلىرى ساھەسىدىكى ئىلىمدارلار، تەبىئەت پەنلىرى ساھەسىدىكىلەر ئورنىنى باسالمايدىغان ۋە باش تارتىپ بولمايدىغان مۇھىم تارىخىي ۋەزىپە، ۋىجدانى بۇرچ ھەم تەخىرسىز مەسئۇلىيەتنى ئۆز زىممىسىگە ئالغان بولۇپ، بۇ مەسئۇلىيەتنى نەمۇنىلىك بىلەن ئادا قىلمىسا دەۋر ۋە مىللەت مەدەنىيىتى ئالدىدا كۆچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولىدۇ.

ئۇندىن باشقا يەنە، ئىلمىي ھاۋانى ساپلاشتۇرۇش، چوڭ ئىلىم-پەن ئېڭى تۇرغۇزۇش ۋە ئىلىم ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇپ چىقىش، پەن-تەتقىقات ئىشلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش-ئۆلچەملەشتۈرۈش، تېرمىن -ئاتالغۇلار تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش، ئىجادىيەشۇناسلىق ۋە ئىقتىساسلىق(تالانتشۇناسلىق) تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش كېرەك. مۇمكىن بولسا زامان-ماكان ۋە پەن-كەسىپ ھالقىغان، ھەممىباپ خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىقتىساسلىقلار ئۆلچىمىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ھەر ساھە تالانت ئىگىلىرىگە كەڭ سەھنە ۋە پۇرسەت ھازىرلاپ، ئىقتىساسلىقلار ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە يەنىمۇ شانلىق تۆھپىلەرنى قوشۇش ئۈچۈن ھازىر بولۇش كېرەك!

---

## پايدىلانمىلار ۋە نەقىل مەنبەلىرى

[1] ئابدۇقادىر جالالىدىن:«مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنيا تەرتىپىنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى (ئۇيغۇرچىسىغا كىرىش سۆز) » [M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. ئۈرۈمچى، 2003-يىل نەشرى، 23-بەت ؛

[2]- [5]-[36]-[38]. زۇلپىقار بارات ئۆزباش: «ئۇيغۇرلاردا ئىجتىمائەت، ئادىمىيەت پەنلىرى مەسىلىسى»[J]. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2010-يىل4-سان 49-، 53-، 41-، 66-بەت

[3] غەيرەتجان ئوسمان بىلىكيار قاتارلىقلار: «ئەسىر بوسۇغۇسىدىكى ئەڭ زور ئىلىم-پەن ئالدامچىلىقى__ خۇاڭ يۈشى ۋەقەسى»[j].«شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر مۇنبىرى» 2008-يىل 5-سان، 33-37-بەت.

[4] لى چاۋيىڭ: «ساختا ئىلىم-پەن مەسىلىلىرى توغرىدا مۇنازىرە» [J]. «ئىلىم-پەن ۋە ئاتىزىم». 2007-يىل 5-سان، 31-29- بەت.

[6] غەرەتجان ئوسمان بىلىكار قاتارلىقلار: «خەنزۇ تىلىنى تېز ھەم ئۈگىنىشنىڭ نىگىزلىك تەجرىبە ۋە سىرلىق ھىكمەتلىرى» [M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،2004-يىل نەشرى.؛

[7]. I] http://ulinix.cn/about/tohpikar/korux_0011.htm].

[9] «دۇنيا دىن مەدەنىيتى» [2010.J]ـ يىل 4 ـ سانىغا قارالسۇن؛ [10] «بىلىم ـ كۆچ»[2009.J]ـ يىل، 12 ـ سان، 24 ـ بەتكە قارالسۇن؛
[11] «پەن ۋە تۇرمۇش»[2010 .J]ـ يىل.4 ـ ساننىڭ مۇقاۋىسىنىڭ ئىنگىلىزچىسىغا قارالسۇن؛
[12] ـ[13].«شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر مۇنبىرى» 2008 ـ يىل: 3 ـ ۋە 5 ـ سان ؛ 2010 ـ يىل:2 ـ ۋە 4 ـ سانىغا قارالسۇن؛
[14] ئەنۋەر تاش تۆمۈر:« ژورنال تەھرىرلىرىنىڭ دەۋر تۈيغۇسى»[J] «شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر مۇنبەرى»2007 ـ يىل.4 ـ سان.36 ـ 38بەت
[15] غەيرەتجان ئوسمان بىلىكار:« شىنجاڭنىڭ يېزائىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا» [C.4]ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ ياشلار ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى(شىخەنزە ئۇنۋېرسىتېتى ئۆتكۈزىلگەن) ئىلمىي(2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايون خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەبىئى پەنلەر بويىچە مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن) ماقالىلەر توپلىمى. 2 ـ توم. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، ئۈرۈمچى : 1190 ـ 1192بەت؛
[16]. غەرەتجان ئوسمان بىلىكار.شىنجاڭ يېزائىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا قايتا ئويلىنىش [C]. [R]. جۇڭگو يېزا ئىگىلىك ياشلار ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ۋە دوكتورلار مۇنبىرى (خەنكو)نىڭ مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالىسى. جۇڭگو ياشلار يېزا ئىگىلىك ئىلمىي دوكلاتى[M]. جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى. بېيجىڭ :2004 ـ يىل 11 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى، 401 ـ 407بەت؛
[17]. «ماركس تاللانما ئەسەرلىرى» (خەنزۇچە) 9 ـ جىلت [M]. بېيجىڭ:خەلق نەشرىياتى1971 ـ يىل نەشرى، 57 ـ 56 ـ بەت.
[18]. نەنجىڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى[2002.J]ـ يىل(25 ـ جىلت) 2 ـ سان، 72 ـ بەت؛
[19]ـ[21]ـ[32]ـ[31]ئېيىنشتېيىن ماقالىلىرىدىن تاللانما[M].(شۇلياڭىيىڭ تەرجىمىسى). سودا نەشرىياتى. 1979 ـ يىل. بېيجىڭ:182 ـ 183بەت؛
[20]. ماركس ئىنگىلس تاللانما ئەسەرلىرى (1 ـ توم) [M].بېيجىڭ: 1995 ـ يىل نەشرى، 56 ـ بەت؛
[22]. ئىلىم ـ پەن ۋە ئاتېزىم[2010.J]ـ يىل 3 ـ سان؛ 45 ـ 47بەت؛

[23]ـ[54]ـ[57].زۇلپىقار بارات ئۆزباش. ئۇيغۇرلاردا ئىجتىمائىيەت، ئادىمىيەت پەنلىرى مەسىلىسى[J].«شىنجاڭ مەدەنىيىتى». 2010ـ يىل4ـ سان، 54ـ56ـ، 41ـ 66ـ بەت؛
[24]ـ [27]. غەيرەتجان ئوسمان بىلىكيار.«ياشاش سەنئىتى يېڭى ئۇقۇم يېڭى قاراش» [J]. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبەرى»2009ـ يىل3ـ سان؛
[25]. Emile Durkheim. دىنى تۇرمۇشنىڭ ئاساسى شەكلى[M]. شاڭخەي خەلق نەشرىياتى.1999ـ يىل،11ـ ئاي،1ـ نەشرى.1ـ جىلىت؛
[26]. ئاببا‌س مۇنىياز تۇركىيقان. خاراباتى نەزرىدە ئىلىم ۋە ئالىم [J].شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبەر. 2010ـ يىل 2ـ سان،31ـ38بەت؛
[28]. Richahard G. Olson.ئىلىم-پەن ۋە دىن:كوپېرنىكتىن دارۋىنغىچە [M].سىندوك خەلق نەشرىياتى.جىنەن:2009ـ يىل1ـ ئاي،1ـ نەشرى؛
[29].گاۋ چاڭجياڭ. ئەل ئارىسىدىكى ئېتىقاد:ئىجتىمائىي ئىناقلىقنىڭ مەدەنىيەت كاپىتالى[J]. دۇنيا دىن مەدەنىيىتى.2010ـ يىل3ـ سان.115ـ 124بەت؛
[30]ـ[33]ـ [53].ئەن لۇن. ئىدراكى ئېتىقاد يولى[M]. شاڭخەي شۆلىن نەشرىياتى. شاڭخەي. 2009ـ يىل9ـ ئاي،1ـ نەشرى:1ـ7ۋە10ـ19بەت؛
[34]. ليۇ پېڭ.بۈگۈنكى دەۋردىكى ئامېرىكىدا دىن [M].جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى:بېيجىڭ.2001ـ يىل نەشرى، 326ـ بەت؛
[35].ليۇ ۋاڭشياڭ.ئامېرىكىدىكى دىنلارنىڭ چوڭقۇر مەنبەسى ۋە كۆپلىگەن دىنلارنىڭ ئىناق بىرگە تۇرۇش سەۋەبلىرى توغرىسىدا تەھلىل[J]. دۇنيا دىن مەدەنىيىتى.2010ـ يىل 4ـ سان؛43ـ54ـ بەت؛
[37].«ئىدىيە-ئەخلاق»(تولۇقسىز7ـ يىللىق1ـ قىسىم) [M].شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى. 2010ـ يىل 6ـ ئاي، 1ـ نەشرى، 21ـ بەتكە قارالسۇن؛
[39].ئەركىن ئىھساق ئوغۇزغان.تىل كىيكەچلىكى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقى [J]. شىنجاڭ مەدەنىيىتى2010ـ يىل .2ـ سان 2ـ19بەت؛
[40]. يۈسۈپ يۈسىنىن قەقنۇس. ئوگۇۋادۇر تەلىماتى:3ـ باپ تارىخى ئىبرەت[J].«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى». 2009ـ يىل1ـ سان:30ـ 52بەت ؛
[41].تەبىئەر ۋە ئادەم[2005.[J]ـ يىل1ـ2ـ (قوشما) سان.6ـ بەت؛

[42]ـ[43]ـ[44]. ئىسلامجان شىرىپ بەشكېرەمى .ئالىمنىڭ ئىجادىيەت ئېڭى ۋە ئۇنىڭ بىزگە بەرگەن ئىلھامى [J]. شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر مۇنبىرى.2005ـ يىل 3ـ سان86ـ بەت. قالدىلىرى قىسقارتىلدى.

پايدىلانمىغا ئىزاھات: تۆۋەندىكى بەلگۈلەر پايدىلانغان مەنبەلەرنىڭ تۈرى ۋە قايىسى خىل مەتبوئات ياكى ئاخبارات ۋاستىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: [M] كىتاب؛ [J] ژورنال؛ [C]ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى؛ [N] گېزت؛ [R] دوكىلات ۋە لىكسىيە؛ [TV] تېلىۋېزور؛ [I] ئىنتېرنېت تورى دېگەننى بىلدۈرىدۇ. (ئىلمىي ژورناللاردا ئورتاق قوللىنىۋاتقان ئۆلچەم). ئۇندىن باشقا بىۋاستە نەقىل، يېڭى ئىجات قىلىنغان ياكى خاس ئاتالغۇلار مەنبەسىنىڭ سول تەرەپ ئۈستىگە دۆگىلەك ئىچىدىكى ئەرەب رەقىمى، پايدىلانغان ـ ستاتا ئالغان مەنبەنىڭ سول تەرەپ ئۈستىگە چوڭ تىرناق ئىچىدىكى ئەرەب رەقىمى بىلەن پەرقلەندۈرۈۋېپ، شۇ ئاساستا نەقىل ياكى مەنبەسى ئەسكەرتىلىدۇ.

# تارىختا بېيجىڭدە ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار توغرىسىدا

مۇھەممەدتۇرسۇن ئابدۇكېرىم يۈكسەل

بېيجىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ سەلتەنەتلىك، گۈزەل پايتەختى، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ گۈللىنىش، راۋاجلىنىش ۋە بۈگۈنكىدەك دۇنياۋى مەدەنىيەتلىك تارىخي شەھەرگە ئايلىنىش جەريانىدا، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭمۇ ئۆچمەس تارىخي تۆھپىسى بار.

بېيجىڭ شەھىرى مىلادىدىن بۇرۇنقى 221-يىلى چىن شىخۇاڭ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن تارتىپ، مىلادى 937-يىلىغىچە باشتىن-ئاخىر شىمالىي جۇڭگودىكى مۇھىم شەھەر ۋە يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ باش شەھىرى بولۇپ كەلگەن. مىلادى 938-يىلى شىمالىي جۇڭگوغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان لياۋ (قىتان) سۇلالىسى بېيجىڭ شەھىرىنى يانداش پايتەخت قىلغان. كېيىن جىن (ئالتان)، يۈەن، مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى بېيجىڭ شەھىرىنى ئىلگىر-ئاخىر بولۇپ 650 يىل پايتەخت قىلغان. 1949-يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بېيجىڭ شەھىرى يېڭى جۇڭگونىڭ پايتەختى بولدى. بۇ شەھەردە دۇنياغا مەشھۇر گۇگۇڭ (خان سارىيى)، تيەنتەن (كۆكئىلاھ سۇپىسى)، بېيخەي باغچىسى، يىخيۈەن باغچىسى، جىڭشەن باغچىسى، سەددىچىن مەنزىرەگاھى، 13 قەبرىگاھ (مىڭ سۇلالىسى خانلىرى قەبرىگاھى) قاتارلىق دۇنياغا مەشھۇر تارىخي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بار. بېيجىڭ شەھىرىنىڭ شانۇ-شەۋكەتلىك تارىخى-جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ نەچچە ئەسىرلىك جاپا-مۇشەققەتلىك مېھنىتىنىڭ يارقىن-نامايەندىسىدۇر. ۋاھالەنكى، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا ئۇيغۇرلارمۇ مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇلار بېيجىڭ شەھىرىنى قايتا قۇرۇش، كېڭەيتىش، گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىغا قاتناشقاندىن

باشقا يەنە، ئەينى زامان ھاكىمىيەتلىرىگە ياردەملىشىپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىشلىرىغىمۇ ئىشتىراك قىلغان.

• موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىق قىلغان يۈەن سۇلالىسى (1206 ـ 1368) دەۋرىدە، تۇرپاندىكى ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ خانى بارچۇق ئارت تېكىن 1209 ـ يىلى تەشەببۇسكارلىق بىلەن چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلغانلىقتىن، شىنجاڭنىڭ باشقا رايونلىرىغا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا رايونلىرىغا قارىغاندا، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەينى دەۋردىكى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى خانبالىق (بېيجىڭ) گە بېرىش ۋاقتى خېلى بۇرۇن باشلانغان. قەشقەرىيە رايونىدىن بولسا، چىڭگىزخاننىڭ سانغۇنى جەبەنۇيان 1218 ـ يىلى بۇ رايوننى ئىستىلا قىلغاندىن كېيىن باشلانغان. دېمەك، بۇ دەۋردە يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى ئىزچىل تۈردە شىنجاڭدىن تۈركۈملەپ نۇرغۇن ئۇيغۇر يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىنى بېيجىڭگە يۆتكەپ، كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ، دۆلەتنىڭ مەمۇرىي، ھەربىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى خىزمەتلەرگە قاتناشتۇرغان. ئەينى دەۋردە بۇلاردىن بىناكار ئەختەرىدىن 1268 ـ يىلى يۈەن سۇلالىسى پادىشاھى قۇبلاينىڭ پەرمانىغا بىنائەن، موڭغۇللارنىڭ دەسلەپكى ھۆجۇمىدا ۋەيران قىلىۋېتىلگەن قەدىمكى بېيجىڭ شەھىرىنى قايتا لايىھەلەش، كېڭەيتىپ قۇرۇش خان ئوردىسىنى ياساش ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلغان. دىپلومات ئۇقمىش تۆت قېتىم يىراق ئوكيانغا سەپەر قىلىپ، دېڭىز قاتناش تارىخىدا شانلىق سەھىپە ياراتقان. ھازىرقى ھىندىستان، سىرىلانكا قاتارلىق ئەللەرگە ئەلچى بولۇپ بېرىپ، نۇرغۇن خىزمەت كۆرسەتكەن. ئۇيغۇر ئالىمى چۇس كىخودزىر يۈەن سۇلالىسى پادىشاھى قوبلاينىڭ، دۆلەت ئۇستازى بولغان. ئۇ ئۇيغۇر ئالىمى تاتاتۇڭا چىڭگىزخان دەۋرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا ئىجاد قىلغان «كونا موڭغۇل يېزىقى» نى سىستېمىلىق ئىسلاھ قىلىپ، موڭغۇل تىل ـ تاۋۇشىنى تېخىمۇ توغرا ئىپادىلىگىلى بولىدىغان «يېڭى موڭغۇل يېزىقى» نى شەكىللەندۈرگەن. ئۇ تۈزگەن «موڭغۇل ئېلىپبەسى» موڭغۇل مىللىتىنىڭ يېزىق تارىخىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. سەركەردىلەردىن ئىلقايا، مىڭسۇسى، مىڭسەرس، قارايىغاچ بۇيرۇق قاتارلىقلار جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى يوقىتىش، ئوتتۇرا ئاسىيا، ياۋروپا، غەربىي ئاسىيا رايونلىرىغا ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىدە چوڭ رول ئوينىغان. ئەنزاڭ، ئوردۇتېكىن، ئەنسارى قاتارلىقلار جۇڭگو كلاسسىك ئەدەبىياتى، كۈڭزى ئەھكاملىرى ۋە تىبەت تىلىدىكى بۇددا

نوملىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. بىيەنلۇ، لىيەنشىڭۇاڭ، لۇلۇ، شىسەن، ۋىن يىناشىل قاتارلىقلار رەسساملىق ھەققىدە مۇتالىيە، ئالتۇن خەتلىك بۇددا نوم، كلاسسىك قامۇسنامە قاتارلىق كىتابلارنى يازغان. شۇ دەۋردە، لياۋ (قىتان) سۇلالىسى تارىخى، چىن دۆلىتى تارىخى، سۇڭ سۇلالىسى تارىخى قاتارلىق نادىر تارىخنامىلەرنى تۈزۈشكە ئۇيغۇر ئالىملارمۇ قاتناشقان. مالىيە-ئىقتىساد مۇتەخەسسىسلىرىدىن ئەھمەت، ساڭگى قاتارلىقلار يۈەن سۇلالىسىنىڭ مالىيىسىنى تەرتىپكە سېلىش، ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشلىرىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان. بۇلاردىن باشقا، رابىن سائۇما، نەسىردىن، شەمسىدىن، سەئىدۇللا، توقلان، شى شى، شۆ چاڭغۇ، ما زۇچاڭ، گۈەن يۈنشى قايا، كۇكۇن، لىيەن شىشەن، سارابان، ئارىق قايا، يۈلۈن تۆمۈر، سۇجىس، شىيبان، يۇچۇرۇچ قايا، نىزەر، چاقاي، سادمىش، قۇسقۇي قاتارلىق نۇرغۇن ئۇيغۇر سەركەردىلەر، دىپلوماتلار، مائارىپشۇناسلار، تىلماچلار، يازغۇچىلار، شائىرلار، رەسساملار، ئەمچىلەر يۈەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى خانبالىق (بېيجىڭ) دا ئولتۇراقلىشىپ، خانلىق ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. بېيجىڭدىكى ھازىرقى ۋېيگوڭسۈن (畏公村) شۇ دەۋردە شەكىللەنگەن مەھەللە-كوچىلارنىڭ بىرى ئىدى. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە بېيجىڭدە ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار توغرىسىدا تارىخىي خاتىرىلەردە، نەچچە ئون مىڭغا يېتىدىغانلىقى، زور كۆپچىلىكىنىڭ تۇرپان، بەشبالىق رايونلىرىدىن بارغانلىقى خاتىرىلەنگەن. ئۇلار ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەر داۋامىدا بېيجىڭ شەھىرىدىكى يەرلىك ئاھالىلەرگە ئۆزلىشىپ سىڭىشىپ كەتكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ئاساسەن ساقلاپ قالالمىغان.

مانجۇلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەنچىڭ سۇلالىسى (1911-1644) دەۋرىدە، مەنچىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈش، مۇستەھكەملەش ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش كۈرەشلىرىدە، كۆرۈنەرلىك خىزمەت كۆرسەتكەن ھەر مىللەت يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىنى بېيجىڭ شەھىرىگە ئەكىلىپ، يۇقىرى مەرتىۋە، مەنسەپ بېرىپ، ئالىي تەمىناتتىن بەھرىمەن قىلىپ، ئۇلارنى ئاسرىغان، ئەتىۋارلىغان. چىڭ سۇلالىسى 1759-يىلى شىمالىي شىنجاڭدىكى جۇڭغارلارنى مەغلۇب قىلىپ، 1680-يىلىدىن باشلاپ جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھامىيلىقىدا تۇرۇۋاتقان ماڭلاي سۆيە (جەنۇبىي شىنجاڭ) رايونىدىكى چوڭ-كىچىك خوجىلارنىڭ تويلىگىنى باستۇرۇپ، شىنجاڭنى پۈتۈنلەي چىڭ

سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دائىرىسىگە كىرگۈزگەندىن باشلاپ، بىر تۈركۈم ئۇيغۇر يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىنى كەينى-كەينىدىن بېيجىڭگە كۆچۈرۈپ ئەكىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان. بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتنى باشلاشتىن بۇرۇن، مۇشۇ ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغان سەل ئاۋۋالقى تارىخىي ۋەقەنى قىسقىچە ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ:

1635-يىلى جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ سەردارى باتۇر خۇڭتەيجى شىمالىي شىنجاڭدىكى ئويرات قەبىلىلىرى (جۇڭغار، خۇشۇت، دۇربۇت، تۇرغۇت) نى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھازىرقى قۇبۇقسارنى پايتەخت قىلغان جۇڭغار خانلىقىنى قۇردى. باتۇرخۇڭتەيجى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرىدە، جۇڭغار خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى شەرقتە ئالتاي تاغلىرىدىن غەربتە بالقاش كۆلىگىچە، جەنۇبتا تەڭرى تاغلىرىدىن شىمالدا يېنىسەي دەرياسى ۋە ئىمىل دەرياسىغىچە بولغان كەڭ رايونلارغا كېڭەيدى. ئۇ يالغۇز ھازىرقى شىمالىي شىنجاڭ رايونىدىلا ئەمەس، بەلكى، چىڭخەيدىكى موڭغۇل قەبىلىلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۈچيۈز (چوڭ يۈز، ئوتتۇرا يۈز، كىچىك يۈز) قازاقلىرى ۋە قىرغىزلارنىمۇ ئۆزلىرىگە ئولپان تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. باتۇر خۇڭتەيجى 1640-يىلى ھازىرقى تارباغاتايدا ئويرات ۋە خالخا موڭغۇللىرىنىڭ 27 قەبىلە سەردارلىرى قاتناشقان قۇرۇلتاي چاقىرىپ، يېڭى موڭغۇل ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلدى. قۇرۇلتايدا ئويرات موڭغۇل ياسىقى نى ماقۇللاپ، بۇ ئارقىلىق جۇڭغار خانلىقىنىڭ سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇردى. باتۇر خۇڭتەيجى 1647-يىلى 11-ئايدا، خانبالىق (ھازىرقى بېيجىڭ) قا ئەلچى ئەۋەتىپ، مەنچىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 1673-يىلى غالدان جۇڭغار خانلىقىنىڭ خانى بولدى. ئۇ 1677-يىلى چىڭخەيگە ھۇجۇم قىلىپ، خۇشۇت قەبىلىسىنى بويسۇندۇردى. 1717-يىلى تىبەت (شىزاڭ) كە ھۇجۇم قىلىپ، لىخاسانى بېسىۋېلىپ، تىبەتنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان خۇشۇت قەبىلىسىنىڭ سەردارى لاساڭ خاننى ئۆلتۈرۈپ، خۇشۇت قەبىلىسىنىڭ 1642-يىلدىن باشلاپ، تىبەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىش تارىخىغا خاتىمە بېرىپ، تىبەت رايونىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى دائىرىسىگە كىرگۈزدى. شۇنىڭدىن 41 يىل بۇرۇن يەنى 1680-يىلى غالدان يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى ئىسمايىلخان تەرىپىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان ئاق تەقىيلىق ئىشانلارنىڭ خوجىسى ھىدايىتىللا (ئاپپاق خوجا) نىڭ ئىلتىجا قىلىشى

ۋە يول باشلىشى بىلەن يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنى (1514ـ1680) يوقىتىپ، پۈتكۈل ماڭلاي سۆيە (جەنۇبىي شىنجاڭ) رايونىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا قوشۇۋالغانىدى. دېمەك، جۇڭغار خانلىقى بۇ ۋاقىتتا كەلگەندە خېلى كۈچىيىپ، كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشى قوزغاشقاباشلىدى. جۇڭغار خانى غالدان 1670ـيىلىدىن 1696ـيىلىغىچە مەنچىڭ سۇلالىسىغا قارشى ئۈزلۈكسىز ئۇرۇش قوزغاپ، مەنچىڭ سۇلالىسىغا خىرىس قىلدى. مەنچىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى كاڭشى ئۆزى بىۋاسىتە ئىككى قېتىم قوشۇن باشلاپ چىقىپ، جۇڭغار خانى غالدان قوشۇنلىرىنى مەغلۇب قىلدى. غالدان ھازىرقى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىدىكى ئۇرخۇن دەرياسىنىڭ تارمىقى ئېمىل دەرياسى بويىدا زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالدى. شۇنىڭ بىلەن مەنچىڭ سۇلالىسى قوشۇنى جۇڭغار قوشۇنىغا قوغلاپ زەربە بېرىپ، ئۇلارنى شىمالىي شىنجاڭ رايونىغا چېكىندۈرۈۋەتتى. 1697ـيىلى سىۋاڭ ئاراپدان ئالمالىقتا ئۆزىنى جۇڭغار خانلىقىنىڭ خانى دەپ جاكارلاپ، مەنچىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

1754ـيىلى داباچى جۇڭغار خانلىقىغا خان بولدى. شۇ يىلى دوربۇت قەبىلىسىنىڭ سەردارى ئامۇرسانا چىڭ سۇلالىسىغا ئەل بولدى. پادىشاھ چيەنلۇڭ چېگىدېيدىكى يازلىق ئوردىسىدا ئامۇرسانانى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ۋاڭلىق ئۇنۋانىنى بەردى. 1755ـيىلى جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھوقۇق تالىشىش ماجىراسى يۈز بەردى. بۇ مەنچىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشى ئۈچۈن پايدىلىق پۇرسەت بولدى. 1755ـيىلى مەنچىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قۇمۇل ۋە باركۆلدىكى لەشكىرى بازىلىرىدىن يولغا چىقىپ، موڭغۇلكۈرەدىكى گەدەن تېغىدا جۇڭغار قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى. داباچى قېچىپ ئۇچتۇرپانغا كەلگەندە، ئۇچتۇرپاننىڭ ھاكىمبېگى غوجەش ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، ئىلىدىكى مەنچىڭ قوشۇنىغا تاپشۇرۇپ بەردى. مەنچىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى داباچىنىڭ ئورنىغا خان تەسىس قىلماي، جۇڭغارلارنىڭ تۆت قەبىلىسىگە ئايرىم-ئايرىم ھالدا تۆت خان قويدى. ئامۇرسانانى بولسا چەتتە قالدۇردى. بۇنىڭدىن نارازى بولغان ئامۇرسانا 1755ـيىلى 9ـئايدا ئاشكارا ھالدا قوشۇن باشلاپ چىقىپ، مەنچىڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈردى. مەنچىڭ سۇلالىسى قوشۇنى 1757ـيىلى 2ـئايدىن 8ـئايغىچە جۇڭغار قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، جۇڭغار خانلىقىنى پۈتۈنلەي يوقاتتى. ئامۇرسانا روسىيە تەۋەسىگە قېچىپ بېرىپ چېچەك كېسىلى بىلەن ئۆلدى. شۇنىڭ بىلەن مەنچىڭ

سۇلالىسى نەزەرىنى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا قاراتتى. بۇ چاغدا، جۇڭغار خانلىقىدا تۇرغاقلىقتا تۇرۇۋاتقان بورھانىدىن خوجا بىلەن خان خوجا مەنچىڭ قوشۇنى تەرىپىدىن ئازات قىلىنىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا ئەۋەتىلگەنىدى. يەنە كېلىپ بۇرھانىدىن خوجا جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا ھۆكۈمدار قىلىپ ئەۋەتىلگەنىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا بۇرھانىدىن خوجا بىلەن خان خوجا كۇچادا ئىسيان كۆتۈردى، 1758 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، خان خوجا كۇچادا ئۆزىنى باتۇرخان دەپ جاكارلاپ، ئىلاھىيەت بىلەن ھاكىمىيەت بىرلەشتۈرۈلگەن باتۇرخانلىقنى قۇردى. جۇغلىغان ئىسيانچى قوشۇنى 100 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. بۇ ـ جۇڭگوتارىخىدا چوڭ ـ كىچىك خوجىلار توپىلىڭى دەپ ئاتالدى. 1758 ـ يىلى 8 ـ ئايدا جاۋخۇي باش قوماندانلىقىدىكى مەنچىڭ قوشۇنى چوڭ ـ كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭغا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قىلدى. 1759 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى چوڭ ـ كىچىك خوجىلار ئۇزۇل ـ كېسىل مەغلۇب بولدى. بورھانىدىن خوجا بىلەن خان خوجا 300 دىن ئارتۇق ئادىمىنى باشلاپ پامىردىكى يېشىلكۆل ئارقىلىق بەدەخشانغا قېچىپ بارغاندا، بەدەخشان بەگلىكىنىڭ ئەمىرى مۇزەپپەر سۇلتانشاھ بورھانىدىن خوجا بىلەن خان خوجىنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ بېشىنى مەنچىڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن مەنچىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى ئۇزۇل ـ كېسىل ئۆز ھۆكۈمرانلىقى دائىرىسىگە كىرگۈزۈش تارىخى ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇندىدى. قۇمۇلنىڭ سەردارى يۈسۈپ خوجا، تۇرپاننىڭ سەردارى ئېمىن خوجا، كۇچانىڭ ھاكىمبېگى مىرزاھادى، باينىڭ ھاكىمبېگى گادايمەت، ئۈچتۇرپاننىڭ ھاكىمبېگى غۇجەش، يەكەننىڭ ھاكىمبېگى ھۇسۇيىن، خوتەننىڭ ھاكىمبېگى قوشۇق قاتارلىق يەرلىك ئەمەلدار ـ بەگلەر ۋە يۇقىرى تەبىقە دىنىي زاتلار مەنچىڭ سۇلالىسىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش ئۇرۇشلىرىدا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى. مەنچىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇلارغا يۈكسەك شان ـ شۆھرەت بەردى. پادىشاھ چيەنلۇڭ ئېمىن خوجا، مىرزاھادى، غوجەش قاتارلىق ئۈچ كىشىنىڭ رەسىمىنى سىزدۇرۇپ، خان ئوردىسىدىكى زىنگۇاڭگې سارىيىغا ئاستۇردى ھەم ئۆزى بۇ ئۈچ كىشىگە ئاتاپ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بېغىشلىما يازدى:

جەمەتىكى تۇرپاندىن، بۇرۇنلا توغرا يول تاپقان،

ھەربىي ئىشقا ھەمدەم بوپ، كۆپلىگەن ھەسسە-كۈچ قوشقان.
ھال-ئەھۋالى ئۇيغۇرنىڭ بىر ئوبدانلا تونۇش ئاڭا،
تۆكەر ئىچىدىكىنى، ساپ ۋىجدانلىق، قەتئىي راسا.
(ئىمىن خوجىغا بېغىشلانغان.)

توغرا يول تاپقانىدى ئۇ، ئېلى تىنچىغان ھامان، •
ھەم سۇلالىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلغان شۇندىن بۇيان.
ئۇيغۇر ئىچىدە كۆرۈنەرلىك، كۆڭلى تۈز ئەرباپ ئۆزى، •
ئەل قىلىش ئۈچۈن خوتەننى، يولغا ئۇ بولغان راۋان.
قالدى قورشاۋ ئىچىدە ئۈچ ئاي شۇندا گابۇشۇ بىلەن، •
ئىستىھكام ياساشتا غەيرىتى يۈكسەك بولغان.
(مىرزاھادىغا بېغىشلانغان.)

داباجىنى تۇتۇپ بىرىپ، بىجا قىلغانىدى پەرماننى، •
تىگىرقاپ قىلىپ كىيىن بىزنىڭ قوشۇننى قارشى ئالغانىدى.
قوشۇنىمىز بىلەن بىللە قارا سۇدا قامالغان ھەم، •
ئۇنىڭ ئابرۇيى بار يۈكسەك، ھازىر پايتەختتە جاي ئالدى.
(غوجەشكە بېغىشلانغان. )

(لىيۇزشاۋ : ئۇيغۇر تارىخى خەنزۇچە، 1-قىسىم 510-بەت.) تارىخچى ئالىم موللا مۇسا سايرامى تارىخى ھەمىدىدە بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ : خاقان بۇ ئالتە جان بەگنىڭ (مىرزاھادى قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئاپتور) سۈرىتىنى قىلدۇرۇپ، ئۇششاق تالدا بىر كاتتا بۇتخانا بىنا قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سۈرەتلىرىنى قويدۇرۇپ: بۇ بەگلەرنى يەتتە شەھەرنىڭ ئىگىسى، تەربىيىگەردارى ۋە ساقلىغۇچىسى قىلىپ مەنسەپ بەردىم. بۇنىڭدىن كىيىن، يەتتە شەھەرگە ئۆتكەن مەنسەپدارلار بۇ بەگلەرنى يوقلاپ ئۆتسۇن دەپ يارلىق قىلغانىكەن ... ھەر قانداق مەنسەپدار ياكى سودىگەر-مەيمەيچىلەر بېيجىڭ تەرەپتىن كېلىپ بۇ بۇتخانا بار مەنزىلگە يەتكەندە، ھامان ئاتتىن چۈشۈپ ياكى قونۇپ، ئۆز ئادەت-رەسمى بويىچە قەغەزلەرنى كۆيدۈرۈپ ۋە بىر نەچچە قېتىم باش ئۇرۇپ، بۇ سۈرەت-بۇتلاردىن مەدەت-ياردەم تىلەپ، ئاندىن ئۆتىدىكەن ... بۇ بۇتخانىنى

ئۇلـۇغ ئـۆي دەپ ئاتايـدىكەن. بـۇ بەگلەرنـىڭ ئەۋلادىمـۇ «بىـزلەر ئۇلـۇغ ئـۆي ئادەملىرىنىڭ ئەۋلادىدىن بولىمىز «دەپ پەخىرلىنىپ ماختىنىدىكەن. (موللا مۇسا سايرامى: تارىخىي ھەمىدى، 146 ـ بەت.)

1759 ـ يىلى مەنچىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلارنىڭ توپىلىڭىنى ۋە چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنىـڭ تـوپىلىڭىنى مەغلـۇب قىلىـپ، شـىنجاڭنى ئـۆز ھاكىمىيىتىنىـڭ ھۆكـۈمرانلىقى ئاسـتىغا ئالغانـدىن كېيىن، بۆلۈنمىچىلىـك ھەرىكەتلىـرىگە زەربە بېرىشكە باشتىن ـ ئاخىر يۈكسەك دەرىجىـدە ئەھمىيەت بەردى. 1765 ـ يىلىـدىكى ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭى، 1815 ـ يىلىدىكى زىياۋۇدىن تـوپىلىڭى، 1828 ـ يىلىـدىكى جاھانگىر خوجا توپىلىڭى، 1830 ـ يىلىـدىكى يۇسۇپ خوجا تـوپىلىڭى، 1847 ـ يىلىدىكى • يەتتە خوجا تـوپىلىڭى،1857 ـ يىلىـدىكى ۋەلىخان تـۆرە تـوپىلىڭى، 1865 ـ يىلىدىكى ياقۇببەگ يېغىلىقى قاتارلىق دۆلەتنىڭ بىـرلىكىگە ئېغىـر خەۋپ يەتكـۈزگەن ۋەقەلەرنـى تىنچىـتىش جەريانـىدا، دۆلەتنىـڭ بىرلىكىنـى قوغـداش، شـىنجاڭنى ۋەتەن قوينىـدىن ئايرىـپ چىقىشـقا قارشـى تـۇرۇش ئۇرۇشـلىرىدا كۆرۈنەرلىـك خىـزمەت كۆرسـەتكەن يەرلىـك ئۇيغـۇر بەگ ـ ئەمەلـدارلارغا يـۇقىرى شـان ـ شـەرەپ بەردى. بولۇپمـۇ جاھـانگىر خوجـا تـوپىلىڭىنى تىنچىـتىش ۋە ياقۇپبەگ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئاشـۇ تـارىخىي دەۋردىكـى خەۋپ بىرقەدەر زور بولغان كەسكىن كۈرەشلەردە، تۆھپىسى كۆرۈنەرلىـك بولغـان بىـر تۈركۈم ئۇيغۇر يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىگە يۇقىرى شان ـ شەرەپ بېرىـپ، ئـۇلارنى ئەتىۋارلىدى، بېيجىڭگە كۆچۈرۈپ كېلىپ، يۇقىرى تەمىناتتىن بەھرىمەن قىلدى. 1828 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى مەنچىـڭ پادىشاھى داۋگـۇاڭ جاھـانگىر خوجا توپىلىڭى نى تىنچىتىشتا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسـەتكەن 40 كىشـىنىڭ رەسـىمىنى جۇڭنەنخەيـدىكى زىگـۇاڭگې زالىغـا سىزىشـنى بۇيرىـدى. (قەشـقەر ۋىلايىتـى تەزكىرىسى. 86 ـ بەت) بۇلارنىـڭ زوركـۆپچىلىكى ئۇيغـۇر بەگ ئەمەلـدارلار ئىـدى. مەنچىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىـڭ جەنـۇبىي شـىنجاڭنى ۋەتەن قوينىغا قـايتۇرۇپ كـېلىش كۈرەشـلىرىدە، خىـزمەت كۆرسـەتكەن، تەسلىم بولغـان يـۇقىرى تەبىقە ئۇيغـۇر كىشـىلىرىنى، شـۇنىڭ بىـلەن بىـرگە، بىـر تۈركـۈم قـول ھـۈنەرۋەن، سـەنئەتچىلەرنى تۈركـۈمگە بۆلـۈپ، بېيجىـڭ شـەھرىگە ئەكىلىـپ ئورۇنلاشتۇرغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق تارىخىي خاتىرىلەر بار:

چيەنلۇڭنىـڭ 24 ـ يىلـى 12 ـ ئاينىـڭ 10 ـ كـۈنى (1760 ـ يىلـى 1 ـ ئاينىـڭ 27 ـ كـۈنى) گەنسـۇنىڭ تەپتىشـى ۋۇداشـەن مۇشـۇ ئىـش توغرىسـىدا پادىشـاھ

چىيەنلۇڭغا يازغان مەخسۇس مەلۇماتنامە ھازىرمۇ جۇڭگو بىرىنچى تارىخ ئارخىپلىرى ئىدارىسىدا ساقلانماقتا. بۇ مەلۇماتنامىدە مۇنداق دېيىلگەن: بۇ يىل 12-ئاينىڭ 5-كۈنى جىلىڭ ۋە ئۈلارنىڭ داققالچىسى سۇجۇغا يالاپ ئىلىپ كەلگەن ئاسىيلار باشلىقىدىن كاللىسى ئېلىنغان خوجا جاھاننىڭ ئائىلە تەۋەسى ۋە ئۇرۇق-جەمەتى بولۇپ 14 كىشى، بىللە كەلگەن ئايال تۆت كىشى، جەمئىي 18 كىشىنى شۇئان يول خېتى تارقىتىپ بېرىپ، يول ئۈستىدىكى جايلارغا ئۇقتۇرۇپ، يالاپ-مۇھاپىزەت قىلىپ ئاپىرىش ئۈچۈن ئىككى نەپەر ئەمەلدار، بىر چەنزۇڭ، بىر بازۇڭ بىلەن 10 دىن ئەسكەر، خىزمەتچى بەلگىلەپ، 12-ئاينىڭ 6-كۈنى سۇجۇدىن بېيجىڭغا يولغا سالدىم. جۇنجىچۇ (قارا دىۋان) مەلۇماتلىرى، مىللەتلەر تۈرى، 2001-جىلد. چىيەنلۇڭنىڭ 26-يىلى (1671-يىلى) شىنجۇ، ئىمىن خوجىلارنىڭ مەلۇماتىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن چىيەنلۇڭنىڭ يارلىقىدا بۇ ئەھۋال تېخىمۇ ئېنىق ئېيتىلغان. ئەسلى مەلۇمات مۇنداق : يارلىققا بىنائەن شۇنى مەلۇم قىلىمىزكى، چىيەنلۇڭنىڭ 26-يىلى 4-ئاينىڭ 71-كۈنى، قارا دىۋاننىڭ ئەۋەتكەن خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق. بۇنىڭدا خاننىڭ 3-ئاينىڭ 5-كۈنىدىكى يارلىقى يەتكۈزۈلۈپ: خەيمىڭنىڭ يازغان مەلۇماتىدا چوڭ خوجا بۇرھانىدىننىڭ خوتۇنى ئايشە ئاغچىدىن تۇغۇلغان ئوغلى سامساقنى ۋە سامساقنىڭ ئىنىكئانىسى ئۇيغۇرئەختەر بۇبى ھەم سامساقنى باققان ئۇيغۇر پولات سوپىنى بىرلىكتە بېيجىڭغا يولغا سالدۇق، دەپتۇ. چوڭ خوجا بۇرھانىدىننىڭ ئوغلى سامساق گۆدەك بالا تۇرسا، ئۇنىڭ قانداقمۇ جىنايىتى بولسۇن؟ بېيجىڭغا ئەۋەتىلگەن بولسا، پەقەت بېقىپ ئۆستۈرۈلىدۇ، ھېچقانداق جىنايەت ئارتىلمايدۇ. پولات سوپى ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى خوجايىنىنى ياد ئېتىپ سامساقنى باققانىكەن، ئۇنى كەچۈرۈشكە بولاتتى. بېيجىڭغا ئەۋەتىلگەندىمۇ، ئۇنىڭغا جىنايەت ئارتىلمايدۇ. پەقەت ئورۇنلاشتۇرۇپ بېقىلىدۇ، خالاس. بۇنى يۈڭگۈي، شىنجۇ، خەيمىڭلارغا يەتكۈزۈڭلار، ئۇلار بۇ يارلىقتىن پۈتۈن ئۇيغۇرلارنى خەۋەردار قىلسۇن دېيىلگەن.

چىيەنلۇڭنىڭ25-يىلى 3-ئاينىڭ 17-كۈنى (1760-يىلى 5-ئاينىڭ 2-كۈنى) چىيەنلۇڭ خان خوجا جەمەتىنىڭ قەبرىلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش توغرىسىدا چۈشۈرگەن يارلىقىدا مۇنداق دېگەن: قەشقەردىكى خوجىلارنىڭ مازارلىرىنى ساقلاشقا ئادەم ئاجرىتىپ بېرىلسۇن، بۇ جايلارنى ئوتۇن كېسىش ۋە بۇلغىنىشتىن خالىي قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئىلتىپاتى گەۋدىلەندۈرۈلسۇن (ليۇ زىشاۋ، ئۇيغۇرتارىخى، خەنزۇچە، 530-بەت). بۇنىڭدىن مەلۇمكى، چوڭ-كىچىك

خوجىلار تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، چىڭسۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۆلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە كەڭچىلىك سىياسىتىنى قوللانغان، بۇنىڭدا ئاساسلىقى خوجا جەمەتىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى تەسىرىنىڭ چوڭلۇقىنى كۆزدە تۇتقان. مۇشۇنداق قىلغاندا، شىنجاڭ تىنچلانغان دەسلەپكى مەزگىلدە، كىشىلەر قەلبىنى مايىل قىلىپ، سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرغىلى بولاتتى. ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسىدە، شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانىدا، مەنچىڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان ۋە خىزمەت كۆرسەتكەن ئۇيغۇر بەگلىرىدىن بېيجىڭغا كۆچۈرۈپ ئاپىرىلغانلار توغرىسىدا مۇنداق خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان:

غوجەك: خوتەندىن، ئەسلى قەشقەرنىڭ ھاكىم بېگى. چوڭ-كىچىك خوجىلار توپىلىڭىدا، غوجەك ئۆزىنى قاچۇرۇپ بۇيرۇت (قىرغىز) لار تەۋەسىگە بېرىۋالغان، چيەنلۇڭنىڭ 24-يىلى (1759-يىلى) مەنچىڭ قوشۇنىغا ئەل بولغان ۋە مەنچىڭ قوشۇنىغا خەرىتە تەقدىم قىلىپ، چوڭ-كىچىك خوجىلارنى يوقىتىشقا ياردەم بېرىپ، يەكەنگە ھاكىمبەگ بولغان، چيەنلۇڭنىڭ 25-يىلى (1760-يىلى) خانغا تازىمغا بارغاندا، پەرمان بىلەن بېيجىڭدا قالدۇرۇلۇپ، ئوتتۇرانچى گۇڭلۇقمەنسىپىگە تەيىنلىنىپ، ئىككى كۆزلۈك قۇشقاچ جەركى ئىنئام ئالغان، چيەنلۇڭنىڭ 46-يىلى (1781-يىلى) ئۆلگەن. چوڭ ئوغلى ئىبراھىم ئۇنىڭ مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلغان. چيەنلۇڭنىڭ 53-يىلى (1788-يىلى) يارلىق بويىچە ئوتتۇرانچى گۇڭلۇققا ۋارىسلىق قىلغان.

ھۆسىيىن: يەكەندىن، لەقىمى ئەركە خوجا، خوجا جەمەتى، مەنچىڭ قوشۇنى جۇڭغارلارنى جىمىقتۇرغاندا، ھۆسىيىن مەنچىڭ قوشۇنىغا ئەل بولغان. چوڭ-كىچىك خوجىلار توپىلاڭ كۆتۈرگەندە، ھۆسىيىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ بۇيرۇت (قىرغىز) لار تەۋەسى ۋە باشقا جايلاردا بولغان. چيەنلۇڭنىڭ 24-يىلى (1759-يىلى) قوشۇن تارتىپ چوڭ-كىچىك خوجىلارغا ھۇجۇم قىلغان، بىر بايراقنى ئېرىشىپ، قوشۇننى تەقدىم قىلىپ، ئىچكىرىگە ئەل بولۇشنى ئىلتىماس قىلغان. مەنچىڭ قوشۇنىنىڭ قوماندانى جاۋخۇي ھۆسىيىننى خان ھۇزۇرىغا تازىمغا ئەۋەتكەن، چيەنلۇڭ ئۇنى پەيغەمبەر ئەۋلادى دەپ، ئوتتۇرانچى گۇڭلۇققا تەيىنلەپ يارلىق چۈشۈرگەن. ئۇ ئىلىدا ئۇزۇن تۇرغان، يەكەنگە قايتۇرۇش ئەپسىز بولغاچقا، بۇيرۇق بىلەن ئۇنى ئائىلە تەۋەلىرى بىلەن بېيجىڭغا كۆچۈرگەن، چيەنلۇڭنىڭ 55-يىلى (1790-يىلى) ئۆلگەن. ئوغلى ئۇنىڭ مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلغان. چەينلۇڭنىڭ خانىشى (رىۋايەتتىكى ئىپارخان) شۇلارنىڭ جەمەتى.

تۇردى: خۇسەيىننىڭ جيەنى. چوڭ-كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىدا، خۇسەيىنبىلەن بىللە بۇيرۇت (قىرغىز) دا بولغان. چيەنلۇڭنىڭ 24-يىلى (1759-يىلى)، خۇسەيىن بىلەن بىللە مەنچىڭ قوشۇنىغا ئەل بولۇپ، خانغا تازىمغا بارغان. چيەنلۇڭ ئۇنى پەيغەمبەر ئەۋلادى دەپ، يارلىق چۈشۈرۈپ، 1-دەرىجىلىك جاساق تەيجى مەنسىپىنى بېرىپ، بېيجىڭدا قالدۇرغان. 27-يىلى (1762-يىلى) قەشقەرگە ھۆجۇم قىلغاندا خىزمەت كۆرسەتكەن دەپ قاراپ، ئۇتتۇرانچى گۇڭلۇققا ئۆستۈرگەن44-يىلى(1779-يىلى) ئۆلگەن، ئوغلى بولمىغاچقا،جيەنى توختى ئۇنىڭ مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلغان.

ئابدۇرامان: يەكەندىن، ئۇنىڭ بوۋىسى ئەركە غوجا توپىلاڭدا چوڭ-كىچىك خوجىلارغا بويسۇنمىغاچقا ئۆلتۈرۈلگەن. ئابدۇرامان بۇيرۇت (قىرغىز) لار تەۋەسىگە بېرىپ پاناھلانغان، كېيىن چوڭ-كىچىك خوجىلار تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ، ھەپسىگە ئېلىنغان. چيەنلۇڭنىڭ 24-يىلى (1759-يىلى) مەنچىڭ قوشۇنى چوڭ-كىچىك خوجىلارنى مەغلۇب قىلغاندا بوشىنىپ چىققان. كېيىنكى يىلى خانغا تازىمغا كىرگەندە، 2-دەرىجىلىك تەيجىلىك مەنسىپى بېرىلگەن، 37-يىلى (1772-يىلى) ئۆلگەن، ئوغلى ئابدۇنەزەرگە 3-دەرىجىدىكى تەيجىلىك مىراس قالغان.

غوجەش: ئۇچتۇرپاندىن، چيەنلۇڭنىڭ 20-يىلى (1755-يىلى) جۇڭغارلار خانى داباجىنى تۇتۇپ مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە تەقدىم قىلغان، 23-يىلى (1758-يىلى) ئۆزىگە تەۋە 5000 ئۆيلۈك، 20 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى باشلاپ مەنچىڭ قوشۇنىغا ئەل بولغاندا، گۇڭلۇك مەنسىپى، ئىككى كۆزلۈك گۈللۈك جەرىكە ئىنئام قىلىنغان. كېيىن مەنچىڭ قوشۇنى يەكەنگە ھۆجۇم قىلغاندا لەشكەر تارتىپ ياردەملەشكەن، بۇ چاغدا يەنە گۇسەن بېيزى مەنسىپى بېرىلگەن. كېيىن مەنچىڭ قوشۇنىنىڭ توپىلاڭغا قارشى ئۇرۇشلىرىغا قوشۇن تارتىپ ياردەم بېرىپ، خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئالتە شەھەرنىڭ ھاكىم بەگلىرىنىباشقۇرىدىغان گۇسەن بېگى قىلىپ تەيىنلىگەن، كېيىن دۇلۇبېيزى، ئىنالچىلىق مەنسىپىنى بەرگەن. چيەنلۇڭنىڭ 52-يىلى(1760-يىلى) ئۇچتۇرپاننىڭ بەگلىرى ئۇنىڭ ئۇستىدە ئاتا-بالا بىرلىكتە ئۇيغۇرلارغا ئېغىر زۇلۇم قىلدى، دەپ ئەرز قىلغان، مەنچىڭ ھۆكۈمىتى بۇۋەقەنىڭ چوڭىيىپ شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە داۋالغۇش پەيدا قىلىشىدىن قورقۇپ، غوجەشنى بېيجىڭغا كۆچۈرۈپ ئاپارغان، بۇنىڭ بىلەن ئۇ خاتىرجەم ھايات كەچۈرگەن، قوغداپ

قىلىنغان. (غەرب پادىچىلىرىنىڭ ناخشا تېكستىگەقارالسۇن، ئاپتور).

بۇلاردىن باشقا شەنشى-گەنسۇ باش ۋالىيسى ياڭيىڭجۇنىڭ چيەنلۇڭنىڭ 24-يىلى 10-ئاينىڭ 13-كۈنى (1759-يىلى 12-ئاينىڭ 2-كۈنى) دىكى مەلۇماتىدا:

ئۇيغۇر سالائاخۇن قاتارلىقلارنىڭ خوتۇن-بالىلىرى ۋە هاكىم خوجا قاتارلىقلارنىڭ خوتۇن-بالىلىرى بولۇپ جەمئىي 18 ئادەم ... ئەمەلدار ۋە ئەسكەر خىزمەتچىلەرنىڭ مۇھاپىزىتىدە يولغا سېلىنىپ، سۇجۇغا يېتىپ كەلگەنىكەن، شۇ كۈنىلا بېيجىڭغا ماڭدۇردۇق، تەۋەلىكنى باشقۇرۇش مەھكىمىسىنىڭ تاپشۇرۇپ ئېلىشىنى سورايمەن. (جۇنجىچۇ (قارادىۋان) مەلۇماتلىرى مىللەتلەر تۈرى، 1200-جىلد.) دېيىلگەن. بۇ سالائاخۇن ۋە هاكىم خوجا قاتارلىق ئادەملەرنىڭ خوتۇن-بالىلىرىدىن 18 ئادەمنىڭمۇ مەنچىڭ هۆكۈمىتى تەرىپىدىن بېيجىڭغا كۆچۈرۈلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. چىڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتىنىڭ بىر تۈركۈم يۇقىرى تەبىقە ئۇيغۇر بەگلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ بالا-ۋاقىلىرىنى بېيجىڭغا كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ ئولتۇراقلاشتۇرۇشتىكى ئاساسىي سەۋەب توغرىسىدا پادىشاھ چيەنلۇڭ مۇنداق دېگەن:

خوجا جاهان جەمەتىنىڭ بېيجىڭدا قالدۇرۇلۇشى ۋە قوشۇنىنى چېكىندۇرگەندە بۇيرۇق بىلەن غوجەش بەگنىڭ بېيجىڭغا بىللە كەلتۈرۈلۈشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇلار ئەسلى ماكانىدا تۇرۇۋەرسە، يامان خىياللاردا بولۇپ، چاتاق چىقىرىشى چوقۇم ئىدى، شۇڭا ئۇلارنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىندى ... مۇشۇنداق قىلغاندا، ئۇلاردىكى يامان خىياللارمۇ تۈگەيدۇ، جايلاردىمۇ خاتىرجەملىك بولىدۇ) جۇڭغارلارنى تىنچلاندۇرۇش لايىھىسى رەسمىي توپلام، 79-جىلد). مەنچىڭ سۇلالىسى يەنە، بىر قىسىم قول هۈنەرۋەن-كاسىپلار ۋە سەنئەتچىلەرنىمۇ جاي-جايلاردىن تاللاپ پايتەخت بېيجىڭگە كۆچۈرۈپ ئاپارغان. بۇ ھەقتە مۇنداق خاتىرىلەر بار: ئۇيغۇرلارنىڭ قول هۈنەرۋەنچىلىكى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان، ئالتۇن ۋە قاشتېشىدىن رەڭگارەڭ نەپىس، نازۇك گۈل-نەقىشلەرنى ياسايدۇ ... هۈنەرۋەن-سەنئەتچىلىرى كۆپ، (غەربىي دىياردا كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىمدىن خاتىرە 2-جىلد) ئۇيغۇرلار يەنە كېلىپ ناخشىچى-ئۇسسۇلچى مىللەت، 7-8ياشلىق بالىلىرىمۇ ھەر تەرەپكە ئۆرۈلۈپ، بىرقانچە ئون تۈرلۈك موللاق ئويۇنى ئوينىيالايدۇ، ئۈچقاندەك سەكرەپ موللاق ئېتىشى تاماشىبىنلارنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇرىدۇ. (ئۇيغۇرلار رايونى

ھەققىدە خاتىرىلەر).

ئاياللىرى ناخشا-ئۇسسۇلغا ماھىر، خىلمۇخىل ئۇسسۇللارنى ئويناپدۇ، موللاق ئاتىدۇ، مىس سىم ئۈستىدە دار ئوينايدۇ، بىر كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ. (غەربىي دىياردا كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىمدىن خاتىرە). چيەنلۇڭنىڭ 25-يىلى 1-ئاينىڭ 16-كۈنى (1760-يىلى3-ئاينىڭ 3-كۈنى) پادىشاھ چيەنلۇڭ ھەربىي ۋەزىرگە بېيجىڭغا كۆچۈرۈپ ئاپىرىلغان ئۇيغۇر ھۈنەرۋەن-سەنئەتچىلەرنى بىر سۇمۇن قىلىپ تەشكىللەش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن. بۇ ئەھۋال ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ كۆپلىگەن ئۇيغۇر ھۈنەرۋەن-سەنئەتچىلىرىنىڭ بېيجىڭغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ھازىر جۇڭگو بىرىنچى تارىخ ئارخىپلىرى ئىدارىسىدا ساقلىنىۋاتقان بىر پارچە شەنشى-گەنسۇ باش ۋالىيسىنىڭ مۇشۇ ئىشنى بېجىرگۈچى تەپتىشى ۋۇداشەننىڭ مەلۇماتنامىسى بار. (ۋۇداشەن چيەنلۇڭنىڭ 25-يىلى 8-ئاينىڭ 19-كۈنى(1760-يىلى9-ئاينىڭ 27-كۈنى) مۇشۇ ئىشنى بېجىرگەن ئەھۋالنى پادىشاھ چيەنلۇڭغا خەۋەر قىلىپ يازغان مەلۇماتنامە.) بۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن:

خەيمىڭ، ئىمىن خوجىلارنىڭ مەلۇماتىدا: ئەسلىدىكى باش ئاغلاقچى شىتۇڭلۇ قاتارلىقلارنى تەيىنلەپ، زەرگەرلەر ۋە موللاقچى ئۇيغۇرلارنىڭ خوتۇن-باللىرىنى ئاقسۇغا يولغا سالدىم، دېگەنىكەن، ئىلى گۇڭ ئەۋەتكەن ھۈنەرۋەنئۇستىلارنىڭ خوتۇن-باللىرىنى قوشۇپ ئەسلى ئىلىپ كەلگەن ئەمەلدار، ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىكتە بېيجىڭغا يولغا سالدىم جۇنجىچۇ (قارا دىۋان) مەلۇماتلىرى، مىللەتلەر تۈرى، 200-جىلد.) بېيجىڭغا كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇرلار مەمۇرىي جەھەتتە ئىككى سىستېمىغا تەۋە بولغان، يەنى ئەسلىدىكى بەگ قاتارلىقلار ئاق سۆڭەكلەر تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش مەھكىمىسىگە، ھۈنەرۋەن-سەنئەتچىلەرئىچكى ئىشلارمەھكىمىسىگە تەۋە بولغان. چيەنلۇڭنىڭ 25-يىلى 1-ئاينىڭ 16-كۈنى (1760-يىلى 3-ئاينىڭ 3-كۈنى) دىكى خان يارلىقىدا مۇنداق ئېنىق بەلگىلەنگەن:

بېيجىڭغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۇيغۇرلاردىن ھۆسىيىن گۇڭپىڭ دەرىجىلىك، ماموت، تۇردى خوجا جاساق دەرىجىلىك بولغاچقا، بۇلار تەۋەلىك مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بولسۇن؛ يەنە، ھۈنەرۋەن-سەنئەتچىلەر بىر سۇمۇن قىلىپ ئۇيۇشتۇرۇلسۇن، بۇنىڭغا ئاق خوجا سۇمۇن بولۇپ، ئىچكى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولسۇن. بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق كەلگەن

ئۇيغۇرلار مۇشۇ سۇمۇنغا كىرگۈزۈلسۇن (مەنچىڭ خانى گاۋزۇڭنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى خاتىرىسى، 605 ـ جىلد). ئۇلارغا قىلىنىدىغان سىياسىي مۇئامىلە ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلغان. تەۋەلىك مەھكىمىسىگە تەۋە قىلىنغانلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىگە موڭغۇللارنىڭ ۋاڭ ـ گۇڭلىرى ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلىرىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمران سىنىپقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ھۇنەرۋەن ـ سەنئەتچىلەرنىڭ ئىچكى ئىشلار مەھكىمىسىگە تەۋە قىلىنغانلىقى بولسا، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمران سىنىپنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بېيجىڭغا كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇر بەگلىرى موڭغۇل ۋاڭ ـ گۇڭلىرىغا ئوخشاش مەرتىۋىسى بويىچە مائاش ئالغان. ئۇيغۇرلار رايوننىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسىدە بۇ ئىش مۇنداق ئېنىق خاتىرىلەنگەن: ئوتتۇرانچى گۇڭ غوجەك، ھۇسىين، 1 ـ دەرىجىلىك تەيجى مامۇت، تۇردى، ھاشىم، 2 ـ دەرىجىلىك ئابدۇرامان، 3 ـ دەرىجىلىك تەيجى پەرسا قاتارلىقلار ئىلگىرى ـ كېيىن ئوردىغا تازىمغا كەلگەندە، پەرمان بىلەن بېيجىڭدا قالدۇرۇلۇپ، ھەممىسى موڭغۇللارنىڭ ئاق تۇغلۇق قوشۇنىغا كىرگۈزۈلگەن. بۇلارنىڭ مائاشىغا كۇمۇش پۇل، تەمىناتىغا گۈرۈچ بېرىشكە تېگىشلىك، بۇلارنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ـ چۈشۈرۈش، مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلىش ئىشلىرىنى تەۋەلىك مەھكىمىسىدىن دوغا بەگ لەيپۇەنچىڭ كونكرېت بېجىرگەن. تەۋەلىك مەھكىمىسىنىڭ قائىدە ـ نىزامىدا:

دوغا بەگ لەي يۈەنچىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئۇيغۇر ۋاڭ، گۇڭ، تەيجىلىرى، ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ ئۇيغۇر ۋاڭ، گۇڭ، تەيجى، بەگلىرىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، چۈشۈرۈش ۋە ۋارىسلىق قىلىش ئىشلىرىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە تەزكىرىلىرىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ تارماق مەزھەپلىرىنى تىزىمغا ئېلىش ئىشلىرىنى بېجىرىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. ئۇلارنىڭ مائاشى تەۋەلىك مەھكىمىسىنىڭ خەزىنىسىدىن بېرىلگەن.

تەۋەلىك مەھكىمىسىنىڭ قائىدە ـ نىزامىدا يەنە : ئومۇمەن موڭغۇل ۋاڭ، گۇڭلىرى ۋە ئۇيغۇر ۋاڭ، گۇڭلىرى ئېلىشقا تېگىشلىك مائاشلىرىنى ھەر يىلى 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى خەزىنىگە بېرىپ ئالىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. دەسلەپتە، مەنچىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بېيجىڭغا كۆچۈرۈپ ئاپارغان ئۇيغۇر بەگلىرىنى غەربىي چاڭئەن كوچىسىنىڭ جەنۇبىغا، كېيىنكى ۋاقىتتا ئۇيغۇر مەھەللىسى

دېگەن جايغا ئورۇنلاشتۇرماقچى بولغان. چيەنلۇڭنىڭ 24-يىلى 12-ئاينىڭ 13-كۈنى (1760-يىلى 1-ئاينىڭ30-كۈنى) ئۇيغۇر مەھەللىسى - ئەينى ۋاقىتتا خۇيزىيىڭ 回子营 دەپ ئاتالغان (ئىلمىي كالان، قوشۇمچە تەۋەلىك مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى فۇخېڭنىڭ يازغان مەلۇماتىدا: غەربىي چاڭئەن دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى ئۆيلەر ياسىلىپ پۈتتى، ئۇيغۇر گۇۋڭ خۇسىيىن، تەيجى ماموت، تۇردىلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى بېيجىڭغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھەممىسى مۇشۇ جايغا ئورۇنلاشتۇرۇلدۇ (شاۋزىشىن: ئىپارخانغا دائىر تارىخ ماتېرىياللىنىڭ يىغىندىن تېپىلىشى. مەدەنىي يادىكارلىقلار ژۇرنىلى، 1971-يىلى 2-سان.) دېيىلگەن. ئېھتىمال، بېيجىڭغا كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇرلار كۆپ بولۇپ، ئۇيغۇر مەھەللىسىگە سىغدۇرۇشقا مۇمكىن بولمىغاچقا، كېيىنكى يىلى 1-ئايدا، چيەنلۇڭ بېيجىڭغا كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇر بەگلىرىنى ۋە خۇنەرۋەن-سەنئەتچىلەرنى ئايرىم-ئايرىم تەۋەلىك مەھكىمىسى ۋە ئىچكى ئىشلار مەھكىمىسىگە تەۋە قىلىپ جايلاشتۇرۇش يارلىقىنى چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرى تەبىقىدىكى ئادەملىرىگە ئايرىم جاي بېرىلگەن. مەسىلەن: تۇردىنى دۇڭنىڭ 6-كوچىسىغا ئورۇنلاشتۇرغان. چيەنلۇڭنىڭ 25-يىلى 3-ئاينىڭ 2-كۈنى (1760-يىلى 4-ئاينىڭ 17-كۈنى (فۇخېڭنىڭ يازغان مەلۇماتىدا : يارلىققا بىنائەن تۇردىغا ئۆي راسلاپ بېرىش ئىشىنى چېڭ فۇنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرغانىدىم. ئەمەلدارلار جايلاشتۇرۇلغان دۇڭداسى (شەرقىي چوڭ بازار) نىڭ 6-كوچىسىدىكى (ھازىرقى دۇڭسىنىڭ شىمالىدىكى 6-كوچا) تەييار 22 ئېغىزلىق ھۆكۈمەت ئۆيىنى بەرمەكچى بولغانىكەن. ئۇنىڭ ئولتۇرۇشىغا بۇيرۇق بېرىلدى، دېيىلگەن.

بېيجىڭغا كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇر بەگلەرگە ھۆكۈمەتتىن ئۆي-جاي بېرىش بىلەنلا قالماستىن، يەنە ھۆكۈمەت پۇل ئاجرىتىپ،تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىمۇ ھەل قىلىپ بەرگەن. فۇخېڭنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان مەلۇماتنامىسىدا يەنە: ئالىيلىرى ئىلتىپات قىلىپ، تۇردىنىڭ ئۆي-سەرەمجان، مالاي ۋە يۈرۈش-تۇرۇش مەسىلىلىرى ھەل قىلىپ بېرىلسۇن، دېگەن ئىكەنلا، كىيىم-كېچەك، ئات، ئىگەر-جابدۇق ۋە قورال-سايمانلىرىنى تەييارلاپ بېرىش ئۈچۈن، مالىيەدىن 500 سەر كۆمۈش بېرىش تەستىقلاپ بېرىلسە. يەنە تۇردىنىڭ يىللىق مائاشى ئاران يۈز سەر ئىكەن، بۇ ئۇنىڭ مالايلىرى ۋە ئائىلە تۇرمۇشى ئۈچۈن يېتىشمەيدىغاندەك قىلىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈمەتنىڭ ئۆي ئىجارە

خەزىنىسىدىن ھەر ئايدا 20 سەر كۈمۈش چىقىم قىلىپ، تۇرمۇشىغا ياردەم بېرىلسە دېيىلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ يۇقىرى تەبىقىدىكى ئادەملىرىنى پادىشاھ دائىم قوبۇل قىلىپ تۇرغان ھەم ئۇلار دائىم ئوردىغا بېرىپ زىياپەتلەرگە قاتنىشىپ، پادىشاھ ئەتراپىدا مەھرەملىك قىلغان. ئۇلار يەنە دائىم شىكارغا چىقىپ تۇرغان. (ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى) پادىشاھقا ھەمراھ بولۇپ ھەر يىلى بىر نۆۋەت رېخىغا بېرىپ سالقىنداپ كەلگەن ۋە شىكارغا چىققان، ئالاھىدە ھەشەمەتلىك تۇرمۇش كەچۈرگەن. لېكىن ئەمەلىي ھوقۇق تۇتمىغان (غەرب پادىچىلىرىنىڭ ناخشا تېكىستىگە قارالسۇن.) چيەنلۇڭ يېزىپ بەرگەن ئۇيغۇر مەسچىتىنىڭ سېلىنىشىغا بېغىشلانغان خاتىرىدە: بۇلارنىڭ بەگلىرىدىن خوجىس، خوجەك قاتارلىقلارغا گۈڭلۈق مەنسىپى، تۇرار جاي ئىنئام قىلىندى، قالغانلاردىن ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇلمىغانلار چاڭئەن قوۋۇقىنىڭ غەربىگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلدار بولدى ۋە باشقا خىزمەتلەرنى قىلدى، بىر ئورۇندا يىغىلىپ ئولتۇراقلاشتى. شۇڭا، كىشىلەر بۇنى ئۇيغۇر مەھەللىسى دەيدۇ دېيىلگەن. مەنچىڭ ۋاقتىدىكى جۈيىشىن يازغان • بېيجىڭ كوچىلىرى تەزكىرىسى دىكى خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، غەربىي چاڭئەن كوچىسىنىڭ جەنۇبىي خالتا كوچىسى، (ئۇيغۇر مەھەللىسى) دېيىلگەن.

بۇنىڭ ئورنى ھازىرقى تيەنئەنمېنىنىڭ غەربىدىكى غەربىي چاڭئەن كوچىسىنىڭ جەنۇبىدىكى دۆڭئەنفۇ دېگەن كوچىدا ئايدىڭ كىچىدە بۇرۇن ئىشتىكەنلىرىم ھەققىدە ئېنىقلىمىنىڭ 71 ـ جىلدىدا، گۇاڭشۈنىڭ شۈنتيەن مەھكىمىسى تەزكىرىسىنىڭ 7 ـ جىلدىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئىچكى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ تىزىملىكىدە: چيەنلۇڭنىڭ 52 ـ يىلى، يارلىققا بىنائەن ئاق خوجىغا ئۇيغۇر سۇمۇنلىغى بېرىلىپ، بەيئەت قىلغان، ئۇيغۇرلار بىر سۇمۇن قىلىندى. ئۇلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن غەربىي چاڭئەن كوچىسىنىڭ جەنۇبىدا بىر ئۇيغۇر مەھەللىسى بىنا قىلىندى. بۇ يەرگە سېلىنغان جەمئىي ئۆي 147 ئېغىزلىق ئۇيغۇر مەھەللىسىدە ئىش بېجىرىش ئۆيى تەسىس قىلىندى، بۇنىڭ ئىشلىرىنى ئىچكى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارى باشقۇرىدۇ دېيىلگەن. 147 ئېغىزلىق ئۆي، چيەنلۇڭنىڭ 24 ـ يىلى 12 ـ ئايدا فۇخېڭنىڭ يازغان مەلۇماتىدا ئېيتىلغان ھوسىيىن قاتارلىقلارنىڭ ئولتۇرۇشىغا بەرمەكچى بولغان ئۆيگە قارىتىلغان. كېيىن ھوسىيىن قاتارلىق بەگلەرگە مەنسەپ، ئايرىم ئۆي ـ جاي بېرىلىپ، بۇ ئۆيلەر ھونەرۋەن ـ سەنئەتچىلەرنىڭ ئولتۇرۇشىغا بېرىلگەن.

ئۇيغۇر ھۆنەرۋەن سەنئەتچىلىرىنىڭ بېيجىڭغا داۋاملىق كۆچۈرۈلۈپ كۆپىيىشى بىلەن يەنە ئۆي سېلىشقا مەجبۇر بولغان. چيەنلۇڭنىڭ 27-يىلى 11-ئاينىڭ 28-كۈنى (1763-يىلى1-ئاينىڭ 11-كۈنى) شەرقىي ۋە غەربىي چاڭئەن دەرۋازىسىنى رېمونت قىلىش ئۈچۈن كېتىدىغان كۆمۈش توغرىسىدا سەن، يىلىڭ (ئىچكى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ ۋەزىرلىرى سەنخې، يىڭلەن) لەرنىڭ مەلۇماتى دېگەن تېمىدا يېزىلغان بىر پارچە مەلۇماتتا، چاڭئەنمېننىڭ شەرق، غەربتىكى ئۈچ دەرۋازىسىنى ياساش قۇرۇلۇشى جەريانىدا، يەنە ئۇيغۇر مەھەللىسىنىڭ كېڭەيتىلگەنلىكى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارغا يېڭىدىن 152 ئېغىز ئۆي سېلىپ بېرىلگەنلىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ 108 ئېغىز ئۆيى رېمونت قىلىنغانلىقى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇرۇشى ۋە ئىش بېجىرىشى ئۈچۈن يېڭىدىن 50 ئېغىز ئۆي سېلىنغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. مۇشۇنداق بولغاندا، ئۇيغۇر مەھەللىسىدە (ئىش بېجىرىش ئۆيى، يەنى ئۇيغۇر سۇمۇن باشقارمىسى قوشۇلۇپ) جەمئىي 310 ئېغىز ئۆي بولغان بولىدۇ. ئۇيغۇر ھۆنەرۋەن-سەنئەتچىلەرگىمۇ مەھكىمىدىن پۇل-ئاشلىق بېرىلگەن. گۇاڭشۈنىڭ 15-يىلى 12-ئاينىڭ 26-كۈنى، ئىچكى ئىشلار مەھكىمىسى يۇقىرىغا يازغان ئىلتىماسلار ئىچىدە ئۇيغۇرلارغا بىر يىلدا بېرىلىدىغان كۆمۈش پۇل، ئاشلىق جەھەتتە، سەرپ قىلىنغان كۆمۈش پۇلنىڭ سانى مەلۇم قىلىنىدى، ئەنگە ئېلىنسا دېگەن بىر پارچە ئىلتىماس بولۇپ، بۇنىڭدا مۇنداق يېزىلغان: ... چيەنلۇڭنىڭ 25-يىلى 1-ئايدىكى مەلۇماتىمىزغا بېرىلگەن تەستىق جاۋابتا: يەكەن قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن ئۇيغۇرلار 126 نەپەر ئىدى. كېيىن يەنە 203 نەپەر ئۇيغۇر كەلگەن، ئىلگىرىكىنى قوشقاندا جەمئىي 300 دىن ئاشقان. بۇ يىل چيەنلۇڭنىڭ 34-يىلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بېيجىڭغا كەلگىنىگە 10 يىلدىن ئاشقان ۋە تەدرىجىي كۆپەيگەن. ئەمدى نوپۇس سانى بويىچە تۈرگە ئايرىپ، چوڭلارغا بىر سەردىن كۆمۈش، ئوتتۇرا ياشلىقلارغا 7.5 مىسقالدىن، كىچىكلەرگە بەش مىسقالدىن كۆمۈش ھېسابىغا يېمەكلىك پۇلى بېرىلسۇن. ھەر ئايدا كۆمۈش، ئاشلىق بېرىڭلار، ئۆزلىرى تاماق قىلىپ يېسۇن، توي قىلغانلارغا ھەربىرىگە 5000 ياماق، ئۆلۈم-يېتىم ئۈچۈن ھەر جانغا 5000 ياماق بېرىلسۇن، دېيىلگەن. ھازىر بۇلارنىڭ سۇمۇننى ئىچكى ئىشلار مەھكىمىسى باشقۇرىدىغان بولدى. سۇمۇن يېنىدا ياساۋۇل سۈپىتىدە خىزمەت قىلىشقا 59 كىشىلىك شىتات تەستىقلاپ بېرىلسە. دېيىلگەن. (ياڭ نەيجىي: ئىپارخان ھەققىدىكى رىۋايەت ۋە باۋيۇ راۋىقى، ئۇيغۇر مەھەللىسى)

بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، چيەنلۇڭ دەۋرىدە شىنجاڭدىن بېيجىڭغا كۆچۈرۈپ ئاپىرىلغان ھۈنەرۋەن-سەنئەتچىلەر، ئائىلە تەۋەلىرى قوشۇلۇپ جەمئىي 329 بولۇپ، بۇلار بىر سۇمۇن قىلىنغان، ئىچكى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. ئۇلارغا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەمىنات ئۈچۈن پۇل، ئاشلىق بېرىلگەن. يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئىچكى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ ئىلتىماسىدا يەنە: گۇاڭشۈنىڭ 14-يىلى 5-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 15-يىلى 4-ئاينىڭ 30-كۈنىگىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ تەمىناتى ئۈچۈن چىقىم قىلىپ بېرىلگەن پۇل، ئاشلىق، كۈمۈش ھېسابىدا 1393 سەر ئىككى مىسقال دېيىلگەن.

چيەنلۇڭ ۋاقتىدىكى چوڭ-كىچىك جان ئۈچۈن بېرىلگەن ئوتتۇرىچە تەمىنات پۇلى 7.5 مىسقال بويىچە ھېسابلىغاندا، بۇ چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى كۆپىيىپ 1800 دىن ئاشقان. 120 يىلدىن كېيىن ئۇلارنىڭ نوپۇسى بەش ھەسسىدىن ئارتۇق كۆپەيگەن بولسا كېرەك. چيەنلۇڭ ئۇيغۇرلارنىڭ دار ئويۇنىنى كۆرۈشكە بېغىشلاپ يازغان نەزمىنىڭ كىرىش سۆزىدە: ئۇيغۇرلار ئوردىغا تەۋە قىلىنىپ، ھەرخىل سەنئەتچىلىرى مۇزىكا مەھكىمىسىنىڭ قارىمىقىدا بولغانىدى. يېڭى يىلدا سىرتتىن تازىمغا كىرگەنلەرنى پانۇسلار بىلەن كۈتۈۋېلىش ۋاقتىدا، ئۇيغۇرلارنى دار ئويۇنى ئويناپ بېرىشكە بۇيرىغانىدىم، ئۇلار مېھمانلار ئالدىدا دارغا چىقىپ ئۆزلىرىنىڭ ماھارىتىنى كۆرسىتىپ، كۆرگۈچىلەرنى خۇشال قىلدى دېگەن. (مەنچىڭ خانى گاۋزۇڭنىڭ نەزمىنامىسى، 17-جىلد) مەسىلەن، خاننىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەش بايرىمى، چاغان ھارپىسى، يېڭى يىل بايرىمىدا ئوردىدا تەبرىك يىغىلىشى ئۆتكۈزگەندە، ھەرەمدىكى ئۇيغۇرسەنئەتچىلەرھەرەم ئالدىدا سەنئەت ماھارىتىنى كۆرسەتكەن.

جياچىڭ خان ۋاقتىدا يېزىلغان مەنچىڭ سۇلالىسى ئوردا تارىخىنىڭ داۋامى 40-جىلددا مۇنداق يېزىلغان: تەيخې سارىيىدىكى زىياپەتتە، خاننىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەشتە ۋە يېڭى يىل، دۆلەت بايرىمىدا، ... ئىچكى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارى چاۋشيەن قىزىقچىلىرى، ئۇيغۇر ۋە جىڭچۇەنلىك زاڭزۇلارنى ئاچقىپ تۆرلۈك ئويۇنلارنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ ، ھەر يىلنىڭ ئاخىرقى كۈنى، موڭغۇل ۋاڭلىرى قاتارلىقلارغا بوخېدىيەن سارىيىدا زىياپەت بېرىلىدۇ ... شۇ كۈنى مۇزىكانتلار، ئۇسسۇلچىلار بىرلىشىپ ئويۇن كۆرسىتىدۇ. چاۋشيەن قىزىقچىلىرى، ئۇيغۇر، جىڭچۇەنلىك زاڭزۇ قاتارلىق ھەرخىل ئويۇنچىلار جەم بولۇپ، خاننىڭ چىقىشىنى كۈتىدۇ. مەنچىڭ ئوردىسىدا خىزمەت قىلىدىغان

ئۇيغۇر سەنئەتچىلىرى ئۇيغۇر مۇزىكا ـ ئۇسسۇلى ۋە دار ئويۇنى بىلەن داڭق چىقارغان.

چىڭ سۇلالىسى تارىخى. مۇزىكا تەپسىراتىدا: پادىشاھ گاۋزۇڭ ئۇيغۇرلارنى تىنچلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مۇزىكىسىغا ئېرىشكەن. زىياپەتلەردە چېلىنىدىغان مۇزىكا ئۇيغۇر مۇزىكىسى دېيىلگەن. مەنچىڭ دەرىدە ئوردىدا تۆت خىل مۇزىكا ـ ئۇسسۇل بولۇپ، بۇنىڭ بىرى ئۇيغۇرمۇزىكا ـ ئۇسسۇلى ئىدى. چىڭ سۇلالىسى تارىخى. مۇزىكا تەپسىراتىدا مۇنداق يېزىلغان: ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ سازچىلىرى سەككىز كىشى بولۇپ، بۇلار تېشى كىمخاپتىن، ئەستىرى شايىدىن تىكىلگەن، يېڭىگە ھەر خىل رەڭلىك يىپەك تۇتۇلغان كىيىم، تېشى كىمخاپتىن، ئەستىرى تاۋاردىن تىكىلگەن دوپپا، قارا تاۋارا تىكىلگەن ئۆتۈك كىيىدۇ، مۇرىسىگە يېشىل شايا ئورايدۇ؛ ئۇسسۇلچى ئىككى كىشى، ئۇسسۇلچى ياندا شىلىرى ئىككى كىشى بولۇپ، ھەر خىل يىپەكتە يەڭ ئۇلانغان كىيىم، رەڭگارەڭ تاۋاردا تىكىلگەن دوپپا كىيىدۇ؛ ئۇيغۇر شاكىچىكلىرى ئىككى بولۇپ، شايىدىن ئەستەر قىلىپ ھەرخىل رەڭدىكى تاۋاردا تىكىلگەن كىيىم كىيىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى تەييارلىنىپ قىزىل پەلەمپەي تۇۋىدە ئۆرە تۇرىدۇ، چاۋشىيەن قىزىقچىلىرى ئويۇن كۆرسىتىپ بولغاندا، بۇلار قىزىل پەلەمپەيگە چىقىپ مۇزىكىنى باشلايدۇ، ئۇسسۇلچى چىقىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ، ياندا شلىرى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئوينايدۇ. ئۇسسۇل ئاياغلاشقاندا، ئۇيغۇر موللاقچى شاكىچىكلىرى داۋاملىق ئۈز ماھارىتىنى كۆرسىتىدۇ چيەنلۇڭ خان يازغان: يۈەنشاۋ چاغىنى پانۇسى ھەققىدە سەككىز كۇبلېت نەزمە نىڭ بىر كۇبلېتىدا: سورۇن باشقۇرغۇچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇيغۇر دارۋازلىرىنىڭ دارغا چىقىپ، موللاق ئېتىپ ماھارەت كۆرسەتكەنلىكى، چەتتىن كېلىپ قاتناشقانلار كېلىپ قوشۇلۇپ ھەممە بىرلىكتە شۇكېچىنى خۇشال ئۆتكۈزگەنلىكى؛ پايتەختنىڭ بۇ ئاجايىپ كۆرۈنۈشىگە ھەرقانداق مەنزىرە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. ئۇ شېئىرغا بەرگەن ئىزاھاتىدا: ئۇيغۇر سېھىرىكچىلىرىنىڭ ماھارىتى مۇراسىم مەھكىمىسىدىكى مانجۇلارنىڭكىدىن پەرقلەنمەيدۇ دەپ يازغان. تۆرلۈك تارىخى سەۋەبلەر بىلەن بىيجىڭگە كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان يۈقىرى تەبىقە ئۇيغۇر كىشىلىرىنىڭ بىر قىسمى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى شىڭخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ئۆزيۇرتلىرىغا قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇيغۇرلارنىڭ بېيجىڭگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالى موڭغۇللارنىڭ يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى

دەۋرلىرىدىن مەنچىلىك سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت داۋاملاشقانلىقى ئۈچۈن، بېيجىڭگە بېرىپ، ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە شۇ يەردە تۇرۇپ قالغان. ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتى ۋە ھۈنەر ـ سەنئىتىنى بېيجىڭگە ئېلىپ بېرىپ، باشقا مىللەت خەلقلىرى بىلەن بىرلىكتە بېيجىڭ شەھىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشقان.

## پايدىلانمىلار:


1. جۇڭگو بىرىنچى تارىخ ئارخىپلىرى ئىدارىسى: جۇنجىچۇ مەلۇماتلىرى مىللەتلەر تۈرى، 1200 ـ جىلد.
2. جۇڭغارلارنى تىنچلاندۇرۇش لايىھىسى. داۋامى 1 ـ جىلد.
3. شاۋزىشىن: «ئىپارخان» غا دائىر تارىخ ماتېرىياللىنىڭ يېڭىدىن تېپىلىشى مەدەنىي يادىكارلىقلار ژۇرنىلى، 1971 ـ يىل، 2 ـ سان.
4. ليۇزىشاۋ: ئۇيغۇر تارىخى مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى.
5. موللا مۇسا سايرامى: تارىخى ھەمىدى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىل نەشرى.
6. ھاجى ئەخمەت: دېڭىز ئۈنچىلىرى ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى نەشرى.
7. ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق: شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىل نەشرى.
8. فاڭ يىڭشى: جۇڭگو تارىخىدا شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش دۆلەت سىياسەتلىرى ھەققىدە تەتقىقات، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،2006 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.
9. ئىمىنجان ئەخمىدى: ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىل نەشرى.

10. جاڭ يۇشىن: مەنچىڭ دەۋرىدە بېيجىڭدە ياشىغان ئۇيغۇرلار، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1985-يىل، 1-سان.
11. «قەشقەر ۋىلايىتى تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006-يىل نەشرى.
12. لىن گەن، گاۋزىخۇ: قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىل نەشرى.

(ئاپتور : قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدە.) •

مەنبەسى: «قەشقەر»ژۇرنىلىنىڭ 2006-يىل 6-سانىدىن ئېلىندى.

# ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ موڭغۇل مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تارىخي تەسىرى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش

مۇھەممەدتۇرسۇن ئابدۇكېرىم يۈكسەل

باشلانما: ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن مۇڭغۇل مەدەنىيىتى بۈيۈك جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، بۇ ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىش تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن. موڭغۇل مەدەنىيىتىگە، جۈملىدىن موڭغۇل تارىخىغا ئىنچىكىلەپ قارايدىغان بولساق، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ موڭغۇل مەدەنىيىتىگە ئۇيغۇر يېزىقىنى باشلامچى قىلغان ھالدا كەڭ دائىرىدە، زەنجىرسىمان ۋە ئۇزاققىچە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرىۋالايمىز. بۇ خىل تەسىر تىل-يېزىق جەھەتتە، دىنىي ئېتىقات جەھەتتە ۋە سىياسىي-ئىجتىمائىي جەھەتلەردە كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ.

ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى "خاقانىيە تىلى" ياكى "كاشغەر تۈركچىسى"دەپ ئاتالغان ئەينى دەۋردىكى ئورتاق ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بولسۇن ياكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بولسۇن، موڭغۇل تىل لوغىتىگە سېلىشتۇرۇپ قارايدىغان بولساق، موڭغۇل تىلىدا ئورغۇنلىغان ئۇيغۇر تىلى تەركىپلىرىنى ئۇچرىتىمىز. بۇنىڭدىن، بىرىنچىدىن، ئۇيغۇر تىلى بىلەن موڭغۇل تىلى ئوخشاشلا ئورال -ئالتاي تىللىرى گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ تىللار بولغاچقا، ئەسلىدىن ئورتاق قوللىنىپ كەلگەن تىل ساقىندىلىرىنىڭ ئىپادىسىنى؛ ئىككىنچىدىن، تارىختا ئورخۇن-سېلىنگا ۋادىسى ۋە كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئۆتكەن كۆك تۈرك خانلىقى، ئورخۇن ئۇيغۇرخانلىقى، قارا خانىلار سولالىسى قاتارلىق خاندانلىقلار دەۋرىدە، نۇرغۇن موڭغۇل قەبىلىلىرىمۇ تۈركىي قەبىلىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ياكى قوشنا بولۇپ ياشىغانلىقى سەۋەپلىك، مەدەنىيەتتە بىر قەدەر ئىلغارراق بولغان تۈركىي

قەبىلىلەرنىڭ نۇرغۇنلىغان تىل ئېلېمېنتلىرىنىڭ موڭغۇل تىلىغا ئۆزلىشىپ كەتكەنلىكىنى؛ ئۈچىنچىدىن، چىڭگىزخان باش كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىنكى موڭغۇل ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە،چىڭگىزخاننىڭ ئۇيغۇر تامغىچىسى (باش كاتىپى) تاتاتۇڭادىن باشلاپ، ناھايىتى نۇرغۇن ئۇيغۇر ئالىم-زىيالىلىرىنىڭ موڭغۇل خان ئوردىسىغا ۋە ھەر قايسى ئىلىكخانلىقلارغا جەلىپ قىلىنىپ ئەتىۋارلىنىپ ئىشلىتىلگەنلىكى، قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ (ئەسلىدىكى سۇغدى سۆلالىسى-ئوتتۇرا ئىقلىم رايونىدىن باشقا) پۈتكۈل موڭغۇل ئىمپېرىيىسى تەۋەسىدە رەسمى ھۆكۈمەت يېزىقى سۈپىتىدە قوللۇنىلغانلىقى سەۋەپلىك ناھايىتى نۇرغۇن ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكلىرىنىڭ موڭغۇل تىلىغا سىڭىپ ئۆزلىشىپ كەتكەنلىكىنى: تۆتىنچىدىن، موڭغۇل ئىمپېرىيىسى پارچىلانغاندىن كېيىن ھۆكۈم سۈرگەن چاغاتاي خانلىقى،ئالتۇن ئوردا خانلىقى، ئىلخانىيلار قاتارلىق خاندانلىقلار دەۋرىدە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ موڭغۇل تىلىغا تېخىمۇ كۆپلەپ سىڭىپ-ئۆزلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

1. تىل-يېزىق جەھەتتىكى تەسىرى: ئۇيغۇر تىل-يېزىق مەدەنىيىتىنىڭ موڭغۇل تىل-يېزىق مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى باسقۇچ-چىڭگىزخان ئىستىلاسىدىن ئاۋۋالقى تەسىر.

ئۇيغۇر تىلى بىلەن موڭغۇل تىلى ئۇرال—ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىغا تەۋە تىللار بولغاندىن تاشقىرى، ئۇيغۇرلار بىلەن موڭغۇللار ئۇزاق قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپ سىبىرىيە، ئۇرخۇن—سېلىنگا دەرياسى بويلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا ئارىلىشىپ ياشىغاچقا، تىل—تاۋۇش، تىل ئىشلىتىش جەھەتتە خېلى كۆپ ئورتاقلىققا ئىگە. بۇنىڭغا بۈيۈك تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىنمۇ نۇرغۇن تىل پاكىتلىرىنى كۆرسىتىش مۇمكىن. ئۇيغۇر ۋە موڭغۇل تىللىرىدا ھايۋانات نامىلىرىنى ئوخشاش ئاتايدىغان سۆزلەر خېلى كۆپ. مەسىلەن: ئات، ئايغىر (ئازغىر)، جىرغا، بۇغرۇل، يورغا، ئارغىماق، بۇتا—بۇتىلاق، بۇقا، بۇكەن، جەرەن، بۇغرا، شۇڭقار، بۈركۈت، (تاخىيە) تاقاغۇ-تۇخا قاتارلىق. يەنە، جاھانگىر، ئاقساقال، بابا، باخشى، جادۇ(جادۇگەر) قاتارلىق سۆزلەرمۇ ئىككى تىلدا ئوخشاش مەنىگە ئىگە. كىشى ئىسىملىرىدىن ئارسلان، تۆمۈر، باتۇر، بارس قاتارلىقلارمۇ

ئىككى مىللەتتە ھازىرغىچە ئوخشاش مەنىدە قوللىنىلماقتا.<1>

ئىككىنچى، باسقۇچ-چىڭگىزخان ئىستىلاسىدىن كېيىنكى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىدە. ئۇيغۇر ئىلىمدارلىرىنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىش ۋە ئۇيغۇر يېزىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىش باسقۇچى. چىڭگىزخان مىلادىيە 1204-يىلى ئالتايدىكى نايمان خانلىقىغا ھۇجۇم قىلغان، نايمان خانى ئىنانچ بىلگە خاننىڭ ئوغلى تايانخان چىڭگىزخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. شۇ چاغدا تايانخاننىڭ ئۇستازى ۋە تامغىچىسى ئۇيغۇر تاتاتۇڭا چىڭگىزخانغا ئەسىرگە چۈشكەن. چىڭگىزخان تاتاتۇڭانىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇر يېزىقىنى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ دۆلەت يېزىقى قىلىپ بېكىتكەن. ئۇنىڭدىن بۇرۇن موڭغۇللاردا يېزىق يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، تاتاتۇڭا چىڭگىزخاننىڭ ئوغۇللىرىغا ئۇستاز بولۇپ تەيىنلەندى، موڭغۇل بەگلىرىنىڭ، جۈملىدىن پۈتۈن موڭغۇل قۇۋمىنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگىنىشى زۆرۈرشەرتلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى. موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قانۇنلىرى، يارلىقلىرى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلىدىغان بولدى. <2>.

مىلادىيە 1211-يىلى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ خانى بارچۇق ئارتتېكىن موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قورۇلۇن دەرياسى بويىدىكى ئوردىسىغا بېرىپ چىڭگىزخاننى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، <3>. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىن تۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر زىيالىلىرى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا جەلىپ قىلىندى. كېيىن يەنە،ئۇيغۇر ئالىمى چۇس كىخودزىر يۈەن سۇلالىسى پادىشاھى قوبلاينىڭ دۆلەت ئۇستازى بولدى. ئۇ تاتاتۇڭا چىڭگىزخان دەۋرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا ئىجاد قىلغان «كونا موڭغۇل يېزىقى» نى ئىسلاھ قىلىپ، موڭغۇل تىل-تاۋۇشىنى تېخىمۇ توغرا ئىپادىلىگىلى بولىدىغان «يېڭى موڭغۇل يېزىقى» نى شەكىللەندۈردى. ئۇ تۈزگەن قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدىكى «موڭغۇل يېزىقى ئېلىپبەسى» موڭغۇل مىللىتىنىڭ يېزىق تارىخىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. (چىڭ سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مانجۇلارمۇ قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن موڭغۇل يېزىقى ئاساسىدا مانجۇ يېزىقىنى شەكىللەندۈرۈپ قوللاندى.) شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەنزاڭ، ئوردۇتېكىن، ئەنسارى قاتارلىقلار جۇڭگو كلاسسىك ئەدەبىياتى، كۇڭزى ئەھكاملىرى ۋە تېبابەت ئىلىمدىكى بۇددا نوملىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدى. بيەنلۈ، ليەنشىگۇاڭ، لۈلۈ، شىسەن، پراجناشرى قاتارلىقلار

«رەسساملىق ھەققىدە مۇتالىيە»، «ئالتۇن خەتلىك بۇددا نوم»، «كلاسسىك قامۇسنامە» قاتارلىق كىتابلارنى يازدى ياكى تۈزدى. شۇ دەۋردە يەنە، كاپيان سالى «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئورنەكلىرى» نى خەنزۇ تىلىدىن موڭغۇل تىلىغا تەرجىمە قىلدى. <4>.

شەمسىددىن (1277 ـ 1351) ئەينى زامانىدىكى ئىجتىمائىي تارىخىي ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىپ «چىن ئەيزۇڭ توغرىسىدا خاتىرە»، «جىڭدا يىللىرىدىكى ۋەزىرلەرنىڭ تەرجىمھالى»، «غەربىي يۇرتلۇق يات تائىپىلەرنىڭ تەرجىمھالى»، «غەربتىكى ئەللەرنىڭ خەرىتىلىك تەپسىراتى»، «جىنياڭنىڭ تەبىئىي شارائىتى ھەققىدە»، «دۇڭياڭ تەپسىراتىنىڭ داۋامى» قاتارلىق تارىخىي ئەسەرلەرنى يازدى. قاڭلى توقدۇ ئوردىنىڭ پەرمانى بىلەن مىلادىيە 1343 ـ 1345 ـ يىللىرى تارىخشۇناس سارابانى ۋە ساكيا قايا بىلەن بىرلىكتە «لياۋ سۇلالىسى تارىخى»، «جىن سۇلالىسى تارىخى»، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» نى يېزىشقا مەسئۇل بولدى. جامالىددىن 1288 ـ يىلى قۇبلايخاننىڭ قوللىشى بىلەن «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بۈيۈك بىرلىك تەپسىراتى» ناملىق تارىخىي جۇغراپىيىلىك تەپسىراتلار ئاساس قىلىنغان قىستۇرما رەسىملىك كىتاب يېزىشقا كىرىشىپ مىلادىيە 1303 ـ يىلى 600 قىسىم، 1300 جىلدلىق كىتابنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. بۇلاردىن باشقا، ئارىق ھىيا، رابىبن سائۇما، نەسىردىن، سەئىدۇللا، توقلان، شى شى، شۆ، چاڭفۇ، ما زۇچاڭ، گۇەن يۈنشى قايا، كۇكۇن، ليەن شىشەن، سارابان، ئارىق قايا، يۈلۈن تۆمۈر، سۇجىس، شىبان، يۇچۇرۇچ، قايا، نىزەر، چاقاي، سادىمىش، قۇسقۇي قاتارلىق نۇرغۇن ئۇيغۇر سەركەردىلەر، دىپلوماتلار، پىداگوگلار، تىلماچلار، يازغۇچىلار، شائىرلار، رەسساملار، ئەمچىلەر (يۈەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى خانبالىق) بېيجىڭدا ئولتۇراقلىشىپ، خانلىق ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان ئىلخانىلار (مىلادىيىنىڭ 1258 ـ يىلىدىن 1388 ـ يىلىغىچە) ھۆكۈم سۈرگەننىڭ يارلىقلىرى، ئالاقىلىرى ئەرەب يېزىقى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇر يېزىقى ۋە پارس يېزىقىدا يېزىلغان بولسا، چاغاتاي خانلىقى (1321 ـ يىلىدىن 1370 ـ يىلىغىچە) بىلەن ئالتۇن ئوردا خانلىقى (1227 ـ 1502) دا ئەرەب يېزىقى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئۇيغۇر تىلى رەسمىي «دۆلەت تىل ـ يېزىقى» بولدى. بۇ يېزىق كېيىن «چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى»، يېزىق تىلى ـ ئەدەبىي تىل «چاغاتاي تىلى» دېيىلىدىغان بولدى. (مۇڭكۇخان

1254 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى فرانسىيە ئەلچىلىككە كەلگەن رۇبرۇك ئارقىلىق فرانسىيە كارۆلى لۇئىي 9 غا ئەۋەتكەن خېتىنى ئۇيغۇر يېزىقىدا يازغان.) چۈنكى بۇ چاغدا، چاغاتاي خانلىقى بىلەن ئالتۇن ئوردا خانلىقىدىكى مۇڭغۇللار ئۇيغۇرلار، تاتارلار، قىپچاقلار تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ تۈركلىشىپ، ئېتقاد جەھەتتىن ئىسلام دىنىغا كىرىپ بولغانىدى. <5>.

دىمەك، يۇەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى قوللىنىلغان، ئۇمۇملاشقان بولسا، چاغاتايخان دەۋرىدىن باشلاپ، بولۇپمۇ تۇغلۇق تۆمۈرخان دەۋرىدىن باشلاپ، ئەرەپ يېزىقى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇر يېزىقى ئۇمۇميۈزلۈك قوللىنىلدى..

ئۈچىنچى باسقۇچ ـ موڭغۇل نەسەبلىك تۈركلەشكەن چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن بولغان خانلار دەۋرى، يەنى موغۇلستان خانلىقى، ئالتۇن ئوردا خانلىقى، ئېلخانلار، بابۇر موغۇل ئىمپېرىيىسى، سەئىدىيە خانلىقى قاتارلىق خاندانلىقلار دەۋرى. بۇ باسقۇچتا تېخىمۇ كۆپ موڭغۇل قەبىلىلىرى، بولۇپمۇ ھۆكۈمران تەبىقىدىكى موڭغۇللار ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگىنىش، قوللىنىش بىلەن بىر چاغدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتقاد يادروسى بولغان ئىسلام دىنىنىمۇ قوبۇل قىلدى، ئاندىن تەدرىجىي تۈركلىشىش —ئۇيغۇرلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى، نەتىجىدە، چىڭگىزخان ئىستىلاسىدىن تاكى 16 ـ ئەسىرلەرگىچە بولغان ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي دەۋردە، نۇرغۇنلىغان تۈركلەشكەن—ئۇيغۇرلاشقان موڭغۇل نەسەبلىك داڭلىق خان—پادىشاھلار مەيدانغا چىقتى. مەسىلەن: ببرىكىخان، تارماشىرى (ئالاۋۇدۇن)، خىزىرخان، تۇغلۇق تۆمۈرخان، ئۇۋەيىسخان، ئاقساق تۆمۈر(تۆمۈرلەڭ)، يۇنۇسخان، مەخمۇدخان، ئوبۇلخەيرخان، مۇھەممەد بابۇرخان، سەئىدخان ۋاھاكازالار...بۇ ھۆكۈمران ئورۇندىكى مىللەتنىڭ ئۆزلىرى بويسۇندۇرغان، لېكىن ئۆزىدىن مەدەنىيەت جەھەتتە كۆپ ئىلغار بولغان مىللەتلەرگە يۇغۇرۇلۇپ—سىڭىپ كەتكەنلىكىنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەكەن، قاغىلىق، پوسكام، مەكىت، مارالبېشى، يۇپۇرغا، ئاۋات، شايار، كورلا قاتارلىق جايلاردا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئايرىم توپ—قوۋملەر ۋە موغال ئىسىملىك يۇرت—مەھەللىلەر بۇنىڭ يەنە بىر دەلىلى. بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر يېزىقى چاغاتاي تىلى ۋە چاغاتاي يېزىقى دېگەن نام بىلەن تۈركلەشكەن ۋە تۈركلىشىۋاتقان موڭغۇللار ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشتى. خۇددى ئەينى زاماندا، ئۇيغۇر پىسخولوگ

(شامان دىنى باخشىلىرى)لىرى ئوتتۇرا ئىقلىمدا "بوشى" دەپ ئوزلەشكەندەك، ئۇيغۇر تىلىدىن قاغان،خان،خاقان، خاتۇن (خانىش )،ئالتۇن بىكە،ئا لتۇن ئۇرۇغ (شاھزادە-مەلىكە)، ئالتۇنلۇق (خان-پادىشاھلار مازىرى)، بىلىگ، بىتىگ، يارلىغ قاتارلىق سۆز-ئاتالغۇلار ئۆز ئەينى بويىچە موڭغۇل تىلىغا ئۆزلىشىپ كەتتى. مۇشۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ، تىل—يېزىقنىڭ تەسىرىدە،چاغاتاي دەۋرىدىن تاكى 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى، چاغاتاي ئۇيغۇرىيېزىقى، ئەرەپ يېزىقى، پارىس يېزىقى قاتارلىق تىل-يېزىقلاردا ئەدەبىيات-سەنئەت، تىبابەتچىلىك،ھەرخىل ھۈنەر-كەسىپ، تارىخ-تەزكىرە قاتارلىق مەزمۇنلاردا ناھايىتى كۆپ قىممەتلىك ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. مەسىلەن، پەقەت تارىخ-تەزكىرە مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەردىن: جامال قارشى قاراخانىلار سۇلالىسى ۋە چاغاتاي دەۋرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەر _ « سۇراھ لۇغىتى» نى روياپقا چىقاردى .

سۇرىيىنىڭ دەمەشىق شەھرىدە تۇغۇلۇپ، سەككىز يېشىدىن باشلاپ سەمەرقەندتە ياشىغان ئىبنى مۇھەممەد ئەرەبشاھ (1392 ـ 1450) « ئاجايىبۇل مەفتۇرخى ناۋائىبۇل تېمۇر» ناملىق ئەسەرنى، ماۋارائۇننەھىردە ياشىغان سۇرىيىلىك نىزامىدىن شامى 1404-يىلى «سەفەرنامەئىي تېمۇر» ناملىق ئەسەرنى، شەرىفىدىن ئەلى يەزدى 1425 ـ يىلى «زەفەرنامە» ناملىق ئەسەرنى، ھاپىز ئەبرۇ «زۇبدەتۇل تەۋارىخ» ناملىق ئەسەرنى، سەمەرقەندلىك ئابدۇراززاق « مەتلەئۇسسە ئىدەيىن ۋە مەجمۇئەل بەھرەيىن» ناملىق ئەسەرنى، ئۇيغۇر باخشى «تارىخىي خانىيە» ناملىق ئەسەرنى يازدى. زوھۇرىدىن مۇھەممەد بابۇر (1530-1483) «بابۇرنامە»نى، ئەبۇلغازى باھادىرخان(1603-1666) «شەجەرەئى تەراكىمە» ۋە «شەجەرەئى تۈرك»نى يازدى.

سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كوراگانى ( 1499 1547-يىلى) پارس تىلىدا ئىككى توملۇق تارىخىي ئەسەر«تارىخى رەشىدىي» نى يېزىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ 200 يىلغا يېقىن تارىخىنى يورۇتۇپ بەردى ... <6>

شۇڭا، مۇشۇ تارىخىي دەۋرلەردە ئۇيغۇر تىلىدىن مۇڭغۇل تىلىغا سىڭىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر ناھايىتى كۆپ: مەسىلەن:

ئۇيغۇرچە-- - -موڭغۇلچە

ئالا—بۇلا- - - -Alag bulag

ئالماس ــــــــ Almas

ئالتۇن ــــــ Altan

ئالۋاڭ ـــــ Alven

ئامان ـــ ئېسەن ـــ Amguulang esen

ئامراق ـــ Amereg

ئارا ـــــــ Ara

ئارال ـــــ Aral

ئارچا ـــــ Arc

ئارپا ــــ Arba

ئارسلان ـــــ Arslan arslang

ئارشاڭ ــــ Arshan

ئارغىماق ــــ Argumag

ئارقان ـــــ Argamii

ئارقار ـــ Argal

ئايماق ـــ Aimag

ئايغىر ـــ Ajirga

ئاقساقال ــــ Agsahal

باخشى ــــ Bagshi

بال(ھەسەل) ــــ Bal

باتۇر ــــ Baatur

باتۇرلۇق ــــ Baaturlig

باي ــــــ Bayan

بايلىق ـــ Bayalig

بايرام ــــ Bayar

باغلام ــــ Bagla

بەلگە ــــ Beleg(temdeg)

بۇران ــــ Boran

بوسۇغا ـــ Boshuh

بوتا(بۇتىلاق) ــــ Botuh

بوزا ـــــ Booz

بۇلاڭچى - - - Bulangqi
بولجۇڭ - - - Bulchung
بۇلۇڭ - - - - Bulung
بۇلغۇن - - - - - Bulgun
بۇغداي - - - - Bughdai
بۇغرۇل - - - - - Buurul
بۇقا - - - - - Buh
بەل - - - - Belkuus
بۆدىنە - - - - Boedun
بۆجەن - - - - Boejung
بۆكەن - - - - Boekung
بۆلجۈرگەن - - - Boeljirghen
بۆلگۈنچى - - - Boelgunchilchi
بۆرەك - - - - Boeer
بۆرە - - - - - - Boert
بۈركۈت - - - - Burgud
داغ - - - - - Daah
دالدا - - - - Dald
دەپتەر - - - - - Devter
دوغا - - - - - Dogui
دولقۇن - - - - Dolgaan
دولقۇنلىماق - - - - Dolgaalh
دوبۇلغا - - - - - - Dulguu
دۇدۇقلىماق - - - - Dudungneh
دەررۇ - - - - - - Dairui
دۆش - - - - - Doex
گەۋدىلىك - - - Gadarlig
قەبرە - - - - - - Kuwr
خارت - -خۇرت - - - - Hart - Hurt
خان - خاقان - - - - - Khan

جادۇ ـ جادۇگەر ـ ـ ـ ـ ـ ـ Jad

جاھانگىر ـ ـ ـ Jangar

جىلغا ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ Jilga

جەرەن ـ ـ ـ ـ ـ ـ Jeren

قارا ـ ـ ـ ـ Har

كاككۇك ـ ـ ـ Khokukhe

قارىغاي ـ ـ ـ ـ Hargai

كەكلىك ـ ـ ـ ـ ـ ـ Heglig

كىسىم ـ ـ ـ ـ Kerchim

كېرەك ـ ـ ـ ـ Hereg

كومشار ـ ـ ـ ـ ـ Hongshar

كۆك ـ ـ ـ ـ ـ ،Koek

كۆكرەك ـ ـ ـ ـ Koek

كۆپكۆك ـ ـ ـ ـ Koev koek

كۈچ ـ ـ ـ ـ ـ Kuq

كۈچلۈك ـ ـ ـ Kuqutai

كۈچۈك ـ ـ ـ ـ Kiqig

قورۇ ـ ـ ـ ـ ـ Hurai

قۇدۇق ـ ـ ـ ـ ـ ـ Hudug

لام ـ جىم ـ ـ ـ ـ Nam_jim

مال ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ Mal

مالىخاي ـ ـ ـ ـ Malhlai

مانان ـ ـ ـ ـ ـ Manan

مايماق ـ ـ ـ ـ ـ Maigag

ماختاش ـ ـ ـ ـ Magtaad

مىنىك ـ ـ ـ ـ ـ Minik

مەرگەن ـ ـ ـ ـ Mergen

مۈچە(ئۈگە) ـ ـ ـ ـ ـ ـ Moeq

مۈرە ـ ـ ـ ـ ـ ـ Moerv

مۆشۈك ـ ـ ـ ـ ـ ـ Mix

نوختا ـ ـ ـ ـ Nogtu

ئوسال ـ ـ ـ ـ ـ Osal

ئوغۇل ـ ـ ـ ـ Ogul

پالتا ـ ـ ـ ـ ـ Balta

پۇرچاق ـ ـ ـ ـ Burtsug

پۇركىمەك ـ ـ ـ ـ Burhuh

چاڭ ـ توزان ـ ـ ـ Tozang Toos

چېچەك ـ ـ ـ ـ qeceg

چىرىك ـ ـ ـ ـ qereg

چېقىر ـ ـ ـ ـ qehir

چىدامىلىق ـ ـ ـ ـ Qidemgai

چىمدىم ـ ـ ـ ـ Qimhi

چىمدىماق ـ ـ ـ Qimhih

چىراي ـ ـ ـ ـ ـ Qirai

چىرايلىق ـ ـ ـ ـ Qirailig

چىۋى ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ Qivi

چوغ ـ ـ ـ ـ ـ qogً

چوقۇم ـ ـ ـ ـ ـ Qohum

چوقۇر ـ ـ ـ ـ qohur

چوققا ـ ـ ـ ـ qoka

چۇلۋۇر ـ ـ ـ ـ qulvur

چۆل ـ ـ ـ ـ ـ ـ qoel

چۆلدىمەك ـ ـ ـ qoeldh

چۆچىمەك ـ ـ ـ ـ Qochih!

چۆچۈتمەك ـ ـ ـ ـ Qochaah

سالماق ـ ـ ـ ـ Savelh

سالقىن ـ ـ ـ ـ Salhi Salhin

سامساق ـ ـ ـ Saerimseg

ساي ـ ـ ـ ـ Sav

ساغماق ـ ـ ـ Saah

ساقال ـ ـ ـ ـ ـ Sahel
سولخاي ـ ـ ـ ـ ـ Solgai
سۇ ـ ـ ـ ـ ـ ـ Su
سۇنايلاپ ـ ـ ـ ـ ـ Sunagaad
سەلكىن ـ ـ ـ ـ ـ Saelhin
تارتىپ ـ ـ ـ ـ Tataad
تال ـ ـ ـ ـ ـ ـ Tal
تالان ـ تاراج ـ ـ ـ ـ ـ Talen
تالقان ـ ـ ـ ـ Talh
تاماكا ـ ـ ـ ـ ـ Taemhi
تاماكىچى ـ ـ ـ ـ ـ Taemhichi
تامغا ـ ـ ـ ـ Tamga
تاپان ـ ـ ـ ـ ـ Tavag
تاتۇق ـ ـ ـ ـ Tatungga
تارالماق ـ ـ ـ ـ ـ Tarhu
تاياق ـ ـ ـ ـ ـ ـ Tayag
تايغان ـ ـ ـ ـ Taegan
تاقا ـ ـ ـ ـ ـ ـ Tah
تاقىر ـ ـ ـ ـ ـ ـ Tajir
تاقىرلاشماق ـ ـ ـ ـ ـ Tajirshih
تەڭ ـ ـ ـ ـ ـ Teng
تەكشى ـ ـ ـ ـ ـ Tengshi
تەكشىلىمەك ـ ـ ـ ـ Tegshileh
تور ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ Tor
تۇقۇم ـ ـ ـ ـ ـ Tohum
توقۇماق ـ ـ ـ ـ Tohuh
توز ـ ـ ـ ـ ـ Togus
تۇلۇم ـ ـ ـ ـ Tulum
تۇلۇمچىلىماق ـ ـ ـ Tulumchilen
تۇمۇ ـ ـ ـ Tomuu

Taeskaen ـ ـ ـ ـ ـ تەسكىن
Toel ـ ـ ـ ـ ـ تۆل
Toelleh ـ ـ ـ ـ تۆللەش
Toemur ـ ـ ـ ـ ـ ـ تۆمۈر
Tum ـ ـ ـ ـ تۇمەن
Ur ـ ـ ـ ـ ـ ئۇرۇق
Udum ـ ـ ـ ـ ئۇدۇم(ئۇدۇم قالماق)
Ulir ـ ـ ـ ـ ـ ـ ئۇلار
Uqiraad ـ ـ ـ ـ ـ ئۇچراپ
Uchiraah ـ ـ ـ ئۇچراشماق
Ochi Ochin ـ ـ ـ ـ ئۇچقۇن
Uzum ـ ـ ـ ـ ـ ئۈزۈم
Shalvur ـ ـ ـ ـ ـ ـ شالۋۇر
Xikir ـ ـ ـ ـ ـ شېكەر
Shamalh ـ ـ ـ شمايلىماق
Sheveneh ـ ـ ـ ـ ـ شۋرلىماق
Xivi Xivir ـ ـ ـ شۋر-ـ ـ شۋر
Shurgun ـ ـ ـ ـ ـ شۋرغان
Sorh ـ ـ ـ ـ ـ شوراش
Shorvug ـ ـ ـ ـ شورلۇق
Shat ـ ـ ـ ـ ـ ـ شوتا
Shonghur ـ ـ ـ ـ ـ شۇڭقار
Zurh ـ ـ ـ ـ ـ يۈرەك
Zuu ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ يۈز
Jorga ـ ـ ـ ـ ـ يورغا
Yos Yosun ـ ـ ـ ـ ـ يوسۇن
Ixihireed ـ ـ ـ ـ ـ ئىسقىرتىش
Evleg ـ ـ ـ ـ ـ ئەپلىك
Evleh ـ ـ ـ ـ ئەپلىمەك
Er ـ ـ ـ ـ ـ ـ ئەر

ئەرك ـ ـ ـ ـ ـ ـ Erh
ئۆسمۈر<7> ـ ـ ـ ـ ـ ـ Oesvur

يۇقارقى سىلىشتۇرما سۆزلۈك ـ مۇڭغۇل تەتقىقاتچىسى يىلىياستۇ ئەپەندىنىڭ ‹‹ئۇيغۇرچە ۋە مۇڭغۇلچە ئاھاڭداش، مەناداش سۆزلەر›› ماۋزۇلۇق ماقالىسىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، تارىخىي پاكىتلاردىن قارىغاندا، بۇ سۆزلۈكلەرنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمىنىڭ قەدىمىي ئۇيغۇر تىلىدىن، يەنە بىر قىسمىنىڭ ئۇيغۇرتىلى ئارقىلىق ئەرەپ ـ پارس تىلىدىن مۇڭغۇل تىلىغا كىرىپ ئۆزلەشكەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. (بەزى لوغەت ـ قامۇسلاردا بىزنىڭ نۇرغۇن سۆز ـ ئاتالغۇلىرىمىز پارس ۋە ئەرەپ تىللىرىغا تەئەللۇق قىلىۋېتىلىدى. ۋاھالەنكى، 16 ـ ئەسىردىن تاكى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەرەپ، پارس تىللىق خەلقلەرگە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 5 ئەسىرگە يېقىن ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى سەۋەپلىك تۈركىي تىلىنىڭ ئەرەپ، پارس تىللىرىغا كۆپلەپ سىڭىپ ـ ئۆزلىشىپ كىرگەنلىكىنمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە.) بەزى تارىخشۇناسلار چىڭگىزخاننىڭ ئەسلى نەسەبىنى قىيات قەبىلىسىگە باغلاپ، قىيات، ئۇيرات، بارلاس، دۇغلات، جالايىر، قوڭغىرات قاتارلىق مۇڭغۇل قەبىلىلىرىنى تەكتى ـ يىلتىزى تۈركىي قەۋمگە تەئەللۇق قەبىلىلەر قاتارىدا تەتقىق قىلىۋاتقان، مۇشۇ قەبىلىلەرنىڭ چىڭگىزخانغا ئەگىشىپ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا بىللە كەلگەنلىكىنى، نۇرغۇن تۈركىي سۆزلۈكلەرنىڭ مۇڭغۇل تىلىغا سىڭىپ ئۆزلەشكەنلىكىدىكى مۇھىم ئامىل دەپ قاراۋاتقان بولسىمۇ، ۋاھالەنكى، بۇ خىل تەتقىقاتلاردىن تېخى ئاخىرقى يەكۈن چىقىرىلمىدى. تارىختا خاتىرلىنىشىچە... <8>.چىڭگىزخان تۈركىي خەلقلەرنى ئەمەس، بەلكى، مۇڭغۇللارنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغوار ئىرادىنى تىكلەپ، تارقاق مۇڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، باشتىن ـ ئاخىر مۇڭغۇل مىللىتىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن ھەر تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ، دۇنيانى لەرزىگە سالىدىغان بۈيۈك مۇڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، تارىختا "تەڭرىنىڭ ئەركىسى" دېگەن ئالەمشۇمۇل نامغا ئىگە بولغان...

تارىخى پاكىتلاردىن ئايانكى، پۈتكۈل مۇڭغۇل ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە، مۇڭغۇللار ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئۇيغۇر ئالىم ـ ئۆلىما، زىيالىلىرىنىڭ تەسىرىدە، مۇكەممەل بىر يېزىققا ئىگە بولدى، خان ئوردىسىدىن تارتىپ پۈتكۈل مۇڭغۇل

ئىمپېرىيېسى تەۋەسىدە ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسلىق يېزىق ئالاقە قۇرالىغا ئايلاندى. <9>.

2 . دىنىي ئېتىقات جەھەتتىكى تەسىرى. قۇبلايخان چىڭگىزخاننىڭ ئورنىنى بېسىپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ خاقانى بولغاندىن كېيىن، ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن، قەدىمىي ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللۇنۇشنى داۋاملىق ئۇمۇملاشتۇرۇش بىلەن بىللە، مۇڭغۇللار ئىچىدە بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىشنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلدى. ئۇنىڭدىن سەل بۇرۇن، مۇڭكۇخان تەختتىكى چاغدا، يەنى 1246-يىلى، ئۇ تىبەتتىكى بۇددا دىنىنىڭ ساجا مەزھىپىنىڭ 4 - -ئەۋلاد پېشۋاسى سابان بىلەن لياڭجۇ دېگەن جايدا ئۇچرۇشۇپ، سابانىنىڭ پۈتكۈل تىبەت رايۇنىدىكى بۇددا دىنى راھىبلىرىنىڭ داھىيسلىق ئورنىنى بېكىتىپ ئېتىراپ قىلغان ئىدى. قۇبلايخانمۇ شۇ ئاساستا يەنە ساجا مەزھىپىنىڭ 5-ئەۋلات پېشۋاسى باسباغا ئوردا ئۆلىماسلىق مەرتىۋىسىنى بېرىپ، باسبانى پۈتكۈل يۈەن سۇلالىسىنىڭ بۇددا دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئىمتىيازىغا ئىگە قىلدى. بۇنىڭ بىلەن، يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى نەتىجىسىدە، ئەسلىدە ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان شامان دىنىغا ئېتىقات قىلىپ كېلىۋاتقان موڭغۇللار تەدرىجى يۇسۇندا بۇددا دىنىنىڭ ساجا (لاما) مەزھىپىگە ئېتىقات قىلىشقا يۈزلەندى. بۇنىڭ تەسرىدە،ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىكى نۇرغۇنلىغان بۇددا دىنى ئۆلىما-راھىبلىرى يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىغا تەكلىپ قىلىنىپ، ھاكىمىيەت ۋە بۇددا دىنى ئىشلىرى بۇيىچە مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويۇلدى. پەقەت- 1328يىلى ۋە- 1329-يىلىلا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىن 108 نەپەرا راھىب خانبالىقتىكى ساڭرام-بۇتخانىلارغا راھىپكالانلىققا تەكلىپ قىلىندى. قۇبلايخان يەنە ئوردىدا مەخسۇس ئۇيغۇر بۇددا دىنى سارىيى سالدۇردى.بۇنى تۇرپان ۋە دەشتئاتا) دۇنخۇاڭ (دىن تېپىلغان قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان، مەخسۇس موڭغۇل خان-پادىشاھلىرىغا، مەلىكە-خانىشلارغا ۋەشاھزادىلەرگە قۇت-ئامەت تىلەش ئاساسى مەزمۇن قىلىنغان دۇئا-پۈتۈكلەرمۇ ئاساسلايدۇ.

مۇڭكۇخان دەۋرىدە، تەرىقەت دىنى (داۋجياۋ) بىلەن بۇددا دىنى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كەسكىنلىشىپ،ھەر ئىككىلا دىنىنىڭ ئۆلىمالىرى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئەقىدە-ئەركانلىرىنى" ئەڭ توغرا ھەقىقەت "دەپ دەۋا-داۋراڭ قىلىشىدۇ. مۇڭكۇخان بۇ تالاش-تارتىشنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، -1256 يىلى

ئىككى تەرەپنى مۇنازىرە قىلىشقا پەرمان چۈشۈردى. نەتىجىدە،شۇ قېتىمقى مۇنازىرىگە ئىككى تەرەپتىن 300دىن ئارتۇق بۇددا دىنى ئۆلىماسى قاتناشقاندىن سىرت، ئەتراپتىكى بۇددا دىنى ئەللىرىدىنمۇ ۋەكىل قاتناشقان بولۇپ،كەسكىن مۇنازىرە ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرىدا بۇددا دىنى تەرەپ يېڭىپ چىقىدۇ،بۇددا دىنى تەرەپنىڭ يېڭىپ چىقىشىدا ئۇيغۇر بۇددا ئۆلىمالىرى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. <10>

قۇبلايخان دەۋرىدە، ـ1285يىلىدىن ـ1287 ـ يىلىغىچە قۇبلايخان «بۈيۈك بۇددا نوم»غا قارىتا بىر قېتىم چوڭ ھەجىمدە رەتلەش ـ تولۇقلاش ئېلىپ باردى. ئاساسلىقى تىبەت نۇسخىسىدىكى 1440 قىسىم،5586 پارە بۇددانوم ئارقىلىق خەنزۇچە نۇسخىدىكى بۇددا نومنى رەتلەپ تۈزىلىدى، بۇ قېتىمقى بۇددانومنى رەتلەپ تۈزىلاشقا ھىندى،ئۇيغۇر،تىبەت ۋە خەنزۇ قاتارلىقلاردىن 29نەپەر بۇددا دىنى ئۆلىماسى ئىشتىراك قىلغان بولۇپ،بۇلارغا مىڭسۇسى، ئەنزاڭ، كاپيان سالى قاتارلىقلار باشچىلىق قىلدى. <11>.

تارىخنىڭ چاقى ئىلگىرىلەپ 14 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، يۈەن سۇلالىسى چاك ـ چېكىدىن بۆسۈلۈپ، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى دائىرىسىدە مىڭ سۇلالىسى، چاغاتاي خانلىقى، ئېلخانىلار خانلىقى، ئالتۇن ئوردا خانلىقى قاتارلىق خاندانلىقلار بارلىققا كەلدى. بۇ دەۋردە، چاغاتاي خانلىقى تەۋەسىدە ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق يەرلىك خەلقلەرنىڭ تەسىرىدە،ھۆكۈمران ئورۇندىكى موڭغۇللارنىڭ دىنىي ئېتىقاتىدا يەنە بىر قېتىملىق ئۆزگىرىش بولدى، يەنى چاغاتاي خانلىقى پارچىلانغاندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن موغۇلىستان خانلىقىدا، تۇغلۇق تۆمۈر (1329 ـ 1369) تۇنجى بولۇپ،1322 ـ يىلى ئاقسۇغا كېلىپ، ئايكۆل دېگەن يەردە ئىمام جالالىدىننىڭ ئالدىدا ئىمان ئېيتىپ ئىسلام دىنىغا كىردى. ھەمدە 160 مىڭ تۈتۈن (ئائىلە) موڭغۇلنى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ،تاغ ـ جىرا، يايلاقلاردىن چۈشۈپ،تۇزلەڭلىكلەردىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ئولتۇراقلىشىشقا مەجبۇر قىلدى. <12>مۇشۇ دەۋردە،ئىسلام دىنىغا كىرگەن موڭغۇل خانلار ھەتتا تېخىچە بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىۋاتقان قومۇل،تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلانىمۇ دىنىي ئېتىقاتىنى ئۆزگەرتىپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. بۇ دەۋردە يەنە، موغۇلىستان خانلىقى غەربىي ۋە شەرقىي موغۇلىستانغا بۆلۈنۈپ، دېھقانچىلىق رايونلىرىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان موڭغۇللار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ يەرلىك ئۇيغۇر ـ تۈركىي خەلقلەرگە قوشۇلۇپ ئۆزلىشىپ كەتتى،تاغ ـ

يايلاقلاردىكى موڭغۇللار بولسا ئەسلىدىكى بۇددا دىنى ئېتىقاتىدا قېلىۋەردى. نەتىجىدە، ئىسلام دىنىغا كىرىپ ئۇيغۇرلاشقان-تۈركلەشكەن موڭغۇللاربەزى تارىخنامىلاردا "مۇغۇل "دەپ ئاتالدى. ئۇلار ئەسلىدىكى كۆچمەن چارۋىچى موڭغۇللارنى "چاتاي (قاراقچى)" دەپ كەمسىتسە، كۆچمەن چارۋىچى موڭغۇللار ئۇيغۇر-تۈركلەشكەن موڭغۇللارنى" قارا ئۇناس(شالغۇت)"دەپ كەمسىتىدىغان بولدى. <13>. بۇ دەۋردە شەرقىي موغۇلىستانغا دۇغلات قەبىلىسىدىن چىققان خان-سۇلتانلار، غەربىي موغۇلىستانغا بارلاس قەبىلىسىدىن چىققان خان-سۇلتانلار ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

3. سىياسى ئىجتىمائى جەھەتتىكى تەسىرى. بۇ خىل تەسىر چىڭگىزخان ئىستىلاسىدىن كېيىن باشلىنىپ، موغۇلىستان دەۋرىدە تېخىمۇ قۇيۇق ۋە گەۋدىلىك بولغان دىيىشكە بولىدۇ. بۇ مۇنداق بىر نەچچە جەھەتتە ئىپادىنىدۇ: ئالدى بىلەن، چىڭگىزخان قاغان بولغاندىن كېيىن، ئۇ تاتاتۇڭا، چۇسكىخۇتىزىر، مەڭگۇ قايا قاتارلىق ئۇيغۇر ئالىملارنىڭ تەكلىپى بۇيىچە ئوردىدا ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىش بىلەن بىرگە،تامغا-مۇھۇردارلىق،بىتىك-دەپتەردارلىقنى (دىۋان كاتىباتلىقنى) يولغا قويدى؛ئىككىنچىدىن، قاغان ئوردىسىدىن تارتىپ (ئەسلىدىكى سۇڭ سۇلالىسى-ئوتتۇرا ئىقلىم رايۇنىدىن باشقا) ئېلىكخانلىقلارغىچە ئۇيغۇر خاندانلىقلىرىدىكىگە ئوخشاش ئەمەل-مەنسەپلەرنى تەسىس قىلدى. ئۈچىنچىدىن، چاغاتاي خاندانلىقى، ئالتۇن ئوردا خانلىقى، ئىلخانلار خانلىقى، موغۇلىستان خانلىقى قاتارلىق خانلىقلار دەۋرىدە، ئوردا-مەھكىمىلەردە مۇھىم ۋەزىپىلەرگە ئۇيغۇر زىيالىلىرى قويۇلدى. ئۇيغۇرلار ئىشلىتىپ كەلگەن ئەمەل-مەنسەپ ناملىرى ئىشلىتىلدى.

چىڭگىزخان مىلادىيە 1206-يىلى قاغان بولغاندىن باشلاپ، مۇڭغۇل ئوردىسىغا توپلانغان ئۇيغۇر ھەربىي ئالىملىرى چىڭگىزخاننىڭ مىلادى 1215-يىلى جورجىت خانلىقى (1115 - 1234)غا قىلغان يۈرۈشلىرىدە ھەربىي مەسلىھەتچى سۈپىتىدە قاتناشقاندىن تاشقىرى، چىڭگىزخاننىڭ مىلادىيە 1219-يىلىدىن 1225-يىلىغىچە داۋام قىلغان غەرب ۋە شەرققە قىلغان يۈرۈشلىرىگىمۇ مەسلىھەتچى بولۇپ باردى. چىڭگىزخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى، نەۋرىلىرىنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇشىغا يەنە نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار قاتناشتى.

چىڭگىزخاننىڭ غەرپكە قىلغان ھەربىي يۈرۈشىگە توراقايا، بولاد قايا

قاتارلىق ئۇيغۇر سەركەردىلەرمۇ قاتناشقان. توراقايا چىڭگىزخاننىڭ خارازىم شاھلار خانلىقىغا قىلغان يۈرۈشىگە قاتناشقان بولۇپ،ناھايىتى قابىلىيەتلىك ھەربىي ئالىم ئىدى. بۇلادقايا مۇ چىڭگىزخاننىڭ غەربكە قىلغان يۈرۈشىگە قاتناشقان. ئۇ كېيىن چىڭگىزخاننىڭ ئوغلى تولىخاننىڭ ئۇرۇنباسارى بولغان. <14>

موڭغۇللار مىلادىيە 1279 ـ يىلى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن، قوبلايخان يۈەن سۇلالىسى (1279 ـ 1368)نى قۇرغان، قوبلايخان ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى دەۋرىدە (1279 ـ 1368) ئۇيغۇرلاردىن لەنشىەن (مىلادىيەنىڭ 1231 ـ يىل تۇغۇلۇپ، 1280 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن)، ساڭگا (؟ـ 1291)، ئەل ئۇقمىش (مىلادىيەنىڭ 1320 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن)، مەڭگۇ تىكىن (13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكەن)، شايبان (مىلادىيەنىڭ 1197 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1276 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن)، موڭسۇر (13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكەن)، ئەختەرىددىن (13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكەن) قاتارلىق ئۇيغۇر ئالىملار خان بالىقتا (ھازىرقى بېيجىڭدا) ناھايىتى مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. <15>.

موڭغۇللار مىلادى 1279 ـ يىلى پۈتۈن جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، قوبلايخان يۈەن سۇلالىسىغا خان بولۇپ، خانبالىق (بېيجىڭ) نى پايتەخت قىلغان. لەنشىەن شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە قوبلايخانغا باش ۋەزىر بولغان. <16>.

يەنە شۇ دەۋردە، مەڭگۇ تىكىن قوبلايخانغا ئۇستازبولغان، ئۇنىڭ تەربىيىسى نەتىجىسىدە، قوبلايخان موڭغۇلچە، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، تىبەتچە تىللارنى مۇكەممەل بىلىدىغان، ئىلىم ئەھلىنى ھۆرمەت قىلىدىغان شەخس بولۇپ يېتىشىپ چىققان.

شايبان مەشھۇر، ئۇستا دىپلومات بولۇپ، ئوگدايخان بىلەن قوبلايخاننىڭ ئوردىسىدا ناھايىتى مۇھىم ۋەزىپىلەردە بولغان، ئۇ مىلادىيە 1276 ـ يىلى 79 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن<17>. ئەسلى خوتەنلىك ئۇيغۇر ئەھمەت قوبلايخانغا ۋەزىر بولغان. <18>

قۇبلايخان سەلتەنەت سۈرگەن دەۋردە، ئۇيغۇر بىناكارلىق ئالىمى ئەختەرىددىن يۈەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى خانبالىقنى(ھازىرقى بېيجىڭ شەھرى) نى قايتا لاھىيلەش، قايتا قۇرۇش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ

تۆھپىسى جۇڭگۇ تارخ كىتاپلىرىدا قەيت قىلىنغان.<19>

يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر خانلىرى قوبلايخان، مۆڭكۇخان، ئىسەن بۇقاخانلار دەۋرىدە (مىلادىيە 1270 ـ يىلىدىن 1320 ـ يىلىغىچە) مەشھۇر دىڭىز ساياھەتچىسى، دىپلومات ئەلئۇقمىش 1272 ـ يىلىدىن باشلاپ ھىندى ئوكيان ۋە ئوكيانىيىدىكى دۆلەتلەرگە بىر نەچچە قېتىم ئەلچى بولۇپ بارغان. ئۇ قايتىشىدا چەل ئەل ئەلچىلىرىنى باشلاپ ۋە شۇ دۆلەتلەردە چىقىدىغان دورا ـ دەرمەكلەرنى ئېلىپ كەلگەن.ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە باش ۋەزىر ئۇرۇن باسارى بولغان.

ئىقتىسادشۇناس ساڭگا، لەشكەرشۇناس ئىلقايا، كۇنجەك، چاغان تۇمۇر، مەھمۇد يالىۋاچ، مەسئۇت يالىۋاچ (ئاتا ـ بالا) قاتارلىقلارمۇ ھەر قايسى ساھەلەردە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان<20>

راببان سائۇما چىڭگىزخان دەۋرىدە مۇڭغۇل شاھزادىلەرگە ئۇستاز بولغان شايىبانىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ نىستىرىئان دىنىدا تەربىيلەنگەن ۋە كۆپخىل ياۋروپا تىللىرىنى ئۆگەنگەن 1287 ـ يىلى ئىلخانىلار سۇلالىسىنىڭ خاقانى ئارغۇن ئۇنى پۈتۈن ياۋرۇپاغا باش ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىدۇ. سائۇما كونىستانتىنپولغا بېرىپ پادىشاھ ئاندرونكۇس 2نىڭ ئەتىۋارلىق مېھمىنى بولىدۇ. ئۇ يەردىن رىمغا بېرىپ كادىنال يېرۇمى بىلەن دىنىي مۇنازىرە يۈرگۈزىدۇ. ئۇ يەردىن پارىژ شەھىرىگە بېرىپ فىرانسىيە پادىشاھى فىلىپ فائىر VIنىڭ قىزغىن ۋە داغدىغۇلۇق قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. ئارغۇن خاقانىنىڭ خېتىنى ۋە سوۋغاتلىرىنى تاپشۇرىدۇ. پارىژدا يېرىم ئايغا يېقىن تۇرۇپ فىرانسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى بور شەھىرىگە بېرىپ ئەنگلىيە پادىشاھى ئېدۋارد I بىلەن كۆرۈشىدۇ. 1288 ـ يىلى سائۇما دۆلىتىگە قايتىش سەپىرىدە پاپا نىكولاس4 نىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرغانلىغىدىن خەۋەر تېپىپ، قايتا رىمغا بېرىپ، دۆلەت خېتى تاپشۇرىدۇ. پاپا ئارغۇننىڭ خىرىستىئان دىنىغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىگە تەشەككۈر ئېيتىدۇ. ئۇ 1294 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ۋاپات بولغان<21>

ئۇمۇمەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى چىڭگىزخان دەۋرىدىن باشلاپ تاكى 16 ـ 17 ـ ئەسىرلەرگىچە موڭغۇل مەدەنىيىتىگە ئۇزلۇكسىز تەسىر كورسىتىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ خىل تەسىر ھاكىمىيەت باشقۇرۇش،لەشكىرى ئىشلار، تىل ـ يېزىق، دىۋان ئىشلىرى، دىپلوماتىيە، مالىيە ـ ئىقتىسات، تىبابەتچىلىك قاتارلىق ساھەلەرگىچە ئەكس ئېتىپ، تارىختا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان.

تۈگەللىمە: ئۇيغۇرلار بىلەن موڭغۇللارنىڭ مۇناسىۋەت تارىخىنى مۇنداق بىر

نەچچە دەۋرگە بۆلۈشكە بولىدۇ: قەدىمقى يىنسەي، ئۇرخۇن، سىلىنگا، سىبىرىيە، ئۆتۈكۈن قاتارلىق پايانسىز تۈزلەڭلىك، يايلاقلاردا بىللە ياشىغان تۇققاندارچىلىق خاراكتېرىدىكى مۇناسىۋەت؛ كوكتۈرك خانلىقى، ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى، قارا خانىلار سۇلالىسى دەۋرلىرىدىكى ئىناق خوشنىدارچىلىق خاراكتېرىدىكى مۇناسىۋەت؛ چىڭگىزخان، قۇبلايخان، چاغاتايخان قاتارلىقلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارغا تايىنىش، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەسىرىنى ئۇمۇمىيۈزلۈك قوبۇل قىلىش خاراكتېرىدىكى مۇناسىۋەت؛ تۇغلۇق تۆمۈرخان دەۋرىدىن باشلانغان تۈركلىشىش-ئۇيغۇرلىشىش خاراكتېرىدىكى مۇناسىۋەت؛ جوڭغارلار (ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلماي ئەسلىدىكى چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى ساقلاپ قالغان موڭغۇللار) دەۋرىدىكى تەسەۋۋۇپچى سوپى-ئىشانلارغا تايىنىپ، ئۇيغۇرلارنى دەھشەتلىك ئېزىش-ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش خاراكتېرىدىكى مۇناسىۋەت. (بۇ يەردە كۆپرەك موڭغۇل ھۆكۈمرانلار قاتلىمى كۆزدە تۇتۇلغان)؛ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئوخشاشلا مەھكۇملۇقتا ياشاش تەقدىرداش بولۇش خاراكتېردىكى مۇناسىۋەت دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئىنقىلاۋدىن كېيىن، بولۇپمۇ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار بىلەن موڭغۇللارنىڭ مۇناسىۋىتى قېرىنداشلارچە دوستلۇق مۇناسىۋەت ئاساسىدا ساغلام تەرەققى قىلماقتا.

يۇقارقىلاردىن كەلىمە ھاسىلات شۇكى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ناھايىتى ئۇزاق دەۋرلەردىن باشلاپلا، باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە ئىزچىل تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن، بولۇپمۇ جۇغراپىيىۋىي، تارىخىي ۋە سىياسىي ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ خىل تەسىر ئوخشاشمىغان تارىخىي دەۋرلەردە ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بولۇپمۇ بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ موڭغۇل مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى بىر قەدەر گەۋدىلىك بولغان. شۇ ۋەجىدىن بۇ ماقالىدا پەقەت مۇشۇ بىر نوقتىنى ئۈستىدىلا توختىلىشقا توغرا كەلدى.

ئۆز نۆۋىتىدە شۇنىمۇ قەيىت قىلىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىمۇ خۇددى باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتىگە ئوخشاش تارىخى، جۇغراپىيىۋىي ۋە سىياسىي ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ، مەسىلەن: ئەرەب، پارس، موڭغۇل، مانجۇ، خەنزۇ، ئورۇس، ھىندى، ئىنگلىز قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تەسىرلىرىنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە قوبۇل قىلىپ ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت بايلىقى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە مەدەنىيەت سەمەرىلىرىنى

ئۆزلۈكسىز بېيىتىپ كۈچەيتىپ كەلگەن.لېكىن ھەرگىزمۇ جۇغراپىيىۋي ۋە ھەرخىل تارىخىي، سىياسى، ئىجتىمائىي سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە قۇشۇلۇپ ئاسىملاتسىيە بولۇپ كەتمىگەن، ئەكسىچە ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچىنى ئىزچىل ساقلاپ داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. شۇڭا شۇنى ئېنىق مۇئەييەنلەشتۇرۇش كېرەككى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى خۇددى تارىختىكىگە ئوخشاش ھازىرمۇ ۋە كەلگۈسىدىمۇ ئۆزىنىڭ چەكسىز قۇدرەتلىك جەزبىدارھاياتى كۈچىنى مەڭگۈ نامايان قىلىدۇ..

ئاپتۇرنىڭ ئۆزرىسى: ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ موڭغۇل مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تارىخىي تەسىرى كۆپ تەرەپلىمە ۋە كۆپ قاتلاملىق بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ سىستېمىلىق تەتقىق قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ماقالە پەقەت مېنىڭ دەسلەپكى ئۆگىنىش-ئىزدىنىشمىنىڭ ئازغىنە نەتىجىسى بولۇپ، ئېنىقسىزلىق، سەھۋەنلىك ۋە يېتەرسىزلىكلەردىن خالى بولالماسلىقى مۇمكىن. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەپۇ كۆزىدە قارىشىنى ئۈمۈت قىلىمەن.

## مەنبە ئاچقۇچى:

<1> ئولانزالات: ‹ ‹تۈركلەرىبلەن موڭغۇللار ئايرىلىشتىن بۇرۇنقى پاكىتلار› › ، ئولانزالات بىلوگى،2007-يىل، 12-ئاينىڭ 18-كۈنى. •

<2> تۇجى (چېك سۇلالىسى): «موڭغۇل تارىخى» "تاتاتۇڭانىڭ تەرجىمىھالى"، 3048-بەت. جۇڭگو كىتاپچىلىقى، 1984-يىل خەنزۇچە نەشرى.

<3> (جۇۋەينى) ئىران:(«جاھاننى بويسۇندۇرغۇچىلار تارىخى»-، 50-49بەتلەر. ئىچكى موڭغۇل نەشرىياتى، 1980-يىل، خەنزۇچە نەشرى.

<4> تۇجى(چىك سۇلالىسى): «موڭغۇل تارىخى» ، 351-بەت.

<5> ۋاڭ جىلەي: ‹ ‹ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى› › ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999-يىل نەشرى.

<6> كۇرەش تاھىر «:ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ تېماتىك قاتلاملىرى» ، كىتاب مۇنبىرى ژۇرنىلىنىڭ 1999 - يىللىق 1 - ، 2 - سانلىرى.

<7> ئۇلياستۇ؛ «ئۇيغۇرچە موڭغۇلچە ئاھاڭداش ۋە مەناداش سۆزلەر» ئىنتېرنىت، «ھون مۇنبىرى» ، 2006-يىلى 5-ئاينىڭ 23-كۈنى.

<8>. ‹ ‹موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى› › ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىل نەشرى.
<9> جۇچى (چىڭ سۇلالىسى): «مۇڭغۇل تارىخى» "تاتاتۇڭانىڭ تەرجىمىھالى"، 3048 ـ بەت. جۇڭگۇ كىتاپچىلىقى، 1984 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.
<10> ياڭ فۇشۇ «ئۇيغۇرلار ۋە بۇددا دىنى» 168 ـ، 170 ـ بەتلەر. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.
<11> جۇچى (چىڭ سۇلالىسى): «مۇڭغۇل تارىخى» "پراجناشىرىنىڭ تەرجىمىھالى" 3260 ـ بەت. جۇڭگۇ كىتاپچىلىقى، 1984 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.
<12> ليۇزىشياۋ: «ئۇيغۇرتارىخى» ـ 574بەت. مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىل نەشرى.
<13> ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» ، 326 ـ بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىل نەشرى.
<14>، <15>، <16>، <17>، <18>، <19>، <20> غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇرلار شەرقتە ۋە غەربتە» ، 117 ـ بەتتىن165 ـ بەتلەرگىچە ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىل نەشرى.
<21>«جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى» ـ جۇڭگوتارىخى ـ يۈەن سولالىسى تارىخى ـ "راببان سائۇما قىسمى" خەنزۇچە نەشرى، 56 ـ بەت.

## پايدىلانما ئاساسلىرى:

1. ئۇبۇلغازى باھادىرخان: ‹ ‹شەجەرىي تۈرك› › ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىل،نەشرى. •
2. ‹ ‹موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى› › ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىل نەشرى. •
3. مەھمۇدكاشىغەرىي ‹ ‹تۈركىي تىللاردىۋانى› › ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىل نەشرى.
4. مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىل نەشرى: ‹ ‹ئۇيغۇر تارىخى» ليۇزىشاۋ
5. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىل نەشرى. ‹ ‹تارىخى رەشىدىي› ›

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۈرەگان
6. «شەجەرەئى تۈرك› › ،شىنجاڭ خەلىق نەشرىياتى،2002-يىل نەشرى› ›
ئەبۇلغازى باھادىرخان.6
مىللەتلەرنەشرىياتى،1986-يىل نەشرى. <<7مـوللا مۇسا سايرامى:
‹ ‹تارىخى ھەمىدى
8. ۋ.ۋ.بارتولدى: ‹ ‹ئوتتۇرا ئاسىيا قىسقىچە تارىخى› › شىنجاڭ خەلىق
نەشرىياتى،1980-يىل خەنزۇچە نەشرى.

2008-يىلى 10-ئۆكتەبىر، كاشىغەر شەھرىدە يېزىلدى.

# مەۋجۇتلۇق نىملەرگە باغلىق؟

**ئابدۇرەھىم دۆلەت**

تەبىئەت مەڭگۈ سىرلىق، مەڭگۈ جەلپكار، مەڭگۈ يېڭى، تەبىئەتتىكى ھەر بىر مەۋجۇدات مەيلى نەسلى قۇرۇپ كەتكەن دىنوزاۋۇرلار بولسۇن ياكى قۇرت ـ قوڭغۇز، پىت ـ بۈرگىلەر بولسۇن ۋە ياكى ئاسمان پەلەك شەمشاد، ياكى تەسكەي زەيكەشلەر ـ دىكى مۇخلار بولسۇن، ۋە ياكى ئاسماندىكى سانسىز يۇلتۇزلار ۋە زېمىندىكى ئۇششاق تاش، شېغىللار بولسۇن، ھەممىسى بىر مۆجىزە، بىر ھېكمەت ئەسرارلارغا باي كىتاب. تولىمىز غەپلەتتە بولغاچ بۇ مۆجىزىلەرنى ھېس قىلالمايمىز. سىز تاغدا كېتىپ بېرىپ تۇيۇقسىز بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلدىڭىز قارىسىڭىز ئۇ بىر تاشكەن، سىز ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ يەنە يولىڭىزغا راۋان بولدىڭىز، ئەمما يەنە بىردەمدىن كېيىن يەنە پۇتلىشىپ يىقىلدىڭىز، قارىسىڭىز بۇ قېتىم پۇتلاشقىنىڭىز بىر ئۇستەل سائىتىكەن، تۇيۇقسىز بۇنىڭدىن ناھايىتى ھەيران قالدىڭىز، باشتا تاشقا پۇتلاشقاندا مېڭىۋەرگەن ئىدىڭىز، ئەمدى يەنە نېمىشقا مېڭىۋەرمەيسىز؟ تاشقا پۇتلىشىش بىلەن سائەتكە پۇتلىشىشنىڭ نېمە پەرقى بار؟ ياكى تېخىمۇ ئاددىيراق قىلىپ ئېيتقاندا، تاش بىلەن سائەتنىڭ پەرقى نېمە؟ نېمىشقا سائەت دىققىتىڭىزنى قوزغىيالايدۇ؟ تاش قوزغىيالمايدۇ؟ مانا بۇ ئىنسانلارنىڭ ھىدايەت ياكى زالالىتىنى بەلگىلەيدىغان تەپەككۇر ئۇسۇلى.

پىكىر قىلىش ئادىتىگە ئىگە كىشىلەر ئۈچۈن تەبىئەت ئاجايىپ بىر مەكتەپ، ئوقۇش پۇلى ئالمايدىغان، ھەممە ئادەمگە باراۋەر ئېچىۋېتىلگەن مەكتەپ، ئىنسانلار ـ دىكى پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ بۇ مەكتەپتىن قوبۇل قىلىدىغان تەسىرات ئىلھاملىرىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ياشاش ئادىتى، ئىنتىزامى بىلەن باشقا ھايۋانلارغا ئوخشىمايدىغان بىر ئىجتىمائىي توپ شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ھەسەل ھەرىلىرى بىر كەم ـ كۈتىسىز مۇكەممەل جەمئىيەت، ئۇلاردىكى ئىش تەقسىماتى، سالاھىيەت پەرقى، ئىنتايىن

ئىنىق ئايرىلغان ئۇلار ھەم ئىجتىمائىي بىرلىك ھەم ئىقتىسادى ئىي بىرلىك، ھەم سىياسىي بىرلىك، ئۇلارنىڭ ساقچىلىرى تازىلىق ئىشچىلىرى، بالا باققۇچىلىرى، ساتىراشلىرى، جانلىق سۇ ئامبارلىرى، جانلىق شامالدۇرغۇ چىلار، ھەسەل پىششىق ـلاش ئۇسكۇنىلىرى، گۈلچېكى تەييارلاش سېخلىرى، ئانا ھەرە جەۋھىرى ئىشلەش ماھىرلىرى، موم، يىلىم ئىشلەش ئورۇنلىرى بار. ئۇلارنىڭ پائالىيىتى مۇتلەق بىر ئىنتىزام ئاستىدا بىرلىككە كەلگەن، ئۇلارنىڭ قەتئىي خىلاپلىق قىلىشقا، ئۆزگەر تىشكە بولمايدىغان مۇقەددەسلىشىپ كەتكەن پرىنسىپ ـ قائىدىلىرى، ئەنئەنىلىرى، قېلىپلاشقان ياشاش ئادىتى بار. شۇڭلاش ـقىمۇ ئۇلارنى بىر جەمئىيەت، بىر پادىشاھ ـلىق دەيمىز.

ھەسەل ھەرە جەمئىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ، يەنە كېلىپ يەككە ـ يېگانە ھالەتتە ئەمەس بەلكى ئۆزىنىڭ ھەسەل ھەرىسىگىلا خاس بولغان ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ ئامىلغا باغلىق.

بىرىنچىدىن ھەسەل ھەرىلىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، تىرىك ياشىشى ئۈچۈن گۈل ـ چېچەكلەرگە پۈركەنگەن تاغ، دالا، باغلاردا، ئېتىزلاردا ياشىشى كېرەك. ئوزۇقلۇق ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ئورگانىك ئاساسى. ئۇلارغا ئۆزگە خاس لايىق بولغان تەبىئىي مۇھىت بولۇشى كېرەك. تەبىئىي مۇھىت بولماي ئۇلار ياشىيالمايدۇ. دېمەك، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن زۆرۈر بىرىنچى شەرت ئۇلارنىڭ ياشىشىغا ماس بولغان تەبىئىي مۇھىت. ياكى تېخىمۇ چۈشىنىش ـلىك دېگەندە ئوزۇقلۇق.

ئىككىنچىدىن: ھەسەل ھەرىلىرى يەككە ياشىمايدۇ، ئۇلار توپلىشىپ ياشايد ـىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ خىلاپلىق قىلغىلى بولمايدىغان ياشاش قانۇنلىرى بار. ئۇلار بۇ قائىدە ـ ئەنئەنىلىرىگە خىلاپلىق قىلسا گەرچە يەككە ـ يەككە تىرىك ياشىيالى سىمۇ، ئەمما ھەقىقىي مەنىدىكى ھەسەل ھەرىسى جامائىتى بولالمايدۇ، يەنى ئۆزلۈك سالاھىيىتىنى يوقىتىدۇ، دېمەك ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ ھەقىقىي ھەسەل ھەرىلىرى جەمئىيىتى بولۇپ ياشىشى ئۈچۈن ئىككىنچى مۇھىم ئاساس ئۇلارنىڭ قېلىپلاشقان، تۇراقلاشقان ياشاش ئادىتى.

ئۈچىنچىدىن ئۇلاردا ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەت ناھايىتى ئېنىق ئايرىلغان، ئۇلار بىر پادىشاھلىق، ھەر بىر ئەزاسىنىڭ ئۆزىگىلا خاس ھوقۇقى ـ مەجبۇرىيىتى بار. ئۇلار شۇ چەكلىمىدىن چىقىپ كەتمەي، پادىشاھلىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن، ساقچى ھەرىلەر. سىرتتىن كەلگەن يات ھەرىلەرنى ئۇۋىسىغا كىرگۈزمە

ـ يدۇ، دېمەك ئۇلارنىڭ شۇنداق ئېنىق ئايرىلغان ھوقۇق ـ مەجبۇرىيىتى ئۇلارنىڭ بىر يىمىرىلمەس، ئىناق، ئىنتىزاملىق بىر جامائەت بولۇپ ياشىشىنىڭ مۇھىم بىر كاپالىتى. يەنى بەختەرلىك كاپالىتى.

بىز بۇنى يەنى مەۋجۇتلۇقنىڭ بۇ ئۈچ خىل شەرتىنى مەلۇم مىللەتكە، جەمئىيەتكە، دۆلەتكە، تەتبىقلىيالايمىز؟ مېنىڭچە پۈتۈنلەي تەتبىقلاشقا بولىدۇ. مېنىڭچە بىر جەمئىيەت بىر قوۋمنىڭ مەجۇتلۇقىمۇ دەل يۇقىرىقى ئۈچ ئامىلغا باغلىق. تۆۋەندە مەن ئۇنى ئىقتىسادى، مەدەنىيەت، ھوقۇق دەپ ئاتايمەن.

## ئىقتىسادى

بۇ ھەممىگە ئايدىڭ ئاددىي ھەقىقەت. تەبىئەت دۇنياسىدا گۈللەپ ياشناۋا ـ تقان ھەرقانداق مەۋجۇتلۇق مەيلى ئادەم ياكى ھايۋان ياكى ئۆسۈملۈك بولمىسۇن، ھەممىسى ئۇلارنىڭ ھاياتلىقىنىڭ ئورگانىك ئاساسىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئېنېرگىيد ـگە موھتاج، تەبىئەتتە سىرتقى ئېنېرگىيە تاپالماي مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغان نەرسە يوق. ئۇنداقتا ئېنېرگىيە نەدىن كېلىدۇ؟

مانا دەل بۇ سوئالنىڭ جاۋابى ھازىرقى بايان تېمىمىز بولغان «ئىقتىسادى» نىڭ يىلتىزى. ئادەتتە ئادەم تىرىك ياشىشى ئۈچۈن، يېمەك ـ ئىچمەككە، مۇۋاپىق تېمپېراتۇرىغا موھتاج، بۇ ئەڭ دەسلەپكى شەرت. بۇنىڭلىق بىلەن ئىقتىسادى بىلەن يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكنىڭ مۇناسىۋىتى يوق، ئىككىسى ئايرىم ـ ئايرىم ئۇقۇم دەپ قارىساق بولامدۇ؟ ئەلۋەتتە يېمەك ـ ئىچمەك ئىقتىسادى قا تەڭ ئەمەس، شۇنداقلا ئىقتىسادى ۋە يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ ئۆزى دېگەنلىك تېخىمۇ ئەمەس. ئەمما پاكىت شۇكى، ئادەمنىڭ تىرىكلىكى ئەڭ ئاۋۋال بىۋاستە يېمەك ـ ئىچمەككە باغلىق، ئادەم ئىقتىسادى ئامىللىرى بولغان پۇل ياكى باشقا بايلىقلارنى يېسىمۇ ئۆلۈپ قالمايدۇ، زاۋۇت، كان ـ كارخانىلار، بازار ـ ئېتىزلار بولسىمۇ ئىنسان قورسىقىنى تويغۇزسىلا تىرىك ياشاپ كېتىۋېرىدۇ، يەنىلا مەۋجۇت بولالايدۇ، ئۇنداقتا نېمىشقا بىز بۇ يەردە مەۋجۇتلۇقنىڭ بىرىنچى شەرتىنى ئوزۇقلۇق دېمەي نېمە دەپ ئىقتىسا ـ دى دەيمىز؟

بۇنىڭدا ئاۋۋال بىز، مەن تىلغا ئالغان مەۋجۇتلۇقنىڭ قايسى مەنىدىكى

مەۋجۇتلۇق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىشىمىز كېرەك.

بىرىنچىدىن بۇ بىر شەخسنىڭ مەۋجۇتلىقىغا قارىتىلغان، بەلكى بىر قوۋم، بىر جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا قارىتىلغان.

ئىككىنچىدىن بۇ مەيلى قۇل، مەيلى خان بولسۇن، ئىشقىلىپ ئۆلۈپ قالمىغانلا گەۋدىلەرگە قارىتىلغان، بەلكى باشقىلارنىڭ ئىززەت ھۆرمىتىنى ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلىگەن ئورۇندا باشقىلار بىلەن باراۋەر مەۋجۇتلۇققا قارىتىلغان.

ئۈچىنچىدىن ئۆزلىرىنىڭ سالاھىيەت قىممىتىنى يوقاتماي ساقلاپ قالغان، ئۆزلىرىگە ئۆزۈل-كېسىل ۋەكىللىك قىلالىغان، رېئاللىقنى ئۆزىلا ئىنكاس قىلالىغان، ۋەكىللىك مەۋجۇتلۇققا قارىتىلغان.

بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بىر قوۋمنىڭ نەسلى پۈرستىنىڭ قۇرۇپ كەتمەي، نېمىگە ئوخشىسا ئوخشاپ، ئىشقىلىپ تىرىك مىدىرلاپ يۈرگىنى ئۇلارنىڭ مەن دېگەن مەنىدىكى مەۋجۇتلۇقى ئەمەس، مەن دېمەكچى بولغان مەۋجۇتلۇق ئوقۇمىدا ئىنسانلارنىڭ ئىشقىلىپ ئۆلۈپ قالماي ياشاشتەك ئەڭ ئىپتىدائىي، ئەڭ ئەقەللىي مەۋجۇتلۇق چۈشەنچىسىدىن ئاسمان زېمىن پەرقلىنىدۇ. يەنە كېلىپ مەن تەكىتلەۋاتقان مەۋجۇتلۇق ئۇقۇمى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى قوۋم-جەمئىيەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى بولماستىن بەلكى ھازىرقى زاماندىكى جەمئىيەتلەرنىڭ مەۋجۇتلىقىدۇر. ھازىرقى زامان جەمئىييەتلىرى ئۈچۈن نوقۇل يېمەك - ئىچمەك ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ مەن يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئۈچ خىل مەنىدىكى مەۋجۇتلۇقنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولالمايدۇ. بۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەتكىلا ماس كېلىدىغان ئۆلچەم، شۇڭلاشقا بىز بۇ يەردە ئىقتىسادى دېگەن بۇ ئۇقۇمنى ئالدىنقى شەرت قىلىمىز، ھازىرقى زامان ئىنسانلىرىنىڭ تۇرمۇشى بىلەن ئىقتىسادى نىڭ مۇناسىۋىتىنى تارىختىكى ھەر قانداق بىر دەۋردىكىدىن زىچ ھەم ئايرىلماس.

بولۇپمۇ سۇلالىلەر دەۋرىنىڭ ئاخىرلىشىپ سانائەتچىلىكنىڭ تۇرتكىسىدە مەيدانغا كەلگەن كاپىتالىزىمنىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى ھازىرقى زامان جەمئىيەتلىر -نى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئىقتىسادىنىڭ بىر قوۋمنىڭ مەۋجۇتلۇققا بولغان تەسىرىنى تارىختىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن پەللىگە يەتكۈزدى. ئىقتىسادى دۆلەت، جەمئىيەتنىڭ ماددىي نېگىزىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئىززەت- ھۆرمىتى، ھوقۇقى، بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان مۇھىم ۋاستىگە ئايلاندى. دۆلەتلەر -نىڭ ئۇنى ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالىغا ئاساسەن بەلگىلىنىدىغان بولدى، ئەلۋەتتە ئىقتىسادى دۆلەتلەرنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىقىدىكى مۇھىم پەرق كۆرسەتكۈ

ـ چكە ئايلاندى، دۆلەت، جەمئىيەتنىڭ بارلىق پائالىيىتى ئىقتىسادى نى مەركەز قىلىپ ئايلىنىدىغان بولدى، ئەلۋەتتە بايلىق تارىختىكى دۆلەتلەرنىڭمۇ دۆلەت قۇرۇشتىكى ھەل قىلغۇچ ماددىي ئاساسى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقنى كاپالەتلەندۈرىدىغان كۈچلۈك ئاجىزلىقنى ـ ئاجىزلىقنى بەلگىلەش رولى ھازىرقى زامان دۆلەتلىرىنىڭ كۈچلۈكلۈك ئوقۇمىدا پەرق بار. كۈچلۈكلۈك روشەنكى مەلۇم بىر ئارقا كۆرۈنۈش ئاساسىدا ئايرىلىدۇ، سىزنى كۈچلۈك دەپ قارىساق، ئۇ ھالدا بۇ ئەتراپىڭىزدا سىزدىن ئاجىز كىشىلەرنىڭ بارلىقنى ئىپادىلە ـ يدۇ، چۈنكى ئاشۇ ئاجىزلاردىن كۈچلۈك بولغانلىقىڭىز ئۈچۈنلا سىزنى كۈچلۈك دەيمىز. ئەگەر ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەر سىزدىن كۈچلۈك بولسا سىزنى كۈچلۈك دېيىشنىڭ ئۆزى بىر ھاماقەتلىك بولىدۇ. دېمەك، قەدىمكى دۆلەتلەر ئاساسەن ئۆزىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى ئۆز خەلقىگە سېلىشتۇرۇپ، قارشى تۇرۇپ قالسا باشقۇرالىغۇ ـ دەك كۈچى بولسا، ئۆزىنى كۈچلۈك ھېسابلاپ، ئۆزىنى ئەتراپتىكى بىر نەچچە قوشنىسىغىلا سېلىشتۇرۇپ خۇلاسىگە كەلگەن ھەم قەدىمكى دۆلەتلەرمۇ ھازىرقى زامان دۆلەتلىرىگە مەنە جەھەتتىن ئوخشىمايدۇ، قەدىمكى دۆلەتلەردە ھازىرقى دۆلەتلىرىدىكىدەك روشەن چېگرا پەرقى بولمىغان، ئۇلار پەقەت پاسىل بولغان پۇقرانىڭ سالاھىيەت مەنىسىمۇ ئوخشىمايدۇ.

شۇڭلاشقا، ماركوپولو، نەسىردىن ئەپەندى، تاڭ شۆەنزاڭلارمۇ پاسپورتسىز سەپەر قىلالىغان، دېمەك قەدىمكى دۆلەتلەردە كۈچلۈك، روشەن قوشنا ئۇقۇمى بولمىغان، شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ قۇدرىتىمۇ بىر تولىمۇ ئېنىقسىز نىسپىي ئۇقۇم. ئەمما، ھازىرقى زامان دۆلەتلەردە قوشنىنىڭ مەنىسى ئۆزگەردى، ھازىر جۇغرا ـ پىيىۋى مەنىدىكى تام قوشنىسىنىڭ ۋاقتى ئۆتتى، ھازىر يەر شارىدىكى 200 نەچچە دۆلەتنىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرى بىلەن قوشنا، ھازىر ئاسىيا قىتئەسىدىكى ئىراق، ئۆزبېكىستان، ئىران، تۈركىيە ياكى كوۋەيت، سەئۇدى ئەرەبىستانىدىن غەم يېمەي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئا ق ش دىن ياكى ياۋروپادىكى ئەنگلىيىدىن غەم يەۋاتىدۇ، ھازىرقى زامان دۆلەتلىرىنىڭ بىخەتەرلىك ئېھتىياجى قەدىمكى دۆلەتلەرنىڭكىدىن كۆپ كۈچلۈك، شۇنداقلا بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئۆزىنى باشقا دۆلەتلەرگە ئېتىراپ قىلدۇرۇش، خەلقئارالىق جەمئىيەت تۆرىدىن ئورۇن ئېلىش ئارزۇ ـ ئىستىكىمۇ، تارىختىكى ھەر قانداق دەۋردىكىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك، دېمەك ھازىرقى زامان دۆلەتلەرنىڭ بۇنداق كۈچلۈك بولۇش رولى، بىخەتەرلىك ئېھتىياجى ھازىرقى زاماندا ئىقتىسادى نىڭ مىسلىسىز دەرىجىدە مۇھىملىقىنى بەلگىلىگەن، شۇڭلاشقىمۇ

ئېنېرگىيە ھازىرقى دەۋردىكى دۇنيا سىياسىتىنى بەلگىلەيدىغان ماھىيەتلىك ئامىلغا ئايلىنىپ قالغان.

يەنە بىر جەھەتتىن ھازىرقى زامان دۆلەتلىرىنىڭ بىخەتەرلىك، مۇقىملىقى، شۇ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنىڭ ئىلغار ـ قالاق، ئومۇملۇق ـ ئۇقۇمسىزلىق بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان، ئىقتىسادى نى تەرەققىي قىلدۇرۇش C قىلدۇرماسلىق شۇ ھاكىمىيەتنىڭ ئىقتىدارىنى، قانۇنىيلىقىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەم. دۆلەتنىڭ تۈپكى باش سىياسىتىمۇ يەنىلا ئىقتىسادى نى راۋاجلاندۇرۇش دېگەندەك ھەممە ساھەلىرى ئىقتىسادى قىممىتى مەركىزى خىزمىتى نۇقتىسى قىلىدۇ، ھەتتا ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. ئىقتىسادى بارلىق خىزمەتلەر ـ نىڭ ئۇنۇمىنى ئۆلچەيدىغان ئەڭ مۇھىم ھالقا، ھازىر ئىقتىسادى بىرىنچىدىن دۆلەتنى قۇرۇش ئاساسى، ئىككىنچىدىن قوغداش كاپالىتى، ئۈچىنچىدىن بىخەتەر ـ لىك ئېچكى ئېھتىياجى، قاراپ باقىدىغان بولساق، ھازىرقى دۇنيادىكى ئاساسلىق توقۇنۇش، ئۇرۇشلارمۇ تەرەققىي قىلمىغان 3 ـ دۇنيا ئەللىرىدە يۈز بېرىۋاتىدۇ، كۆپىنچە شۇ ئەللەرنىڭ ئىچكى سىياسىتىمۇ تىنچ، قەدىمكى خەلقلەر ئەمەس بىلەن ھازىرقى زامان خەلقلىرى ئوخشىمايدۇ، قەدىمكى دۆلەتلەردىكى خەلقلەر پەقەت پاسسىپ قوبۇل قىلغۇچى ئىدى، دۆلەتكە ھاكىمىيەتنىڭ كۈچلۈك بېسىم شەكىللەندۇرەلمەيتتى، خەلق دۆلەتنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان پەلسەپە، خەلق پەرۋا قىلمايدىغان ھالەت ئىدى. دۆلەتنىڭ خەلقنى رازى قىلمىقىمۇ ئوڭاي ئىدى، ئەمما ھازىر خەلقلەر بىۋاستە ھاكىمىيەتكە بېسىم شەكىللەندۈرەلەيدۇ، ھازىر بىر كۈنلۈك قورسىقى تويسىلا شۈكرى دەيدىغان خەلق يوق، ئۇلار ئۆيدىكى يوللۇق ۋېلىسىپىتنى باشقا ئەل پۇقرالىرىنىڭ پىكاپلىرىغا سېلىشتۇرۇپ، ھۆكۈمەتلىرىدىن ئاغرىنىدۇ، نارازى بولىدۇ، نارازىلىق كۈچىيىپ، ئۆزىنى پىكاپقا ئىگە قىلالمىغان ھاكىمىيەتنى تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇرلايدۇ، قوشنا ئۇقۇمنىڭ ئۆزگىرىشى، خەلقلەرنىڭ ئۆز دۆلىتىدىن باشقا دۆلەتلەرنىڭمۇ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرالىشى، ئۇلاردا ئۆز ھۆكۈمەتلىر ـ نى باشقا ئەل ھۆكۈمەتلىرگە سېلىشتۇرۇپ، خۇلاسە چىقىرالايدىغان ئىمكانىيەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن، بۇ خىل ھاكىمىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى بولسا خەلقنى رازى قىلىشتىكى ئامىل ئىقتىسادىنى باش نىشانى قىلىش تۈپ دۆلەت ستىراتېگىيىسى بولۇش زۆرۈرىيىتىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن .

ھازىرقى زامان ھۆكۈمەتلىرى ئۆچۈن ئىقتىسادىنى ياخشى باشقۇرۇش ئىقتىدار ـ نى ھازىرلاش ئەڭ مۇھىم تەلەپ، ئىلگىرى، دۆلەتلەر باشلىقلىرىنىڭ مەسلىھەت

-چىسى ھەربىي ئالىم، سىياسىيونلار بولغان بولسا، ھازىر مەسلىھەتچىلەر، ئىقتىسادىي شۇناس، جەمئىيەتشۇناسلاردىن چىقىدىغان بولدى، بولۇپمۇ ھازىرقى دۇنيادا ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئىي ئىستراتېگىيە، سىياسىتىنى قانداق تۈزۈش، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنىش ياكى ھالاكىتىنى بەلگىلەيدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىل. بۇنىڭدىن كېيىنكى دۇنيا ئىقتىسادىي ئىي چېگرالار ئاساسەن يوقالغان دۇنيا بولىدۇ، ئەگەر دۆلەتلەر ناھايىتى دانا بولمىسا، ئۇلار بىلىپ-بىلمەي ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئىغا ئۆزى ئىگە بولالمايدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ، ھازىر گەرچە دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئى ياخشى تەرەققىي قىلغان، ئىقتىسادىي ئىي ئاساسى ياخشى بولغان تەقدىردىمۇ، بۇ خىل ياخشى ھالەت مۇتلەق كاپالەتكە ئىگە ئەمەس. ھەر ۋاقىت ئىقتىسادىي نىڭ ۋەيران بولۇش، تۈگۈشىش خەۋپى بار. ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي باشقۇرۇشتىكى ناباپلىقى ھەر ۋاقىت شۇ دۆلەتنى ھالاكەت گىردابىغا ئىتتىرىشى مۇمكىن. 1997-يىلىدىكى شەرقىي-جەنۇبىي ئاسىيا پۇل - مۇئامىلە كرىزىسى ۋە ھازىرقى ئارگېنتىنا-نىڭ ئۇچرىغان قىيىنچىلىقى بۇ مەسىلىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، بۇنىڭدىن 3-4 يىل ئاۋۋال ئارگېنتىنا 3-دۇنيا ئەللىرىنىڭ تەرەققىيات ئۈلگىسى دەپ تەرىپلىنەتتى، مانا ئەمدى كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچىلا ۋەيرانە دۆلەتكە ئايلىنىپ قالدى.

دېمەك، بۈگۈنكى دۇنيا جەمئىيىتىنى غايەت زور بىر تور دېسەك، بۇ تور ئىقتىسادىي تىن ئىبارەت يىپتا توقۇلغان، تۈرغۈن ساددا، ئاق كۆڭۈل، قىزىققان كىشىلەر ئىقتىسادىي نىڭ رولىنى ئىنكار قىلىپ روھىي كۈچنىڭ رولىغا ھەددىدىن زىيادە ئىشەنچ قىلىدۇ. ئۇلار نامراتلىق تۈپەيلىدىن تارتقان تالاپەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدۇ، (رېئاللىق تاڭغان مەسىلىلەرگە ئارقىسىنى قىلىۋېلىش ئاجىزلار-نىڭ بىر ئورتاق ئالاھىدىلىكى) ئۇلار ئېرىشىشنى ئارزۇلاۋاتقان نەرسىلەر ئۆزى ئېتىراپ قىلمايدىغان كىشىلەرنىڭ ئىلكىدە بولغاچقا، شۇ نەرسىلەرنىمۇ ئىنكار قىلىدۇ. ئۇلار قورسىقى ناھايىتى ئېچىپ كەتكەن، ئەمما باشقىلارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزىۋاتقان نانىنىڭ ئۆزىنىڭمۇ قورسىقىنى تويغۇزالايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدىغان ھاماقەتلەردۇر. ئاجىزلارنىڭ ئېرىشەلمىگەن نەرسىلىرى كۈچلۈكلەردە بولسا، شۇ نەرسىدىنمۇ ئېۋەن تېپىپ چىقالايدۇ. يۇقىرىقىدىن يەكۈن چىقارماق ھازىرقى زامان جەمئىيەتلىرىمۇ يەن تېخنىكا سانائىتىنىڭ ئىقتىسادىي نى غايەت زور تەرەققىي قىلدۇرۇشى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن. دېمەك، ئۇلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىمۇ ئىقتىسادتىن ئايرىلالمىغان ھازىرقى مەۋجۇتلۇقلىقى ۋە كەلگۈسى تەرەققىيا

ـ تىمۇ ئۇخشاشلا ئىقتىسادى نى باش شەرت قىلىدۇ.

خوش، ئىقتىسادىنىڭ ھازىرقى زامان جەمئىيەتلىرى ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىملىـقنى سۆزلەپ ئۆتتۇق، ئۇنداقتا ئىقتىسادى تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن نىمىلەرگە تايىنىدۇ؟

بىرىنچىدىن ئىقتىسادى نىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاۋۋال ماددىي بايلىق مەنبەسى، يەنى خام ئەشيا بولۇش كىرەك، بۇ بىرىنچى شەرت، مەشىنىڭ ئۆينى ئىسسىتىشى ئۈچۈن، ئاۋۋال ئوتۇن - كۆمۈر بولمىسا بولمىغاندەك بىر ئىش، بۇ ھەرگىزمۇ بايلىق مەنبەسى مول زىمىنغا جايلاشقان خەلقلەر چوقۇم بايلىق مەنبەسى كەمچىل زىمىندىكى خەلقلەردىن باي، كۈچلۈك كىلىدۇ دىگەنلىك ئەمەس، مەيلى خام ئەشيا شۇ زىمىندىن چىقسۇن ياكى باشقا چىقىدىغان جايلاردىن سىتىلىۋ ـ ىلىنسۇن، ئۇ چوقۇم ئىقتىسادى ئىي قۇرۇلۇشنىڭ ماددىي ئالدىنقى شەرتى، ئۇنىڭ ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى ئۇنىڭ ئاز-كۆپلۈكى تەرىپىدىنلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىش تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. مانا بۇ ئىقتىسادى نى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئىككىنچى مۇھىم ئامىل ئەقىل جۇغلانمىسى.

ئىككىنچىسى، ئەقىل جۇغلانمىسى. بۇ ماددىي ئامىل، يەنى خام ئەشيادىن قانداق پايدىلىنىشنى، ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى قانداق قىلغاندا ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكۈزۈشنى بەلگىلەيدىغان ئامىل بولۇپ، ئاددىيراق ئىيتقاندا، ھۈنەر ـ سەنئەت، ھازىرقى زامان تىلى بىلەن ئىيتقاندا، پەن تىخنىكا، بىلىمنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ فۇنكسىيىسى خام ئەشيانى تىرىلدۈرىدۇ . خام ئەشيا ئەسلى بىر ئۆلۈك ماددىي نەرسە، ئەمما ئۇ ئەقىلنىڭ پىششىقلىشىدىن ئۆتكەندە، يىڭى قىممەت ئىقتىدار قىتىلغان يىڭىچە بىر بۇيۇمغا ئايلىنىدۇ، ھازىرقى زاماندىكى باي-نامراتلار پەرقى ئۆزىدىكى خام ئەشيادىن قانچىلىك پايدىلىنىش ئىقتىدارى، يەنى چۈشىنىشلىك دىگەندە ئۆلاردىكى پەن-ئىك دىگەندە ئۆلاردىكى پەن تەخنىكا جۇغلانمىسىدىنن قان چىلىك يىڭى قىممەت ئىقتىدار قىتىلغان يىڭىچەبىر بۇتۇمغا ئايلىنىدۇ،ھازىرقى زامان تىخنىكا جۇغلانمىسىدىن پەيدا بولغان، بۇ يەردە مىڭە بىرىنچى ئامىل، تۆمۈر بايدىمۇ بار، نامراتتىمۇ بار، ئەمما تۆمۈر بايدا ماشىنا، تانكا، ئايروپىلانغا ئايلانغان بولسا، نامراتتا، كەتمەن، گۈرجەك، بولقىغا ئايلانغان، پەن-تىخنىكا دەل تۆمۈرنىڭ نىمىگە ئايلىنىشىنى بەلگىلەيدىغان ئامىل.

ئەقىل جۇغلانمىسى ئىچىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئامىل ئادەملەردىكى تىجارەت ئىقتىدارى، بۇ تەييار بولغان مەھسۇلاتنى بازاردا پايدىغا ئايلاندۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.

بۆگۈنكى زاماندا بۇ پەۋقۇلئاددە ئىقتىدار بولۇپ، بۇنىڭ بولماسلىقى بىلەن نۇرغۇن خام ئەشيالىرى، مەھسۇلاتلىرى بار كىشىلەر يەنىلا باي بولالماي يۈرىدۇ. مەسىلەن، دېھقاندا زېمىن بار، ئاشلىق كۆپ، ئەمما ئاشلىق سودىگەرلىرى دېھقاندىن باي، قاسساپلار چارۋىچىدىن باي.

بەزى ھاللاردا مەلۇم بىر جاينىڭ كىشىلىرى ھۈنەر، تېخنىكىغا، تىجارەتكە ماھىر بولۇشى، تەبىئىي بايلىقمۇ بولۇشى، ئەمما يەنىلا نامراتلىقتىن قۇتۇلالماسلىقى مۇمكىن، بۇنداق ۋاقىتتا بىز سەۋەبنى، شۇ يەردىكى ئىقتىسادى ئىي سىستېمىنىڭ بەرپاچىسى ھۆكۈمەتتىن ئىزدەيمىز.

ئۈچىنچىسى، ئىقتىسادىي ئىي تۈزۈلمە مەلۇمكى ھازىرقى زاماندا، ئىقتىسادىي يۈكسەك دەرىجىدە تۈزۈملەشكەن، سىستېمىلاشقان، دۆلەت تەرىپىدىن بىر تۇتاش ئىدارە قىلىنىدىغان، بىر پۈتۈن سىستېما، شۇنداقلا دۆلەت خىزمىتىنىڭ مەركىزىي ھالقىسى ھۆكۈمەت ئۆز فۇنكسىيىسىنى، ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرىد ـ ىغان ساھە، مەن يۇقىرىقى تىلغا ئالغان ئىقتىسادىي ئىي تۈزۈلمە دەل دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى ئۈچۈن تۈزۈپ چىققان ئىقتىسادىي تەدبىر، تۈزۈم سىياسەتلەر ـ نىڭ بىر پۈتۈن سىستېمىسىنى كۆرسىتىدۇ، ياكى بۇ باشقىچە ئېيتقاندا، ماركسىزىم پەلسەپىسىدىكى ئىقتىسادىي ئىي بازىغا قۇرۇلىدىغان ئۈستقۇرۇلما، ئىقتىسادىي ئىي تۈزۈلمىنىڭ قانداق بولۇشى، مەزكۇر رايوند ىكى خام ئەشيا، پەن ـ تېخنىكا ئەۋزەللىكىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى شارائىت، تاشقى مۇھىت جەھەتتىن بەلگىلەيدۇ، ئىقتىسادىي ئىي پائالىيەتلەرنىڭ ئۈنۈملۈك، ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان تاشقى مۇھىت يارىتىپ بېرىدۇ، بىر ئادەم يېزا ئىگىلىك ساھەسىدە نۇرغۇن پايدىلىق ئەمەلىي بىلىم بىلىشى، شۇ رايوندا شۇنىڭ بىلىمگە ماس تەبىئىي شارائىتمۇ بولۇشى كېرەك، ئەمما شۇ جايدىكى شۇ تەبىئىي بايلىق ھەققىدىكى سىياسەت، تەدبىرلەر تولىمۇ قالاق، ئۈنۈمسىز (مەسىلەن، باج يۇقىرى، رەسمىيەت تولا دېگەندەك ) ھېلىقى بىلىملىك ئادەم يەنىلا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالماسلىقى مۇمكىن.

جۇڭگومۇ باشتا كوپىراتسىيىلىشىش يولىدا ماڭدى (ئەمەلىيەتتە ئۇمۇ بىر ئىقتىسادىي تۈزۈلمە)، ئەمما ئىقتىسادىي ئىي تەرەققىيات كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى، 78 ـ يىلدىن كېيىن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلىپ، ئىقتىساتتا ياخشىلىنىش كۆرۈلدى، ئەمما يەنىلا بەزى مەسىلىلەر يوقالمىدى، كېيىن پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە ئۆتتى، ئەمدىلىكتە دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا

كىردى، ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسى، ئىقتىسادى تۆزۈلمىدىكى زور ئىسلاھاتلار بولۇپ، ھەر بىر قېتىملىق ئىسلاھات، جۇڭگوغا غايەت زور پايدا ئېلىپ كەلدى. ئىقتىسادى ئىي تۆزۈلمىدىكى ئىقتىسادى ماھىيەتتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ئەركىن ـئازادە ئىقتىسادى ئىي مېخانىزم يارىتىپ بېرىپ ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىنى ھەددىدىن زىيادە چىڭ كونترول قىلىۋېلىشىنى بوشاشتۇرۇشتۇر، ھازىرقى دۇنيادىكى ئىقتىسادى تا تەرەققىي قىلغان ئەللەرگە قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ تۆزۈلمىسىدىكى مۇنداق بىر ئورتاق ئالاھىدىلىكنى، يەنى ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىقا ئارىلىشىۋالمايدىغانلىقىنى، بازارنىڭ تەبىئىي قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز .

ئەمدى بۇ ئۈچ ئامىلنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ ئومۇمىي ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەريانىدا بۇ ئۈچىنىڭ مۇناسىۋىتى بىر ـ بىرىگە چەمبەر چاس باغلانغان بولىدۇ، بىر ـ بىرىگە تايىنىدۇ، بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدۇ. ھەرگىزمۇ بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ئامىلنى ئالاھىدە ھەل قىلغۇچ ئەھمىيىتى بار دەپ قاراشقا بولمايدۇ، بۇلاردىن بىرى كەم بولسا بولمايدۇ، شۇنداقتىمۇ ھازىرقى زاماننىڭ ئىقتىسادى ھالىتىدىن قارىغاندا، كېيىنكى ئىككى ئامىل پەن ـ تېخنىكا سەۋىيىسى ۋە تۆزۈلمە ئەۋزەللىكنى تېخىمۇ، بەكرەك مۇھىم ئورۇنغا ئۆتمەكتە، ئەلۋەتتە، خام ئەشيا ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى، ئەمما ھازىر خام ئەشيانى خام ئەشيا پېتى سېتىپ ئىقتىسادى نى تەرەققىي قىلدۇرۇش پەقەت قالاق ئەللەرنىڭلا ئىقتىسادى ئىي ئەندىزىسىگە ئايلىنىپ قالدى، بىرى بىر تاغار بۇغداينى 100 كويغا سېتىپ خوش بولسا، يەنە بىرى بىر تاغار بۇغدايدىن 1000 كويلۇق قىممەت يارىتىپ پۇل تاپالايدۇ، بۇ يەردە بىلىم شۇنداق زور دەرىجىدىكى پەرقنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. ھازىرقى زامان دۇنيا ئىقتىسادى خەرىتىسىگە قاراپ باقىدىغان بولساق، تەبىئىي بايلىقلارنىڭ ئاساسەن دېگۈدەك تەرەققىي قىلمىغان 3ـ دۇنيا ئەللىرىگە جايلاشقانلىقىنى، ئەمما بۇ بايلىقلاردىن شۇلار ئەمەس، بەلكى تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ بەكرەك ۋايىغا يەتكۈزۈپ پايدىلىنىۋا ـتقانلىقىنى، شۇلارنىڭ ئىقتىسادى ئىنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالالا ـيمىز، ئۆتكەندە تېلېۋىزوردا« دۇنيادىكى ئىشلار» پروگراممىسىدا 100 چە ئادەمنىڭ لوندۇندا ئېشەككە قەھۋە ئارتىپ نامايىش قىلغانلىقى كۆرسىتىلدى، چۈشەندۈرۈلۈشىچە، يەر شارى مىقياسىدا قەھۋە ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئىشلەپ چىقىرىلىپ قەھۋە تەمىنلەش ئېھتىياجىدىن ئېشىپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن قەھۋەنىڭ زور دەرىجىدە چۈشۈپ كېتىپ قەھۋە

ئىشلەپ چىقارغۇچىلار زور زىيان تارتقان، پايدىنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان زاۋۇت ـ شىركەتلەر ئالغان، بۇ كىشىلەر زاۋۇت ـ كارخانىلار ـ نىڭ پايدىسىنىڭ بىر قىسمىنى قەھۋە تېرىغۇچىلارغا ئايرىپ بەرسۇن، دەپ نامايىش قىلغانىكەن، قەھۋە لاتىن ئامېرىكىسى ۋە ئافرىقىدىكى دۆلەتلەردىن چىقىدۇ، ئۇنى سېتىۋېلىپ پىششىقلايدىغان شىركەت ـ زاۋۇتلار بولسا، ياۋروپا، ئامېرىكىدا.

ياپونىيە دۇنيا ئېتىراپ قىلغان تەبىئىي بايلىق ئىنتايىن كەمچىل دۆلەت، ئەمما ئىقتىسادى ئى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان دۆلەت. ياپونىيىنىڭ پەن ـ تېخنىكا، تۈزۈلمە ئەۋزەللىكى ئۇلارنىڭ تەبىئىي بايلىقى كەمچىل بولۇشتەك كەمچىلىكىنى تولۇقلاپ كەتكەن.

يەنە مىسالغا ئالىدىغان بولساق، يۇرتىمىز شىنجاڭ جۇڭگونىڭ مۇھىم پاختا، ئاشلىق بازىسى، ئەمما نامراتلىق بۇ يەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئالاھىدىلىكى، بۇ يەردە پاختا كۆپ ئىشلەپ چىقىرىلغان بىلەن پاختىدىن ئىشلىنىدىغان بازار تاپقان داڭلىق مەھسۇلاتلار يوق دېيەرلىك. مېۋە كۆپ چىققان بىلەن باققاللار نامرات. دېمەك، تەبىئىي بايلىق ئەۋزەللىكى تېخنىكا، تۈزۈلمە ئەۋزەللىكىدىن ئايرىلىپ قالسا، ئۇ بىر قۇرۇق شوئارغا ئايلىنىدۇ، قاراپ باقىدىغان بولساق، قەيەر نامرات، ئىقتىسادىي قالاق بولسا، شۇ يەرنىڭ ئىقتىسادىي سىياسەت تۈزۈلمىسى قالاق، قۇرۇق رەسمىيەت ـ قائىدە ھەددىدىن زىيادە تولا. ناۋادا بىر رايوننىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى ئىلغار، سىياسەتلىرى ئۈنۈملۈك بولسا، گەرچە ئۇ يەردىن خام ئەشيا چىقمىسىمۇ، پەن ـ تېخنىكا ئەۋزەللىكى بولسىمۇ، شۇ رايون چوقۇم تەرەققىي قىلىدۇ. ئىلغار تۈزۈلمىلەشكەن مۇھىت خام ئەشيانىمۇ، پەن تېخنىكىنىمۇ جەلپ قىلىپ ئەكېلە ـ لەيدۇ، دېڭىز بويىدىكى ئېچىۋېتىلگەن شەھەرلەر بۇنىڭ تىپىك مىسالى. شياڭگاڭ ئەسلى بىر كىچىككىنە بېلىقچىلىق يۇرتى، ئەمما ھازىرغا كەلگەندە دۇنيانىڭ مۇھىم پۇل ـ مۇئامىلە مەركىزىنىڭ بىرى. بۇ يەردىكى ھەل قىلغۇچ ئامىلمۇ شياڭگاڭنىڭ تەبىئىي ئەۋزەللىكىلا ئەمەس، بەلكى شۇ ئەۋزەللىككە قېتىلغان تۈزۈلمە ئەۋزەللىكى.

دېمەك، يۇقىرىقى بايانلىرىمىزدىن شۇ مەلۇم بولۇپ تۇرۇۋېتۇكى، ئىقتىسادى ئىي تەرەققىياتتىكى يۇقىرىقى ئۈچ ئامىلنىڭ بىرى كەم بولسا بولمايدۇ، بولۇپمۇ تېخنىكا، تۈزۈلمە بۈگۈنكى دۇنيا ئىقتىسادى ئىدا تېخىمۇ مۇھىم، تېخىمۇ ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرىدۇ، ئەگەر بىز نامراتلىقىمىزنىڭ سەۋەبىنى ئىزدىسەك چوقۇم مۇشۇ ئۈچ خىل ئامىل بىلەن ئۇچرىشىپ قالىمىز. خام ئەشيا ماددىي شەرت، تېخنىكا ھەرىكەتلەندۈر

ـ گۈچى كۈچ، تۈزۈلمە بولسا زۆرۈر شارائىت.

## 2ـ مەدەنىيەت

مەن باشتا تىلغا ئالغان «بۇ مەۋجۇتلۇق ئۆزىمىزگىلا ۋەكىللىك قىلالايدىغان مەۋجۇتلۇق بولۇشى كېرەك» دېگەن سۆز ھېلىمۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە بولۇشى مۇمكىن، مانا بۇ دەل بىر جەمئىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت سالاھىيىتى كۆزدە تۇتۇلۇپ ئېيتىلغان .

ئۇنداقتا، خاسلىق دېگەن نېمە؟ بۇ سۆزنىڭ مەنىسىدىنلا مەلۇم بولۇپ تۇرۇدىكى، خاسلىق مەلۇم شەيئىنىڭ ئۆزىدىلا بار بولغان، ئۇنى باشقا شەيئىلەر دىن پەرقلەندۇرۇپ تۇرىدىغان، ئالامەت، خۇسۇسىيەتلەر. بۇ ئالامەت، خۇسۇسىيە تلەر بىرلىشىپ شۇ شەيئىنىڭ سالاھىيىتىنى شەكىللەندۇرىدۇ، مانا بۇ سالاھىيەت شۇ شەيئىنىڭ ئۆزلۈكىنى ساقلاپ ئۆزىگىلا ۋەكىللىك قىلىدىغان، ئۆزىگىلا دېرەك بېرىدىغان يات شەيئىلەرگە ئوخشاپ قېلىشتىن ساقلايدىغان مۇھىم كاپالەت .

بىر مىللەت بىر قوۋم، بىر جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئۇلارنى باشقا قوۋم، جەمئىيەتلەردىن ماھىيەتلىك پەرقلەندۇرۇپ تۇرىدىغىنى مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادى، پەن ـ تېخنىكا سەۋىيىسى ياكى نوپۇسى ۋە ياكى ئۇلارنىڭ ئىگە بولغان تېررىتورىيىسى بولماستىن، بەلكى شۇ جەمئىيەتنىڭ مىراس مەنىۋى تىندۇرمىسى بولغان مەدەنىيىتىدۇر. پەقەت مەدەنىيەتلا ئۇلارنىڭ (شۇ جەمئىيەتنىڭ) ھەقىقىي سالاھىيىتىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ، ئۇنىڭ كىملىكىنى، قانداق جەمئىيەتلەرنىڭ دوستى، قانداق جەمئىيەتلەرنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلەيدۇ،، بۇ خۇددى كىمنى قوللاپ، كىمگە قارشى تۇرۇشنى بىلەلمىگەن ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ زادى كىملىكىنىمۇ تازا ئېنىق ئاڭقىرالمىغاندەك ئىش.

بىزنىڭ ھازىرقى مۇلاھىزىمىز، مەدەنىيەتنىڭ زادى قانداق ئۇقۇم، ئىكەنلىكى ئۇنىڭ قانداق خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بارلىقى، بەلكى مەدەنىيەتنىڭ بىر جەمئىيەت مەۋجۇتلۇقىدا تۇتقان ئورنى ھەم مەدەنىيەتنىڭ كۈچىيىشىدە تايىنىدىغان زۆرۈر ئامىللىرى ھەققىدە بولىدۇ.

ئىنسانىنىڭ مېڭە، قەلبكە ئىگە ئىكەنلىكى ئۇلارنىڭ ھايۋانلاردىن پەرقلىنىپ مەدەنىيەتلىك ياشىشىنى بەلگىلىگەن، ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەتتىن مەھرۇم ھالەتتە

ئىنسان ھېسابلانغانلىقى شەيئى قىممىتىنى ھازىرقى زامان كىشىلىرىدەك ماددىي نۇقتىدىنلا ئۆلچەيدىغان، كۆزەتمەيدىغانلارغا ئايان بىر پاكىت.

ئادەم ئۆزىنىڭ تىرىك تۇرالىغانلىقىنى ئەڭ زور مۇۋاپەقىيەت دەپ ساناپ شۇنىڭدىن قانائەت ھاسىل قىلىپ ئولتۇرمايدىغان بىر مەخلۇق، ئۇ قىلغان ھەر قانداق ئىشتىن مەنە ئىزدىگۈچى، دەل ئىنسانلارنىڭ توختاۋسىز مەنە ئىزدەش تەبىئىتى مەدەنىيەتنى مەيدانغا كەلتۈرگەن، مەدەنىيەتنى غايەت زور مەنىلەر تۇرى دېسەك، ئىنسان شۇ تورغا ياماشقان بىر ئۆمۈچۈك، مەلۇم بىر ئادەملەر توپىنىڭ ئوخشاش بىر جۇغراپىيىلىك مۇھىتتا ئۇزاق مۇددەت بىرگە ياشىشىنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئورتاق تارىخىي كەچۈرمىشلىرى شۇ تۆپتىن باشقا كىشىلەر توپىدا بولمىغان خاس ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ، بۇ خاسلىقلار شۇ توپنىڭ ھەر قانداق بىر ساھەسىگە مەيلى تەپەككۇر ئۇسۇلى، پەلسەپىۋى ئىدىيىسى، قارىشى، مەيلى كىيىم-كېچىكى، يېمەك-ئىچمىكى، يۈرۈش تۇرۇشى، پىسخىكىسى، تىرىك -چىلىك ئۇسۇلى، بىناكارلىق ئۇسۇلى . . . بولمىسۇن، ھەممىگە ئورتاق سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. مانا بۇ خىل خاسلىقلار دەل شۇ توپنىڭ مەدەنىيىتى ھېسابلىنىدۇ. بۇ نۇقتىدىن مەدەنىيەتنى بەلگىلىك كىشىلەر توپىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئورتاق تارىخىي قىسمەتنى باشتىن ئۆتكۈزۈش جەريانىدائىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھە، قاتلاملىرىدا شەكىللەنگەن ئورتاقلىقلارنىڭ يىغىندىسى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ياكى ئۇ ئۇزاق تارىخىي مۇساپىلەردە تەدرىجىي شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي مىراس. ئارتولو تويىنىڭ قارىشىچە بولغاندا، مەدەنىيەتنىڭ ئىپادىلىنىشى، دىن بولسا مەدەنىيەتنىڭ يىلتىزى.

ئىنسانلار ئۆز ئارا پەرق- ئوخشاشلىق ئارىلىشىپ كەتكەن ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، مۇتلەق كەسكىن پەرق، مۇتلەق ئوخشاش مەۋجۇت بولمايدۇ، ئىنسانلاردا پەرق بار، ئورتاقلىمۇ بار، ئەمما پەرق، ئورتاقلىق ئىنسانلار تەۋە بولغان مەدەنىيەتنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن ئوخشاشمايدۇ، ئوخشاش بىر مەدەنىيەتكە تەۋە ئادەملەردە ئوخشىمىغان مەدەنىيەتكە تەۋە ئادەملەرگە قارىغاندا ئورتاقلىق كۆپ بولىدۇ. ئوخشاش بىر مەدەنىيەت ئەھلى، كونكرېت مەسىس -لىلەردە پەرقلەنگەن بىلەن ئەمما ئابستراكت ئۇمۇمىي مەسىلىلەردە ئورتاقلىقنى ساقلايدۇ. ياۋروپالىقلار زوقلانغان نەرسىلەردىن ئەرەبلەر نەپرەتلىنىشى ئەرەبلەر ئارزۇلىغان نەرسىلەرنى، ياۋروپالىقلار نەزىرىگىمۇ ئىلماسلىقى مۇمكىن. مانا بۇنى مەدەنىيەت بەلگىلەيدۇ، مەدەنىيەت دەل شۇ جەمىيەتنىڭ ئۆزلىكى ھېسابلىنىدۇ، مەدەنىيەت ئۆز ئەھلىگە

ئورتاق غايە، ئورتاق پىكىر قىلىش ئۇسۇلى، ئورتاق قىممەت قارىشى بىرىدۇ، مەدەنىيەتنىڭ شۇلارنىڭ مەۋقەسى، بايرىقى ھېسابلىنىدۇ، باشقىلار ئۇلارنى شۇ بايرىقى بىلەن تونۇيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئېتراپ قىلىدۇ، دېمەك، بىر قەۋمنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا نىسپەتەن شۇ قەۋمنىڭ سالاھىيىتى، كىملىكى، كىم بىلەن بىر سەپتە كىم بىلەن ئەمەسلىكى ئۇلار تەۋە مەدەنىيەت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، يەنە مەدەنىيەت بىر قوۋمنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ يىغىندىسى بولغاچقا، شۇ قوۋمنىڭ مەۋجۇتلۇقنى ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىدىن ئايرىلىپ تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس .

ئەسكەرتىشكە تېگىشلىك مۇھىم بىر نۇقتا شۇكى، مەدەنىيەت ئۆز قوۋمىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئۆزگە خاس قىممەتكە، مەنىگە ئىگە قىلىسمۇ، ئەمما شۇ قوۋمنىڭ دۇنيادىكى ئورنىنى كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقى بەلگىلىيەلمەيدۇ (ئەلۋەتتە بۇنىڭغا مۇھىم تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ، ئەمما بەلگىلىيەلمەيدۇ ).

مەدەنىيەت بىر پۈتۈن سىستېما، ئەمما ئۇ نۇرغۇن تەركىپ ئامىللاردىن تەركىب تاپقان، بۇ ئامىل تەركىبلەرنىڭ مۇھىم، يا ئەمەسلىكىنى شۇلارنىڭ مەدەنىيەت ئىچىدە تۇتقان ئورنى، مەدەنىيەتكە قارىتا ئوينايدىغان رولى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بۇ ئامىل تەركىپلەرنىڭ مۇھىم، يا ئەمەسلىكى شۇلارنىڭ مەدەنىيەت ئىچىدە تۇتقان ئورنى، مەدەنىيەتكە قارىتا ئوينايدىغان رولى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، بەزى تەكىبلەر يادرولۇق، نېگىزلىك بولىدۇ، يوللار مەدەنىيەتنىڭ يىلىكى ھېسابلىنىدۇ يەنە بەزىلىرى ئىككىلەمچى ئورۇندا بولىدۇ، ئۇلار يىلىكنىڭ تاشقى ئىپادىلىرى ياكى قاسىرىقى بولىدۇ، قاسىراقنى ئالماشتۇرۇش گەرچە مەدەنىيەتكە تەسىر كۆرسەتسىمۇ، ئەمما ئۇ مەدەنىيەتنى يوق قىلىۋەتمەيدۇ، ئەمما يىلىك چۈقۇم بولۇشى، يوقالماسلىقى شەرت، مەدەنىيەت يىلىكىنىڭ يوقىلىشى ئەمەلىيەتتە مەدەنىيەتنىڭ يوقىلىشى ھېسابلىنىدۇ، مېنىڭچە بىر مەدەنىيەتنىڭ دۇنيا، ئىنسان تۇرمۇش ھەققىدىكى تۈپكى پەلسەپۋى قاراشلىرى ھاياتلىق ھادىسىلىرىرىگە تۇتقان قىلىپلاشقان ھۆكۈم ـ ئۆلچەملىرى تىلى مەزكۇر مەدەنىيەتنىڭ يىلىكى ھېسابلىنىدۇ.

ئاۋام ئۆز مەدەنىيىتىنى ھاسىل قىلغان مۇھىتتا ئىستىخىيىلىك تەرىزدە مەدەنىيىتىنى سىزغان يىل بويىچە ياشايدۇ، ئەمما ئۇلار بۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ رېئاللىقتىكى ئىستىقبالى، تەقدىرى، قىممىتى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈز مەيدۇ. مەدەنىيتى تەھدىتكە، كۈچلۈك بېسىمغا،يات مادەنىيەتنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان چاغدا، ئاندىن ئۆز مەدەنىيىتى ھەققىدە ئويلىنىشقا قىممىتىنى قايتىدىن تونۇپ يېتىشكە باشلايدۇ، ئەمما بۇ چاغدا ئۇلار خېلىلا كېچىككەن بولىدۇ، بۇ چاغدا

ئۇلار ئۆز مەدەنىيىتىنى قوغداشقا، تەرەققى قىلدۇرۇشقا كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ، ئۇنداقتا مەدەنىيەتنىڭ كۈچىيىشىدە تايىنىدىغان ئامىللىرى نېمە؟ مەن بۇنى تۆۋەندىكى تۆت ئامىلغا يىغىنچاقلىدىم.

1. نوپۇس. ئەلۋەتتە بۇ شۇ مەدەنىيەتكە تەۋە كىشىلەرنىڭ ئاز كوپلىكىنى كۆرسىتىدۇ مېنىڭچە نۇپۇسنىڭ مۇھىملىقىنى ئۇقۇرمەنلەر چۈشەنسە كېرەك. بۇ مەدەنىيەتنىڭ ماددىي ئاملى ئادەمسىز مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇت بولمايدىغانلىقى ھەممىگە ئايان ھەقىقەت. ئەمما، نوپۇس يەنىلا ھەل قىلغۇچ ئامىل ئەمەس. مەسىلەن، 19 ـ ئەسىرلەردە ھىندى جۇڭگو مەدەنىيىتى ناھايىتى زور نۇپۇسقا ئىگە ئىدى، ئەمما مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ئۇلارنىڭ نۇپۇسى بىلەن ئوڭ تاناسىپ تۇزمىدى.

2. تېررىتورىيە. بۇ مەدەنىيەتنىڭ ياكى باشقىچە ئېيتقاندا، مەدەنىيەت گەۋدىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدىكى زېمىن ئاساسى، بۇمۇ ئوخشاشلابولمىسا قەتئىي بولمايدىغان ئامىل. ئەمما يەنىلىلا ھەل قىلغۇچ ئامىل ئەمەس، يۇقىرىقى مىسال يەنىلا بۇنى چۈشەندۇرۇپ بېرەلەيدۇ، جۇڭگۇ، ھىندىستاننىڭ زېمىنىنىڭ چوڭلۇقى ھەممىگە ئايان.

3. كۈچ. بۇ سىياسىي ئىقتىسادى ئەمەلىي كۈچى، ھەربىي كۈچ، پەن ـ تېخنىكا كۈچىنى كۆرسىتىدۇ. بۈگۈنكى دەۋردە بۇنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى ھەممە ئادەم ھىس قىلالايدۇ. شۇ مەدەنىيەتنىڭ ئىقتىدارىنى، ھەتتا تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل. بۇ مەدەنىيەتنىڭ كېڭىيىشىنىڭ، تەرەققىي قىلىشىنىڭ مۇھىم ھەرىكە ـ تلەندۈرگۈچى كۈچى.

4. يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى. بۇ مەدەنىيەتنىڭ ھەزىم قىلىش، ماسلىشىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ، يۇقىرىدا ئېيتقىنىمدەك مەدەنىيەت ئۆزىنىڭ سىجىل مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش ئۈچۈن قاسىراق تاشلايدۇ، ئەمما قاسىراقنىڭ تاشلىنىشى مەدەنىيەتنىڭ ئىپادىسىگە تەسىر كۆرسەتسىمۇ، يىلىكىگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، روشەنكى يېڭى قاسىراق يەنىلا ئەسلىدىكى مۇسكۇلدىن ئوزۇقلىنىدۇ، مەدەنىيە ـ تنىڭ تەركىبىدە ئەبەدىيلىك قىممىتىگە ئىگە نەرسىلەر، شۇنداقلا ۋاقىتلىق نەرسىلەرمۇ بولىدۇ.

قىسقىسى، بىر مەدەنىيەتنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات ھالىتى، ئىپادىسى، ئۇنىڭ يۇقىرىقى ئامىللاردىن شەكىللەنگەن رېئال ئەمەلىي كۈچى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، ھەم بۇ ئامىللار مەدەنىيەتنىڭ كۆلىمى ۋە ئېنېرگىيىسىنى ھاسىل قىلىدۇ، مەدەنىيە

-تىنىڭ خاسلىقى پەقەت ئۇنى باشقا مەدەنىيەتلەردىن پەرقلەندۈ -رۈپ تۇرىدىغان ئامىل بولۇپ قالماستىن مۇھىمى شۇ مەدەنىيەت مەۋجۇتلىقىنىڭ ئىچكى مەزمۇنى، نېگىزى بولىدۇ، يۇقىرىقى تۆت خىل ئامىل ئادەتتە بىر بىرى بىلەن كىرىشىپ كېتىدۇ، ھازىرقى زاماننىڭ ئومۇمىي ھالىتىدىن قارىغاندا 3-ۋە 4- ئامىلنىڭ مەدەنىيەت گەۋدىسىگە كورسىتىدىغان تەسىرى بەكرەك گەۋدىلىك بولماقتا.

قىسقىسى، مەدەنىيەت بىر جەمئىيەتنىڭ ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە مەزمۇنىدىن ئىبارەت، مەزمۇنسىز گەۋدە ھېچنىمىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، ئۆز مەدەنىيىتىدىن ئايرىلغان جەمئىيەت، يۇقالغان جەمئىيەت، گەرچە ئادەملىرى تىرىك يۈرسىمۇ. ئەمدى توختىلىدىغىنىمىز مەۋجۇتلۇقنىڭ 3-مۇھىم ئامىلى ھۇقۇق.

روشەنكى، ئادەم يەككە - يېگانە ھالدا ياشايدىغان مەخلۇق ئەمەس، بەلكى ئۇ بىر ئىجتىمائىي سىياسىي مەخلۇق، ئىنساننىڭ بىر ئىجتىمائىي گەۋدىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ ياشىشى ئۇنىڭ سىياسىي سالامەتكە ئىگە بىر بىرلىك بولۇشى بەلگىلە نگەن. ئادەملەر ئارىسىدىكى مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ياكى ئىنسانلاردىكى باشقۇرۇش باشقۇرۇلۇش، ھۆكۈمرانلىق قىلىش، قىلىنىش مۇناسىۋىتى ھەر بىر ئادەمگە ئۆزىگە خاس بىر ئىجتىمائىي بوشلۇق ياراتقان، بۇنى ئىنسانلارنىڭ سىياسىي پائالىيىتى مەيدانغا كەلتۈرگەن. مانا بۇ ئىجتىمائىي بوشلۇق ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم قورال شۇ بوشلۇقتا لايىقلاشقان ھوقۇقتىن ئىبارەت.

ھەر بىر يەككە شەخسىنىڭ بەھرىمەن بولغان ھۇقۇق شۇ شەخسىنىڭ، شۇ ئىجتىمائىي گەۋدە ئىچىدىكى سىياسىي سالاھىيتىنى، ئىجدىمائىي ئورنىنى بەلگىلە يدۇ، بۇ ئۇرۇن بولسا، شۇ شەخسىنىڭ پائالىيەت ئەركىنلىكىنىڭ چىك چېگرىسىنى كۆرسىتىپ بىرىدۇ، يەنە بىر قېتىم ئەسكەرتىش زۆرۈركى، مەن باشتىلا تىلغا ئالغان مەۋجۇتلۇقنىڭ مەنىسىنى شەرھلىگەندە «بۇ مەۋجۇتلۇق مەيلى خان، مەيلى قۇل بولسۇن، ئىشقىلىپ ئۆلۈپ قالمىغانلا گەۋدىگە قارىتىلغان»، دېگەنىدىم، بۇنىڭدىن شۇنى بىلمەك قىيىن ئەمەسكى، مەلۇم بىر قوۋمنىڭ باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېتىراپ قىلىشىشغا ئېرىششى ئورۇندا باراۋەر بولالىشى دەل ئۇلار بەھرىمەن بولىۋاتقان ھۇقۇقنىڭ خاراكتىرى دەرىجىسى كۆلىمى تەرىپىدىن بەلگۈ -لىنىدۇ.

ھوقۇقتا بولغان چۈشەنچە تارىختىن بۇيان ھەرخىل بولۇپ كەلدى، تا بۈگۈنگە قەدەر پۈتۈن دۇنيا خەلقى ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان مۇقىم بىر ئۆلچەملىك ھوقۇق چۈشەنچىسى مەيدانغا كەلگىنى يوق. ئوخشىمىغان مەدەنىيەت، ئوخشىمى

ـغان ئىدېئولوگىيە، ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمگە تەۋە قەۋملەرنىڭ ھەممىسى ـنىڭ ئۆز ئالدىغا ھوقۇق ھەققىدىكى بىر قاتار، بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان چۈشەنچىلەر بار. مەلۇم نوقتىدىن ھوقۇق ھەققىدىكى ئوخشىمايدىغان چۈشەنچە ـلەر يۇقىرىقى تىلغا ئېلىنغان ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي سىياسىي مۇھىت ئاستىد ـىكى خەلقلەرنىڭ بەھرىمەن بولىدىغان ئەركىنلىك ۋە ئادا قىلىدىغان مەجبۇرىيە تلەرنىڭ ئومۇمىي رامكىسىنى بەلگىلىگەن شۇنداقلا ھازىرقى سىياسىي، ئىجتىمائى ئىختىلاپلارنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ، بولۇپمۇ ھوقۇق ھەققىدىكى چۈشەنچىدە شەرق بىلەن غەرب پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان قاراشتا ئىگە.

غەربلىكلەر نەزىرىدە شەيئىلەر پۈتۈنلەي ھاكىم مۇتلەق، مۇستەبىت شەخس ـنىڭ ھوقۇقى مۇتلەق كاپالەتكە ئىگە ئەمەس بۇ يەردە كوللىكتىپنىڭ ھۇقۇقى چەكسىز، شەخس ھەر ۋاقىت كوللېكتىپ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھۇقۇقىدىن ۋاز كېچىشى، كوللېكتىپ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھەممە نېمىسىنى تەقدىم قىلىشى كېرەك. كوللىكتىپ شەخسنىڭ ئەركىنلىكى، ھۇقۇقى، ئىقتىدارىنى بوغۇۋالغان كوللېك تىپ ئالدىدا شەخس ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. پۇقرالىرىنىڭ مەجبۇرىيتى ئۇلارنىڭ ھوقۇقىدىن بەكرەك تەكىتلىنىدۇ. . .

شەرقلىقلەرنىڭ نەزىرىدە بولسا، غەرب شەخسنىڭ ھوقۇقىنى ھەددىدىن زىيادە تەكىتلەپ، ئۇنى مۇقەددەس دەخلىسىز ئورۇنغا قويغان، كوللېكتىپنىڭ ھۇقۇقى نەزەردىن ساقىت قىلىنغان. شۇ سەۋەبتىن جەمئىيەتتە شەخسىيەتچىلىك، مەنپەئەتپەرەسلىك ئەجەللىك ئىدىيلەر ئەۋج ئالغان، ھوقۇق بەكلا تەكىتلىنىپ مەجبۇرىيەتكە سەل قارالغان، كوللېكتىۋىزىملىق روھى يوقاپ، جەمئىيەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ئاجىزلىغان . . . . . . .

ئەلۋەتتە، ئوخشىمىغان چۈشەنچىلەرنىڭ بولۇشى سۈرۈشتۈرۈپ كەلگەندە، يەنە شۇ ئىككى جاينىڭ مەدەنىيەت پەرقىدىن كەلگەن، مەيلى ھازىر بىرلىككە كەلگەن بىرەر چۈشەنچە تېخى مەيدانغا كەلمىگەن بولسىمۇ ياكى ھەر قايسى ئەل خەلقلىرى ئارىسىدا بۇ ھەقتە روشەن ئىختىلاپلار بولسۇن، شۇنىسى ئېنىقكى، دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر شەخس ياكى جەمئىيەت مۇئەييەن بىر ھوقۇق ھالىتىنى ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، (مەيلى بۇ خىل ھۇقۇق ھالىتىنىڭ دەرىجىسى، خاراكتېرى قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر) ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى شۇ ھوقۇق ئايرىپ تەسەۋۋۇر قىلغىلىمۇ، چۈشەنگىلىمۇ بولمايدۇ، ھوقۇقسىز ئۇلارمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ.

مەلۇمكى، ئىنسان خۇددى ئارىستوتىل ئېيتقاندەك بىر سىياسىي مەخلۇق، ئۇ دۆلەت جەمئىيەت دېگەندەك بەلگىلىك سىياسىي كاتېگورىيىلەردە ياشايدۇ، بۇ سىياسىي كاتېگورىيىلەر شەخسكە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ھوقۇق بېرىدۇ، ئۇنىڭ سىياسىي سالاھىيىتىنى بەلگىلەيدۇ، بۇ يەردىكى سىياسىي سالاھىيەت ماھىيەتتە شۇ شەخسنىڭ بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇق مەجبۇرىيىتىنىڭ دائىرىسى، خاراكتېرىگە ئاساسەن ئېيتىلغان. بولۇپمۇ بۈگۈنكى دۇنيادا بەلگىلىك دۆلەت تەۋەلىكى يوق ئادەملەر ئاساسەن دېگۈدەك يوق (پەقەت ياۋايى ئادەملەردىن سىرت) ئادەملەر دەل شۇ دۆلەت ئىچىدە ياشايدۇ، پائالىيەت قىلىدۇ، دۆلەت شەخسنىڭ شۇ دۆلەت پۇقرالىق سالاھىيىتىنى، ئۇنىڭ شۇ دۆلىتىنىڭ قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ھوقۇق مەجبۇرىيەتلىرى ئارقىلىق بەلگىلەپ بېرىدۇ. يەنى ئۇنىڭ پۇقرا سالاھىيىتىدىكى قانۇنلۇق پائالىيەت چېگرىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، بۇ پەقەت شۇ دۆلەت ئىچىدىكى شەخسكە نىسبەتەن ئومۇمىيۈزلۈك ئورتاق بولىدۇ، ئەمما پۇقرالارانىڭ شۇ دۆلەتنىڭ ئوخشىمىغان ساھەلىرىدىكى ئورنى، ئۇلارغا يەنە نۇرغۇنلىغان ئايرىم-ئايرىم سالاھىيەت، ھوقۇق ئەكىلىدۇ، دۆلەتنىڭ يەنە ئوخشىمىغان رايونلارغا نىسبەتەن تۈزگەن قانۇن - سىياسەتلىرى بولىدۇ، بۇلار شۇ رايون خەلقىنىڭ سىياسىي ھالىتىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ، ھوقۇقنى ئېنىق بەلگىلەپ بېرىشتىكى ئىچكى سەۋەپ شۇكى، ‹ ‹ئادەملەر توغرا ئىشىنمۇ، خاتا ئىشىنمۇ، قانۇنلۇق ئىشنىمۇ، قانۇنسىز ئىشنىمۇ قىلىدۇ› › ، شۇڭلاشقا ئۇلارغا قىلىدىغان ئىش بىلەن قىلمايدىغان ئىشنى، قانۇنلۇق ئىش بىلەن قانۇنسىز ئىشنى كۆرسىتىپ بېرىش ئىجتىمائى تەرتىپنى تىنچ ساقلاش زۆرۈرىيەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ . شۇڭلاشقا، بىر قاتار قانۇن - پرىنسىپلار ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ . (بۇ يەردە ناھايىتى بىر مۇھىم مەسىلە شۇكى، كىم كىمگە سىزنى بەلگىلەپ بېرىدۇ ؟ بەلگىلەپ بەرگۈچىدىكى بەلگىلەش ھوقۇقى نەدىن كەلگەن؟ ئەگەر ھۆكۈمرانلار بەلگىلىسە، ئۇ ھالدا ھۆكۈمرانلارنىڭ لاياقىتىنى كىم بەلگىلىگەن؟ كىم ئېتىراپ قىلغان؟ ئەلۋەتتە، بىزنىڭ ھازىرقى مۇلاھىزىمىز بۇ مەسىلىلەر ھەققىدە ئەمەس) دەل شۇ كۆرسىتىپ بېرىلگەن دائىرە ئادەملەرنىڭ قانۇنلۇق، ئەركىن پائالىيەت قىلىدىغان دائىرىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

نېمىشقا بىز بۇ يەردە «پائالىيەت» دېگەن ئۇقۇمنى ئالاھىدە تىلغا ئالىمىز؟ چۈنكى، بىر شەخسنىڭ ياكى بىر جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتى شۇلارنىڭ پائالىيىتىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىدۇ، شۇ پائالىيەتنىڭ

چەكلىمىسىز، توسقۇنسىز ئېلىپ بېرىلىشى ھەمدە پائالىيەتنىڭ دائىرىسى، مەۋجۇتلۇق تەرەققىياتقا بىر قاتار ئىجتىمائىي سەۋەب بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. دېمەك، ھوقۇق مەۋجۇتلۇقنىڭ ھالىتىنى، تەرەققىياتىنى بەلگىلەشتە ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، ھوقۇق پائالىيەتنىڭ سىپىلى. كىشىلەر بۇ سېپىل ئىچىدە قوغدىلىدۇ، ئەركىن پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ، مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن دەخلىسىز كۈرەش قىلىدۇ. چوڭ ـ كىچىكلىكنى بەلگىلەيدۇ. ئۇنداقتا بۇ سېپىلنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىچۇ؟.

قانۇن تۈزگۈچىلەرنىڭ ياكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ھوقۇق چۈشەنچىسى بەلگىلەيدۇ. چۈنكى، قانۇن تۈزگۈچىلەر ئۆز ئېڭىدىكى كىشىلەر مۇشۇنچىلىك ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولسا بولىدۇ، دېگەن چۈشەنچە بويىچە قانۇن، سىياسەت تۈزىدۇ، پۇقرالارنىڭ ھوقۇقىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ.

كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە بەلگىلەپ بېرىلگەن ھوقۇققا بولغان چۈشەنچىسىنى بەلگىلەيدۇ. كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنىڭ قانچىلىك دائىرىدە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەلمەي، بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇقىدىنمۇ بەھرىمەن بولالماسلىقى مۇمكىن. يەنە بىر جەھەتتىن كىشىلەر ھۆكۈمرانلار ئۆزلىرىگە بەلگىلەپ بەرگەن ھوقۇقى يەنە كەم، بىز يەنە مۇنۇ ھوقۇقلاردىنمۇ بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك دەپ قاراپ، ھەر خىل يوللار بىلەن يەنىمۇ كۆپرەك ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن.

بىر دۆلەت ئىچىدىكى ئوخشىمىغان جەمئىيەتكە نىسبەتەن مەزكۇر جەمئىيە ـ تىنىڭ شۇ دۆلەت ئىچىدىكى ئىقتىسادى ـ سىياسىي ئورنى، دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى، بىخەتەرلىككە كۆرستەلەيدىغان تەسىرىنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقى تەرىپىدىن شۇ جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ھوقۇق ھالىتى بەلگىلىنىدۇ.

قىسقىسى، ھوقۇق ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي سىياسىي مەنىسىگە ئېرىشكەن بولۇپ، ئۇنىڭ خاراكتېرى، دائىرىسى، دەرىجىسى، شۇ جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى، تەرەقىياتىغا مۇھىم بىر ئەۋزەللىك بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ھازىرقى زاماننىڭ ھالىتىدىن قارىغاندا ھوقۇق دائىرىسى كەڭرەك جەمئىيەتلەرنىڭ تەرەققىياتى تېخىمۇ ياخشى، تېز بولماقتا. مەسىلەن، جۇڭگونىڭ دېڭىز بويىدىكى ئېچىۋېتىلگەن شەھەرلەر، ئىقتىسادى ئىي ئالاھىدە رايونلارنىڭ تەرەققىياتى يۇقىرىقى پىكرىمىزنى دەلىللەيدۇ، چۈنكى ئۇ يەردە باشقا رايونلاردا بولمىغان ئەۋزەللىك ھوقۇق ئەۋزەللىكى بار.

# ئۈچسىنلىك مۇناسىۋىتى

بىز يۇقىرىدا مەۋجۇتلۇقنىڭ ئۈچ مۇھىم ئامىل ئىقتىسادى، مەدەنىيەت، ھوقۇق ھەققىدە ئايرىم-ئايرىم يۈزەكى بولسىمۇ توختىلىپ ئۆتتۇق. ئەمدى بۇ ئۈچ ئامىلنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت، ئىقتىسادى بىلەن مەدەنىيەتنىڭ بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا بىر-بىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش مۇناسىۋىتى بولىدۇ. چۈنكى، مەدەنىيە تنىڭ ماددىي قاتلىمىمۇ، مەنىۋى قاتلىمىمۇ بولىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ ماددىي قاتلىمى دەل بىر جەمئىيەتنىڭ ماددىي قاتلىمى دەل بىر جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادى پائالىيىتىدىكى قېلىپلاشقان، خاسلاشقان شەكىللەرنى ھەم مەدەنىيەتنىڭ ماددىيلا -شقان بەلگىلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەلۇمكى مەدەنىيەت بىر قاتار سىمۋوللۇق بەلگە -لەرنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن ھەر بىر بەلگە بىردىن مەنىگە دالالەت قىلىپ تۇرىدۇ.

يەنى ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس پارسون مەدەنىيەتنىڭ ئىچكى مەزمۇنىنى تۆۋەندىكىدەك قاتلاملارغا بۆلىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادى فورمىسىنى، بۇ جەمئىيەتنىڭ «A» قاتلىمى، يەنى بىئولوگىيىلىك تەشكىلىي قۇرۇلمىسى.

1. جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلىي شەكلى. ئادەملەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت تۈرى. بۇ خىل مۇناسىۋەت تۈرى تۈزۈملەشكەن شەكىلدە توقۇلىدۇ. مەسىلەن، ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق، ئىقتىسادى مۇناسىۋەت، سىياسى قانۇن تۈزۈم دېگەندەك. بۇ «1» قاتلىمى دەپ ئاتىلىدۇ.

2. جەمئىيەتنىڭ ئىدېئولوگىيىسى، مەنىۋى مەھسۇلاتلىرى مەسىلەن، دىن سەنئەت دېگەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3. جەمئىيەتنىڭ قىممەت ئۆلچەم سىستېمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى كىشىلەر ئۆز ھەرىكىتىنى ئاڭلىق كونترول قىلىش،چەكلەش ئېڭى ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاق تەلىپى بولغان قىممەت ئۆلچىمى دېگەندەك، بۇ «L» قاتلىمى دەپ ئاتىلىدۇ.

دېمەك شۇ روشەنكى، پارسوننىڭ قارىشىچە بولغاندا ئىقتىسادى مەدەنىيەت كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ، يەنى «A» قاتلىمى.

ئىقتىسادى بىلەن مەدەنىيەتنىڭ بىر-بىرىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى نۇقتىسى

دىن ئېيتقاندا ھەر ئىككىلىسى بىر ـ بىرىگە مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ، بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئاۋۋال ئىقتىسادى ئىي مەدەنىيەتنىڭ ماددىي ئاساسىنى قۇرۇپ چىقىدۇ ھەم مەدەنىيەتنى ئېنېرگىيە بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى، تەرەققىياتى، كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقى، شۇ مەدەنىيەتنىڭ ئىلغار ھالىتى، تەشەببۇسلىرى تەرىپىدىن بەلگىلەنمەستىن مۇھىمى شۇ مەدەنىيەتنىڭ ماددىي ئاساسى، ئارقا تىرىكى بولغان ئىقتىسادى ئەھۋالى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ ھۇجۇمغا تاقابىل تۇرالىشى ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس، مەدەنىيەتلەرنىڭ زاۋاللىقى، ئۇنىڭ ۋاقتىنىڭ ئۆتكەنلىكى كونىرىغانلىقى تۈپەيلىدىن ئەمەس، بەلكى شۇ مەدەنىيەت ئەسلىدىكى ئىقتىسادى كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى، مەدەنىيەتنى قوغدىغۇدەك ماغدۇرىنىڭ يوقلۇقى تۈپەيلىدىن بولىدۇ. مەدەنىيەت ئۆزى كۈچىيىپ قالمايدۇ، يوقاپ كەتمەيدۇ، بۇ يەنىلا شۇ مەدەنىيەتنىڭ ئىقتىسادى ئىي ئەمەلىي كۈچى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. يەنە بىر ئەھۋال شۇكى، ئىقتىسادى ئەھۋالى كۈچلۈك قوۋملەرنىڭ مەدەنىيىتى باشقىلارنى ئۆزىگە بەكلا جەلپ قىلىدۇ. باشقىلار ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى مۇۋەپپەقىيىتىنى ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىگە باغلاپ چۈشىنىپ، شۇلارنىڭ مەدەنىيىتىگە ئىنتىلىدۇ، (مەسىلەن، غەربىنىڭ غايەت زور ئىقتىسادى مۇۋاپەقىيىتىنى ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنىڭمۇ ھازىرقىدەك كەڭ كولەمدە تارقىلىشىنى بەلگىلىگەن) ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيىتىدىن گۇمانلىنىدۇ مەدەنىيەتمۇ ئىقتىسادى قا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئىقتىسادى مۇ مەدەنىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

يەنى مەدەنىيەتكە تەۋە بولغان تەپەككۇر ئۇسۇلى،يېڭىلىق يارىتىش روھى ئىجادچانلىق ئىقتىدارى، بايلىق دېگەنلەر ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئىقتىسادى قا تەسىر كۆرسىتىپ پائال ئىجابىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئىقتىسادى قا تەسىر كۆرسىتىپ (مەسىلەن، يەھۇدىيلار ـ نىڭ مەدەنىيەت ئېڭىدىكى ئىقتىسادى قارىشى ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئىقتىسادى ئىي ھالىتىگە مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن. مەسىلەن، يەنە جۇڭگو تارىخىدىكى خەن، سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىلا كاپىتالىزمنىڭ بىخلىرى بولغان ئىشخانا ئىگىلىكى مەيدانغا كەلگەن، ئەمما كاپىتالىزم جۇڭگودا ئەمەس، ياۋروپادا مەيدانغا كەلدى. بەلكى، بۇنى بۇ ئىككى رايۇندىكى ئوخشىمىغان مەدەنىيەت بەلگىلىگەن بولۇشى مۇمكىن.

ماركس ۋېبېر كاپىتالىزمنىڭ پەيدا بولۇشىنى ياۋروپادىكى دىن ئىسلاھاتىنىڭ

نەتىجىسى بولغان پىروتىستانت دىنىغا باغلاپ ئىزاھلايدۇ. ھەتتا بۇگۈن بەزى جەمئىيەتشۇناسلار ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى 1-ئامىل مەدەنىيەت دەپ قارىماقتا. ساموئېل خومتىڭتون «مەدەنىيەتنىڭ رولى» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق يازىدۇ: «90-يىللارنىڭ بېشىدا مەن كانا ۋە كورىيىنىڭ 60- يىللاردىكى بەزى ئىقتىسادى ئىي ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارنى يولۇقتۇرۇپ قالدىم. ھەيران بولغىنىم شۇ بولدىكى، ئۇلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە دارامىتى ئاساسەن دېگۈدەك ئوخشاش ئىدى،... 30 يىلدىن كېيىنكى بۇگۈندە بولسا كورىيە ئالللقاچان سانائەت گىگانتىغا ئايلىنىپ 14- ئورۇنغا چىقتى...كانادا، بولسا بۇنداق ئۆزگىرىش يۈز بەرگىنى يوق، ھازىر ئۇلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە دارامەت كورىيىنىڭ 14دەن 1گە توغرا كېلىدۇ. تەرەققىيات سۈرئىتىدىكى بۇ ئاسمان-زېمىن پەرقنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ بۇنىڭدا نۇرغۇن ئامىللار بار. مېنىڭچە بولسا مەدەنىيەت بۇنىڭدىكى بىر مۇھىم ئامىل كورىيەلىكلەر تېجەشلىك مەبلەغ سېلىشقا، مائارىپ، تەشكىلات، ئىنتىزامغا ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئىشچان ئەمما گانالىقلارنىڭ قىممەت قارىشى ئوخشمايدۇ، قىسقىسى بۇ يەردە مەدەنىيەت رول ئويناۋاتىدۇ».

بىز ئۆزىمىزنىڭ تارىخىغا نەزەر سالساقمۇ، مەدەنىيەت ئېڭىنىڭ ئۇيغۇرلار -نىڭ ئىقتىسادى ئىي تەرەققىياتىغا قانچىلىك تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى بايقايمىز. سوپى-ئىشانلار ئىنسانلارنىڭ ئىدىيىسىدە ئومۇمىي يۈزلۈك ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكەندىن باشلاپ، خەلقنىڭ مەدەنىيەت ئېڭى، قىممەت قارىشىدا چوڭقۇر مەپكۇرىلەر ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيا، ئۇ دۇنيا،ھايات، ئەمگەك، ئىقتىسادى، ئىلىم دېگەنلەرگە تۇتقان پوزىتسيە، چۈشەنچىسىنى ئومومىيۈزلۈك ئۆزگەرتىپ تاشلىدى. سوپى ئىشانلار تەلىماتىدىكى تەركىدۇنياچىلىق، بۇ دۇنيادىن قول ئۈزۈش، بارلىقنى ئاخىرەتكىلا ئاتاش، بارىغا قانائەت قىلىش، يوقنى ئىزدىمە -سىلىك، ھەممىنى سىغدۇرۇۋېتىش...تەك قاراشلار ئاستا-ئاستا ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ئېڭىغا ئۆزلىشىپ ئۇيغۇرلاردا بايلىق، پۇلغا ئىنتىلمەيدىغان، ئىقتىسادى تەرەققىياتنى زۆرۈر دەپ قارىمايدىغان خاھىش باش كۆتەردى. مانا بۇ ھادىسە مەلۇم نۇقتىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى بىر نەچچە ئەسىردىن بۇيانقى ئومۇميۈزلۈك نامرات ھالىتىنى بەلگىلىۋەتتى، ھەتتا بۈگۈنمۇ زور تەسىر كۆرسىتىپ تۇرۇۋاتىدۇ، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

شۈبھىسىزكى، قىممەت قاراش ئادەمنىڭ ھەرىكىتىگە، پائالىيىتىگە يېتەك

چىلىك قىلىدىغان ناھايىتى مۇھىم مەدەنىيەت تەركىبى. ئوخشاش بىر مەدەنىيەت ئەھلىنىڭ قىممەت قارىشى ئومۇمەن ئوخشاش بولىدۇ. ئادەم ياخشى،يامانىنى، گۈزەللىك ـ رەزىللىكنى قىممەت قارىشى بىلەن ئۆلچەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ، قىممەت قارىشى تەركىبىدە مەڭگۈلۈك قىممەت قارىشىمۇ، ۋاقىتلىق قىممەت قارىشىمۇ بولىدۇ، مەڭگۈلۈك قىممەت قارىشى دېگىنىمىز: ۋەتەنپەرۋەر ـ لىك، ۋاپادارلىق دېگەندەك ئادەمدە ساقلىنىش زۆرۈر قىممەت قاراشلار. ۋاقىتلىق قىممەت قاراش دېگىنىمىز بىزگە بىر مەزگىل يېتەكچىلىك قىلغاندىن كېيىن بىز ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىدىغان، ئەسقېتىشچان تىپتىكى قاراشلار،بۇ خىل قاراشلار بىزگە بىۋاسىتە پايدىلىق بولغاچقا، بىز ئۇنىڭغا ئەگىشىمىز، ئەمما مەڭگۈلۈك قىممەت قاراشلارغا بولسا بىز پايدا ـ زىيان ھېسابلاشمايمىز،مەسىلەن: بىر دۆلەت ئىقتىسادتا كۈچىيىشى ئۈچۈن، دۆلەتتە خەلققە تىرىشىپ ئىشلەشنى، ئەمگەكچان ـ نىلىق گۈزەل ئەخلاق ئىكەنلىكىنى تەكىتلىشى... مۇمكىن. ئەمما، بېيىپ مەلۇم چەككە يەتكەندە بولسا تىرىشچانلىق تەبىئىيلا كېمىيىشى مۇمكىن. بۇ يەردە يېتەكچى ئورۇندىكىسى دەل ۋاقىتلىق قىممەت قاراشتىن ئىبارەت.

بەزى دۆلەتلەر ناھايىتى باي، خەلقىمۇ شۇنداق باياشات، ئەمما ئۇلار خۇددى ھېچنېمىسى يوق نامراتلاردەك ناھايىتى تىرىشچان، يەنىلا توختىماي پۇل تاپىدۇ، ھەتتا مەلۇم دەرىجىدە بېيىپ، تىرىشمىسىمۇ جېنىنى خاتىرجەم بېقىپ كەتكۈدەك ھالەتتىمۇ، يەنىلا توختىماي تىرىشىۋېرىدۇ. خۇددى پۇلى يوق چاغدىكىدەكلا تىرىشىدۇ. مانا بۇ يەردە يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى مەڭگۈلۈك قىممەت قارىشى دېمەك، ئىقتىسادى نىڭ سىجىل تەرەققىياتى ئۈچۈن زۆرۈر بولىدىغىنى مەڭگۈلۈك قىممەت قاراشتۇر.

ئىقتىسادى ئىي جەھەتتىكى مەڭگۈلۈك قىممەت قارىشىغا ئىگە ئادەملەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى ئازادە قامدىيالىغۇدەك پۇل ـ مالغا ئېرىشكەندىن كېيىنمۇ توختىماي تىرىشقىنىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ تىرىشىش مەقسىتىنىڭ نۇقۇل پۇل تېپىش، جېنىنى بېقىشقىلا ئەمەسلىكىنى، ئۇلارنىڭ توختىماي تىرىشىشىغا تۈرتكە بولۇۋاتقان مەلۇم بىر ئامىل بارلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. دەل مۇشۇ «مەلۇم بىر ئامىل» ۋاقىتلىق قىممەت قاراشقا ئىگە تەۋە بولماستىن، مەڭگۈلۈك قىممەت قاراش تەركىبىدە بولىدۇ.

دېمەك، ئىقتىسادى تەرەققىي قىلمايدىغان ھەم قىلمىغان جەمئىيەتتە دەل ھېلىقى «مەلۇم بىر ئامىل» يوق. بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇكى،

ئىقتىسادى زۆرۈر بولىدىغان ياكى باشقىچە ئېيتقاندا، پۇل بولمىسا ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدىغان پۇلنى جىددىي تەلەپ قىلىدىغان مەلۇم بىر غايە، مەقسەتمۇ، بىر شەخسنىڭ، ھەتتا بىر جەمئىيەتنىڭ، مىللەتنىڭ باي-نامرات ھالىتىنى بەلگىلەيدۇ. مەڭگۈلۈك قىممەت قاراشنىڭلا كۈچى پۈتمەس-تۈگىمەس بولىدۇ. ئەلۋەتتە ئەسكەرتىش زۆرۈركى، بۇ قىممەت قاراش ئىقتىسادى تەرەققىياتنى بەلگىلەيدىغان بىردىنبىر ھەل قىلغۇچ ئامىل دېگەنلىك ئەمەس، ئەمما ئۇنىڭ رولى ناھايىتى زور. بىر جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادى ئىي تەرەققىياتىنى نۇقۇل قىممەت قاراشقىلا باغلاپ قويۇشمۇ تازا ئاقىلانىلىك ئەمەس.

تۆۋەندە بەزىبىر مەدەنىيەت ئامىللىرىغا بولغان چۈشەنچىدىكى پەرقنىڭ بەلگىلىك جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى قىسقىچە سېلىشتۇرۇپ چىقىمىز.

بىرىنچى دىن. روشەنكى، دىن ئىنسانلار جەمئىيىتى قىممەت قارىشىنىڭ مۇھىم مەنبەسى، دىن ئۆزى بىر پۈتۈن مۇكەممەل سىستېما بولسىمۇ، بەلگىلىك دەۋر، بەلگىلىك ماكان، ئوخشاش بىر دىن تەركىبىدىكى ئوخشىمىغان تەشەببۇسلارنى تەقەززا قىلىدۇ. جەمئىيەتتە بەزىلىرى يەنە بەزىلىردىن تەرغىب قىلىنمايدۇ ۋە تەكىتلەنمەيدۇ. بۇنى كونكرېت ئېھتىياج بەلگىلەيدۇ. بەكرەك تەكىتلەنگەنلىرى جەمئىيەتنىڭ بىر پۈتۈن ئىدىيىسىگە ئايلىنىپ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىگە ئايلىنىدۇ. تەكىتلىنىۋاتقان قاراشلارنىڭ تەركىبىدىكى بايلىق، نامراتلىق، پۇل ھەققىدىكى تەشەببۇسلار شۇ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئىقتىسادى ئىي ئېڭىنى شەكىللەندۈرىدۇ.ئىقتىسادى تۇرغۇن جەمئىيەتتە چوقۇم دىنىنىڭ شۈكۈر قىلىش، نامراتلىق،بۇ دۇنيانىڭ ۋاپاسىزلىقى، ھەققىدىكى ئەھكام تەشەببۇسلىرى بەكرەك تەكىتلىنىدۇ، ئىقتىسادى تەرەققىي قىلىدىغان جەمئىيەت بولسا،بايلىقنىڭ مۇھىملىقى، ئىقتىسادى كۈچىنىڭ دىنغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى بەكرەك تەكىتلىنىدۇ. بۇ خىل پەرق دەل شۇ جەمئىيەتتىكى باي - نامراتلارغا بولغان باھا، قاراشلاردا بەكرەك روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ئىقتىسادىقا توسالغۇ قىلىۋاتقاندەك جەمئىيەتتە كىشىلەر پۇل تېپىۋالغانلارنى گۇناھ سادىر قىلىۋاتقاندەك پۇل تاپماي شۈكرانىلىق بىلەن ياشايدىغانلارغا ئۇلار توغرا يولدا مېڭىۋاتقاندەك قارايدۇ.

ئىككىنچى شەخسكە بولغان تونۇش

ئىقتىسادى قا تومۇز ىشتە مۇ،سەخسىنىڭ رولى كوللېكتىپىنىڭ ئىچىگە قوشۇۋېتىلىدۇ. شەخسكە ئىشەنچ قىلىنمايدۇ، ئىقتىسادى نىڭ ھەقىقىي تۆرتكىسى شەخسنىڭ ئىجادچانلىقى ۋە ئەركىنلىكىدۇر.شەخسنىڭ ئەركىنلىكى كوللېكتىپقا بەخشەندە قىلىنغان جەمئىيەتتە ئىقتىسادى نىڭ تەرەققىيات قەدىمى بەك ئاستا بولىدۇ. شەخس پەقەت ئۆزى ئۈچۈن ئىشلىگەندىلا، ئۆزىنىڭ ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولالايدىغىنىنى ھېس قىلغاندىلا ئۇنىڭ ئاكتىپچانلىقى چەكسىز بولىدۇ، ھەيدەكچى كەتمەيدۇ،ئەگەر بىر ئادەم ئەقىدە ـ قاراشلاردا ئادەمگە ئەگەشسە، ئۇنداقتا ئۇنىڭ بىرەر ئىشتا ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى، ئىجادچانلىقى بولمايدۇ. شەخسكە ئىشىنىش، ئۇنىڭ ئىقتىدارى، كۈچىگە ھۆرمەت قىلىش ئىقتىسادى ئى تەرەققىي قىلىدىغان جەمئىيەتنىڭ بەلگىسى. ئەكسىچە شەخسنى نازارەت قىلىش باشقۇرۇش، كونترول قىلىش ئىقتىسادى تەرەققىي قىلمايدىغان جەمئىيەتنىڭ تىپىك ئالامىتى. خۇددى ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسى مارئانو ئېيتقاندەك پەقەت «خەلق»، «ئاما»لا بولۇپ بولۇپ شەخس بولمىسا تەرەققىيات بولمايدۇ.

ئۈچىنچى غايە.

ئىقتىسادى ئى تەرەققىي قىلمايدىغان جەمئىيەتتە، خىيالى ئوتوپىيە، فانتازىيە بەكرەك ھۆكۈم سۈرىدۇ، ھېسسىي ئۇقۇملار بەكرەك بازار تاپىدۇ.رېئالىزملىق ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن تېپىلىدۇ، ۋەھالەنكى تۇرمۇشى، ئەمەلىيىتىدە ئۇلار ئەمەلىي كۈچىگە قارىغاندا مەۋھۇم كۈچلەرگە بەكرەك ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇلار قانۇندىن ھالقىغان مۇۋەپپەقىيەتلەرنى تەرەپبال نەتىجىلەرنى تاما قىلىدۇ.

ئىقتىسادى ئى تەرەققىي قىلىدىغان جەمئىيەتتە بولسا، ئەمەلگە ئاشىدىغان، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىشلار مەقسەت قىلىنىدۇ. بىراق كەلگۈسى ئىشلارغا قارىغاندا ئەتىكى ئىشلارنى بالدۇر كۆنتەرتىپكە كىرگۈزىدۇ. بۇ جەمئىيەتتە ئۇبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلىدۇ .

تۆتىنچى بايلىق قارىشى.

ئىقتىسادى تەرەققىي قىلمايدىغان جەمئىيەتتە كۆز ئالدىدىكى نەرسىنى بايلىق

دەپ قاراپ،ئۇنىڭ يەنە بايلىق يارىتىش قىممىتىگە قارىغاندا نەق ئىشلىتىش قىممىتىگە بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدۇ. بايلىق ئېتىزدا،بازاردا....... دەپ قارىلىدۇ، ئەمما ئىقتىسادى تەرەققىي قىلىدىغان جەمئىيەتتە بولسا بايلىق ئىچىلمىغان، بايقالمىغان جايلاردا، بايلىق يېڭىلىق يارىتىشتا دەپ بىلىدۇ. خۇددى مارىئانو ئېيتقاندەك «ئىقتىسادى توسالغۇ جەمئىيەتتە كىشىلەر كومپيۇتېرنىڭ بۇگۇنگە كۆڭۈل بۆلسە، ئىقتىسادى قا تۇرتكە جەمئىيەتتە كىشىلەر كومپيۇتېرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادىغا كۆڭۈل بولىدۇ.»

بەشىنچى رىقابەت ئېڭى.

ئىقتىسادى قا توسالغۇ جەمئىيەتتە رىقابەت دۈشمەنلىشىش دەپ قارىلىپ، ھەمكارلىشىش،ياردەملىشىش ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ. ئۇلار رىقابەتنىڭ ئالدىنقى شەرتى باراۋەرلىك دەپ قاراپ، رېئاللىقتا بولىشى مۇمكىن بولمايدىغان ئوتوپىك باراۋەرلىكنى قوغلىشىدۇ.

رىقابەت ئىقتىسادقا تۇرتكە جەمئىيەتنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى .پەقەت رىقابەتتىلا ئادەمنىڭ بارلىق ئىقتىدارى، يوشۇرۇن كۈچى تولۇق قېزىلىدۇ.ئىقتىسادى قا توسالغۇ جەمئىيەتتە بولسا كىشىلەر رىقابەتنىڭ ئەڭ ياخشى ھەمكارلىشىش ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ، رىقابەتتە ھەر ئىككى تەرەپ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تىرىشىدۇ. ھالبۇكى، ھەمكارلىقتا بولسا چوقۇم بىر تەرەپ بىر تەرەپكە يۆلىنىۋالىدۇ، مەسئۇلىيەتتىن قاچىدۇ، تىرىشچانلىقى زور دەرىجىدە كېمىيىپ كېتىدۇ.

ئالتىنچى ھوقۇق مەجبۇرىيەت ئېڭى.

تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش، ۋەزىپىسىنى تونۇش ....... دېگەن چاقىرىقلار ئىقتىسادى قا توسالغۇ جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسى، ئۇ يەردە مەجبۇرىيەت ھوقۇقتىن بەكرەك تەكىتلىنىدۇ، يۇقىرىنىڭ بەكرەك كۆڭۈل بولىدىغىنى پۇقرانىڭ ھوقۇقى قانچىلىك كاپالەتكە ئىگە بولدى؟ بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ئەمما بەھرىمەن بولالمىغان قانداق ھوقۇقلىرى بار؟دېگەنلەر ئەمەس، بەلكى ئۇلار قايسى مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلمىدى؟ قايسى ۋەزىپە مەسئۇلىيەتتىن باش تارتىۋاتىدۇ؟......دېگەنلەردىن ئىبارەت بىلىش كېرەككى شەخسنىڭ يېڭىلىق

يارىتىش روھى، ئىجادچانلىقى مۇۋاپىق ھوقۇق دائىرىسىدە ئاندىن ئوبدان جارى بولىدۇ، قېزىلىدۇ.

يەتتىنچى مائارىپ ئىگى.

ئىقتىسادقا توسالغۇ جەمئىيەتتە مائارىپ بىلىنىپ بولغان بىلىملەرنى ئۆگىتىش جەريانى بولسا، ئىقتىسادى قا تۈرتكە جەمئىيەتتە مائارىپ بىلگەن بىلىملەر ئاساسىدا تېخى بىلىنمىگەن ساھەلەرنى بايقاش جەريانى .ئىقتىسادى قا توسالغۇ جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ مېڭىسى توشقۇزۇشقا تېگىشلىك قاچا بولسا، ئىقتىسادىقا تۈرتكە جەمئىيەتتە ياغدۇرۇشقا تېگىشلىك مەشئەلدۇر. تەييار قائىدىلەرگە خىلاپلىق قىلىنماي قولغا كەلتۈرگەن ئىلمي نەتىجىنىڭ يۇقىرى باھاغا ئېرىششتى، مۇئەييەنلە شتۈرۈلۈشى ئىقتىسادقا توسالغۇ جەمئىيەت مائارىپىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولسا، گۇمانلىنىش، يېڭى، مۇخالىپ پىكىر-قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈش، ئىقتىسادقا تۈرتكە جەمئىيەتنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى.

دېمەك، شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بۇلىدۇكى، مەدەنىيەت ئىقتىسادى نىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىر مىللەتكە نىسبەتەن مەدەنىيەت قىممەت قارىشىدىكى نۇرغۇن پاسسىپ تەركىبلەرنى چىقىرىپ تاشلاش، ئىقتىسادى ئىي تەرەققىياتىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى مۇھىم بىر ۋاستە.

ئەمما شۇنى قەتئىي ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، مەدەنىيەتكە تايىنىپلا كۈچلۈك بولغىلى بولمايدۇ، مۇھىمى يەنىلا ئىقتىسادى، بۇ ئىككىسى بىر-بىرى بىلەن چەمبەرچاس گىرەلىشىپ كەتكەن.

## 2-ئىقتىسادى ۋە ھوقۇق.

ئىقتىسادى ۋە ھوقۇق مۇقەررەر يوسۇندا بىر-بىرىنى كۈچەيتىدۇ، بۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى بىر- بىرى بىلەن ئوك تاناسىپ، بىرى كۆپەيسە يەنە بىرى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كۈچىيىدۇ. ئاجىزلىسا ئاجىزلايدۇ.

ھەممىگە ئايانكى، ھوقۇق ماھىيەتتە سىياسىي ئۇقۇم بولۇپ، ئىقتىسادى بىلەن

ھوقۇقنىڭ مۇناسىۋىتى ئەمەلىيەتتە ئىقتىسادى بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتىدۇر. گەرچە كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىقتىسادى ئىي مۇناسىۋەتلەر كىشىلەردىكى ھوقۇق تەقسىملىنىشىگە ئىنتايىن مۇھىم تەسىر كۆرسەتسىمۇ، ئەمما مىنىڭچە بۇنى پۈتۈنلەي بەلگىلىيەلمەيدۇ، چۈنكى ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى پەقەت ئىقتىسادى پائالىيەتلا ئەمەس. بۈگۈنكى دۇنيادا ئىقتىسادى بىلەن ھوقۇقنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ بەك زىچلىشىپ كەتتى. ئومۇمىي ھالەتتىن قارىغاندا ئىقتىسادى كۈچلۈك بولغانلارنىڭ مەيلى شەخس بولسۇن ياكى دۆلەت بولسۇن بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇقىمۇ كۆپ بولىدۇ. بۇنى ھازىرقى دۇنيانىڭ رىئاللىقىدىن كۆرمەك تەس ئەمەس. غەرب ئىقتىسادتا ئەڭ كۈچلۈك، شۇنداقلا بۈگۈنكى دۇنيا سىياسىتىدىكى يېتەكچى كۈچ، بۇنى ئۇلارنىڭ كۈچلۈك ئىقتىسادى، كۈچلۈك ھەربىي كۈچى بەلگىلىگەن. يەنە بىر جەھەتتىن دۆلەت ئىچىدىكى غايەت زور ئىقتىسادى ئىي گۇرۇھلارنىڭ ھوقۇقىمۇ ئالاھىدە زور بولىدۇ، دۆلەتمۇ ئۇلارغا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىدۇ، ئۇلارمۇ دۆلەتنىڭ سىياسەت بەلگىلىشىگە ئىنتايىن ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ.

ھوقۇق بولسا كىشىلەرنى تېخىمۇ كەڭرى پائالىيەت بوشلۇقى بىلەن تەمىنلەپ ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى ئىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ھوقۇق سىياسەت ئەۋزەللىكمۇ ئىنتايىن مۇھىم بىر خىل كۆرۈنمەس مەبلەغ بولۇپ، قولىدا پۇلى بار، ئەمما سىياسەت- ھوقۇق ئەۋزەللىكى يوقلار ناھايىتى تېزلا ھوقۇق سىياسەت ئەۋزەللىكى بارلارنىڭ ئارقىسىدا قېلىشى مۇمكىن. بولۇپمۇ بۈگۈننى دۇنيادا، ھوقۇق، سىياسەت ئەۋزەللىكى ئىقتىسادى نى كۈچەيتىشكە مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، خام ئەشيا ئەۋزەللىكىدىن بەكرەك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ھازىر قاراپ باقىدىغان بولساق، ئىقتىسادتا تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ ئىقتىسادى ئاجىز ئەللەرگە قارىغاندا ھوقۇق تۈزۈلمىسى جەھەتتە كۆپ ئىلغار. مۇكەممەل ئىكەنلىكىنى، شەخسلەرنىڭ ئىقتىسادى پائالىيەت ھوقۇقىنىڭمۇ، ئىقتىسادى ئاجىز ئەللەر، خەلقلەرگە قارىغاندا كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئەركىن ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

3- ھوقۇق ۋە مەدەنىيەت.

بىر قوۋمنىڭ ھوقۇق چۈشەنچىسى ئاۋۋال شۇ خەلقنىڭ مەدەنىيىتىدىكى ھوقۇق ھەققىدىكى قاراشلاردىن كېلىدۇ. شۇ قوۋم ھوقۇقنى شۇ قاراشلار بويىچە تونۇيدۇ ۋە شۇ بويىچە ئىجرا قىلىدۇ. مەسىلەن، غەربلىكلەر بىلەن شەرقلىقلەرنىڭ ھوقۇق

مەسىلىسىدە نۇرغۇن ئىختىلاپلىق مەسىلىلەر بار. مۇقەررەركى مەلۇم بىر قوۋمنىڭ ھوقۇق چۈشەنچىسى شۇ مىللەتنىڭ ئومۇمىي مەۋجۇتلۇق ھالىتىگە مەدەنىيەت تەرەققىياتى، ئىقتىسادى ئىي تەرەققىياتىغا ئىنتايىن مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىر قوۋمنىڭ شەكىللەنگەن بولىدۇ، ھەتتا ئىجتىمائىي تۈزۈم بەزى جەمئىيەتشۇناسلار مەدەنىيەت تۈزۈمىنىڭ ماھىيەتتە شۇلارنىڭ ھوقۇق چۈشەنچىلىرىدىن ئاشتى دەپ قارايدۇ، ئەسئەت سۇلايمانىنىڭ «تارىم قوۋۇقى چىكىلگەندە» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق بىر ۋەقەلىك بار:«ياپونىيە ئېكسپېدىتسىچىسى تاجىنا قەشقەردىن خوتەنگە ماڭىدىغان يولدا بىر قونالغۇغا چۈشىدۇ، شۇ چاغدا بىر ئۇيغۇر كېلىپ ئۇلارغا بىر ئەرزنامە سۇنىدۇ، ئەسلىدە ئۇ شۇ جايدىكى جۇڭگو ئەمەلدارى بىر تەرەپ قىلىپ بولغان يەر تالىشىش ماجىراسى ئىكەن، تاجىبا بۇ ئىش توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: بۇ كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتىگە ياردىمى بولىدىغانلا بولسا، كىمنىڭ ئۇلارغا كېلىپ باشلىق بولۇشى بىلەن كارى يوق ئىكەن. ئىلگىرىمۇ شۇنداق ئىدى، ھازىرمۇ شۇنداق ئىكەن».

دېمەك، بۇ ۋەقەلىكتىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇرلاردا شۇ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئۆزىنى ھوقۇقسىز دەپ قارىغان،بۇ دەل ئۇيغۇرلارنىڭ ھوقۇق چۈشەنچىسىگە، ئېڭىغا باغلىق.

ئەمدى ھوقۇقنىڭ مەدەنىيەتكە كۆرسىتىدىغان تەسىرىگە كەلسەك، ھوقۇق يەنىلا شۇ مەدەنىيەتنىڭ قالقىنى، قوغدىغۇچىسى بولۇش رولىنى ئويناپ، مەدەنىيەت ئەھلىنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىگە ئەمەل قىلىشىغا، ئۆز مەدەنىيىتىنى نامايان قىلىشىغا ئەركىن بوشلۇق يارىتىپ بېرىدۇ، ھوقۇقتىن مەھرۇم ھالەتتە مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قالماق تەس. چۈنكى، مەدەنىيەت تەبىئىيلا ئۆزىنى نامايان قىلىدىغان ھوقۇققا موھتاج، ئەگەر بىر مەدەنىيەت قەغەزدە، نەزەرىيە مەۋجۇت بولۇپ ئۆزىنى نامايان قىلىدىغان ھوقۇققا ئېرىشەلمىسە، بۇنداق مەدەنىيەت ئۆزلۈكىدىن ئاجىزلىشىپ قالىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى مەدەنىيەت ئەھلىنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىنى قانچىلىك نامايان قىلالىشى،ئىپادىلىشى، باشقىلارغا تونۇتالىشىغا باغلىق. ئەگەر، بىر قوۋم ئۆز مەدەنىيىتىنى نامايان قىلىدىغان ھوقۇقتىن مەھرۇم بولغاندا،بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، شۇ مەدەنىيەت مەزكۇر جەمئىيەتتە ئاستا ـ ئاستا، باشقا بىر تاجاۋۇزچى مەدەنىيەتكە ئورۇن بوشىتىشقا مەجبۇر بولىدۇ، ئۇلار ئەۋلادلىرىمۇ ئۆز مەدەنىيىتىنى مۇزېي مازارلاردىن كۆرۈپ كۆندىلىك تۇرمۇشتا ئۇلارنىڭ ئىزنا، ئىپادىلىرىنى كۆرەلمىگەچكە، تەبىئىيلا ئۆز ئەسلىدىن، مەدەنىيىتىدىن ياتلىشىشقا

باشلايدۇ.

ئەمدى يۇقىرىقىلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى يىغىنچاق قىلغاندا بۇ ئۈچ خىل مەۋجۇتلۇقتا خۇددى داڭقاننىڭ ئۈچ پۇتىدەك مۇھىم رول ئوينايدۇ. بىرى كەم بولسا داڭقان ئۆرە تۇرالمايدۇ.

مەدەنىيەت بىر جەمئىيەتنىڭ كىملىك سالاھىيتىنى، مەنىسىنى، مەزمۇنىنى شەكىللەندۇرسە، ئىقتىسادى شۇ جەمئىيەتنىڭ ماددىي ئاساسىنى شەكىللەندۇرۇپلا قالماي، مەدەنىيەتنىڭ كۈچلۈك تىرىكى بولىدۇ، ھوقۇق بولسا مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ قانۇنلۇق ئىززەت C? ھۆرمىتىنى، باراۋەرلىكنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

قىسقىسى، مەدەنىيەت ـ سالاھىيەت، ئىقتىسادى قورال، ھوقۇق، قالقاندۇر.

## خاتىمە

دۇنيادا مەۋجۇت بولۇشنى، تەرەققىي قىلىشنى ئىستىمەيدىغان قوۋم بولمىسا كېرەك. ھازىر ئاجىز قوۋملەردە شۇنداق بىر روھ بولۇشى كېرەككى، ئۇلار بارلىق رومانتىك خىيال، فانتازىيىلىك غايىلەرنىڭ مەستۇ ـ مەستانىلىقىدىن قۇتۇلۇشى، پەقەتلا ئەمەلىي پائالىيەتنىڭلا ئۆزىنى قۇتقۇزالايدىغانلىقىنى، پەقەت رېئاللىققا دادىل يۈزلەنگەندىلا، رېئاللىقنىڭ سوئاللىرىدىن ئۆزلىرىنى قاچۇرمىغاندىلا(گەرچە بۇ رېئاللىق ئۇلار خالىمىغان رېئاللىق بولسىمۇ) رېئاللىقتىكى بارلىق ئۆزلىرىگە پايدىلىق ئامىللارنى بايقاپ پايدىلانغاندىلا، ئاندىن مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىشى كېرەك.

غايە تىكلىمەك قىيىن ئەمەس، ۋەھالەنكى غايىگە يەتكۈزىدىغان ۋاستە يول تاللىماق بەسىي مۈشكۈلدۇر.

# ئەخلاقنىڭ رولى ۋە نۇرى

**يۈسۈپجان سەمەت ئەفىيفى**

ئەخلاق سۇبيېكتىپ جەھەتتىن ئىنساننىڭ ئوي- خىيالىنى-ئىدىيىسىنى، ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ھەر بىر ئىش-ھەرىكىتىنى-ئەمەلىيىتىنى ئۆلچەمگە، رەتكە سېلىپ تۇرىدىغان، ئىنساننىڭ بارچە ئىشلىرىدا ھەل قىلغۇچ بىرىنچى ئامىل بولغان مۇقەددەس سۇبيېكتىپ كۈچتۇر. ئەخلاقنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى- ئىش-پائالىيەتلىرىدىكى ھەر بىر ئۇششاق ھالقىلارغا قەدەر بولغان رولىنى باشقا ھېچقانداق مەنىۋى كۈچكە سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئىنساننىڭ ياخشى-يامانلىقى، ئالىيجاناپ ياكى رەزىللىكى ئۇنىڭ ياشاش جەريانىدا شەكىللەنگەن ئەخلاق قارىشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. ئىنسانلارنىڭ بوۋىسى ئادەم ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆز ئەۋرەتلىرىنى، مەھرەملىرىنى دەرەخ يوپۇرماقلىرى بىلەن توسۇغانلىقىدىن شۇنداق ھۆكۈم چىقىرىشقا بولىدۇكى، ئەخلاق تۇيغۇسى ۋە ئۇ شەكىللەندۈرگەن ئىنسان پسىخىكىسى ئىنسانلارنىڭ ئەسلى تەبىئىيىتىدۇر. ئەنە شۇ ئادەم ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىن باشلانغان تارىخ ئەخلاقنىڭ، ئەخلاق قارىشىنىڭ ئىنسانلاردا تەدرىجىي مۇكەممەللىشىش جەريانى ئىدى. ئىنسانلار ئەينى چاغدا ئىپتىدائىي ئەخلاق تۇيغۇسى، ئۆلچىمى بىلەن ياشىغان بولسا، كېيىنچە ئەخلاق پىرىنسىپلىرى، ئەخلاق ئۆلچەملىرى بارا-بارا تولۇقلاندى ۋە بىر پۈتۈنلۈككە قاراپ ماڭدى. ئەخلاقىي قاراشنىڭ مۇكەممەللىشىشى باتىنىي جەھەتتە ئىنسان روھىنىڭ مۇكەممەللىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسا، زاھىرىي جەھەتتە ئۇنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى، غىزالىنىشى ۋە كىيىنىشلىرىدە ئەدەب تۈسى شەكىللەندى. ئىنسان روھىنىڭ يۈيۈلۈپ، بېزىلىپ مۇكەممەللىككە يۈزلىنىشى روھى پاكلىق بولسا، بۇ خىل مۇقەررەر ئەخلاققا ۋە روھقا ماس ھەم خاس بولغان سىرتقى قىياپەت- كىيىنىش، غىزالىنىش، يۈرۈش-تۇرۇش دەل پاكىزلىقتۇر. ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى بۇ خىل ئەخلاق قارىشى

بىلەن شەھەر مەدەنىيىتى، كېيىم-كېچەك مەدەنىيىتى ۋە غىزالىنىش مەدەنىيىتى قاتارلىق ماددىي مەئىشەت ۋاستىلىرىنى ئىختىرا قىلىپلا قالماستىن، ئىنسان روھىنى پاكلىق ۋە ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت بىلەن قوراللاندۇرىدىغان روھىيەت ئېلېمېنتلىرىنىمۇ ۋۇجۇدقا كەلتۈردى.

بىر ئىنساننىڭ كىشىلىك ھاياتتا قانداق ياشىشى، قانداق ئىپادىلىنىشى ئۇنىڭ تەربىيىلىنىشىنىڭ ۋە تەربىيە ئېلىشىنىڭ بىۋاستە نەتىجىسى بولغان ئەخلاق قارىشىغا باغلىق بولىدۇ. بۈگۈنكى دۇنيا ھەزارەت (مەدەنىيەت) لىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى ئوخشىمىغان ئەخلاقىي ھالەتلەرنى شەكىللەندۇرگەن. شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىنى رەتكە سېلىپ تۇرىدىغان ئىدىيە-مەپكۇرلىرىدىمۇ، زاھىرىي كۆرۈنىشىدىكى كېيىنىش، غىزالىنىش دېگەندەك ئۆرپ-ئادەتلەردىمۇ پەرقلەر مەۋجۇد. دېمەك، بىر ئىنساننىڭ ئەخلاق قارىشى شۇ ئىنساننىڭ ئىش-پائالىيەتلىرىنىڭ ھەر بىر ئۆگىسىگە قەدەر چېتىلغان بولىدۇ. شۇنداق بولغاچ، ھەر بىر ئىنساننىڭ ئۆزىگە، قول ئاستىدىكىلەرگە ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ۋە تەبىئەتكە نىسبەتەن مەسئۇلىيەتچانلىق ئېڭى ئوخشاش ئەمەس. يازغۇچى يازغۇچىغا خاس، رەھبەر رەھبەرگە خاس، ئوقۇتقۇچى ئوقۇتقۇچىغا خاس، دېھقان دېھقانغا خاس... ئەخلاقىي قاراشقا ئىگە بولمىسا ۋە ئۆزىدىن ھالقىغان ئومۇمىي كىشىلەر توپىغا نىسبەتەن مەلۇم مەسئۇللۇق تۇيغۇسىغا ئىگە بولمىسا، ھەر بىر ھەرىكىتىنى ئاشۇنىڭغا ماس ئېلىپ ماڭمىسا، بۇ، دۇنيا پاساتچىلىقىنىڭ نېگىزى بوپ قالىدۇ. ھەر بىر تائىپە چوقۇم ئۆز مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەتلىرىگە ئەخلاقىي مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. بۇ دەل ئىنسانىيەت بۇرچ تۇيغۇسىدۇر، ئىنسانىيلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. نېمە ئۈچۈن ئابدۇقادىر جالالىدىن ( خۇدا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي): « مەن ئوغلۇمدىن نۇرغۇن ئىلھاملارنى سەزگەندىم، لېكىن بۇ ئىلھاملار تىرىكچىلىكنىڭ غەۋغالىرىدا يوقىلىپ كەتتى...» (ئابدۇقادىر جالالىدىن:«داغمۇ ياكى زىناقمۇ؟» ، شىنجاڭ مەدەنىيىتى، 2002-يىل، 3-سان) دەپ قايغۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ يازغۇچى. ئۇ ھەر دەقىق ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى، رولىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك. بۇ دەل يازغۇچىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك روھتۇر، ئەخلاقتۇر. ھەر بىر يازغۇچىدا ئۆز خەلقىنىڭ ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ روھى كېسەللىكلىرىنى تاپىدىغان، ئۇنىڭغا جايىدا دىئاگنوز قويۇپ، ئۆز ۋاقتىدا داۋالايدىغان، ئۇنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى تونۇپ يېتەلەيدىغان ۋە ئۆز دەۋرىگە ئىگە بولىدىغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن

يۇغۇرۇلغان ئەخلاق قارىشى تىكلىنىشى كېرەك. بۇ دەل بۇگۈنكى يازغۇچىلىرىمىزدا بولۇشقا تېگىشلىك روھتۇر. ئەگەر يازغۇچىلاردا يازغۇچىلارغا خاس ئەخلاقىي قاراش بولمايدىكەن، ئۇ پۈتكۈل خەلقنىڭ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئازابى بەدىلىگە «پەلسەپە» يارىتىدۇ، خالاس. ئۇنىڭ روھى مىليونلىغان خەلقنىڭ روھىيىتى، ئارزۇ-غايىسى، دۇنيا قارىشى ۋە تۇرمۇش قارىشى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدىغان، كۆزىنى يۇمۇپلا ئىش قىلىۋېرىدىغان ئاشۇ ئەكسىيەتچى، رەزىل سىياسىئونلارنىڭ چىركىن روھىدىن قىلىشمايدۇ-دە، ئۇ، تارىخنىڭ لەنەت تۈۋرىكىگە مىخلىنىدۇ( بۇ گەپلەر ئەلۋەتتە بىلىپ تۇرۇپ قىلغانلارغا قارىتىلىدى). باشقا تائىپىلەرمۇ ھەم شۇنداق.

دېمەك، ھەر بىر ئىنساندا ئىنسان بولغانلىقى سەۋەبلىك ئۆز ھوقۇق، مەسئۇلىيەت دائىرىسىدىكىلەرگە، يەنى ئۆز تويىغا مەسئۇل بولىدىغان، تارىخ ئالدىدا ئۆزىدىن ھېساب ئالىدىغان ئەخلاقىي قاراش بولۇشى كېرەك. ئېيتىلىشىچە، ئۆمەر بىننى خەتتاب شۇنداق دېگەنىكەن: «سىلەر ئاخىرەتتە ھېساب بېرىشىڭلاردىن ئىلگىرى ئۆزۈڭلاردىن ھېساب ئېلىپ بېقىڭلار!» بىر ماشىنىنىڭ ھەرىكەتلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەر بىر ۋىنتىسى پائال رول ئوينىغاندەك، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىمۇ ئۆز «ۋىنتىلىرى» نىڭ ھەمكارلىقى بىلەن ئۆز كەلگۈسىنى يارىتىدۇ. ناۋادا مەلۇم بىر تىپ ئۆز مەسئۇلىيىتىگە سەل قارايدىكەن، ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ھالقىلىرى بىر بىرىگە تۇتاش بولغان ئەخلاق زەنجىرى ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ. ئەخلاق زەنجىرىنىڭ ئۈزۈلۈشى-ئەخلاقنىڭ تەڭپۇڭسىزلىشىشى ئىنسانلار ھالاكىتىنىڭ ئېپادىسىدۇر. بۇ خىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە، مىللەتنىڭ ھاكىمىيەت ماشىنىسىنىڭ ئىلمىي ئادەملىرى بولغان زىيالىيلارنىڭ رولى باشقا تىپلارغا قارىغاندا مىسلىسىزدۇر. بۇ، ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ باشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

روھى تاكامۇللۇق ۋە ماددىي تەرەققىيات جەھەتتىن بولسۇن تەڭپۇڭ مۇۋازىنەت ئۈستىدە ئىلگىرلەۋاتقان ئىنسانلار بۈگۈنكى دەۋرگە كەلگەندە مىسلىسىز ئەخلاقىي كىرىزىسكە دۇچ كەلدى. بەلكىم بۇ، ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە: «ئادەم سۆزلىيەلەيدىغان، تەپەككۇر قىلالايدىغان، ئىشلەپچىقىرىش قۇراللىنى ياسىيالايدىغان... ھايۋان» دەپ تەبىر بەرگىنىدىن باشلانسا كېرەك. بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانلار ئەخلاقتا ئىلگىرىكىدەك يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قارىمايدىغان بولدى. بۇ خىل خاھىش جەمئىيەت تەرىپىدىن توغرا چۈشىنىلىپ،

زامانىنىڭ تەقەززاسى سوۋېتتە ئىتىراپ قىلىندى. ئىلگىرىكى كىشىلەر ئۆز بەختىنى ۋە قىممىتىنى ئەخلاق، شەرمى ھايا، دىيانەت ۋە پاكلىق (نومۇس) تۇيغۇلىرىدىن ئىزدىگەن بولسا، تارىخ چاقى چۆرگىلەپ بۈگۈنگە كەلگەندە مادداھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلىدى. ئىنسانلارغا ماددىي نەرسىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشى ئىنسانىيلىقنىڭ ـ ئەخلاقنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى ئىدى. كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ماددىي مەنپەئەت ئالدىدا ئەخلاق، ھايا... دېگەندەك ئىنسان مەنۋىيىتىنىڭ گۈزەل زىننەتلىرىگە ھېچ نەرسە كەلمەيدىغان بوپ قالدى. ئەخلاقنىڭ ئىجتىمائىيەتتىكى ئورنىنى ماددىي مەنپەئەت ۋە چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك ئىگىلىدى. گېزى كەلگەندە ئەخلاقمۇ ماددىي مەنپەئەتنىڭ دەسمايىسىدۇر. كىشىلەر ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەر قانداق ھالاكەتكە ئۆتۈشكە تەييار. پراگماتىزم پەلسەپىسىنىڭ ئاساسچىلىرىنىڭ بىرى ۋىلىيام جېمىس ئېيتقاندەك:« خۇداغا ئىشىنىش پايدىلىق بولىدىغان بولسا» (ئابدۇرېھىم دۆلەت: «پەلسەپە ھەققىدە ئىككى كەلىمە سۆز») مەسجىدنى ئاۋارە قىلىدىغانلارمۇ بولۇشى مۇمكىن. دېمەك، مادداكونترول بولۇشتىن كونترول قىلىشقا ئۆتتى. نەتىجىدە كىشىلەر ئۆزلىرى ياسىغان ماددىي ئېھتىياجلىرىنىڭ قۇلىغا ئايلاندى. مىلتىق، پۇل... قاتارلىقلار بۇنىڭ تىمسالىدۇر. بۈگۈنكى كۈندە «بازار ئىگىلىكى» پۇل «قىزىق تېما». مانا بۇ بازار ئىگىلىكى يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئىنسانلارنى بىر تاسقاپ قويۇۋېدى، ئىنسانلار بولالمايلا قالدى. ئۇلار پۇل ئۈچۈن بارلىقىنى، ھەتتا ئىنسانىيلىقىنىمۇ گۆرۈگە قويىدۇ. ئەسلى پۇل مەلۇم مەقسەتلەرگە يېتىش ئۈچۈن ۋاستە ئىدى. ھازىر بارچە «ۋاستە»لەر پۇل تېپىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئىنسانلاردا ۋاستە مەقسەت بوپ قالدى. مۇناپىقلىق، پاھىشىلىك كىشىلەرگە ھېچقانداق تۇيۇلمايدىغان ھەتتا ئېتىقادىمۇ گېزى كەلگەندە تاۋار بوپ قالدى. دوختۇرلار پۇل ئۈچۈن «ساختا دورا»لارنى ياسىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. نەپسانىيەتچى رەھبەر ـ ئەمەلدارلار ئۆز «خوجايىنلىرى»نى ـ پۇقرالارنى قاقتى ـ سوقتى قىلسىمۇ بولۇۋېرىدۇ...( ئېيتىلىشىچە، خىيالىي سوتسىيالىزمنىڭ ۋەكىلى فۇرېي (1772~1837) ئەينى دەۋرنى پاش قىلىپ مۇنداق دەپتىكەن:«... دوختۇرلار كېسەللەرنىڭ كۆپ بولۇشىنى، ‹ئۆلۈك ساندۇقى› سېتىش دۇكىنى كۆپرەك ئادەمنىڭ ئۆلۈشىنى، ئادۋۇكاتلار ھەممە ئائىلىلەرنىڭ دەۋا قىلىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ...»)

ئەخلاقنىڭ بىرلا تەرەپتىن ئەمەس، ھەممە تەرەپتىن تەڭلا كىرىزىسكە دۇچ

كېلىشى، شۇ جەمئىيەتنىڭ ۋە شۇ جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئەخلاق قارىشىنىڭ پالەچ ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئىنسانلار ھازىر ھېچقايسى دەۋردە كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئەخلاق مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى. ئۇ بولسىمۇ چېكىدىن ئاشقان ھايۋانىيلىقنىڭ ـ ئاشكارا جىنسىيەتنىڭ مەيدانغا كېلىشىدۇر. غەربلىكلەر «ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتى»، «بەچچىۋازلىق»، «پاھىشىۋازلىق» دېگەنلەرنى رەسمىي قانۇنلاشتۇردى. كۆز ئالدىمىزدىكى غەرب جەمئىيىتى، ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئەخلاق قارىشى، ئۇ يەردىكى بۇزغۇنچىلىقلار كىشىنى چۆچۈتىدۇ. «ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتى»، «بەچچىۋازلىق»... دېگەندەك ئاتالغۇلار ۋە بۇ بۇزۇقچىلىقلار غەرب تۇپرىقىدا مەيدانغا كەلگەن ۋە شۇ جايدا قانۇنلاشتۇرۇلۇپ يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، بۇ، غەربنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى تەسىرى پۈتكۈل يەرشارىغا ئورتاق بولۇۋاتقان بۈگۈنكىدەك كۈندە كۆڭۈل بۆلۈش ئەڭ زۆرۈر مەسىلىدۇر. غەربتە ئىجاد قىلىنغان مەيلى نەزەرىيىۋى ئىختىرا بولسۇن، مەيلى ماددىي كەشپىياتلار بولسۇن شەرق تۇپرىقىدا بازار تېپىۋاتقان، كېڭىيىۋاتقان، ئىستېمال قىلىنىۋاتقان كۈنىمىزدە بۇ خىلدىكى چېكىدىن ئاشقان ئەخلاقسىزلىقنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىدە مەيدانغا كېلىشى ۋە تەشەببۇس قىلىنىشى كىشىنى ھەقىقەتەن خاتىرجەمسىزلەندۈرىدۇ. چۈنكى تۈنۈگۈن چىققان غەربچە پاسوندىكى كېيىم ـ كېچەكلەر بۈگۈن ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئۇچىسىدا، تۈنۈگۈن ھوللىۋود ئىشلىگەن تېلېفىلىم بۈگۈن ياشلىرىمىزنىڭ مېڭىسىدە...

مەتبۇئاتلاردىن، ژۇرناللاردىن: «بۇ يىل (2002) 3 ـ ئىيۇلدا برازىلىيىنىڭ سان پاۋلو شەھىرىدە 400مىڭ بەچچىۋاز نامايىش ئۆتكۈزۈپ، تەبرىكلەش پائالىيىتى ئېلىپ بارغان. تەبرىكلەش مۇراسىمىدە سان پاۋلو شەھىرىنىڭ باشلىقى نۇتۇق سۆزلەپ، سان پاۋلو شەھىرىنىڭ بەچچىۋازلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداشقا كاپالەتلىك قىلالىغانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشاللىقىنى ئىپادىلىگەن. بۇ يىلقى نامايىشچىلار بۇلتۇرقىدىن بىر ھەسسە كۆپەيگەن( ئادىل ئابدۇقادىر: «مەن ياشاۋاتقان دۇنيا»، شىنجاڭ مەدەنىيىتى 2002 ـ يىل، 5 ـ سان) دېگەندەك گەپلەرنى ئوقۇپ: «توۋا، دۇنيا راستىنلا مۇشۇنداقمىدۇ؟ ئىنسانلار قايسى دەرىجىدە ئەخلاقسىز بولغاندا مۇشۇنداق بولۇدىغاندۇ؟» دەپ ئىدىيەمدىن پەقەتلا ئۆتكۈزەلمەي، بۇنى قوبۇل قىلالماي يۈرگەن كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە، ئۇرۇمچى كوچىلىرىدا كېتىۋېتىپ ستولبىلاردىكى: «قىزلىق پەردىسىنى

ئوپېراتسىيە قىلىمىز، ئادرېسى:*** تېلېفون:***» دېگەنـدەك ئېلانلارنـى كـۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ قالدىم. «جاھان نېمە بوپ كەتتى؟ راسـتتىنلا مەن مۇشـۇنداق مۇھىتتـا ياشاۋاتامدىمەن؟» كىچىكىمدىن باشلاپلا ئەخلاق تەربىيىسىدە ئۆسكەچكىمىكىن، بۇ رېئاللىق ئەمەسـتەك، رېئـاللىق باشـقىچە بولۇشـى كېـرەكتەك ھـېس قىلاتـتىم. بۇنى ئېتىراپ قىلغۇم كەلمەيتتـى. ھـالبۇكى، بـۇ رېئـاللىق ئـىدى. ئەتراپىمـدىكى بـۇزۇقچىلىقلار، كىشـىلەرنىڭ، بولۇپمـۇ قىـز ـ ئاياللارنـىڭ يـۈرۈش ـ تۇرۇشـلىرى، گەپ ـ سۆزلىرى، كېيىنىشلىرى بۇنىڭ راستتىنلا رېئاللىق ئىكەنلىكىنـى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. مېنىڭ ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشىم بىلەن جەمئىيىتىمىزنىڭ، يۇرتىمىزنـىڭ ئەخلاقىي چۈشكۈنلىشىشى تەتۈر تاناسىپ بوپتۇ.

بولۇپمۇ بۇگۈنكى كۈندىكى بۇ «ئەركىن دۇنيا» نىڭ ئاۋانگارتلىرى 1980 ـ يىللاردىن كېيىن تۇغۇلغان مەن دېمەكچىلىكلەر ئىدى (مەن 20 ياش). ئۇلار ئوغـۇل بولسۇن، قىز بولسۇن چاچلىرىنى خىيالىغا كەلـگەن رەڭ ـ بوياقلاردا بويىشـىدۇ. ھەتتا ئوغۇللارمۇ قۇلاقلىرىغا نەرسە ئېسىۋېلىشـىدۇ. تـار ئىشـتانلارنى كېيىشـىدۇ. قىزلارنىڭ يەڭسـىز، كىنـدىك ياپالمـاس مـايكىلىرى مەھرەملىرىنـى ـ زىننەتلىرىنـى توسۇپ قالالمايدۇ. ئۇلارنـىڭ سـۆز ـ ھەرىكەتلىـرى تەربىيىلىنىشـكە مـاس ئەمەس. يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرى، گەپ ـ سۆزلىرىدىكى ھاياسىزلىقلار ئـادەمنى تولىمـۇ خىجىـل قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى خـالاپ بىـر قەۋمـلەرگە ئوخشـىۋالغان كىشـىلەر (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام:«كىمكى خالاپ بىراۋلارغا ئوخشىۋالسا، شۇنىڭ جۈملىسىدىن بـوپ كېتىدۇ»دېگەن). ھەتتا ئۇلارنىڭ قىز ياكى ئوغۇل ئىكەنلىكىنـى ئايرىشـمۇ گېـزى كەلگەندە بەسىي مۈشكۈلدۇر. مەن دېمەكچىلىكـلەر ئارىسـىدىكى بـۇ خىـل ھـالەتلەر مەن بىلەن ئۇلار ئارىسىدا ھاڭ شەكىللەندۈرگەن. ھەتتا ئىلگىرىكى دوستلىرىم ۋە ساۋاقداشلىرىممۇ مەندىن ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ. يالغۇزلۇق، تەنھالىق مېنى تولىمۇ بىزار قىلغان چاغلاردا، ئادىل ئابدۇقادىر ئاكىدەك: «ئادەملەر قېنى؟» (شـىنجاڭ مەدەنىيىتى، 2002 ـ يىل، 1 ـ سان) دەپ ۋارقىرىغۇم كېلىـدۇ. دېـمەك، ئەقىـدە، ئەخلاق ئەھلىلىرى مىسلىسىز تەنھالىققا دۇچ كېلىۋېتىپتۇ. بەلكىم بۇنـدىن كېـيىن تېخىمۇ شۇنداق بولۇشى مۇمكىن.

بىلىشىمچە، غەربنىڭ ۋە ئۇلاردا شەكىللەنگەن ئەخلاقسىزلىقلارنىڭ تەسىرى ئانا دىيارىمىزغا خېلىلا بوپتـۇ. گەرچە بـۇ يەردىكـى مەسـىلەر غەربتىكىـدەك بەك ئېغىر بولمىسىمۇ، لېكىن باشـلىنىۋېتىپتۇ. ئۈرۈمچىـدەك مەركـىزى شـەھەرلەردە ( بولۇپمـۇ ياشـلار ئارىسـىدا) زەھەرلىـك چېكىملىـك، بەچچىۋازلىـق، پاھىشـىۋازلىق

دېگەنلەر مەۋجۇد ئىكەن. ئاڭلىشىمچە، ئۇرۇمچىدىكى بەزى ئائىلىلەردىمۇ ئائىلە ئەھلىلىرى ( غەربلىكلەردەك) سۆيۈشۈپ سالاملىشىدىكەن. ئالىي مەكتەپلەر تولۇق ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەردىمۇ قىز-ئوغۇللارنىڭ مۇھەببەتلىشىشلىرى ئادەتتىكىدەك ئىش. بەلكىم بۇ يەردىمۇ دېڭىز ساھىللىرى بولىدىغان بولسا، ئۇ يەردە ئېغىناپ ھوزۇرلىنىدىغانلار، ئاپتاپقا يالىڭاچ قاقلىنىدىغانلار چوقۇم چىقىشى مۇمكىن (ئاڭلىشىمچە، تۇرپان قۇم دېڭىز ساھىللىرىدا قۇمغا كۆمۈلىدىغان بەزى كىشىلەردىكى ئۇياتسىزلىقلار ئوتتۇرا دېڭىز ساھىللىرى بويىدىكى ئۇياتسىزلىقلاردىن قېلىشمايدىكەن. ئۇ يەرگە داۋالىنىش ئۈچۈنلا ئەمەس، «راھەتلىنىش» ئۈچۈنمۇ بارىدىغانلار كۆپكەن). دېمەك، ئەخلاق مەسىلىسى رايونىمىزدىكى ئېغىر مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇ خىل ئەخلاقسىزلىقلار نۇرغۇنلىغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى شەكىللەندۇرۇۋاتىدۇ: بىر قىسىم ئاتا-ئانىلارنىڭ ئالىي مەكتەپلەردە قىز باللىرىنى ئوقۇتماسلىقى نوقۇل ئىقتىسادىي چىقىمنىڭ كۆپ بولۇشىدىن بولماستىن، ئالىي مەكتەپلەردىكى ئەخلاقسىزلىقلارمۇ سەۋەب بولماقتا. قىز-ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ جىنسىي ھۆرمىتىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىدىن ئەنسىرىمەكتە...

بۈگۈنكى دۇنيادىكى سىياسىي ئۆزگىرىشلەر، ئۇرۇش، زوراۋانلىق، ئىجتىمائىي بېسىملار ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ بۇزۇلۇشى ... قاتارلىقلارلا قورقۇنچلۇق بوپقالماستىن، چېكىدىن ئاشقان ئەخلاقسىزلىقمۇ ئاجايىپ ۋەھىمىلەرنى ئەكىلىۋېتىپتۇ. ئەتراپىمىزدا شەيتانلار تەنتەنە قىلىۋېتىپتۇ. ئادەملەر نەپسى-خاھىشىغا بېرىلىپ كېتىپتۇ. تەكلىماكان بۇرجەكلىرىدىكى چەت يېزا ئەھلىلىرىمۇ بۇ كىرىزىستىن مۇستەسنا ئەمەسكەن. كىچىكىمدە چوڭلاردىن سورايتتىم:« تاغنىڭ ئارقىسىدا نىمە بار؟» ، «سۇ»دەيتتى ئۇلار. ئۇلار ئەسلى تاغنىڭ كەينىدىكى كىچىك بىر دەريا ئارقىلىق ئېقىپ كېلىدىغان سۇنى نەزەردە تۇتقانىكەن. مەن شۇ چاغدىكى گۆدەك تەپەككۇرۇم بىلەن ئويلاتتىم:« تاغنىڭ ئارقىسىدا دېڭىز باركەندە، ئۇ دولقۇنلاپ تاغنىڭ پەس جايلىرىدىن تېشىپ كەتسە، يۇرتىمىزدىكى كىشىلەرنى غەرق قىلىۋەتسە قانداق بوپ كېتەر؟» دەر ۋەقە، «تاغ ئارقىسى» دىن كېلىۋاتقان «توپان» كىشىلىرىمىزنى غەرق قىلىۋەتمىسىمۇ، سۇ ھوشۇقىقا كەپتۇ. ھەي...ي، بۇ «توپان» كىشىلىرىمىزنى غەرق قىلىۋەتمىگىيدى؟!...

بەلكىم بۇ كىرىزىسلار غەربلىكلەرنىڭ ئاخبارات ھۆجۇمىنىڭ - ئاخبارات

ۋاستىلىرىنىڭ تەسىر كۆچىدىن بولسا كېرەك.

غەربلىكلەر ئۆز ئەخلاقىي قاراشلىرىنى تېلېۋىزور ، ئىنتېرنىت دېگەندەك ۋاستىلەر ئارقىلىق تارقىتىشقا ئۇرۇنۇپ كەلدى. ھەتتا ئىسلام ئەللىرىمۇ بۇلارنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا يولۇقتى... ( ئاڭلىشىمچە ، مىسىردىكى ئاياللار «دېموكراتىيە»نى ، «ئاياللار باراۋەرلىكى»نى دەۋا قىلىپ ، «تارىختىن بۇيان ئەرلەر بىزنى تالاق قىلىپ كەلگەن ، ئەمدى بىز ئەرلەرنى تالاق قىلىمىز!» دەپ نامايىش ئۆتكۈزگەنمىش...) ئەلۋەتتە ، ئەخلاقسىزلىقلاردا ھاراقنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق نېسىۋىسى بار. ھاراق بارچە جىنايەتنىڭ ئانىسىدۇر. ھاراق توغرىسىدا كۆپ سۆزلىگۈم يوق. پەقەت قەدىمكى زاماندىكى بىر ھېكايىنى قىستۇرۇپ قويىمەن: بۇرۇنقى زاماندا بىر كېلىشكەن ، تەقۋادار كىشى ئۆتكەنىكەن. شۇ چاغدىكى ئايال پادىشاھ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ ئۆز كېنىزىكىگە :« ئۇ كىشىنى چاقىرىپ كەل! گۇۋاھلىققا تارتىدىغان ئىشى بار»دەپتۇ. ئۇ ھېلىقى كىشىنى چاقىرىپ كەپتۇ. بۇ دېدەك ھەر بىر ئىشىكتىن كىرگەندە ئىشىكلەرنى تاقاپ مېڭىپتۇ. بۇ ئىشقا ھېلىقى تەقۋادار كىشى ئەجەبلىنىپتۇ. ئۇلار ئايال پادىشاھنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ. ئايال پادىشاھ ئۇ كىشىگە :« مەن سېنى گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن چاقىرمىغان. يا مەن بىلەن بىرگە بولىسەن ، يا بۇ كىچىك ـ سەبىي بالىنى ئۆلتۈرىسەن ، يا بۇ قەدەھتىكى مەينى ئىچىسەن!» دەپتۇ. بۇ كىشى ئۇيان ئويلاپ ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى مۇنداق قارارغا كەپتۇ: « بۇ ئايال بىلەن بىرگە بولسام ، مەنمۇ ، ئۇمۇ گۇناھ ئۆتكۈزىمىز ، بىر ھاراملىق كۆپىيىدۇ؛ بۇ كىچىك بالىنى ئۆلتۈرسەم ، بىر پاك جاننى ئۆلتۈرگەن بولىمەن ، ئۇ كەلگۈسىدە چوڭ ئىشلارنى قىلىشى مۇمكىن؛ ئەڭ ياخشىسى بۇ قەدەھتىكى مەينى ئىچىۋېتەي...» ئۇ ، بۇ قەدەھنى كۆتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن مۇلازىملارغا :« يەنە بىرنى!» دەپتۇ. ئۇ يەنە بىر قەدەھ مەينى كۆتۈرۈۋېتىپتۇ. قارىسا ، بۇ ئايال پادىشاھ شۇنداق چىرايلىق. ئۇ ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزى خالىمىغان ئىشنى قىپتۇ ، ھېلىقى گۆدەك بالىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ...

ئېيتىلىشىچە ، لۇت قەۋمى ئومۇمىيۈزلۈك بەچچىۋاز بوپ كەتكەچكە ، تاش ياغدۇرۇلۇپ ھالاك قىلىنىپتىكەن. ئەينى دەۋردىكى ئىرانلىقلاردىمۇ نىكاھ تۈزۈمى ئىنتايىن پاسات بولۇپ ، پۈتكۈل ئىرانلىقلار مەھرەملەر (تويى قىلىش چەكلەنگەن يېقىن تۇغقانلار) بىلەن تويى قىلىۋېرىدىكەن. مىلادىيە بەشىنچى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىران ھۆكۈمرانى يەز جەرد(2) ئۆز قىزى بىلەن تويى قىلىپ ئۇنى

ئۆلتۈرۈۋەتكەن. كوپىنھاگىن ئۇنىۋېرستېتى شەرق تىللىرى مۇدەررىسى ، ئىران تارىخىي مۇتەخەسسىسى، پروفىسسور ئەرتەھەر كرىستىن سىن ئۆزىنىڭ «ساسانىيلار دەۋرىدىكى ئىران» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «ساسانىيلار دەۋرىنىڭ بۆگۈنكى زامان تارىخچىلىرى ئىرانلىقلاردا ئۆز مەھرەملىرى بىلەن توي قىلىدىغان ئادەتلىرىنىڭ بارلىقىنى دەلىللەپ كۆرسىتىدۇ. ساسانىيلار دەۋرىدە مۇشۇنداق تويلىشىدىغان ئىشلار مەۋجۇد: بەھرام جۇۋبىين ۋە جۇشتەسىپ (خىرىستىئان بولۇشتىن ئىلگىرى) مەھرەملەر بىلەن توي قىلغان... جۇگگولۇق ئېكىسپېدىتسىيىچى تاڭ سىلڭ بۇ خىل ئادەتكە ئىشارە قىلىپ شۇنداق دەيدۇ: «ئىرانلىقلار تۇغقان ئايرىماستىن توي قىلاتتى» . ئىراندا مىلادى 3- ئەسىردە «مانى» ئوتتۇرىغا چىقىپ، چېكىدىن ئاشقان بۇزۇقچىلىققا قارشى تۇرۇپ، مانىي دىنىنى ئەكەلگەن ۋە كىشىلەر ئارىسىدا بۇنداق نىكاھنى مۇتلەق ھارام دەپ قارىغان. ئۇنى بەھرام مىلادى 276-يىلى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئەمما ئۇنىڭ تەلىماتى ئىسلامغىچىلىك ھۆكۈم سۈرگەن. «مانى تەلىماتى»غا قارشى مىلادى 487-يىلى تۇغۇلغان مەزدەك (ئىراندا) «ئىباھىزم» (ئىباھ-ئەرەبچە سۆز بولۇپ، دۇرۇس قىلماق مەنىسىدە، مەزدەك ھەممىنى دۇرۇس دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان) نى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ شۇنداق دەپ قارايدۇ: « ئىنسانلار تۇغۇلىشىدىنلا باراۋەر تۇغۇلغان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق. نەپسى ئۇنى تارتىدىغان، ئۇنى ئىشتىھا قىلىدىغان مال-دۇنيا، خوتۇن دېگەنلەردە ھەممە كىشى ھەمشېرىك بولىشى كېرەك» شەھرىستانىي مۇنداق دەيدۇ: « مەزدەك ئاياللاردىن، باللاردىن، مال-دۇنيادىن ۋە ئېكىنلەردىن پايدىلىنىشتا بارلىق كىشىلەرنىڭ خۇددى ئوتتىن، سۇدىن ۋە دەل-دەرەخ، ئوت-چۆپلەردىن پايدىلانغاندەك ئورتاق پايدىلىنىش ھوقۇقى بار، دەپ قارىغان» (ئەبۇل ھەسەن ئەلىيىۇل ھەسەن نەدۋىي:« مۇسۇلمانلارنىڭ چۈشكۈنلىششى بىلەن دۇنيا نېمىلەرنى زىيان تارتتى؟» ناملىق كىتاب. 49-سەھىپە، ئەرەبچە). مانا بۇ ئىراندا بارلىققا كەلگەن «ئىباھىزم » ۋە ئۇنىڭ قاراشلىرى. ھالبۇكى، غەربتە «خوتۇن ئالماشتۇرۇش كۇلۇبى» ، «بەچچىۋازلىق كۇلۇبى» ، «دۇنيا جەننىتى»... دېگەندەك ئورۇنلار يوق ئەمەس، ئەينى دەۋردىكى - «جاھىلىيەت دەۋرى»دىكى ئەرەبلەرنىڭ نىكاھ تۈزۈمىمۇ ئىنتايىن رەسۋا بولۇپ، ئالىملار ئۇنى تۆت تۈرگە يىغىنچاقلايدۇ:

1. خۇددى بۆگۈنكى ئەرەبلەردەك توي قىلماقچى بولغان قىزغا كىشى

كىرگۈزىدۇ. پۈتۈشسە توي قىلىدۇ؛

2. ئەر ئايالى ھەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن ئايالىغا: «پالانىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغىن»دەيدۇ. ئايال تاكى ئۇ دېگەن ئەر بىلەن بىرگە بولۇپ، ئۇنىڭغا بالا تۇغۇپ بەرمىگىچىلىك ئەر ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولماي ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ئايال تۇغقاندىن كېيىن ئۇنى ياخشى كۆرسە بىللە بولىدۇ. بۇ، بالىغا قىزىقىپ بولغان بولۇپ «باشقىلاردىن پايدىلىنىش نىكاھى»دەپ ئاتىلىدۇ؛

3. ئونغا يېقىن ئەر كىشى بىر ئايال بىلەن بىرگە بولىدۇ. تۇغقاندىن كېيىن ئۇلارغا ئادەم ئەۋەتىدۇ. ئۇلارنىڭ كەلمەي ئامالى يوق. ئايال ئۇلارغا: « نېمە قىلغىنىڭلار ئۆزۈڭلارغا ئايان. بالا تۇغۇلدى. ئى پالانى! بۇ سېنىڭ بالاڭ» دەپ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كىشىنى ئاتايدۇ. بالا شۇنىڭ بولىدۇ؛

4. «پاھىشەلەر» دەپ ئاتىلىدىغان ئاياللار بولۇپ، ئۇلار ئىشىكلىرىگە ئەلەم-بايراق قاداپ قويىدۇ. كىملا خالىسا ئۇلار بىلەن بىرگە بولىدۇ. ئۇ تۇغقاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغانلارنىڭ ھەممىسى چاقىرىپ كېلىنىپ، قىياپەتشۇناسلار (شۇ دەۋردىكى چىرايىغا قاراپ تۇغقان ئايرىيدىغان كىشىلەر) تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئۇ چىرايىغا قاراپ بالىنىڭ ئاتىسىنى بېكىتىدۇ ( سەفىيۇر رەھمان ئەلمۇبارەكفورىي: «پېچەتلەنگەن شاراب» (ھازىر«شېرىن بۇلاق» دەپ تەرجىمە قىلىندى) پاكىستان نەشرى، ئەرەبچە، 65-بەت). ( ئۇ دەۋرنىڭ «جاھىلىيەت دەۋرى» دەپ ئاتىلىشىدا ئىككى سەۋەب بولۇپ، بىرى، ئۇلارنىڭ نىكاھ ئېگى يوق، ئەخلاقى چۈشكۈن؛ يەنە بىرى، ئۇ دەۋردىكى بۇتپەرەسلىك-خۇراپىيلىق تارىختا مىسلىسىز بولۇپ، بۇ دەۋردىكى بۇتلارنىڭ سانى 330 مىليون ئىكەن، شۇ دەۋردىكى سەل ئۆزگىچە نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى «ئىلاھ» بوپ قالغانىكەن- ئەبۇل ھەسەن ئەلنەدۋىنىڭ يۇقىرىقى كىتابىدىكى بايانلار).

بىز يۇقىرىدا ئەخلاق ۋە ئۇ شەكىللەندۇرگەن ئىنسان پىسخىكىسى ئىنسانىنىڭ ئەسلى تەبىئىتى دېگەنىدۇق. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ئىنسانلار جەمئىيىتىدە يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك ئەخلاقسىزلىق ۋە ئۇنى نەزەرىيىۋى جەھەتتىن ھىمايە قىلىدىغان تەشەببۇسلار مەيدانغا كېلىدۇ؟ بۈگۈنكى كۈندىكى غەربلىكلەرمۇ نېمە ئۈچۈن «بەچچىۋازلىق» ، «ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتى»... دېگەنلەرنى قانۇنلاشتۇرىدۇ؟.. ھەي... ي، دەۋرىمىزدە مەيلى نەدە بولسۇن، ھايۋانىيلىق ۋە چېكىدىن ئاشقان ئەخلاقسىزلىققا پەتىۋا ئىزدەپ

بىرەر «پەلسەپە» مەيدانغا كەلمىگەي! زوراۋانلىق، ئۇرۇش، تەڭسىزلىككىمۇ «پەتىۋا» تېپىۋاتقان ئىنسانلارنى بۇنىڭغا گەپ تاپمايدۇ دېگىلى بولامدۇ؟ بەلكىم بۇ خىل «پەتىۋا»مۇ مەيدانغا كېلىپ بولغاندۇ: دارەن ئۆزىنىڭ «ھايۋانچىلىك بولالمايدىغان ئىنسانلار» ناملىق ماقالىسىدا شۇنداق يازىدۇ:« ... بۈگۈنكى دەۋردە غەربلىكلەرنىڭ ‹جىنسىيەت› جەھەتتىن ئېچىۋېتىلگەن بولۇشى، ھايۋانلىق تەبىئەتكە تېخىمۇ يېقىنلاشقانلىق بوپقالدى. نىكاھ سىرتىمىقىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن تېخىمۇ كۆ ئىمكانىيەت ۋە تاللاش بارلىققا كەلدى... خۇشاللىنارلىقى شۇكى، يېقىنقى يىللاردىن بىرى كىشىلەر تەدرىجىي ھايۋانىي تەبىئەتكە يېقىنلىشىۋاتىدۇ...»( شىنجاڭ مەدەنىيىتى، 2003-يىل، 3-سان).

بۇ، بۈگۈنكى زامانچە «ئىباھىزم»مۇ؟

ئېيتىلىشىچە، نوھ ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە كىشىلەر ئەخلاقسىز بوپ كېتىپتىكەن. نوھ ئەلەيھىسسالام ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچىلىك ئۇلارنى بۇ رەزىل قىلمىشلاردىن يېنىشقا بۇيرۇپتۇ. ئۇلار بويۇنتاۋلىق قىپتۇ. ئاخىر نوھ ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارغا: «ئۇلاردىن بىرنىمۇ قالدۇرۇپ قويمىغىن، ئەگەر ئۇلارنى قالدۇرۇپ قويساڭ، شۇبھىسىزكى، بەندىلىرىڭنى ئازدۇرىدۇ...» دەپ دۇئا قىپتۇ. نوھ ئەلەيھىسسالامغا پەقەت ئازغىنا ئىنسانلار ھەمراھ ئىكەن. ئۇ كۆڭلىدە، بۇ بۇزۇقلار يوقالسا، كېيىنكى ئىنسانلاردا بۇنداق ئەخلاقسىزلىقلار يۈز بەرمەيدۇ دەپ ئويلاپتۇ... «توپان بالاسى»دىن كېيىنمۇ ئاشۇ ئەخلاقلىق كىشىلەردىن بۇزۇق، ھاياسىز، ئەخلاقسىز كىشىلەر مەيدانغا كەپتۇ... بەلكىم بۇ، ئەخلاقسىزلىقنىڭمۇ ئىنسان ۋۇجۇدىدا بارلىقىغا ئىشارە بولسا كېرەك.

تالاي ئىمپېرىيىلەرنىڭ، تالاي ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئەخلاقسىزلىق تۈپەيلى ھالاك بولغانلىقى ئوقۇرمەنلەرگە مەلۇم. سەيمىل خانتىڭتوننىمۇ بۈگۈنكى غەرب جەمئىيىتىدىكى ئەخلاقسىزلىقلارنى، چۈشكۈنلۈكلەرنى دەلىللەپ كۆرسىتىدۇ. بۇنداق شارائىتتا غەرب ئەخلاقسىزلىقىغا ئەگىشىش خەۋپتىن دېرەك بېرىدۇ.

مىلادى 7-ئەسىرگە كەلگەندە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنىنى ئەكەلدى. بۇ دىن رېئال دۇنياغا يېقىن بولغان تەشەببۇسى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈكسەك ئەخلاقىي باشلامچىلىقى بىلەن قىسقا مۇددەتتە ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئۆزگىچە خاس ئورۇن ئىگىلىدى. بۇ دىن ياراتقان يېڭى ئۈممەت ئەخلاق ئۈستىگە قۇرۇلغان جەمئىيەتنىڭ كارتىنىسىنى سىزىپ ئۆتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆز تەلىماتلىرىنىڭ ئەڭ يېتۈك ئىجراچىسى بولۇش

سۈپىتى بىلەن بۇ مۇسۇلمان ئۇممەتلىرىنىڭ قەلبلىرىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇ ئۆز قارشىلىرىنى پۈتكۈل ئىش-ھەرىكىتىنىڭ ھەر بىر ئۇيگىلىرىگە قەدەر سىڭدۈرگەنىدى. ئۇنىڭ ئەخلاقىدىن سورالغاندا، كىشىلەر: «ئۇنىڭ ئەخلاقى ‹قۇرئان كەرىم› ئىدى» دەپ جاۋاب بېرىشكەن. ئۇنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرىنىڭ، ھەتتا ئۇ ئارىلاشقان كىشىلەرنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىنىشى شۇ سەۋەبتىن بولۇشى ئېھتىمال. ھەدىسلەردە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كىچىك ۋاقتىدا يۈرىكىدىن شەيتاننىڭ ئېلىۋېتىلگەنلىكى، مىراجغا ئۆرلىگەندە يۈرىكىنىڭ ئابى زەمزەمدە يۇيۇلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. مانا بۇلار ئۇ كىشىنى مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە مىسلىسىز كىشىگە ئايلاندۇرغان. بەلكى بۇ پاكلىق ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشى مۇمكىن.

فارابىي، ئىبىن سىنا، غەززالىي ... قاتارلىق شەرق ئالىملىرى نوقۇل ئىلىم-پەن چولپانلىرى بولۇپلا قالماستىن، شەرق ئەخلاقىنىڭ ئىجراچىلىرىدۇر. فارابىي ھەزرەتلىرىنىڭ ئەخلاق-پەزىلەت ھەققىدىكى قاراشلىرىمۇ بىر قەدەر گەۋدىلىك. بۇ خىل روھنى بۈگۈنكى زىيالىيلىرىمىزدىن تېپىش تەس. شۇڭلاشقا دېھقانلار زىيالىيلارغا ئالدىراپ قايىل بولمايدۇ. ئۆز ئەمەلىيىتىگە خىلاپ كىچىككىنە ئىش ئارقىلىقمۇ ئۇلارنى ئىنكار قىلىۋېتىدۇ. قارىماققا ئۇستىبېشى چاك-تۇزان كۆرۈنىدىغان دېھقانلار ۋۇجۇدىغا ئاجايىپ ئەخلاق مۇجەسسەم: ئۇلار كىشىلەرگە تونۇسۇن، تونۇمىسۇن سالام قىلىدۇ. ئائىلىدە بولسۇن، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە بولسۇن، ھەتتاكى ھاجەتخانىدىكى ئۇششاق تازىلىق ھەرىكەتلىرىدە بولسۇن ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچان. ئەلۋەتتە، بەزى جەھەتتە دېھقانلار زىيالىيلارغا ئۇلگە بولۇشقا يارايدۇ...

ئىنسان دۇنيادا پاك ياشىشى كېرەك. بۇنى ئۇنىڭ تەبىئىتى بەلگىلىگەن. ئابلىز ئۆمەر ھاجى شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 1- سانىدا ئېلان قىلىنغان «مەن بويلىغان قىرغاقلار» ناملىق ئەسىرىدە باللىقنى پاكلىقنىڭ يۇقىرى پەللىسى دەپ كۆرسىتىدۇ. ئاشۇ باللىقتىكى روھى ھالەت تەڭرى «توقۇغان» ئەڭ پاك ھالەتتۇر. ئۇ، چوڭ بولغانسېرى ئۇنىڭ روھى ئاتا-ئانا ۋە جەمئىيەت تەرەپتىن تالاي قېتىم «چۇۋۇلۇپ»، تالاي قېتىم قايتا «توقۇلىدۇ» ( جايىدا توقۇلسىلا مەيلىغۇ).

ئۇنداقتا بىزنىڭ روھىمىزنى چۇۋۇپ توقۇۋاتقان ئامىللار نېمە؟ ماددا نېمە ئۈچۈن كىشىنىڭ مەنىۋىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ؟ بۈگۈنكى دۇنيا ھەزارەت ئۆز

ئارا خىرىس قىلىۋاتقان دۇنيادۇر. بۇ دۇنيا ھەر كىشىنىڭ دۇنيادا مەۋجۇد بولۇپ ياشىشى ئۈچۈن ئۆز روھىدا ئىدىيە قورغىنىنىڭ بولۇشى كېرەكلىكىنى تەقەززا قىلىدى. ئۇنداق بولمىغاندا، ئىنسان زامان شامالLىرىدا سەرگەردان، دېڭىز دولقۇنلىرىغا يەم.

ئەتراپىمىز خىرىسقا تولغان دۇنيا. جىددىيلىككە، ئالدىراشلىققا تولغان دۇنيا. غەربنى مەركەز قىلغان ئەخلاقسىزلىق مۇشۇنداق يامراۋېرەمۇ ياكى بۇ توپاندىن قۇتۇزۇدىغان نوھ كېمىسى بارمۇ؟ يۇقىرىدا ئەخلاقنىڭمۇ، ئەخلاقسىزلىقنىڭمۇ ئوخشاشلا ئىنسان ۋۇجۇدىدا بارلىقىنى دېگەنىدۇق. شۇنداق بولغانىكەن، دۇنيانىڭ تەڭپۇڭ مۇۋازىنەت ئۈستىدە نورمال تەرەققىي قىلىشىمۇ كىشىلەردە ئورتاق ئەخلاقىي قاراشنىڭ بولۇشىغا ۋە ئەخلاقلىق كىشىلەرنىڭ ئەخلاقسىز كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتەلىشىگە باغلىق( ھەر بىر ئادەمنىڭمۇ نەپسىدىن غالىپ كېلىشىگە باغلىق).

بۈگۈنكى دۇنيادا ئەخلاقسىز كىشىلەر كۆپمۇ، ئەخلاقلىقمۇ؟ بۇنىڭغا ھەرگىزمۇ ئالدىراپ جاۋاب بەرگىلى بولمايدۇ. چۈنكى بۇنى ستاتىستىكا قىلىشلا تەس بولۇپ قالماستىن، دۇنيا خەلقلىرىنىڭ ئەخلاق ئۆلچەملىرىمۇ ئوخشاش ئەمەس. ئىنسانلار يەن قانداق زامانلارغا، يەنە قانداق كىرىزىس، مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىدۇ، بۇ نامەلۇم. مېنىڭچە، ئىنسانلار (ھەر بىر ئىنسان) ئۆز مەسئۇلىيەت ـ مەجبۇرىيەتلىرىنى تونۇپ (يەنى ئۆزىنى تونۇپ) ، ئۇنىڭغا ئىنسانىي ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلالىغاندىلا گۈزەل كەلگۈسى يارىتىلىشى مۇمكىن. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئىنسانلار يەنە يېڭى ـ يېڭى كىرىزىسلارغا دۇچ كېلىۋېرىدۇ، بىر ـ بىرىنىڭ روھىنى ئىستېمال قىلىۋېرىدۇ، سېسىق ئالمىدەك بىر ـ بىرىنىڭ روھىنى چىرىتىدۇ.

مەنبە: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2004 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن ئېلىندى.

# پەرزەنت تەربىيىسى ۋە بىز

يۈسۈپجان سەمەت ئەفىيفىي

دۇنيا مائارىپ تارىخىدىكى شۆھرەتلىك كىتاب « پەرزەنت تەربىيىلەش دەستۇرى: كارل ۋىتېرنىڭ تالانتلىق پەرزەنت تەربىيىلىشى» دىن تەسىرات

4504 تۇغۇلسا ساڭا ئاي كەبىي قىز ئوغۇل،
ئاڭا تەربىيىچى سەن ئۆزۈڭلا بول.

ـ يۈسۈپ خاس ھاجىب

قايسىدۇر بىر ژۇرنالدىن لېئوناردو داۋىنچى ھەققىدىكى بىر ماقالىنى ئوقۇغانلىقىم ئېسىمدە. ئۇنىڭدا مۇنداق ۋەقەلىك بايان قىلىنىدۇ: داۋىنچى ئۆزىنىڭ « ئەڭ ئاخىرقى كەچلىك غىزا» ناملىق مەشھۇر رەسىمىنى سىزىپ كېلىۋېتىپ، دەل ئىككى مۇھىم پېرسوناژ-ئېيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن خائىن يەھۇدا (يەھۇدا-ئەيني ۋاقىتتا ئېيسا ئەلەيھىسسالامنى زالىم ھۆكۈمرانغا ساتقان) نىڭ پروتوتىپىنى سىزىشتا بىر ئاز ئويلىنىپ قالىدۇ. ئېيسانى سىزىپ چىقىش ئۈچۈن پۈتكۈل گۈزەللىك، پەزىلەت، ئادىمىيلىك ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەملەنگەن بىر تىپ تېپىشقا توغرا كېلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئىزدەپتۇ، ئىزدەپتۇ. ھېچبىر بۇ بۈيۈك پەيغەمبەرنىڭ ئوبرازىغا تەڭداش بىرەر ئوبرازنى تاپالماپتۇ. نىھايەت قارىغۇدەك بولسا، كوچىدا بىر پاك، سەبىي، ئوماق بالا ئويناۋاتقانىكەن. ئۇ ئويلاپتۇ: توغرا، دۇنيادا نەدىمۇ سەبىي بالىدىن پاك ئىنسان تېپىلسۇن؟! بۇ بالا ئېيسا ئوبرازىنى يارىتىشقا ئەڭ لايىق! ئۇ، بۇ بالىنى ئۆزى

رەسىم سىزىۋاتقان ئىبادەتخانىغا ئەكەپتۇ ۋە ئۇنىڭ پروتوتىپىغا ئاساسەن ئېيسا ئوبرازىنى يارىتىپتۇ (بەلكىم بۇ، چىركاۋلاردىكى رەسىملەر ئېيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسلى ئوبرازى ئەمەسلىكىگە ئىشارە بولسا كېرەك). بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەسىلە ئاسان بولماپتۇ. چۈنكى ئېيسا ئوبرازى پۈتكىنى بىلەن ئىنسانىيەت خائىنلىرىنىڭ سىمۇولى-يەھۇدانىڭ ئوبرازىنى يارىتىشمۇ ئۇنچە ئاسان ئەمەسكەن. بارچە رەزىللىك، ئىپلاسلىق، خائىنلىق، ناجىنسلىق بىر كىشىنىڭ ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەملەنگەن ئوبرازنى تېپىش قانداقمۇ ئاسان بولسۇن؟! داۋىنچى بۇ قېتىم سەل ئاۋارىچىلىققا دۇچ كەپتۇ. شۇ ئوبرازنى ئىزدەپ بىر قانچە يىللار ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئىزدەپ-ئىزدەپ ئاخىر بىر بۇلۇڭدا ئۆز قۇسۇقىغا مىلىنىپ ياتقان بىر بەتبەشىرە هاراقكەشكە كۆزى چۈشۈپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئىنسانىي ئىللەتلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىدىغاندەك. ئۇ، بۇ هاراقكەشنى ھېلىقى ئىبادەتخانىغا ئەكەپتۇ. ئەمدى يەھۇدانىڭ ئوبرازىنى سىزىشقا تۇتۇش قىلاي دەپ تۇرغىنىدا، تۇيۇقسىز ھېلىقى هاراقكەش ھەيرانلىق بىلەن ئېغىز ئېچىپتۇ:

-سەن مېنى بىر نەچچە يىل ئاۋۋال بۇ يەرگە رەسىم سىزىش ئۈچۈن ئەكەلگەنىدىڭغۇ؟!

كىشىلىك ھاياتتا بىر كىشىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىككى مۇھىم ئامىل بار. ئۇ بولسىمۇ ئىچكى-سۇبيېكتىپ ئامىل ۋە تاشقى-ئوبيېكتىپ ئامىلدۇر. ئىچكى-سۇبيېكتىپ ئامىل ئالدىنقى مۇھىم ئامىل بولسىمۇ، تاشقى رېئاللىقتىن ئۆز ئوبيېكتىنى تېپىش خاراكتېرى بىلەن مەلۇم ئىپلاستىكىلىققا ئىگە بولىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، تاشقى ئامىل مەلۇم جەھەتتىن ئىنسان سۇبيېكتىنى بەلگىلەپ قويىدۇ. ئىنسان سۇبيېكتى ئۆزىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى بىلەن ئىنسان سۇبيېكتىپچانلىقىنى جۇلالاندۇرىدۇ ياكى خىرەلەشتۈرىدۇ. دېمەك، ئىنسانىنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا قاراپ بولمىغاندەكلا، ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىدىغان تاشقى ھادىساتلارغىمۇ يۈكسەك دەرىجىدە دىققەت ئېتىبارىمىزنى بېرىشىمىز كېرەك.

ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشىچە، ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئۈچ تاشقى مۇھىم ئامىل بار. ئۇ بولسىمۇ، ئائىلە، مەكتەپ ۋە جەمئىيەتتۇر. ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ كونكرېت تەسىر كۆرسىتىشى شۇ ئىنسانىنىڭ قايسى خىل مۇھىتتا كۆپ ياشىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئومۇمىيەت

نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىر كىشىگە ھەقىقى تەسىر كۆرسەتكۈچىنى مەكتەپ ۋە جەمئىيەت بولماستىن، دەل ئائىلىدۇر. ئۇزۇن مەزگىل بىر خىل مۇھىتتا ياشاش جەريانىدا ئائىلە ئەھلىلىرىنىڭ چىراي-شەكلى، خاراكتېر-مىجەزى، گەپ-سۆزلىرىنىڭ ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى بايقايمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ماددىيىتىگە ئوخشاش ئېرسىي گېن يوشۇرۇنغان بولىدۇ. بىز ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپلا ئائىلە ئېڭىمىز بەك ئۈستۈن. شۇنىڭ ئۈچۈن پەرزەنت تەربىيىسىدە ئائىلە تەربىيىسى ئەڭ مۇھىمدۇر. ئائىلە تەربىيىسى باللار تەربىيىسىدىكى ھەل قىلغۇچ تەربىيە بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ كېيىنكى ھاياتىنىڭ ئۇتۇقلۇق ياكى مەغلۇبىيەتلىك بولۇشىغا مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ. پەرزەنت تەربىيىسىدە ئائىلە تەربىيىسى ئەڭ ئاساسلىق رول ئوينىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئائىلە تەربىيىسى دەپ ئاتىساقمۇ بولۇۋېرىدۇ.

ئائىلە مەۋجۇدلۇقنىڭ يىلتىزى بولۇپ، ئۇ بىر كىچىكلىتىلگەن جەمئىيەتتۇر. ھەر قانداق جەمئىيەت ئائىلىدىن ئىبارەت بىر تەشكىلىي ۋۇجۇددىن تەركىپ تاپقان بولىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، جەمئىيەت ئائىلەر توپىدۇر. شۇنداق بولغانىكەن، بىر مىللەت ياكى دۆلەتنىڭ گۈللىنىشىگە ئائىلە ۋە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ساپاسى بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن باشقا ئەسلىھەلەرگە كۆڭۈل بۆلگەندەكلا، ئائىلە ۋە ئائىلە تەربىيىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشىمۇ ئوخشاشلا مۇھىمدۇر.

داۋامى بار... ئۇنداقتا بىز ئۇيغۇرلار ئائىلە تەربىيىسىگە قانچىلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىمىز؟ ئاتا-ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىگە قانچىلىك كۆيۈنىدۇ؟

ئەتراپىمىغا قاراپ، ئائىلە تەربىيىسىنىڭ راستتىنلا چېكىنىش باسقۇچىغا بېرىپ قالغانلىقىنى، ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆز يۈرەك پارىلىرىغا كېيىم-كېچەكلىرىگە كۆڭۈل بۆلگەنچىلىك كۆڭۈل بۆلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىدىم (گەرچە بۇ مەسىلە مەيلى ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، دىققەت ئېتىبارىمىزنى قوزغىشى كېرەك). ئۆز پەرزەنتلىرىگە قارىمىغان ئاشۇ-ئاتا ئانىلارنى قانداقمۇ ئاتا-ئانا دېگىلى بولسۇن؟!... بىزدىكى ئاتا-ئانىلار پەرزەنت تەربىيىسىدە ھەل قىلغۇچ پەيتلەرنى تەربىيىسىز ئۆتكۈزۈۋېتىدۇدە، كېيىن پۇشايمان يەيدۇ. بۇ خىل تەتۈرلۈكنىڭ زىيىنىنى كېيىن ھېس قىلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ «ئۇششاق» مەسىلىلەردە كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى، ئاشۇ« ئەرزىمەس» ، « توخۇ تۈكى، پىياز پوستى» ئىشلارنىڭمۇ ھەقىقەتەن مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىشىدۇ. بەزى ئاتا ئانىلار مەسىلىنى

پەقەت ئۆزىدىن سۈرۈشتە قىلماي، بار مەسئۇلىيەتنى بالىغا ئىتتىرىپ قويۇپ بولدى قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۆز پەرزەنتلىرى شۇنچىلىك «دۆت» ئىدىكى، ئۇلارنى تەربىيىلەش، گەپ ئاڭلىتىش مۇمكىن ئەمەس! مەن بۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن. تېلېۋىزورلاردىن كىشىلەرنى ئىت-مۈشۈك، ئېيىق-مايمۇنلارنى «تەربىيىلەپ» ئاجايىپ «ماھارەتلىك» قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كېلىۋاتىمىز. ئەجىبا، ئاشۇ ئىنسان بالىلىرى ئاشۇلارنىڭ ئۇنىدىن بىرىچىلىك تەربىيلىنىشىنى ئىمكانىيىتىگە ئېرىشسە، راستتىنلا تەربىيىلەنمەسمۇ؟! ھەر بىر ئىنساندا باشقىلارنىڭكىگە ئوخشاشلا ئىقتىدار يوشۇرۇنۇپ ياتقان بولىدۇ. ئەمما ئاشۇنى پەرۋىش قىلىدىغان ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ ئامىللار بولمىغان-دە، ئۇ كۆمۈلۈپ قالغان. ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالمىغان. ئەتراپىمىزدا بىز دائىم يولۇقۇپ تۇرىدىغان مانا بۇ خىل ئەھۋاللار راستتىنلا كىشىنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇرىدۇ. بىزدە «ھەر بىر ئادەم ئاق كۆڭۈل تۇغۇلىدۇ» دېگەن گەپ بار. ئۇنىداقتا نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ تەربىيىلەپ چىققان بەزى بالىلىرىمىز ئوغرى-يانچۇقچى، بۇلاڭچى... بولۇپ چىقىدۇ. بۇلاردا ئاتا-ئانىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى يوقمۇ؟! ياق، ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ مەسئۇلىيىتى بار. مېنىڭچە، بالىلارنىڭ، ئەۋلادلارنىڭ يارامسىز، ئەخلاقسىز بوپقېلىشىغا ئەڭ ئاۋۋال ئاتا-ئانا سەۋەبچى بولىدۇ.

بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن بەزى ئاتا ئانىلار ئۆز بالىلىرىنى بالا باققۇچىغا، يەسلىگە، ئاندىن مەكتەپكە «تاشلاپ» قويىدۇ. ھەتتا ئۆز بالىلىرىنى ئېمىتمەي كالا سۈتى بېرىپ چوڭ قىلىدۇ. گەرچە، مەلۇم سەۋەبلەر زۆرۈرىيەت بولسىمۇ، ئەمما بالىلارغا بوش ۋاقىتلاردا تەلىم-تەربىيە ئېلىپ بارماسلىق ھەرگىزمۇ زۆرۈرىيەت ئەمەس! نۇرغۇنلىغان ئاتا-ئانىلارنىڭ ئويۇن-تاماشا، ئەيش-ئىشرەتكە ۋاقتى يەتسىمۇ، ئۆز پەرزەنتىنى تەربىيىلەشكە «ۋاقتى يەتمەيدۇ».

مەن تېخى بىرەر ئاتا- ئانىنىڭ بالىلىرىغا خۇددى لوقمان ھەكىمدەك پەند-نەسىھەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇچراتمىدىم. بىزدىكى ئاتا ئانىلار دائىم تەربىيىنى كىچىكتۈرۈپ قىلىدۇ. خاتالىق، مەسىلە سادىر بولغاندىن كېيىن تۈزىتىدۇ. خاتالىق يۈز بەرگەنىكەن، ئۇنىڭ تۈزىلىش ۋە تۈزەلمەسلىكتىن ئىبارەت ئىككى تەرىپى بولىدۇ، خۇددى يىپنىڭ ئىككى ئۇچى بولغىنىدەكلا، دېمەك، بۇ خىل ئۇسۇلدا ئاتا-ئانىلار تولىمۇ كېچىككەن بولىدۇ.

بۇگۈنكى كۈندە «پەرزەنت تەربىيىسى» ئاللىبۇرۇن باشقىلاردا بىر «پەن» سۈپىتىدە تەتقىق قىلىنماقتا. مەكتەپلەردە مۇھىم بىر دەرسلىك سۈپىتىدە

ئۆتـۈلمەكتە. يـاپونلار پەرزەنــت تەربىيىســىنى دۆلەت گۈللىنىشــىنىڭ نېگىــزى-يىلتىــزى دەپ قارىسا، يەھـۇدىيلار پەرزەنـت تەربىيىسـى مىللـى مەۋجۇدلۇقىنىـڭ ئاساســى دەپ قارايــدۇ. ئەرەبــلەر ئـاللىبۇرۇن «ئىسـلام پەرزەنــت تەربــىيىلەش دەســتۇرى» نـاملىق كىتــابىنى تـۈزۈپ، دەرس مۇنبەرلىرىــدە لېكســيە قىلىســا، گېرمـانلار 1818-يىلــى يېزىلغــان « پەرزەنــت تەربــىيىلەش دەســتۇرى: كــارل ۋىتېرنىڭ تالانتلىق پەرزەنت تەربىيىلىشى» ناملىق كىتـابىنى بۈگـۈنكى كۈنـدىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشمىدى. بەلكى هازىرمۇ بۇ كىتابقا يۈكسەك ئېتىبـار بىـلەن قارىماقتـا. بىـزدە يېقىنقـى يىللاردىـن بېـرى «پەرزەنــت تەربىيىســى» توغرىســىدا كىتابلار نەشر قىلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭ قانچىلىك ئەمەلـيي ئۈنـۈمى بولـدى، بـۇ ماڭـا قاراڭغۇ. شۇنىدىمۇ، ئەتراپىمىزدا پەرزەنت تەربىيىسى سۇس كەيپىياتتا تۇرماقتـا. گاهى پۈرسەت بولمىسا، گاهى تەربىيىلەش روهى بولمايۋاتىدۇ. ئاقىۋەت، بـالىلار تەربىيىسىز قېلىپ، بىر توپ يارامسىزلار يېتىشىپ چىقىۋاتىدۇ، خالاس!

## ئۇنداقتا ئائىلە تەربىيىسىدە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

بىزدە «ئەۋلادلارنى يىلىكىدىن باشلاپ تەربىيىلەش كېرەك» دېگەن ئـۇدۇم تارىختىن بېرى يادلىنىپ كەلمەكتە. پەرزەنت تەربىيىسىدە تەربىيىنى كىچىكىدىن باشـلاپلا ئېلىــپ بارمـاق زۆرۈر. كىچىكىــدە ئېلىــپ بېرىلغــان هەرقانـداق تەربىـيە ئالاهىــدە ئۈنۈملــۈك بولــدۇ. بالىلارغــا تەســىر قىلغــان هەر بىــر شــەيئى ئۇلارغـا ئىنتايىن ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەۋەتـتە، ئۇلارغا تـۈنجى تەسـىر قىلىدىغىنىمۇ ئاتا-ئانا بولىدۇ. شۇڭلاشـقا ئاتــا-ئـانىلار بـالا تۇغۇلۇشـتىن ئـاۋۋال ئۆزلىرىدە بەلگىلىك ساپا هازىرلىشى كېـرەك. كىچىـك بـالىلارنى بىـر ۋاراق ئـاق قەغەز دەپ تەســەۋۋۇر قىلسـاق، ئاتــا-ئـانىلار شـۇ قەغەزگە خەت يـازغۇچىلاردۇر. بـۇنى ئەۋلادلار ئۆمـۈر بـويى قىبلىنــامە قىلىــپ هايـات مۇساپىســىنى ئۆلچەيــدۇ. كىچىكلىكتە ئېلىپ بېرىلغان هەر بىر تەربىـيە، ئۇنىڭغـا تەسـىر قىلغـان هەر بىـر ئىـش ئەۋلادلارنىــڭ كېيىنكــى هاياتىنىــڭ خېمىــر تـۇرۇچى بوپقالىــدۇ. بىزدىكــى «كىچىكلىكتىكـى ئـۆگىنىش تاشـقا مۆهـۈر باسـقاندەك، چـوڭ بولغانـدا ئـۆگىنىش قۇمغا مۆهۈر باسقاندەك» دېگەن تەمسىلمۇ دەل مۇشۇنى كۆرسىتىدۇ. دېـمەك ئەڭ

دەسلەپكى پەرزەنت تەربىيىسىگە سەل قاراپ بولماسكى، بۇ خىل تەربىيە بالىغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ. «پەرزەنت تەربىيىلەش دەستۇرى» ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى ۋېتىر ئەپەندىمۇ تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىدۇ: «مۇۋاپىق دەسلەپكى تەربىيە بالىلارنىڭ قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشتە كىشى ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە رول ئوينايدۇ» (16 ـ بەت).

بىزدە پەرزەنت تەربىيىسىنى دەسلەپكى چاغدىن باشلاپلا ئېلىپ بارىدىغانلار يوق دېيەرلىك. ئاتا ـ ئانىلار: بالا تۇغۇلغاندىن كېيىنكى ۋەزىپە ئۇنىڭ ساغلاملىقى دەپلا قاراپ، تاماق يېيىشكە جاننى پىدا قىلىدۇيۇ، تەربىيە قىلىشنى ئويلاشمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزدە بالدۇر تەربىيىلەش سالامەتلىككە زىيانلىق دېگەن قاراش ھۆكۈم سۈرگەچكە، بالىلارنى يەتتە ـ سەككىز ياشلاردا تەربىيىلەش ئاساسى تەربىيە ئۇسۇلى بوپقالغان. بۇ بىر كىچىككىش بولۇپلا قالماستىن، ئاتا ـ ئانىلار بۇ سەۋەنلىكى تۈپەيلى بالىلارنىڭ ئاجايىپ تالانتى ۋە قابىلىيىتىنى نابۇت قىلىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بالدۇر ئېلىپ بېرىلغان تەربىيە سالامەتلىككە زىيانلىق دېگەن قاراشمۇ پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. بالىنى قانچىكى بالدۇر تەربىيىلىسە، ئۇنىڭغا قانچىكى بالدۇر تەسىر كۆرسەتسە ئۇنۇمى ئەڭ ياخشىدۇر.

مېڭىنى بىر قورۇما ئۇسۇدىغان قاچا دەپ تەسەۋۋۇر قىلساق، ئاتا ـ ئانىلار دەل قورۇما ئۇسقۇچىلاردۇر.

دەسلەپكى تەربىيىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ھالقىلىرىدىن بىرى دەل تىل تەربىيىسىدۇر. بالىلارنىڭ ئۈچ ياشقىچە بولغان ۋاقتى تىل ئۆگىنىش باسقۇچىدۇر. ئەگەر بۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ تىل ئۆگىنىش ئىقتىدارى جارى قىلدۇرۇلمىسا ياكى ئىمكانىيەت بولمىسا ئۇ مەڭگۈ تىل ئۆگىنىش ئىقتىدارىدىن قالىدۇ. خۇددى «تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇش ياخشى»بولغىنىدەك، تەربىيىنىڭمۇ ئۆز باسقۇچلىرى، ئۇسۇللىرى بولىدۇ. ناۋادا بۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىلمەيدىكەن، تەربىيە يەنىلا نەتىجىسىز بوپقالىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بۇ مەزگىلدە كۆپرەك ئانا تىلنى ئۆگىتىشى، شېۋىدە ئەمەس، ئۆلچەملىك ئەدەبىي تىلدا كۆپرەك سۆزلەپ بېرىشى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تىلىنىڭ چىققىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سۆزلۈك بايلىقىنى ئاشۇرۇشى كېرەك. خۇددى دەرەخنىڭ يىلتىزى بولغىنىدەك، تەپەككۇرنىڭمۇ يىلتىزى بولىدۇ. بىر كىشىنىڭ تەپەككۇر يىلتىزى شۇ كىشىنىڭ تىل تۇپرىقىغا كۆمۈلگەن بولىدۇ. بىلىشنىڭ ـ ئىلمى تەرەققىي قىلىشنىڭ ئاچقۇچى دەل ئۆز تىلىدا پۇختا

بولۇش- بولماسلىق بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. يۇقىرىقى كىتاب مۇئەللىپىمۇ: «باللارغا تىل تەربىيىسىنى بالدۇر ئېلىپ بېرىش ئاچقۇچ!»(56-بەت) دەپ قارايدۇ. غەززالىينىڭ قارىشىچە بولغاندا: «مەلۇم بىر ئىلىمنى ئۆگىنىپ ۋايىغا يەتكۈزۈۋېتىش كېرەك، چۈنكى ئىلىملەر ئۆزئارا ئۆتۈشۈشچانلىققا ئىگە». بوۋاق- موملىرىمىزنىڭ كىچىك ۋاقتىلىرىمىزدا ئاجايىپ گۈزەل چۆچەك- ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرىشىمۇ نوقۇل تەپەككۇر- تەسەۋۋۇرىمىزنى كېڭەيتىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاجايىپ تىل دەرسىدۇر. مانا بۇ دەرس بىزنىڭ كېيىنكى ھاياتىمىزدىكى نۇتۇقلىرىمىزنىڭ خېمىر تۇرۇچى بوپىكەتكەن. بۈگۈنكى سۆزمەنلىكىمىز دەل ئاشۇ چۆچەكلەرنىڭ تەسىر ئىپادىسىدۇر. تىل تەربىيىسىنىڭ ياخشى ئېلىپ بېرىلىشى باللارنىڭ تەپەككۇر تەرەققىياتىغىمۇ ئۇنۇملۇك تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

پەرزەنت تەربىيىسىدىكى يەنە بىر مۇھىم ھالقا ئەدەب-ئەخلاق تەربىيىسىدۇر. ئىنسانلار قەدىمدىن تارتىپلا ئاجايىپ بىلىملىك ۋە قابىلىيەت ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كاتتا ئەخلاق ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ھۆرمەتلىنىپ كەلگەن. بۇنىڭدىن، ئىنسانلارنىڭ مەنىۋىيەت گۈزەللىكىگە نەقەدەر ئېتىبار بىلەن قارايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەدەپ-ئەخلاق تەربىيىسى، مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئادىمىيلىك تەربىيىسىدۇر. بۇ خىل تەربىيىدە ئاتا-ئانىلار ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىشى كېرەك. بۇرۇندىن تارتىپلا ئەمەلىيەت ئەڭ ئۇنۇملۇك دەرس بولغان. بۇ خىل تەربىيە ئەۋلادلارنىڭ قەلب گۈزەللىكىنى شەكىللەندۇرۇپلا قالماي، ئۇلارغا بەختنىڭ لەززەتىنىڭ نېمىلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلار بۇ ئارقىلىق ھەقىقىي بەختنىڭ مەنىۋىيەتتىن ۋە گۈزەل مەنىۋىيەت كونتروللۇقىدىكى مادديەتتىن كېلىدىغانلىقىنى چوقۇم ھېس قىلىشىدۇ. ئەتراپىمىزدىكى ئاتا-ئانىلارنىڭ تەربىيىدە سىرتقى قىياپەتكە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىپ، باللارنىڭ روھىيەت دۇنياسىنى قۇرۇق قالدۇرۇدىغانلىقىنى بايقايمىز. بۇ خىل ئاچارچىلىق باللارنى خىلى قىيىنىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، قورساقتا نېمە بولسا ئېغىزغا شۇ چىققىنىدەك، بەزى ئاتا-ئانىلارنىڭ ئەدەب-ئەخلاق ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكى كەلگۈسى ئەۋلادلارغىمۇ بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتمەكتە. «سۇ بېشىدىن لاي» بوپقالماقتا. ئەدەب- ئەخلاق ئىنسانلارغا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولىدىغان ئاجايىپ خىسلەتلىك مەنىۋى قورال بولۇپ، ئۇ پەرزەنت تەربىيىسىنىڭ نېگىزى ئاساسى بولۇشى

كېرەك.

ئەتراپىمىزدىكى نۇرغۇنلىغان ئىللەتلەرنىڭ يىلتىزىنى سۈرۈشتۈرۈپ كەلگەندە ، كىشىلىرىمىزدە ئەدەب ـ ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ كەم بولغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. بەزى ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ جېنىنى باقالىغانلىقىنى مۇھىم دەپ قارىغانىكى، ئۇلارنى ئەدەبتىن ئىبارەت خىسلەتلىك ئەڭگۈشتەردىن ئايرىۋەتكەن. ئەڭ مۇھىمى، ئۇلار ئۆزلىرى ھەقىقىي ئاتا ـ ئانا بولالمىغان. ئۇيغۇرلار ئاتا ـ ئانىلارنى خۇدادىن قالسا ئۇلۇغ بىلىدۇ. بۇ ئۇلۇغلۇق دەل ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغان ـ قىلمىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مۇشۇ ئېھتىماللىققا ئاساسەن ئائىلە تەربىيىسىمۇ، ئائىلە تەربىيىسىنىڭ ئۇنۇملۇك بولىشىمۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشقانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئەخلاقلىق بالىلارنىڭ ئورنىغا بىر توپ پاك زېمىنغا نىجىس يۈك كىشىلەر تۈپى پەيدا بولسا، بۇ، ئائىلىگىلا ئاپەت بوپ قالماستىن، جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى جەھەتتىكى تەڭپۇڭلۇقىغا بۇزغۇنچىلىق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تۈنجى قەدەم ـ ئائىلە تەربىيىسى ئەڭ مۇھىم.

بىزنىڭ تەربىيىلىگەن بالىلىرىمىزنىڭ ئارىسىدا قارىماققا «ئەخلاقلىق» بالىلار بار. ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ «ئەخلاقى» ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مۇستەبىتلىكى ئاستىدا، خالاس. ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنت تەربىيىسىدە ئۇلارنىڭ روھىنى ئۇتتۇۋېلىشى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزلىرىدە مەلۇم سەۋىيە ھازىرلىشى، ھەر قانداق «ئۇششاق» ھالقىلارنىمۇ تاشلىۋەتمەسلىكى كېرەك. خۇددى بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ماھىيىتى ھەزارەت (مەدەنىيەت)لەر كۈرىشى ـ «روھىيەت تالىشىش كۆرىشى» بولغىنىدەكلا، كەلگۈسى ئەۋلادلارنى تالىشىش ـ كەلگۈسىنى تالىشىش كۈرىشىدۇر. غەربلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيۋى ئامىللىرىنى سىڭدۈرۈش ئۈچۈن ھەر خىل ۋاستىلەرنى قوللانماقتا. گەرچە ئەۋلادلىرىمىز ئېيىسانىڭ كىملىكىنى، كرېستنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىسىمۇ، ئەمما گاھىلىرى بويىنىغا كرېست ئېسىۋالىدۇ. تۇغۇلغان كۈن تورتىغا قاراپ غەربچە ناخشىغا غىڭشىيدۇ. «روژدېستوۋ بوۋاي» غا قاراپ زوقلىنىپ كېتىدۇ. بىر قېتىم جىيەن ئىنىلىرىمنىڭ بىرىنىڭ سىرتمىسىنى ئېتىۋېتىپ، سىرتما تۈتقۇچىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. قاراڭ، سىرتمىنىڭ تۇتقۇچى كرېست شەكىللىك ئىكەن! ئەينى دەۋردىكى ئەھلىسەلىپچىلەرنىڭ بۈگۈنكى ئەۋلادلىرى ـ 1930 ـ يىللاردا نامرات ئۇيغۇر بالىلىرىغا پۇل بېرىش بەدىلىگە «ئىنجىل»سۈرىلىرىنى يادلاتقان غەربلىكلەر بۈگۈن يەنە نېمىلەرنى

قىلىۋاتىدۇ؟ كىچىك ۋاقتىمدا « ئەقىللىق يىشىيۇ» ناملىق كارتون فىلىمنى كۆرۈشكە تولىمۇ ھېرىسمەنىدىم. شۇ چاغلاردا ئۆيدىكىلەر چېچىمنى چۇشۇرۇۋەتكەندى. مەن بارماقلىرىمنى تىلىمغا تەككۈزۈپ بېشىمغا چەمبەر سىزاتتىم ـ دە، «تەپەككۇر قىلاتتىم». دوستلىرىمنىڭ قايسىدۇر بىر فىلىمدىن ئۆگەنگەن « كەر كەينى ئەرزىبىرەينى، ئى لات، ئى مانات! ئۆزۈڭگە سىغىندىم» ( لات، مانات «جاھىلىيەت دەۋرى»دىكى ئەرەبلەرنىڭ مەشھۇر بۇتلىرى) دېگەن گەپلەرنى دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران بولاتتىم. ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە مۇشۇنچىلىك ئىشلارنىڭمۇ پەرزەنت تەربىيىسىدە قانچىلىك رول ئوينايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتمەكتىمەن. بەلكىم بۇ خىلدىكى مىساللار ئەتراپىمىزدا كۆپ بولسا كېرەك.

ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ ئەدەب ـ ئەخلاقلىق بولۇشىدىن باشقا، بىلىملىك، يارامىلىق بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇنداقتا ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەللىشىشى، تەپەككۇرىنىڭ پىشىپ يېتىلىشى ئۈچۈن قانچىلىك رول ئوينىيالىدى؟ مۇشۇ يەردە ھۆرمەتلىك ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ بىلىم ساپاسىغا قاراپ چىقىشى كېرەك. مەيلى بالا باققۇچى بولسۇن، مەيلى يەسلىدىكى ياكى مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار بولسۇن، بالىغا خۇددى ئۆز ئاتا ـ ئانىسىدەك قارىيالمايدۇ، خۇددى باشقا بىراۋ شېرىنغا پەرھادنىڭ كۆزىدە قارىيالمىغاندەك. مانا بۇنداق شارائىتتا ئاتا ـ ئانىلار ئۆز بالىلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققۇدەك بىلىم ئىگىلىمىكى لازىم. تولا ئاتا ـ ئانىلاردا بىر خىل تەتۈرلۈك باركى، ئۇلار بالىلىرىنىڭ ئوقۇشىغا كۆڭۈل بۆلمەيد، ھېچ بولمىغاندا مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ئەھۋال ئىگىلەپ كۆرمەيدۇ، دەرسلىك كىتابىدىن باشقا بىرەر پارچە كىتاب ئېلىپ بەرمەيدۇ. ناۋادا كىتاپ ئوقۇماقچى بولسا:« ماڭ! بېرىپ دەرسلىك كىتابىڭنى ئوقۇ، شۇنى ئوقۇيالىساڭمۇ چوڭ ئىش!» دېيىشىدىغانلىرىمۇ بار. بۇ خىل ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ ھەر قايسى جەھەتتىن ساپاسىنىڭ ئۆسۈشىگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ.

بالىلارنى تەربىيىلەشتە ئۇنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك، تەربىيىلەش ئۇسۇلىغا قارىتىش كېرەك. بالىلارنى ھەر تەرەپلىمە ئىقتىدار ئىگىسى قىلىپ تەربىيىلىگىنىمىزدە ئۇ ھەقىقىي يارامىلىق بولغان بولىدۇ. ھالبۇكى، بىزنىڭ بەزى ئاتا ـ ئانىلىرىمىز كىچىك چېغىدا بالا نېمىگە قىزىققاندەك قىلسا، «ۋاي بالام پالانىغا قىزىقىدىكەن، ئۇ چوقۇم شۇ كەسىپ ئەھلى» دەپ قاراپ،

شۇ كەسىپ بويىچە تەربىيىلەشنىلا چىڭ تۇتىدۇ. بالىلىرى ئازراق غىڭشىپ قويسا ناخشىچى قىلىپ تەربىيىلەيدۇ. مەن بۇ خىلدىكى تەربىيە ئۇسۇلىغا قارشى تۇرىمەن. مېنىڭچە، بالىلاردا ھەممىگە قىزىقىش، ئىنتىلىش روھى بولىدۇ. (مەن كىچىك ۋاقتىمدا ھەممىگە قىزىقىدىكەنمەن، ھەر قايسى پەنلەرگە ئامراق ئىكەنمەن. رەسىملەرنى قاملاشتۇرۇپ سىزاتتىم، ھۆسن خەتلەرنى چىرايلىق يازاتتىم...) بالىغا دەسلەپتە نېمە تەسىر قىلغان بولسا شۇنىڭغا قىزىققاندەك قىلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھەقىقىي تالانتى بىلەن باغلانغان كەسىپ كېيىن ئاشكارىلىنىشى مۇمكىن. ئەگەر بالىلار ھەممىدە تەڭ تەربىيىلەنمىسە، كېيىنكى ھايات پائالىيەتلىرىگە تەسىر يېتىپلا قالماي، تەبىئىي تالانتىمۇ نابۇت قىلىۋېتىلىدۇ. ناۋادا بىرەر ئۆيگە گۈزەل بەدىئىي سۈرەت ئېسىپ قويۇلسا، بالىلار رەسسام بولۇشقا قىزىقىپ قېلىشى مۇمكىن؛ چىرايلىق ھۆسن خەتلەرنى كۆرسە خەت يازغۇلىرى كېلىشى مۇمكىن؛ ئەگەر توپ ئېلىپ بەرسىڭىز توپ تېپىشكە قىزىقىشى مۇمكىن (قايسىبىر گېزىتتە ئېيتىلىشىچە، پۇتبول چولپىنى مارادونا بۆشۈكتىكى چېغىدىلا توپ تېپىشكە قىزىقارمىش، يىغلاپ كەتكەن بولسا، ئاتا ـ ئانىسى توپتىن بىرنى قويۇپ قويسا، تېپىچەكلەپ يىغىدىن توختاپ قالارمىش...) بالىلار گېزى كەلگەندە سۆيدۈكىدە لاي ئېتىپ ئويناشقىمۇ قىزىقىدۇ. دېمەك ئۇلارنىڭ دەسلەپكى «قىزىقىشى» بىر دىنبىر قىزىقىش ئەمەس. ئەگەر «قىزىقىشى» دەپ قارالغاندىمۇ، ئاتا ـ ئانىلار ئۇلارنىڭ كەلگۈسىگە كۆڭۈل بۆلىشى، يەنى ئۇلارغا نېمىنىڭ ھەقىقىي ئەسقاتىدىغانلىقىنى بىلىشى ۋە قايىل قىلىش يولى بىلەن بالىلارغا بىلدۈرۈشى كېرەك. ئاتا ـ ئانىلار مۇستەبىت بولۇۋالماسلىقى كېرەك. پەرزەنت تەربىيىسىدە مۇستەبىتلىك ھامان ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ( باشقا ئىشلاردىمۇ شۇنداق). بالىلارغا قايسى خىل ئىلىمنى ئۆگەتمەكچى بولساق، ئۇلارنى شۇ خىل ئىلىم مۇھىتىغا ماھىرلىق بىلەن قىزىقتۇرۇشنى قوزغاپ ئەكىرىشىمىز كېرەك.

ئىلگىرىكى زامانلاردا شاھلار پەرزەنتلىرىنى ئىقتىدارلىق قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنى رەسىم سىزالايدىغان، خۇشخەت يازالايدىغان (ھەي...ي، كومپيۇتېر ئارقىلىق يېزىق تېخىمۇ گۈزەللەشكەن دەۋردە كىشىلىرىمىزنىڭ خېتى تېخىمۇ سەتلىشىپ كەتمەكتە...)، نەزمە تۈزەلەيدىغان، چەۋەندازلىق قىلالايدىغان.... دېگەندەك كۆپ تەرەپلىمە تەربىيىلەيدىكەن. ھازىر بولسا بالىلار كۆزلىرىمىزگە ئىلگىرىكىلەرگە قارىغاندا يارىماستەك كۆرۈنىدۇ. ئىبراھىم ئەمەت ئەپەندىنىڭ

تىلى بويىچە ئېيتقاندا: «ئۇيغۇر بالىلىرى بىر ئەۋلادتىن يەنە بىر ئەۋلاد يارامسىز بولۇپ چىقىۋاتاتتى. 1950 ـ، 1960 ـ يىللاردا تۇغۇلغانلار قىلالىغان ئىشنى 1970 ـ يىللاردا تۇغۇلغانلارنىڭ ئويلاشقىمۇ قۇربى يەتمەيتتى. 1980 ـ يىللاردىكىلەرنىڭ بولسا كاللىسى قۇپقۇرۇق ئىدى» (ئىبراھىم ئەمەت: «‹شاھرۇھخان ئۆلمىسۇن› دىن تۇغۇلغان ئويلار» ش. م ژۇرنىلى، 2001 ـ يىل، 6 ـ سان).

بىزنىڭ قارىشىمىزدا، بالىلار پەنلەرنى پەقەت كىتابتىنلا ئوقۇشى كېرەك. بۇ خىل ئۇسۇل بالىلارنى «كىتاب مولالىسى» قىلىدۇ، خالاس. بالىلار ئەمەلىي ئىشلاردا تېڭىرقاپ قالىدۇ. مەيلى ھەرقانداق ئىشتا بولسۇن، ئەمەل ـ ئەمەلىيەت جانلىق بولىدۇ، ئۈنۈملۈك بولىدۇ. كارل ۋىتېرنىڭ قارىشىچە بولغاندا: «مىڭلاپ كىتاب ئوقۇغاندىن، مىڭ چاقىرىملاپ يول ماڭغان ئەلا» (169 ـ بەت). بەلكىم دېھقانلىرىمىزنىڭ ئېتىز بېشىدىكى، خامانلاردىكى، ئەمگەك ئارىسىدىكى، ئايدىڭ كېچىلەردىكى، چارۋىچىلارنىڭ جاڭگاللاردىكى، تەبىئەت قوينىدىكى تەربىيىلىرى، بەزى تالاي كىتاب ئوقۇغان ۋە ئوقۇۋاتقان بىلىملىك ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تەربىيىسىنى بېسىپ چۈشىشى مۇمكىن. مەن تېخى بىرەر ئاتا ـ ئانىنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى مەقسىتىدە يۇرت ئاتلاپ ساياھەت قىلىپ باققىنىنى، ھېچ بولمىغاندا، بالىلىرىنى ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتنى ئايلاندۇرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ تاغ ـ دەريالىرىنى، يول قىرلىرىنى، ئوي ـ دۆڭلىرىنى كۆرسىتىپ باققىنىنى تۇزۇك كۆرۈپ باقمىدىم. (ئىلگىرىكى ئالىملارنىڭ جاھان كۆرگەنلىكىگە تولىمۇ ھەۋەس قىلىپ قالىمەن). بىزدە پەرزەنت تەربىيىسى ھامان قوشۇمچە بوپقاپتۇ. بۇ خىل خاھىش بىزنى قايەرگە ئاپىراركىن؟!...

ئويۇن ئارقىلىق تەربىيىلەش نۇۋەتتە تەكىتلىنىۋاتقان ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنىڭ بىرىدۇر. بۇنىڭ رولى باشقا ئۇسۇللارنىڭكىنى بېسىپ چۈشىدۇ. مۇشۇ يەردە «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» دىكى بىر ھېكايىنى قىستۇرۇپ قويۇش ئارتۇقچە بولمىسا كېرەك. بىر پادىشاھ ئاغرىپ قاپتۇ. تېۋىپلار ئۇنىڭغا دورا يېزىپ بېرىپتۇ. ئەمما بۇ پادىشاھ دورا يېيىشكە بەك ئۆچ ئىكەن. بۇ پادىشاھ ئويۇن ـ تاماشىغا بەك ئامراق ئىكەن. بىر تېۋىپ توپ شەكىللىك بىر دورىنى ياساپ چىقىپتۇ. بۇ توپ كالتەك بىلەن ئۇرۇلۇپ ئوينىلىدىكەن. ئويۇن ئويناش جەريانىدا پادىشاھ ھېرىپ، تەرلەپ، بۇ دورىنىڭ تەسىر كۈچى تەر تۆشۈكچىلىرى ئارقىلىق بەدەنگە سىڭىپ كىرىپتۇ. ئاخىر پادىشاھ كېسەلدىن

ساقىيىپتۇ...

دېمەك، ئويۇن ئارقىلىق تەربىيىلەشنىڭ بىۋاستىلىقى كىشىنى ئەڭ جەلىپ قىلىدۇ. بۈگۈنكى تەپەككۇرلىرىمىز بىلەن بىز كىچىك چاغلىرىمىزدىكى ئويۇنلىرىمىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەقىل جەۋھەرلىرى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئاشۇ ئويۇنلار ئاجايىپ ئەقىل-تەپەككۇر، تىل ۋە ئەدەب دەرسى بولۇپلا قالماي، يەنە بەدەن مەشىقى-تەنتەربىيە دەرسىمۇ بولالايدۇ. يېزا باللىرىدا ھېلىھەم ساقلىنىۋاتقان بۇ ئويۇنلار كىشىگە ئۈمىد بەخش ئېتىدۇ. قاراڭ، يېزا باللىرى ئۆز ئويۇنلىرىنىڭ قوراللىرىنى پۈتۈنلەي ئۆزلىرى ئىختىرا قىلىدۇ. ۋاللىي، سابۇر، ئارقان، لەگلەك، تەپكۈچ... ھەممىسى باللارنىڭ ئەقىل مېۋىلىرىدۇر. ئۇلار «ھەربىي-دۈشمەن ئويۇنى» ئويناش ئارقىلىق ئىرادىسىنى چېنىقتۇرسىمۇ، ئويۇن ئاخىرىدا بىر بىرىنى ھەرگىزمۇ «ھەربىي-دۈشمەن» دەپ قارىمايدۇ. بۇ، ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىكى بىرلىكتە ئۆگىنىش، بىرلىكتە تىجارەت قىلىش... دېگەندەك ئىشلىرىغا ئاجايىپ ئۇنۇملۇك تەسىر كۆرسىتىدۇ. باشقىلار ياساپ بەرگەن ھەر قانداق ئىقتىدارلىق نەرسىدىن ئۆزىنىڭ كىچىككىنە ئىختىراسىمۇ سۆيۈملۈك بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ قان-تەرى، تەپەككۇرى سىڭگەندۇ. باللار لەگلەك ئۇچۇرۇش ئارقىلىق خىيالىي تەسەۋۋۇرىنى كېڭەيتەلەيدۇ. ئاشۇ لەگلەك بىلەن تەڭ ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرى ئاللىقاياقلارغا كېتىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، ئۇلار لەگلىكىنىڭ يىپى-تىزگىنىنى ئۆزى تۇتىدۇ. ئۇلار قوي بېقىش ئارقىلىق ئادەملەر ئارىسكى مۇئامىلە سەنئىتىنى ئۆگىنىپلا قالماي، ئادەم بىلەن ئالەم( تەبىئەت) ئوتتۇرىسىدىكى سىرلىق باغلىنىشنى چۈشىنىپ قېلىشىدۇ. ئوماق قوزىلار بىلەن پىچىرلىشىدۇ.

مۇشۇ يەردە سەھرا باللىرى ئويۇنلىرى بىلەن شەھەر باللىرى ئويۇنلىرىنى سېلىشتۇرغىمىز كەپ قالىدۇ. قارايدىغان بولساق، شەھەرلىك باللارنىڭ ئوينايدىغان ئويۇنلىرى «رەڭدار، مەزمۇندار»دەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇلارنىڭ بىرىمۇ باللارنىڭ ئىختىرالىرى ئەمەس (كۆپىنچىسى ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق). بەلكى بۇ پروگراما لايىھىلىگۈچىلەرنىڭ ئەقلىي تەسەۋۋۇرى. ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلار ساپلا ئۇرۇش، جېدەل. تېررورلۇق...ھەقىقىي تەربىيىۋىي ئەھمىيەت تۈسنى ئالغانلىرى كەم. ئۇلار خۇددى بۈگۈنكى سىياسىئونلاردەك دۆلەتلەرگە بۆلىنىدۇ دە، شەھەرلەرنى قۇرىدۇ، ئارقىدىنلا ۋەيران قىلىدۇ. قورال كەملىسە پۇل بۇلايدۇ. تەبىئەتنى ۋەيران قىلىدۇ. مۇشۇ خىل باللار چوڭ بولسا ئادەم ۋە ئالەمگە

قانچىلىك پايدىسى تېگەر؟! مۇشۇ يەردە قىستۇرۇپ قويۇش زۆرۈركى، تـوغرا دېيىلگەن تەقدىردىمۇ (ھەرگىز ئۇنداق دېگىلى بولمايدۇ) چوڭلار بىلەن بالىلار ئارىسىدىكى پەردىشەپلىك نەرسىلەر جەمئىيەتىمىزدە ئاشكارا بوپكەتتى. كىتاب، ژۇرنال، گېزىت، تېلېۋىزور بۇنىڭ ئېپادىلىرى بوپ قالدى. تورخانىلارغا قارايدىغان بولساق، كىرىش ئىشىكلىرىنىڭ بېشىغا «قورامىغا يەتمىگەنلەر كىرىشكە بولمايدۇ!» دەپ ئالاھىدە يېزىلغان بىلەن، بۇلارغا ئاساسلىق «كىرىم» ئەكىرىدىغانلار بالىلار بولغانلىقى ئۈچۈن كىرگۈزۈلۈۋېرىدۇ. بۇلارنىڭ مەكتەپكە بېرىش-بارماسلىقى سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ. خەقنىڭ بالىسى بىلەن كىمنىڭ كارى؟! ھازىر ئاتا ئانىلار بالىلىرىنى مەكتەپتىن ئەمەس، «تورخانا» ۋە ئاللا قانداق «....خانا» لاردىن ئىزدەشكە قاپتۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئائىلە تەربىيىسىگە قارىغاندا جەمئىيەت تەربىيىسى بالىلارغا بەكرەك تەسىر كۆرسەتمەكتە.

ئەمەلىيەتتە، ئۇنىۋېرسال تەربىيىنىڭ ئەسلى ماھىيىتى بالىلارنى مۇكەممەل ئادەم قىلىپ چىقىشتا. ياشاشتىن مەقسەتمۇ« ئىنساني كامىل بولماقتۇر» ( شەمسۇددىن تەبرىزىي). ئۇنىۋېرسال تەربىيە بالىلارنىڭ مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدۇ. ئادەم ھامان مۇستەقىل ياشاشقا دۇچ كېلىدۇ. شۇڭلاشقا، ئاتا-ئانىلار بۇ مەسىلىگە بالدۇرلا ئەھمىيەت بېرىشى، بالىلىرىنى «مائاشلىق كادىر» قىلىش ئويلىرىغا قايتا قاراپ چىقىشى كېرەك. بالىلارغا ئالدى بىلەن روھىيەت ئېلېمېنتلىرىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارغا بۇ دۇنيا ھەققىدىمۇ بەلگىلىك ئۇچۇرلارنى بېرىشى زۆرۈر. بىر ئادەم 50-70 يىل ياشاپ، مەلۇم تەجرىبىگە ئېرىشىدۇ. شۇلارنى ئۆزى بىلەن بىللە گۆرگە ئەكىرىپ كەتسۇنمۇ؟! ئاتا-ئانىلار بالىلارغا بىرچە مۇئامىلە سەنئىتى، كىيىنىش، پۇل باشقۇرۇش... قاتارلىق ماددىي مەئىشەت ۋاستىلىرىدىنمۇ مەلۇم ساۋاتلارنى بىلدۈرۈشى كېرەك. بالىلارنى تەربىيىلەشتە ئۇلارنى قورقماس، قەيسەر، باتۇر قىلىپ تەربىيىلەشمۇ مۇھىم بولۇپ، بۇ خىل تەربىيە بالىلارنى مەسىلىلەردىن قاچۇرماي، مەسىلىلەرگە يۈزلەندۈرىدۇ. بالىلارنىڭ پسىخىك كەيپىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈشمۇ ئوخشاشلا مۇھىم. «خاراكتېر ئىقتىدار دېمەكتۇر» (يۇقارقى كىتاب، 180-بەت).

ۋېتىر ئەپەندى: «ئائىلە بالىلارنىڭ جەننىتى بولۇشى كېرەك» ( يۇقىرقى كىتاب، 228-بەت) دەپ يازىدۇ. ئۇنداقتا بىزدىكى ئائىلىلەر بالىلارنىڭ جەننىتى بولالارمۇ؟ مېنىڭچە، ناتايىن. كۆپىنچە ئائىلىلەردە ئۇ-بۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن

«ئائىلە تېنچلىقى» بۇزۇلۇپ تۇردۇ. ئەر بىلەن ئايال، قېيىن ئانا بىلەن كېلىن، قۇدا بىلەن قۇدا، ئۆگەي ئانا بىلەن ئۆگەي بالا ... ئارىسىدىكى ماجرالار ئۈزۈلمەيدۇ. بۇ خىلدىكى «توقۇنۇش» لارمۇ باللارنىڭ ۋاقتىنى، زېھنىنى نابۇت قىلىۋېتەلەيدۇ. ھازىر ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە بىرلىك-ئائىلە بىرلىكى يېمىرىلىشكە قاراپ يۈزلىنىۋېتىپتۇ. چوڭلار بىلەن ياشلار ئارىسىدا مەلۇم ئارىلىق شەكىللىنىپ قاپتۇ. ھازىرقى ئائىلىلەردىكى ئەھۋالنى «توخۇ داڭگال چۇشەيدۇ، ئۆچكە جاڭگال» دېگەن تەمسىلگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن. جەمئىيەتتە ئىشەنچنىڭ يوقلىشى قىيامەتتىن بېشارەت بولسا، ئائىلىدە ئىشەنچنىڭ يوقلىشى قىيامەتنىڭ دەل ئۆزىدۇر. بۇ خىلدىكى ئائىلىلەرنى قانداقمۇ باللارنىڭ جەننىتى دېگىلى بولسۇن؟! يېقىنقى يىللاردىن بېرى يەرشارى مىقياسلىق ئاجرىشىش نىسبىتى يىلسېرى كۆپەيمەكتە... ئاھ، پەرۋاردىگار! باللار ئاتا-ئانىلىرى تۇرۇپ سەرگەردان يېتىم بولماقتا. ئۇلارنى«دارىئتام» دېگەندەك بېقىۋېلىش ئورۇنلىرى «تەربىيىلىمەكتە»... ئېيتىلىشىچە، ئىبلىس ئۆز شايكىلىرىنى ئادەملەرنى ئازدۇرۇشقا ئەۋەتىدىكەن. بىرى: «مەن ئادەم دېگەننى پالانى گۇناھنى قىلدۇرۇۋەتتىم!» دېسە، «ھېچقانچە ئىش قىلماپسەن!» دەيدىكەن؛ يەنە بىرى :« مەن پوكۇنى گۇناھنى قىلدۇردۇم» دېسە، «سەنمۇ ھېچقانچە ئىش قىلماپسەن!» دەيدىكەن؛ ئۈچىنچى بىرى كېلىپ: «شۇنداق ئامراق ئەر خوتۇنلار بار ئىكەن. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا پىتنە سېلىپ ئاجراشتۇرۇۋەتتىم» دېسە، ئىبلىس: «ھە، سەن خېلى تىلغا ئالغۇدەك ئىش قىپسەن» دەيدىكەن... ئۇنداقتا ھازىر شەيتانلار قىن-قىنىغا پاتمايۋاتسا كېرەك.

بۈگۈنكى كۈندە ئائىلە كىرىزىسى گەۋدىلىك كۆرۈنمەكتە. بەزى نا ئەھلىلەر ئائىلىنى «يۈك» دەپ قارىماقتا. بۇ بىزنىڭ ئەخلاق ئېڭىمىزدىكى چۈشكۈنلۈكنىڭ روشەن ئىپاسىدۇر.

يەرشارى ئىنسانلارنىڭ، دۆلەت پۇقرالارنىڭ، ئائىلە جەمەتنىڭ ۋەتىنىدۇر. ئائىلە ئەجداد ۋە ئەۋلاد بىرلىكى بىلەن چەكسىزدۇر. بۇ چەكسىزلىكى بىلەن مۇقەددەستۇر.

پەرزەنت تەربىيىسىدە ئانا تەربىيىسى ئەڭ مۇھىمدۇر. بۇنى ئانا تەربىيىسى دېسەكمۇ بولىدۇ. ئاتا تەربىيىسى بىر ئۆلۈشنى ئىگىلىسە، ئانا تەربىيىسى توققۇز ئۆلۈشنى ئىگىلەيدۇ. شۇڭلاشقا، «ئانىنىڭ بىر قولىدا بۆشۈك تەۋرىسە، يەنە بىر قولىدا دۇنيا تەۋرەيدۇ» دەيدۇ بوۋىلار. ئانىنىڭ تەربىيىسى باللارغا بىۋاسىتە

ھەم ئۇنۇملۇكتۇر. مانا مەن ھاياتىم ئارقىلىق پەرزەنت تەربىيىسىنىڭ، جۈملىدىن ئانا تەربىيىسىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى ئىسپاتلىغانمەن. ئانىنىڭ كىشى ھاياتىدا نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنمەن. ئانام مەن ئالتە ياش ۋاقتىمدا ئۆلۈپ كەتكەن. چوڭلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ مېنى بەش ياشقىچىلىك ئېمىتكەنىكەن. بەلكىم ئۇ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئەنە شۇ ئاپئاق سۈتلىرىگە سىڭدۈرۈۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن. باشقىلار ئۇنىڭ ئىنتايىن ھۆرمەتلىك پەزىلەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى دېيىشىپ، مېنىڭمۇ شۇنداق بولۇشۇمنى تىلەپ دۇئا قىلىپ كۆز يېشى قىلىشىدۇ. ھاياتىمدا ئانىنىڭ قەدرى بەك ئۆتتۈلگەچكىمىكىن، تاس قالىمەن بەزىدە بىر قورام تاشنى« ئانا!!!» دەپ قۇچاقلاپ سالغىلى:

نەمەنگاندىن كېتەر بولسام مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟
غېرىبلىق شەھرىدە ئۆلسام مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟
مۇھەببەت شەربىتىن ئىچتىم، قاانىدەك قايناباي تاشتىم،
بۇ فانىي دۇنيادىن كەچتىم مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟
تۇشۇپتۇر باشىمە سەۋدا، رەمۇزى ئىشقىدىن غەۋغا،
ئۆزگە ئەيلىدى شەيدا مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟
بۇ مىسكىن زارى مەشرەپنىڭ كىشى ھالىنى بىلمەيدۇر،
بۇ يەردىن باش ئالىپ كەتسەم مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ
(«نەۋا» مۇقامىدىن)

شۇڭلاشقىمۇ ئانىلارغا ئېھتىرام بىلدۈرىمەن. ئانا ھەققىدىكى ئەسەرلەرنى كۆپ ئوقۇيمەن. شائىر ئابدۇلباسىت ئابدۇراھماننىڭ «ئانا» ، ئابدۇرەھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك» ناملىق داستانلار مەن ئەڭ كۆپ ئوقۇغان شېئىرلاردۇر. بولۇپمۇ «ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك» نى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. قاراڭ، مەلىكە يۈرەكنى سورىغىنادا ، ئۆز ئوغلى ئۇچۇن يۈرىكىنى ھېچ ئىككىلەنمەي سۇغۇرۇپ ئېلىپ بەرمەكچى بولغان ئانا، ئوغلىنىڭ ۋەتەنگە خائىنلىق قىلىش غەرىزىنى بىلگەندىن كېيىن ئۆز قولى بىلەن چېپىپ تاشلايدۇ. سىز 100% ئالغان بالىنىڭ پىشانىسىگە سۆيۈپ بەختىگە دۇئا قىلغان ئانىنىڭ مېھرىگە سەل قارىماڭ! ئانا تەربىيىسىگە سەل قاراپ بولماسكى، گېزى كەلگەندە ئۇ بارچە نەرسىنى بېسىپ چۈشىدۇ. بەزىلەر ۋەتەننى ئانىغا

ئوخشىتىدۇ.

شۇڭلاشقا بىز ئالدى بىلەن ئانا تەربىيىلەشكە كۈچ چىقىرىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ بەزى ئاتا-ئانىلىرىمىز نەزىرىدە قىز بالا «بەرىبىر تالانىڭ ئادىمى». ئۇلار قىز باللىرىنى تەربىيىلەشكە ئوغۇللارغا قارىغاندا كۆپ كۈچ سەرپ قىلمايدۇ. شۇڭلاشقا بەزى قىزلىرىمىزمۇ چوڭ بولۇپ ئۆزلىرىنى ئانا دەپ ئەمەس، ئايال دەپ تونۇشقان. ئاتا-ئانىلار ئۆيلىرىگە يارامسىز كېلىنىنىڭ كىرىپ قېلىشىنى ھەرگىزمۇ خالىمايدۇ، ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن قىز باللىرىنى تەربىيىلەشكە كۈچ چىقارمايدۇ؟ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «كىمنىڭ بىر قىز بالىسى بولۇپ، ئۇنى ياخشى تەربىيىلىسە دوزاقتىن پەردە بولىدۇ» دېگەن. پەرزەنت تەربىيىسىدە ئانا ئەڭ مۇھىم بولغانلىقى ئۈچۈن، جورا تاللىغاندىمۇ ئۆزىنىلا نەزەرگە ئالماي، كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ بەختىگىمۇ قاراش كېرەك.

يەرشارىنىڭ سىياسىي ھاۋاسى ئاشۇ نارەسىدە باللارغىمۇ تەسىر كۆرسەتمەكتە. ئۇرۇش، زوراۋانلىق لەكمىڭ-لەكمىڭ باللارنى ئۆلۈم-يارىلىنىش، ئاچارچىلىق، كېسەل، سەرگەردانلىق گىرداۋىغا ئاپارماقتا. چوڭلار باللارغا ئاپەت ئەكەلمەكتە. بىر نەچچە كۈن ئاۋۋال مەلۇم بىر ئۇيغۇرچە تور بېتىدىكى «ئۇرۇشنىڭ باللارغا ئەكەلگەن سوۋغىسى» سەرلەۋھىلىك بىر پارچە سۈرەتنى كۆردۈم: ئاۋاق، يالىڭاچ بىر بالا ئەخلەتلەر ئارىسىدىن يېمەكلىك تېپىپ يەۋېتىپتۇ!

ئاشۇ باللارغا قارايدىغان بولساق، زېمىنغا چېچىۋېتىلگەن مەرۋايىتلارمىكىن دەپ قالىمىز. ئەپسۇس، بۇ مەرۋايىتلارنىڭ بەزىلىرى تار ئۆيلەرگە سولانغان بولسا، گاھىلىرىنىڭ يۈز-كۆزلىرىگە توپا قونۇپ قالغان. نەزىرە مۇھەممەد سالىھ ئۆزىنىڭ «شەرق يۇلتۇزلىرىنى ئىزدەپ» ناملىق كىتابىنىڭ «كىرىش سۆز»دىگە: «... مەن ئاخىر ... چۆمۈچىنىڭ ئورنىغا قەلەم ئالدىم... ئوغلۇمنىڭ مەڭزىگە سۆيگەندە، توپىدا ئويناۋاتقان مىڭلاپ باللارنىمۇ سۆيەي دېدىم...» دەپ يازىدۇ. توغرا، دىيارىمىزدا تالاي باللار سۆيۈلۈشكە موھتاج. چۈنكى، «نەسرۇددىن ئەپەندى كالىچىنى مۇزىيغا ئەمەس، باللارغا قالدۇرغان» («ئابدۇقادىر جالالىدىن ماقالىلىرى»، 374-بەت).

پەرزەنت تەربىيىسىدە مەكتەپ ۋە جەمئىيەت تەربىيىسىمۇ بەلگىلىك رول ئوينايدۇ. شۇڭلاشقا مەكتەپ ۋە جەمئىيەتتىكى ئاق كۆڭۈل كىشىلىرىمىز باللاردىن ئىبارەت كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرىگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىشىنى

ئۈمىد قىلىمىز!

لۇشۈن ئەپەندى: «بالىلارنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار!» دەپ نىدا قىلسا، مەن :«بالىلىرىڭلارنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار!» دەپ خىتاب قىلىمەن.

قاچانمۇ بەئەينى «جەننەتتۇل مەئۋا»، «جەننەتتۇن نەئىم»، «جەننەتتۇل فىردەۋس»كە ئوخشاش گۈزەل ئائىلىلەر مۇھىتى بارلىققا كېلەر ـ هە ؟!...

2004 ـ يىل، 27 ـ ئاپرېل، شەھىرى ئاتۇش

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2004 ـ يىللىق 4 ـ سانىدىن ئېلىندى.

# تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ ئاساسىي قاراشلىرى

**ھۆرمەتجان ئابدۇراخمان فىكرەت**

«تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى» دېگەن بۇ نام ئومۇمىيلىق جەھەتتىن تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرىنىڭ ئومۇمىي نامىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇنى ئۆزىگە خاس بىر دىنىي پەلسەپە ھېسابلىغان ئىكەنمىز، ئۇنىڭغا قىسقىچە بولسىمۇ تەبىر بېرىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

«تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى» «ۋەھدەتى ۋۇجۇد»(بارلىقنىڭ بىرلىكى) تەلىماتىغا ئاساسلانغان پەلسەپىۋى تەلىمات بولۇپ، كائىناتتىكى بارلىق شەيئىلەر گەرچە كۆرۈنۈشتە كۆپ بولسىمۇ، ماھىيەت ئېتىبارى بىلەن بىرلا بارلىق (مەۋجۇتلۇق) بار ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت يەككە بارلىق نەزەرىيىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مانا شۇ ماھىيەت سۈپىتىدىكى بىرلىك بىلەن ھادىسە سۈپىتىدىكى كۆپلۈك ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەمما تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىد-ىكى مەركىزىي ئورۇندا تۇرىدىغان مەسىلە يەككە بارلىق بولغان ۋۇجۇدى مۇتلەق بىلەن ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ ئەڭ مۇجەسسەملەشكەن ھالدىكى تەجەللىسى دەپ قارالغان ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى بارلىق پىكىر، چۈشەنچىلەر مۇشۇ مەسىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايىدۇ.

ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ تەپەككۇر تارىخىدا ئەڭ كۆپ كۆڭۈل بۆلگەن، ئىزدەنگەن مەسىلە دۇنيانىڭ ئەسلى مەنبەسى، ماھىيىتى مەسىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇ مەسىلە ئۈستىدىكى ئىزدىنىش ماھىيەتتە ئىنساننىڭ ئۆز-ئۆزىنى چۈشىنىش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىدى. قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپلىرىدىن تېلىس ئالەمنىڭ ئەسلى مەنبەسىنى «سۇ» دىن ئىزدەپ بارلىق نەرسە سۇدىن پەيدا بولىدۇ ۋە سۇغا قايتىدۇ» دەپ چۈشەندۈرسە، ئاناكسىماندىر مۇقىم شەكىلگە ئىگە بولمىغان ماددا دەپ قاراپ بۇنى «چەكسىزلىك» دەپ ئاتىغانىدى. ئاناكسىمېن بولسا كائىناتنىڭ مەنبەسىنى «ھاۋا» دەپ قارىدى.

ھېراكلىت ئەسلى مەنبەنى «ئوت» دەپ قاراپ، «كائىنات ئوتتىن پەيدا بولغان، ئاخىرى يوقىلىپ ئوتقا قايتىدۇ» دېسە، پىفاگور ئەسلى مەنبەنى «سان» دېدى. دىموكرىت «ئاتوم»دىن پەيدا بولغان دېسە، سوقرات ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشىنى «مەقسەتچىلىك» نەزەرىيىسى بىلەن ئىزاھلىدى. پلاتون «ئىدىيە» بىلەن شەرھلەـسە، ئارىستوتىل يۇقىرىدىكى قاراشلارنىڭ ھەممىسىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا چىقارغان «سۇبىستانسىيە» ئەلىماتى بىلەن چۈشەندۈردى.

مەيلى شەرقنىڭ قەدىمكى پەيلاسوپلىرى بولمىسۇن ياكى غەربنىڭ بولمىسۇن، ئۇلار ئوخشاش بولمىغان مەۋقەدە تۇرۇپ كائىناتنىڭ ئەسلى مەنبەسىنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشقان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بۇ مەنبەنى كونكرېت بىر ماددىدىن، جىسىمدىن، شەيئىدىن ئىزدىسە، بەزىلىرى تاشقى ئالەمدىن ئىزدىگەن. كېيىنچە ماركسىزم كلاسسىكلىرى بۇ ئىزدىنىشلەرنىڭ ئومۇمىيلىق جەھەتتىن ئىككى خىل يۆنىلىشكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، بۇ ئىككى چوڭ يۆنىلىشنى «ماتېرىيالىزم» ۋە «ئىدېئالىزم» دەپ ئاتىغانىدى. بىزگە مەلۇم، ماركسىزم كلاسسىكلىرى ھېچقاچان ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئىدىيىۋى مىراسلارغا، مەيلى ئۇ ئىدېئالىستىك خاھىشقا ئىگە بولۇشتىن قەتئىينەزەر، پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسى تۇتمىغان، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىلغار ئىدىيىلەردىن، دىئالېكتىك پىكىرلەردىن تەنقىدىي ئوزۇقلىنىپ ئۆزىنىڭ پەلسەپە سىستېمىسىنى بەرپا قىلغان.

ئىسلام دىنى ئىچىدە دۇنياغا كېلىپ «قۇرئان» ۋە ھەدىسلەرنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي ئىدىيىۋى مەنبەسى قىلغان تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى ئالەمنىڭ ھەممىگە قادىر، قۇدرەتلىك ئاللا تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى قەتئىي مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. شۇڭىمۇ ئۇلارنىڭ قارىشىدا، ئاللادىن باشقا ھېچقانداق بارلىق مەۋجۇت ئەمەس دېيىدىغان يەككە بارلىق قارىشى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇلار «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» ئەلىماتىغا ئاساسلىنىپ، كائىناتتىكى مەۋجۇتلۇقلارنى، ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشىنى قانداق چۈشەندۈرىدۇ؟ ئۇلار كائىناتتىكى بارلىق شەيئىلەرـنى، ئالەمنى بىردىنبىر ھەقىقىي بارلىق بولغان «ۋۇجۇدىي مۇتلەق»نىڭ سۈپەتلىرـىنىڭ ھەر خىل شەكىللەردە كۆرۈنۈشىدىنلا ئىبارەت دەپ چۈشەندۈرىدۇ. تەسەۋۋۇـپتا بۇ «تەجەللى» دېيىلىدۇ.

«تەجەللى» سۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسى «پارلاپ كۆرۈنۈش، جىلۋىلىنىش...» دېگەنلىك بولۇپ، تەسەۋۋۇپتا ھەق سۈپەتلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىشى، كۆرۈنۈشىنى كۆرسىتىدۇ. تەسەۋۋۇپ ئەھلىنىڭ قارىشىچە، بىردىنبىر ھەقىقىي بارلىق بولغان ئاللا ئۆزىنى كۆرۈشنى ۋە كۆرسىتىشنى خالىغان ۋە مۇشۇ سەۋەبتىن كائىناتنى ياراتقان:

يار ئۆزىن كۆرمەككە ئاينە ئىجاد ئەيلەمىش،
سۈرەتى ئىجاد ئالەمدىن بۇ مەنىدۇر غەرەز.(1)

دېمەك، ئۇلارنىڭ پىكرىچە «ھۆسنى مۇتلەق» (مۇتلەق گۈزەللىك) ئۆز ھۆسنىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئەينەك سۈپىتىدە ئالەم، كائىناتنى ياراتقان بولۇپ، ئالەمنىڭ يارىتىلىشىنىڭ تۈپ سەۋەبىمۇ مانا شۇنىڭدىن ئىبارەتتۇر. تەسەۋۋۇپ ئالەمنىڭ يارىتىلىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئۆزىنىڭ زېمىنى بولغان ئىسلام دىنىنىڭ ئالەمنىڭ ئاللا تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقى ھەققىدىكى قاراشلىرىدا سوقراتقا ئاۋاز قوشۇپ تېلېئولوگىزملىق (مەقسەتچىلىك) مەۋقەسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، ھەق ئۆز گۈزەللىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن زوقلىنىش ئۈچۈن كائىناتنى ئۆزىگە ئەينەك سۈپىتىدە ياراتقان. ئۇلارنىڭ بۇ قارىشىدا يەنە كائىناتنىڭ يارىتىلىش سەۋەبىنى ئېستېتىك نۇقتىئىنەزەردىن چۈشەندۈرۈش خاھىشىمۇ ئەكس ئەتكەنىدى. بۇنىڭدىن سىرت، سوپىلار يۇقىرىدىكى ئومۇمىي مەۋقەسىدىن (يەنى مەقسەتچىلىك نۇقتىئىنەزەردىن) چەتنىمىگەن ھالدا، كائىناتنىڭ بارلىققا كېلىشى-نىڭ سەۋەبلىرىنى يەنە بىرقانچە نۇقتىلاردىن چۈشەندۈرۈشكە تىرىشقان. گروزىن ئالىمى ئې. د. جاۋەلىدزە تەسەۋۋۇپتىكى ئالەمنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ سەۋەبى ھەققىدىكى قاراشلارنىڭ ئۈچ خىل نۇقتىئىنەزەرگە مەركەزلىشىدىغانلىقىنى كۆرسە-تىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ قاراشلىرىدىكى ئاساسىي خاھىشلارغا ئاساسەن بۇ ئۈچ خىل قاراشنى «ئېستېتىك پرىنسىپ»، «ئىشقى پرىنسىپ»، «گېنوسئولوگىيىلىك پرىنسىپ» (بىلىش پرىنسىپى) دەپ ئاتايدۇ. «ھۆسنى مۇتلەق ئۆز ھۆسنىنى كۆرمەك ئۈچۈن ئەينەك ئورنىدا كائىناتنى ياراتقان» دېگەن قاراش تەسەۋۋۇپتىكى ئالەمنىڭ بارلىققا كېلىش سەۋەبىنىڭ «ئېستېتىك پرىنسىپى» ئىدى.

ئەمدى تەسەۋۋۇپ تەلىماتىدىكى ئالەمنىڭ يارىتىلىشىنىڭ «ئىشقى پرىنسىپى» ۋە «گېنوسىئولوگىيىلىك پرىنسىپى»نى كۆرۈپ باقايلى. تەسەۋۋۇپنىڭ قارىشىچە، ۋۇجۇدى مۇتلەق ئۆزىنىڭ تەجەللى قىلغان «ئەمما ۋە سفات»گە ئاشىق، چۈنكى ئۇ كائىناتتىن ئىبارەت ئەينەكتە ئۆز ھۆسنىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆز ھۆسنىگە ئاشىق بولغان ھەم ئەينەك سۈپىتىدىكى كائىناتتا كۆرۈنگەن ھۆسنىنىمۇ ئۆزىگە ئاشىق قىلغان. بىز كۆرۈپ ئۆتكەن ئەزىزىدىن نەسەفىنىڭ «بۇ نۇر ئۆز كامالىنى، ئەسما ۋە سفاتىنى ئۆز مەزھىرىدە (كۆرۈنۈشىدە) مۇشاھىدە ئەتكىنى ئۈچۈن (كۆرگىنى ئۈچۈن)، ئۇلارغا (ئۆز كۆرۈنۈشلىرىگە) ئاشىقتۇر. بۇ سەۋەبتىن ئادەمنىڭ روھىمۇ ئۆز جىسمىغا ئاشىقتۇر. چۈنكى ئادىمي جىسىم ئادىمي روھقا مەزھەردۇر (ئېرىشكەندۇر)» دېگەن سۆزلىرىدىمۇ بۇ قاراش ئوچۇق ئىپادىلەنگەنىدى. جالالىدىن رۇمىمۇ «ئادەمنى ئەزەلدىن ئۆزۈڭگە ئاشىق ئەتكەنىدىڭ، ئىشق غەلىيانى بىلەن ئالەم بارلىققا كەلدى»دەيدۇ. دېمەك، ئۇلارنىڭ پىكرىچە، ھۆسنى مۇتلەق كائىناتتىن ئىبارەت ئەينەكنى يارىتىپ ئۆز گۈزەللىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلارغا ئاشىق بولغان ھەم ئۇلارنىمۇ ئۆزىگە ئاشىق قىلغان. شۇڭا جالالىدىن رومى «ھەق ئۈچۈن ئىشق ئۆلچەم بولارمىش» دەيدۇ ۋە كائىناتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ھەرىكىتىنى ئىشق بىلەن چۈشەندۈرىدۇ. تەسەۋۋۇپنىڭ مەۋجۇدىيەت قارىشىدا ھەقىقىي بارلىق پەقەت بىر، يەنى ۋۇجۇدىي مۇتلەق بولغانىكەن، ئۇ ھالدا مەنتىقە جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ نەزەرىدىكى بۇ ئىشقنىڭ ئوبيېكتىمۇ، سۇبيېكتىمۇ بىر، يەنى ئىشقمۇ، مەشۇقمۇ ئەسلىدە بىر بولغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ قارىشىدا «ئىشق ئاللانىڭ لۇتفى» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەشۇق ئەزەلدە بارلىقلارنى ئۆزىگە ئاشىق قىلىپ، ئاشىقلارنىڭ كۆزلىرىدە ئۆزىنى كۆرۈپ ھۇزۇرلانغان: چۈنكى سەن ئاينەئى كەۋنە تەجەللا ئەيلەدىڭ، ئۆز جەمالىڭ چەشمەئى ئاشىقدەن تەماشا ئەيلىدىڭ. (سەن كائىنات ئەينىكىگە تەجەللى قىلدىڭ، ئۆز جامالىڭنى ئاشىقنىڭ كۆزىدە كۆرۈپ تاماشا قىلدىڭ) شۇڭا، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە بىرلىكنىڭ كۆپ كۆرۈنۈشىگە سەۋەب نەرسە مانا شۇ ئىشق. ئەگەر ئىشقتىن ئىبارەت بۇ تۇيغۇ بولمىسا ئالەم پەقەت بىرلىك ھالىتىدە كۆرۈنگەن بولاتتى.

ئىبنى ئەرەبى بۇ ھەقتە «ئەگەر ئىشق بولمىغان بولسا بىرلىك ئۈزۈلۈپ قالمىغان (يەنى ئاشىق ـ مەشۇق دەپ كۆپلۈك شەكلىدە كۆرۈنمىگەن) بولاتتى» دەيدۇ. جالالىدىن رۇمىمۇ «جۈملە مەشۇقتىن ئىبارەتتۇر، ئاشىق پەرىدۇر، تىرىك بولغىنى پەقەت مەشۇقتۇر، ئاشىق بولسا مۇردەدۇر»دەيدۇ. دېمەك، ئۇلارنىڭ

قارىشىدا ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ بىر سەۋەبى مانا شۇ ئىشق، شۇڭا ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا شۇ ئىشق قايىنىمىغا چۆكۈپ مەشۇق بىلەن بىرلىشىپ كېتىش ئارقىلىق ئەسلىدىكى بىرلىك ھالىتىگە قايتىش تەسەۋۋۇپتىكى ئەڭ ئالىي غايە بولغان. مانا بۇ ئالەمنىڭ يارىتىلىشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى بولغان «ئىشقى پرىنسىپ» ئىدى. بۇلاردىن باشقا، ئۇلار يەنە ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى «ۋۇجۇدىي مۇتلەقنىڭ بىلىنمەكنى خالىغانلىقى ۋە مۇشۇ سەۋەبتىن كائىناتنى ياراتقانلىقى بىلەن چۈشەندۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ پىكرىچە بىر ھەدىسى قۇدسى دا ئاللا نامىدىن شۇنداق دېيىلگەن: «مەن بىر يوشۇرۇن خەزىنە ئىدىم، بىلىنمەكنى ئىستىدىم ۋە بىلىنمەك ئۈچۈن دۇنيانى ياراتتىم». شۇڭا، تەسەۋۋۇپتا ئىنساننىڭ بىردىنبىر مەقسىتى ھەقنى تونۇش، بىلىش دەپ قارىلىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ قارىشىچە ھەق بىلىنمەك ئۈچۈن كائىناتنى ياراتقان، يەنى تەجەللى قىلغان. شۇڭا كائىناتتىكى بارلىق شەيئىلەردە ۋۇجۇدىي مۇتلەقنىڭ سۈپەتلىرى ئەكس ئەتكەن بولىدۇ. ئىنسانمۇ ھەقنىڭ تەجەللىسى، ئۇنىڭدا ھەقنىڭ سۈپەتلىرى ئەڭ مۇجەسسەم ھالدا تەجەللى بولغان. شۇڭا ھەقنى تونۇش ئىنساننىڭ ئۆزىنى تونۇشىدىن باشلىنىدۇ. مانا بۇ ئالەمنىڭ يارىتىلىشىنىڭ «گېنوسئولوگىيىلىك پرىنسىپى» (بىلىش پرىنسىپى) ئىدى. ئالەمنىڭ يارىتىلىشىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدىكى بۇ ئۈچ خىل قاراش ئەمەلىيەتتە تەسەۋۋۇپتىكى مەۋجۇدىيەت قارىشى بولغان «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتىنىڭ شەرھىسى بولۇپ، بىردىنبىر بارلىق بولغان ۋۇجۇدىي مۇتلەقنىڭ ھەر خىل كۆرۈنۈشلەردە تەجەللى بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈشكە ئىنتىلىش ئىدى. شۇڭا «بۇ ئۈچ پرىنسىپنىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ، تەبىئىي ھالدا بىرلىككە ئىگە بولغان». مۇتەسەۋۋۇپلارنىڭ قارىشىچە، تەجەللىنىڭ قانداق مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى ئاللادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. چۈنكى دۇنيا ھەر دەقىقە يېڭىدىن تەجەللى بولۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن تەجەللىلەرنىڭ قانداق مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ.

بىز بولساق دۇنيانى جىمجىت، تۇرغۇن ھالەتتە ھېسابلايمىز، ئەمەلىيەتتە بولسا كائىنات ھەر دەقىقە ئىچىدە يېڭىدىن يارىتىلىپ، يوقىلىپ يەنە قايتىدىن يارىتىلىپ تۇرىدۇ. ھەرقانداق بىر شەيئى بىر خىل شەكىلدىكى تەجەللىدىن يوقىلىپ، يەنە بىر خىل شەكىلدە تەجەللى بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بىز تۇرۇۋاتقان بۇ ماددىي دۇنيادىكى ھەر خىل سۈرەتلەردە كۆرۈنگەن شەيئىلەر ۋۇجۇدىي مۇتلەقنىڭ ئەسما ۋە سىفاتىنىڭ بىۋاسىتە ھالدىكى تەجەللىسى

(كۆرۈنۈشى) بولماستىن، بەلكى بىرقانچە باسقۇچلاردىن (يەنى بىرنەچچە ئالەمدىن) كېيىنكى كۆرۈنۈشى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار بۇنى «ھەزەراتى خەمس» (بەش مەرتىبە) دەپ ئاتىغان. ئۇلارنىڭ بۇ «بەش مەرتىبە»سى ۋۇجۇدىي مۇتلەقنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ بەش مەرتىبى بولۇپ، ھەقنىڭ كائىناتنى يارىتىشتىن ئىلگىرىكى يېگانە ۋۇجۇدى (يېگانە بارلىقى) ئۇنىڭ ئەسما ۋە سفاتىنىڭ تەجەللى بولۇپ كۆپ كۆرۈنۈشىنىڭ باسقۇچلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ بەش مەرتىبە تۆۋەندىكىچە:(1) «ھەزەراتى غەيبى مۇتلەق» (مۇتلەق غايىبلىق مەرتىبىسى) بولۇپ، بۇ مەرتىبىگە «لاتەئەييۇن» (بىلىنمىگەن، مەلۇم بولمىغان، ئاشكارىلانمىغان)، «ئالەمى ئىتلاق» (ئەركىن ئالەم، ئازاد ئالەم)، «غەيبۇل غەيىب» (غايىبلارنىڭ غايىبى)، «ھەقىقەتۇل ھەقايىق» (ھەقىقەتنىڭ ھەقىقىتى)، «زاتى ئىلاھىيە» (خۇدانىڭ زاتى)، «ئەمايى مۇتلەق»11، «غوبى ھۇۋىييەت» (غايىب ھەقىقەت) ئىسملىرى بېرىلگەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە بۇزات مەرتىبىسى بولۇپ، ئىدراكنىڭ سىرتىدا بولغىنى، يەنى بىلىش مۇمكىن بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ناملار بىلەن ئاتالغان بولۇپ، بۇ «ئەيانى سابىتە ۋە ھەقايىقى ئىلمىييە» (ھەقىقەت ئىلمى) ئالەمى ھېسابلىنىدۇ.21 (2) «ئالەمى جەبەرۇت» (بۈيۈكلۈك ئالەمى) مەرتىبىسى بولۇپ، بۇ ئاللانىڭ ناملىرى ۋە سۈپەتلىرىنىڭ دەسلەپكى نامايان بولغان ئالەمى دەپ قارالغان. شۇڭا بۇ باسقۇچتا «تەئەييۇنى ئەۋۋەل» (بىرىنچى تەئەييۇن، دەسلەپكى ئاشكارىلىنىش)، «تەجەللىئى ئەۋۋەل» (دەسلەپكى تەجەللى)، «ھەقىقەتى مۇھەممەدىيە»، «ئەقلىي ئۇۋۋەل» (دەسلەپكى ئەقىل) «روھىي كۇللى» (ئومۇمىي روھ، پۈتۈن روھ)، «كىتابى مۇبىن» (ئاشكارا، ئوچۇق كىتاب) دېگەنگە ئوخشاش ناملار قوللىنىلغان. ئۇلارنىڭ پىكرىدە، بۇنىڭ «بۈيۈكلۈك ئالەمى» دېيىلىشىنىڭ سەۋەبى ناملار ۋە سفاتلارنىڭ ئايرىم شەكىللەردە تەجەللى بولمىغانلىقى، زاتتىن ئايرىلىپ چىقمىغانلىقىدىن بولغان. شۇڭا ئۇلار بۇ مەرتىبىنى يەنە «ۋەھدەتى مۇتلەق» (مۇتلەق بىرلىك) دەپمۇ ئاتىغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ بىرىنچى تەئەييۇن «لامۇت ئالەمى» (ئىلاھى ئالەم) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بىرىنچى تەئەييۇندە (ياكى دەسلەپكى تەجەللىدە) مۇلك مەرتىبىسى مەلەكۇت مەرتىبىسىدىن، مەلەكۇت مەرتىبىسى جەبەرۇت مەرتىبىسىدىن، جەبەرۇت لۇھۇتتىن ئايرىلمىغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى تېخى ئايرىم - ئايرىم ھالدا تەجەللى بولمىغان بولىدۇ. (3) «ئالەمى مەلەكۇت» ياكى «ئالەمى ئەرۋاھ» (پەرىشتىلەر ئالىمى ياكى روھلار ئالىمى مەرتىبىسى بولۇپ، بۇنىڭغا «تەئەييۇنى سانى» (ئىككىنچى ئاشكارىلىنىش)،

«سىدرەتۇل مۇنتەھە»31، «بەرزاھى سۇغرا»41، «ئالەمى تەفسىل» (تەپسىلىي ئالەم، ھەممە نەرسە تولۇق ئاشكارىلانغان ئالەم)، «ئالەمى مىسال» (مىساللار ئالەمى) دېگەنگە ئوخشاشناملار بېرىلگەن. (4) «ئالەمى شەھادەت» (گۇۋاھلىق ئالەمى) مەرتىبىسى بولۇپ، بۇنىڭغا «ئالەمى مۇلك» (ئالەم، دۇنيا مەنىسىدە بولۇپ، ماددىي دۇنيانى، يەنى كۆز ئالدىمىزدىكى دۇنيانى كۆرسىتىدۇ)، «ئالەمى ناسۇت» (ئىنسانىي ئالەم)، «ئالەمى ئەناسىر» (ئۇنسۇرلار ئالەمى، ئېلېمېنتلار ئالەمى)، «ئالەمى ئەخلاق ۋە ئەنجۇم» (ئاسمانلار ۋە يۇلتۇزلار ئالەمى)، «ئالەمى مەۋالىد» (پەيدە بولۇش، مەيدانغا كېلىش ئالەمى)، «ئالەمى ھىس» (سەزگۈلەر ئالەمى، يەنى سەزگۈ ئەزالار بىلەن ھىس قىلغىلى بولىدىغان ئالەم) دېگەنگە ئوخشاش نامىلارمۇ بېرىلگەن. (5) «ئالەمى ئىنسانىي كامىل» مەرتىبىسى بولۇپ، بۇ ئالدىنقى مەرتىبىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن مەرتىبىدۇر.51 تەسەۋۋۇپ ئەھلىنىڭ قارىشىچە، زات مەرتىبى بولغان «مۇتلەق غايىبلىق مەرتىبىسى»دە پەقەت ئاللانىڭ زاتى مەۋجۇت بولۇپ، سۈپەتلىرى تېخى زاتتىن ئايرىلىپ تەجەللى بولمىغان. زات مەرتىبىسى ئەقىل ـ ئىدراكىنىڭ سىرتىدا بولۇپ، ئۇنى بىلىش مۇمكىن بولمايلا قالماستىن، يەنە ئۇنى مەلۇم ماكان ۋە زامان ئىچىگە قويۇپ تەسەۋۋۇر قىلغىلىمۇ بولمايدۇ. شۇڭا بۇ مەرتىبىگە «لاتەئەييۇن» (مەلۇم بولمايدىغان، ئاشكارا بولمايدىغان، يەنى مۇئەييەن ماكان، زامانغا تەيىن ئېتىشكە بولمايدىغان دېگەن مەنىدە) ئىسمى بېرىلگەن. شۇڭا ئۇلار زات مەرتىبىسى ئىدراكىنىڭ سىرتىدا بولغىنى ئۈچۈن «ۋۇجۇدى مۇتلەق»نىڭ «ئەسا ۋە سىفاتى» تەجەللى بولغان مەرتىبىلەرنى ئۈچكە بۆلىدۇ. بۇلار «جەبەرۇت ئالەمى» (ئۇلۇغلۇق ئالەمى)، «مەلەكۇت ئالەمى» (مەلەكلەر، يەنى پەرىشتىلەر ئالەمى) ۋە «مۇلك ئالەمى» (ماددىي ئالەم)دىن ئىبارەت.

ئەزىزدىن نەسەفى بۇ ئۈچ ئالەمنىڭ مۇناسىۋىتىنى شۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «زاھىرى ئالەمدە باتىنى ئالەمنىڭ ئالامەتلىرى بولىدۇ. مۇلكتە مەلەكۇتنىڭ بەلگىلىرى بولىدۇ... مۇلك مەلەكۇتكە ئوخشايدۇ. مەلەكۇتنىڭ ئاساسى جەبەرۇتتا بولىدۇ. چۈنكى مۇلك مەلەكۇتكە گۇۋاھلىق بېرىدۇ، مەلەكۇت بولسا جەبەرۇتنى دەلىللەيدۇ»61. «جەبەرۇت ئالەمى مۇلك بىلەن مەلەكۇتنىڭ باشلىنىش مەنبەسى بولۇپ، ئۇ مۇلك بىلەن مەلەكۇتكە ئاشىق. چۈنكى ئۇ مەلەكۇت بىلەن مۇلكتە ئۆز ھۆسنىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىنى تاماشا قىلىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش مەلەكۇتمۇ مۇلۈككە ئاشىق. چۈنكى مۇلكتە مەلەكۇت ئۆزىنى نامايان

قىلغان. مەلەكۇتتە بولسا جەبەرۇت نامايان بولغان بولىدۇ»71. نەسەفى بۇ ئالەملەرنىڭ بىر ـ بىرىگە باغلانغانلىقىنى، بىرى بولمىسا يەنە بىرىنىڭمۇ بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ: «مەلەكۇت بولمىسا مۈلكىنىڭ بولۇشى، مۈلك بولمىسا مەلەكۇتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ھەر ئىككىسى بىرلىكتە بولۇپ، بىر ـ بىرىدىن ئايرىلما ـ يدۇ» 81. غەززالىي ھەم ئالەمنى ئۈچكە بۆلىدۇ: «ئالەم بىرنەچچە ئالەملەرگە بۆلۈنىدۇ: مۈلك ئالەمى بۇ تۇيغۇلارغا ئاشكارا ئالەم. مەلەكۇت ئالەمى ئىچكى جەھەتتە ئەقىللەرگە مەلۇم ئالەم. جەبەرۇت ئالەمى ئارىدىكى ئالەم بولۇپ، بۇ ئىككى ئالەمنىڭ مەلۇم قىسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ». ئۇ يەنە ئىنسانىنىمۇ خۇددى بۇ ئالەملەرگە ئوخشاش ئۈچكە بۆلىدۇ. «ئالەم، مۈلك ...، مەلەكۇت، جەبەرۇت... ئالەملىرىگە بۆلۈنىدۇ. مۈلك ئالەمگە سىنىڭ بىلىشتە تايىنىدىغان ھىسسي ئەزالىرىڭ ماس كېلىدۇ. مەلەكۇتكە مۇۋاپىق كېلىدىغىنى بولسا روھ، ئەقىل، كۈچ ـ ئىرادە قاتارلىقلاردۇر. جەبەرۇت ئالەمگە ماس كېلىدىغىنى ھىس تۇيغۇلاردىكى سەزگۈ ۋە كۈچلەردىن ئىبارەتتۇر»91. تەسەۋۋۇپتىكى ئالەم قارىشى ئۇنىڭ «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتىنى تولۇقلىغان بولۇپ، ئۇ «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» قارىشىغا تايانغان ھالدا پۈتۈن ئالەمنىڭ پەقەت بىردىنبىر ھەقىقىي بارلىق بولغان ئاللانىڭ نامىلىرى ۋە سۈپەتلىرىنىڭ تەجەللىسىدىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى دەلىللەشكە تىرىشقان. ھەر قايسى ئالەملەرنىڭ مۇناسىۋىتىنىمۇ مۇشۇ نۇقتىنى دەلىللەش ئاساسىدا چۈشەندۈرگەن. شۇڭا ھەمزە پانسورى «ئەسرار ئەل ـ ئارىفىن» (ئارىفلارنىڭ سىرلىرى) ناملىق ئەسرىدە «ئۇنىڭ مەيلى (ياكى خاھىشى، يەنى ئۆزىنى كۆرمەكنى ئىستىگەنلىكى) پۈتۈن ئالەمگە نامايان بولغان (تەجەللى قىلغان). ئەۋۋەلىدىن ئاخىرىغىچە، مەخپىيدىن ئاشكارىغىچە ھەممىسى ئۇنىڭ (ئاللانىڭ) مەيلىنىڭ تەجەللىسىدىن باشقا ھېچنەرسە ئەمەس». «بارلىق شەكىللەر ئۇنىڭ شەكىللىرى، بارلىق رەڭلەر ئۇنىڭ رەڭلىرى، بارلىق تاۋۇشلار ئۇنىڭ تاۋۇشلىرى، چۈنكى ئۇ يېگانە، ئۇنىڭ ھەمراھى (شېرىكى) يوق»02دەيدۇ.ھەزرىتى ئەبۇبەكرىمۇ «مەن قارىغان ھەرقانداق بىر شەيئىدە ئاللانىڭ تەجەللىسىدىن باشقا بىرنەرسە كۆرمىدىم» 12 دېگەنىكەن.

شۇڭا مۇتەسەۋۋۇپلار بارلىقنىڭ ئەسلىدە پەقەت بىر ئىكەنلىكىنى، ھەر تۈرلۈك سۈرەت ـ شەكىللەرنىڭ مانا شۇ يېگانە بارلىقنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ كۆرۈنۈشلىرى ئىكەنلىكىنى ئوبرازلىق ھالدا دېڭىز سۈيى بىلەن دولقۇنغا، سۇنىڭ ھەر خىل ھالەتلىرىگە سىمۋول قىلىپ چۈشەندۈرىدۇ. بۇنى پارس تەسەۋۋۇپ شېئىرىيىتىنىڭ

ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان فەخرىدىن ئىراقى (1213 1289)نىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىدە ئېنىق كۆرىمىز: «ئىسسىقنىڭ تەسىرى بىلەن دېڭىز ئۈستىدىن ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەن سۇ زەررىلىرى ھور دېيىلىدۇ. بۇلار يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ بىرىكىپ بۇلۇت ھاسىل بولىدۇ. تامچە ـ تامچە بولۇپ تۆۋەنگە چۈشسە يامغۇر بولىدۇ. يامغۇر سۇلىرى قوشۇلۇپ دەريا بولىدۇ. تەكرار ـ تەكرار قوشۇلۇپ دېڭىز ھالىغا كېلىدۇ. دېمەك، دېڭىز، مۇز، ھور، بۇلۇت، يامغۇر، سەل، ئۇستەڭ... ھەممىسى سۇنىڭ تۈرلۈك كۆرۈنۈشلىرى بولۇپ، ھەممىسىنىڭ ئەسلى سۇدۇر. شۇنىڭغا ئوخشاش كائىناتتا بار ھېسابلانغان نەرسىلەرمۇ تەڭرى سۈپەتلىرىنىڭ باشقا ـ باشقا كۆرۈنۈشلىرى بولۇپ، ھەممىسىنىڭ زاتى يەككىدۇر، يەنى ئاللادۇر»22. ئۇ يەنە، «دېڭىز ھېچقاچان ئۆزگەرمەيدۇ، ئۇنىڭ قايناملىرىدىن دولقۇنلار كۆتۈرۈلىدۇ. كىشلەر بۇنى دولقۇنلار دېيىشىدۇ. ئەمما ھەقىقەتتە بولسا بۇلارنىڭ (دولقۇنلار) ھەممىسى ئاشۇ دېڭىزدىنلا ئىبارەت»22دەيدۇ. ھەمزە پانسورىمۇ بۇنى سۇ بىلەن سۇنىڭ يۈزىدىكى كۆپۈككە تىمسال قىلىپ چۈشەندۈرىدۇ: «كۆپۈك سۇنىڭ كۆپۈشى بىلەن قوپال (كۆرۈمسىز) شەكىلگە كىرسىمۇ، ئەمما سۇنى ئۆزىنىڭ باشلىنىشى قىلغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ماھىيىتى نەپسىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. پەقەت ئوكيانىنىڭ يۈزىدە كۆپۈك قوپال ھالەتتە پەيدا بولىدۇ. شۇڭا ئۇ سۇدىن پەقەت مەجازى ھالدا پەرقلىنىدۇ. يەنى سۇنىڭ كۆرۈنۈشى نەپىس (گۈزەل)، كۆپۈكنىڭ بولسا قوپال، لېكىن كۆپۈك ھەقىقىي ماھىيەتتە سۇدىن پەرقلەنمەيدۇ. ئۇنىڭ شەكلى ۋە ئىسمى سۇنىڭكىگە ئوخشىمىغىنى ئۈچۈن كىشلەر ئۇنى كۆپۈك دېيىشىدۇ. ئەمما ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى نۇقتىسىدىن قارىغاندا ئۇ شەكىلگىمۇ، بارلىققىمۇ ئىگە ئەمەس. ئۇنىڭ ئىسمىمۇ پەقەت خىيالدىنلا ئىبارەت بولۇپ ھەقىقىي ئەمەس، چۈنكى كۆپۈك ھەر دائىم سۇدا قايتا ـ قايتا يوقىلىپ تۇرىدۇ» دەيدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بىردىنبىر ھەقىقىي بارلىق بولغان ۋۇجۇدىي مۇتلەق بىلەن ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ تەجەللىسى بولغان ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، ئىنسان ئەخلاقىي جەھەتتىن تاكامۇللىشىپ ئۆزلۈكتىن پۈتۈنلەي كېچىپ «خەنا» بولغاندا، كۆپۈك سۇنىڭ ئىچىدە غايىب بولغاندەك ھەقنىڭ ۋۇجۇدىدا يوقىلىپ كېتىدۇ. ئۇلار بۇ ۋاقىتتا «خەنا مەقامىغا ئېرىشىپ خۇددى تاشتەك مۇستەھكەم بولغاندا، تەۋھىدكە (بىرلىككە) قەدەم قويىدۇكى، بۇ خۇددى «يوشۇرۇن خەزىنە»دىكى بارلىققا ياكى كۆپۈكنىڭ سۇدا غايىب بولۇپ، كۆپۈك بولمىغىنىغا ئوخشايدۇ. ئەمما «تەۋھىدكە قەدەم بېسىش» بۇ پەقەت ئىپادىلەش شەكلىدىنلا

(يەنى ئىپادىلىگۈچى سۆزىدىنلا) ئىبارەت. چۈنكى ماھىيەتتە، كۆپۈك بىلەن ھېچقاچان ئىككى نەرسە ئەمەس[42]. تەسەۋۋۇپتىكى مانا شۇ يېگانە بارلىق بولغان «ۋۇجۇدىي مۇتلەق»نىڭ سۈپەتلىرىنىڭ تەجەللى بولۇپ كۆپ خىل شەكىللەردە كۆرۈنىدىغانلىقى، ئەمەلىيەتتە بولسا بارلىقنىڭ پەقەت بىر ئىكەنلىكى توغرىسىكى «تەجەللى نەزەرىيىسى » ئاساسىدا شەيئىلەرنىڭ دەۋرى ھالدا ئايلىنىپ تۇرىدىغانلىقى، بىر خىل شەكىلدىن يەنە بىر شەكىلگە ئۆزگىرىدىغانلىقى، كۆپلۈكتىن ئەسلىدىكى بىرلىك ھالىتىگە قايتىدىغانلىقى ھەققىدىكى «دەۋرلىك نەزەرىيىسى» مەيدانغا كەلگەنىدى. بۇنىڭ بىلەن تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى مۇشۇ مەزمۇننى ئەكس ئەتتۈرگەن شېئىر تۈرىگە «دەۋرىيە»دەپ نام بېرىلگەنىدى. «تەجەللى»گە ئاساسەن ۋۇجۇدىي مۇتلەقنىڭ سۈپەتلىرى ئۆز تەجەللىسىدىن پەيدا بولغان بىر قانچە ئالەمدىن ئۆتۈپ مۈلك ئالەمگە، يەنى بىز ياشاۋاتقان ماددىي دۇنياغا چۈشىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق.

«دەۋرلىك نەزەرىيىسى»گە ئاساسەن، «بۇ ماددىي ئالەمگە چۈشكەن يەككە بارلىق دەسلىپىدە» «جەماد» (مىنراللار)، ئاندىن «نەبات» (ئۆسۈملۈك)، ئاندىن كېيىن «ھايۋان»، ئۇندىن كېيىن «ئىنسان» شەكىللىرىدە تەجەللى قىلىپ، ئۇنىڭدىن «ئىنسانىي كامىل» شەكلىگە كىرىدۇ ۋە ھەققە قوشۇلۇپ كېتىدۇ. يەنى «ۋۇجۇدىي مۇتلەق»تىن قانداق چىقىپ، بۇ خاكدانغا (بۇ دۇنياغا) چۈشسە، قايتىدىن بۇ يەردىن چىقىپ ئەسلىگە قايتىدۇ[52]. مۇتەسەۋۋۇپلار ۋۇجۇدىي مۇتلەقنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ تەجەللىسىنىڭ ئالەملەرنىڭ ئەڭ تۆۋىنى بولغان ماددىي ئالەمگە ياكى «ئالەمى سۇفلى» (تۆۋەنكى ئالەم)گە چۈشۈپ ھەر خىل شەكىللەردە كۆرۈنۈشى، بىر خىل شەكىلدىن باشقا بىر خىل ھالەتكە ئۆتۈش ۋە يەنە ۋۇجۇدىي مۇتلەققە قايتىشىدىن ئىبارەت ئايلانما ھەرىكەتنى خۇددى بىر چەمبەر شەكىللىك دائىرىگە ئوخشاتقان بولۇپ، بۇ دەۋر ھەرىكەتنى «قەۋسى نۇزۇل» ۋە «قەۋسى ئورۇج» دەپ ئىككىگە بۆلگەن. «قەۋسى نۇزۇل» ۋۇجۇدىي مۇتلەقنىڭ «ئەسما ۋە سىفات»نىڭ «ياي شەكلىدە يۇقىرىدىن تۆۋەنگە چۈشكەن باسقۇچلىرىدۇر»[62]. ئۇلارنىڭ قارىشىدىكى بۇ باسقۇچلارنىڭ تەرتىپى تۆۋەندىكىچە: «ۋۇجۇدىي مۇتلەق»تىن ئايرىلىپ چىققان «نۇرى ئىلاھى» (ئىلاھى نۇر) تەرتىپ بويىچە «ئەقلى كۇللى»دىن «ئۇقۇلى تىس» (توققۇز ئەقىل)گە، ئۇنىڭدىن «نۇفۇسى تىس» (توققۇز نەفس)كە، ئۇنىڭدىن «ئەفلاكى تىس» (توققۇز ئاسمان)كە، ئۇنىڭدىن «تەبايى ئەربا» (تۆت خىل تەبىئەت، يەنى ئىسسىق، سوغۇق، قورغاق،

ھۆلدىن ئىبارەت تۆت خىل تەبىئەت)غا، ئۇلاردىن «ئەناسىرى ئەربا» (تۆت ئۇنسۇر)غا ئۆتىدۇ. بۇ مەبدە (باشلانغان جاي) ياكى «قەۋسى نۇزۇل» دېيىلىدۇ72. «قەۋسى ئورۇج» تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ قەۋس (ياي) شەكلىدە قىلىنغان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. «قەۋسى نۇزۇل» ئارقىلىق «ئالەمى غايىب»دىن «ئالەمى شۇھۇد»غا چۈشكەن بارلىق دەسلىپىدە مەدەنلەرگە (جەماد)، ئاندىن نەباتقا (ئۆسۈملۈك)، ئاندىن ھايۋانغا، ئەڭ ئاخىرىدا ئىنسان سۈرىتىدە تەجەللى قىلىدۇ. ئىنساندىن «ئىنسانىي كامىل»غا ئۆتكەن «نۇرى ئىلاھى» ئارقىسىغا قايتىپ «ئىنسانىي كامىل»دىن ھەق تەئالاغا (ۋۇجۇدىي مۇتلەققە ئۇلىشىدۇ)82. بۇ ئىككىنچى ئايلانما (دەۋر) بولۇپ مەئاد (قايتىپ بارىدىغان جاي) ياكى «قەۋسى ئورۇج» (ياي شەكىللىك يۇقىرى ئۆرلەش) دېيىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ «ئىلاھىي نۇر» ئۆز «دەۋرە»سىنى (ئايلىنىشنى) تاماملايدۇ. مۇتەسەۋۋۇپلارنىڭ «دەۋرلىك نەزەرىيىسى»دىكى «ئىلاھىي نۇر»نىڭ «ۋۇجۇدىي مۇتلەق»تىن چىقىپ چەمبەر شەكىللىك ئايلانما ھاسىل قىلىپ تەجەللى قىلىش ۋە ئاخىرىدا ئەسلىگە قايتىش جەريانىنى تۆۋەندىكىدەك ئىسخىما بىلەن كۆرسىتىش مۇمكىن. رەسىم بار (ئەسلىدىكى ئورىگىنالىنىڭ 33-بېتىدە) «دەۋرلىك نەزەرىيىسى» ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا ئىسلام دىنىدىكى ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن روھنىڭ يەنە ئەسلىدىكى دەرگاھىغا قايتىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئەقىدىلەر ئاساسىدا ئوتتۇرىغا چىقىپ، قىسمەن سىرتقى تەسىرلەر بىلەن تېخىمۇ تولۇقلانغان بولۇپ، روھنىڭ ئۆلمەي ئايلىنىپ يۈرىدىغانلىقى (تەناسۇخ) قاراشلارنىڭ راۋاجى ئىدى. شۇڭا ئىبنى ئەرەبىمۇ «ئەۋۋەلىدىن ئاخىرىغا قەدەر بارلىق مەۋجۇداتلار پەقەت يېگانە تەڭرىدىن پەيدا بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قايتىدۇ» دەيدۇ92. تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى دىنىي پەلسەپە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە يوقىلىشىنى ئۆزىنىڭ ئومۇمىي مەۋقەسى بولغان ئىدېئالىستىك مەيدانىدا تۇرۇپ كۆزىتىدۇ ۋە چۈشەندۈرىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئالەمنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش ۋە يوقىلىش جەريانلىرىنى «نۇرى ئىلاھىيە»نىڭ ئوخشاش بولمىغان شەكىللەردە تەجەللى قىلىنىشىدىنلا ئىبارەت دەپ قارايدۇ. لېكىن بۇ يەردە شۇنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىككى، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى «دەۋرلىك نەزەرىيىسى» ئومۇمىيلىق جەھەتتە شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى سەۋەبى ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ، شەيئىلەر تەرەققىياتىنى روھنىڭ ئايلىنىشىدىنلا ئىبارەت دەپ چۈشەندۈرسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ مۇشۇ چۈشەندۈرۈش

ـلىرى ئىچىدە كۆپلىگەن دىئالېكتىك پىكىرلەرنىڭ بىخلىرى كۆزگە چېلىقىدىغانلىقىـنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز، ئەلۋەتتە. «دەۋرلىك نەزەرىيىسى» بويىچە قارىغاندا «ۋۇجۇدىي مۇتلەق»نىڭ «ئەسما ۋە سىفات»نىڭ تەجەللىسى بولغان كائىنات «ئىلاھىي نۇر» بىردىنلا يارىلىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن بولماستىن، بەلكى بۇ نۇرنىڭ تەدرىجىي پارلىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن. بۇ نۇرنىڭ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ تەجەللى قىلىش «قەۋسى نۇزۇل» بىلەن دەسلەپ ئەقلى كۇللى بارلىققا كەلگەن. تەرتىپ بويىچە ئەڭ تۆۋەنگە چۈشكەندە «تۆت ئەناسىر» ، يەنى تۇپراق، سۇ، ئوت، ھاۋادىن ئىبارەت تۆت ماددا پەيدا بولغان. بۇ نۇرنىڭ يۇقىرىغا قاراپ تەجەللى قىلىشى بىلەن تۆت ئەناسىردىن تەدرىجىي ھالدا مىنراللار بارلىققا كەلگەن. ئاندىن تەرتىپ بويىچە ئۆسۈملۈك (نەبات)، ھايۋان، ئىنسان بارلىققا كەلگەن. تېخىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى ، بۇ نۇر يۇقىرىغا قاراپ تەجەللى قىلغاندىكى ھەرقايسى باسقۇچلاردا پەيدا بولغان مەۋجۇداتلار ئۆزىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچىغا قارىغاندا بىر بالداق تەرەققىي قىلغان، مۇكەممەللەشكەن مەۋجۇداتلار ئىدى. جالالىدىن رۇمى «دەۋرلىك نەزەرىيىسى»نى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلغان: ئەۋۋەل ئالەمگە كەلگەنتى جەماد ، جەماددىن بارلىققا كەلدى نەبات. يىللارچە ئۆمۈر كەچۈرۈپ نەبات، جەماددىن دۇنياغا كەلگىنىنى ھېچ قىلمىدى ياد. نەباتتىن ھايۋانغا ئۆتكەندە بولسا، نەباتتىكى ھالىنى ئەيلىمىدى ياد.03 مەۋلانە مەسنەۋىلىرـىدىن بىرىدە يەنە شۇنداق دەيدۇ: «جەماددىن مۇردە دېگەن نامغا ئىگە بولىمەن. ئۇنىڭدىن ھايۋان بولۇپ پەيدا بولىمەن ۋە ھايۋاندىن ئۆلۈپ ئادەمگە ئايلىنىمەن (شۇنداق ئىكەن). ماڭا ئۆلۈپ يوقىلىپ كېتىشتىن ئەندىشە قىلىشنىڭ نىمە ھاجىتى؟ بەشەردە (ئىنسانلىقتا) ئۆلۈپ، پۈتۈنلەي يېڭى قىياپەتكە ئىگە بولۇپ مەلائىكىلەردىن بىر بەلگە ئېلىش ئۈچۈن قانات قاقىمەن. ئەمما مەلەكنى ھەم تەرك ئېتىمەن. چۈنكى «ئۇنىڭ (ئاللانىڭ) ۋەجىدىن (يۈزىدىن) باشقا ھەممە ھالاك بولغۇچىدۇر (ئۆلگۈچىدۇر)» ، مەلائىكىلەر ئالىمىدىمۇ مەن يەنە ئۆلىمەن»13. بۇ مىساللاردىن «دەۋرلىك نەزەرىيىسى»دە ئىپادىلەنگەن دىئالېكتىك پىكىرلىرىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ كېيىنكى باسقۇچنىڭ ئالدىنقى باسقۇچنى ئىنكار قىلىش ئاساسىدا مەيدانغا كېلىشى ۋە ئالدىنقى باسقۇچتىنكىگە قارىغاندا تاكامۇللىششقا قاراپ ماڭغانلىقى ئالاھىدە كۆزگە چېقىلىدۇ. «... سەن خاك (تۇپراق) ئىدىڭ، گىياھقا ئايلاندىڭ. نەباتات (ئۆسۈملۈك) دۇنياسىدىن بىر قەترە قان بولۇپ ھايۋانات دۇنياسىغا ئۆتتۈڭ. نىھايەت، ھايۋانات دۇنياسىدىن ئالەمى

ئىنسانىيەتكە. مانا بۇ قالتىس مۆجىزە!» دەيدۇ جالالىدىن رۇمى23. مەۋلانىنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇنداق دىئالېكتىك ئۆزگىرىش جەريانى ئىپادىلەنگەن مىسرالارنى ناھايىتىمۇ كۆپ ئۇچرىتىمىز: «دەسلەپتە جەماد پەيدا بولغانىدى، ئاندىن نەبات (ئۆسۈملۈك) بارلىققا كەلدى. ئۇنىڭدىن ھايۋانغا ئۆتتۇق. لېكىن بۇ جەريانلار ساڭا نامەلۇمدۇر. ئۇنىڭدىن (ھايۋاندىن) ئىلىم، ئەقىل ۋە ئىمان ئىگىسى بولغان ئىنسانغا ئۆتتى. گەرچە ھەممىسى ئۇنىڭدىن (تۇپراقتىن) مۇكەممەللىشىپ بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، تەن يەنىلا خاكدانىنىڭ (تۇپراقنىڭ) بىر بۆلىكىدۇر»33. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئۇلارنىڭ «دەۋرلىك نەزەرىيىسى» دىكى «نۇرى ئىلاھى»نىڭ تەجەللى قىلىش تەرتىپى ئەمەلىيەتتە شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئاددىي ھالەتتىن تاكامۇللىششقا قاراپ ماگىدىغانلىقى، كېيىنكى باسقۇچتىكى تەرەققىيات ھامان ئالدىنقى باسقۇچنى ئۆزىگە مەنبە قىلسىمۇ، يەنە ئۆزىنىڭ كونا ھالىتىنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق يېڭى ھالەتكە ئۆتىدىغانلىقىدىن ئىبارەت دىئالېكتىك ئۆزگىرىش جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرگەنىدى. گەرچە ئۇلار بۇ جەريانلارنى پەقەت «ۋۇجۇدىي مۇتلەق»نىڭ سۈپەتلىرىنىڭ تەجەللىسى دەپ چۈشەندۈرسىمۇ، لېكىن تەجەللىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچتىكى شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇش، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە يوقىلىپ باشقا شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولۇشىدىن ئىبارەت تەرەققىيات جەريانلىرى ھەققىدىكى تونۇشىدا، ئاڭسىز ھالدا بولسىمۇ شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ دىئالېكتىك قانۇنىيىتىنى ئىپادىلىگەنىدى. شۇڭا بىز تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى بۇ قاراشلارنى مەلۇم تەرەپلەردە بولسىمۇ ئىستىخىيلىك ھالدا شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ دىئالېكتىك قانۇنىيىتىگە ئويغۇنلاشقانلىقى بىلەن يەنىلا ئىلغارلىققا ئىگە دەپ قارايمىز ھەم ئۇنى تەرەققىياتنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىدىغان مېتافىزىك قاراش «دەۋرىيلىك» قارىشىدىنمۇ قىسمەن پەرقلەندۈرىمىز.

# تىلنىڭ كۇلتۇر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق

## خۇلاسە

تىل ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئالاقىنى قولايلاشتۇرىدىغان بىر ئالاقە ۋاستىسى بولۇش بىلەن بىرگە كۇلتۇر جەھەتتىن، ئۇنىڭ ساقلىنىدىغان خەزىنىسى ۋە كېيىنكى نەسىللەرگە يەتكۈزگۈچىسى. كۇلتۇر، مۇئەييەن بىر گۇرۇپ، قەۋم، مىللەتلەرگە خاس بولغان ۋە شۇ مىللەتلەر تەرىپىدىن ئەسىرلەر مابەينىدە يارىتىلغان ماددىي ۋە مەنىۋىي بايلىقلار، قىممەتلەردۇر. تىل، كۇلتۇرنىڭ ئەڭ موھىم تەركىبلىرىدىن بىرىدۇر. مىللىي كۇلتۇرنىڭ كېيىنكى نەسىللەرگە يەتكۈزۈلىشى، كۇلتۇرنىڭ ئىزچىللىقى نۇقتىسىدىن قارىغاندا تىلنىڭ رولى ئەڭ چوڭدۇر. تىلنىڭ مەۋجۇدىيىتى كۇلتۇرنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى تەمىنلەيدىغان ئەڭ چوڭ كاپالەتتۇر. كەڭ مەنىدە يەرشارىلىشىش، تار مەنىدە جۇڭگو مىقياسىدىكى ئىچكى پۇتۇنلىشىش جەريانىدا مىللىي تىللارنىڭ مەۋجۇدىيىتى، مىللىي كۇلتۇرلەرنىڭ مەۋجۇدىيىتى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك، كۆپ كۇلتۇرلۇك (Multicultural/多元文化) قۇرۇلمىسىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى ۋە داۋام قىلدۇرۇلۇشىدا موھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: تىل، كۇلتۇر، ئۇيغۇر تىلى، جۇڭگو

## تىل ۋە كۇلتۇر

تىل كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئۇچراشقاندا ئىشلىتىدىغان ئالاقە قۇرالىدۇر؛ باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، تىل كىشى بىلەن كىشى ئارىسىدا ئۇچۇر يەتكۈزىدىغان ياكى مەقسەت—مۇددىئا، پىكىرلەرنى ئىپادە قىلىدىغان، بىر-بىرىگە

يەتكۈزىدىغان ۋاستەدۇر.

شۇنداقلا تىل مۇئەييەن بىر گۇرۇپنى، جامائەتنى، مىللەتنى يەنە باشقا گۇرۇپ، جامائەت ۋە مىللەتتىن ئايرىيدىغان، پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان مۇھىم بەلگە ۋە سىمۋوللار سىستېمىسىدۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقىنىمىزدا تىلنىڭ نۇقۇل مىللىيلىقى، تەۋەلىكى باردۇر.

ئالدى بىلەن ئاتالغۇ جەھەتتىن ناتونۇش بولغان ئەمما ماھىيەت ۋە مەزمۇن جەھەتتىن تونۇشلۇق لېكىن ئۇيغۇر ئىجتىمائىيىتىدە چەك—چېگرىسى ئېنىق ئايرىلمىغان «كۇلتۇر» ھادىسىسى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

كۇلتۇر جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە ئىنسانشۇناسلىق(ئانتروپولوگىيە) ئىلىملىرىنىڭ مۇھىم بىر ئاتالغۇسىدۇر. كۇلتۇر ئاتالغۇسى تىلىمىزدا «مەدەنىيەت» (غەرب تىللىرىدا Culture، خەنزۇ تىلىدا 文化) دەپ ئېلىنىپ كېلىۋاتقان ھادىسىنىڭ ئىلىم تىلىدىكى ئاتىلىشىدۇر. ئەمەلىيەتتە «كۇلتۇر» بىلەن «مەدەنىيەت» بىر—بىرىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان ھادىسىلەر بولۇپ بۇ ھەقتىكى تەپسىلىي ئىزاھات ياكى نەزەرىيىۋى چۈشەندۈرۈشلىرىمىز ئايرىم ماقالىلىرىمىزدا (كۇلتۇر ئاتالغۇسى تىلىمىزدا «مەدەنىيەت» (غەرب تىللىرىدا Culture ، خەنزۇ تىلىدا 文化) دەپ ئېلىنىپ كېلىۋاتقان ھادىسىنىڭ ئىلىم تىلىدىكى ئاتىلىشىدۇر. ئۇيغۇر ئىجتىمائىي پىنىدىكى تەرەققىياتنىڭ ئاستىلىقى جەمىيەتشۇناسلىق (سوتسىئولوگىيە)، ئىنسانشۇناسلىق (ئانتروپولوگىيە) قاتارلىق ئىلىملەرنىڭ شەكىللەنمىگەنلىكى، بۇ تۈپەيلى بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ يوقلۇقىدەك رىئال سەۋەبلەر بىلەن «كۇلتۇر»گە ئوخشاش ئاتالغۇ ۋە ھادىسىلەر ئىلمىي شەكىلدە ئىزاھلىنىپ مۇقىملاشتۇرۇلمىغان. بۇ خىل مەسىلىلەرنىڭ بۇرۇنلا ھەل قىلىپ بولغان مىلەتلەرنىڭ تىلىدىكى ئەسەرلەر ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغاندا بۇ خىل ئاتالغۇلار تەرجىمانلار تەرىپىدىن يەنىلا «مەدەنىيەت» دەپ تەرجىمە قىلىنغان پەقەت ئاتالغۇغا يۈكلەنگەن مەنالار ئاڭقىرىلمىغان. بۇ سەۋەبلىك ئاتالغۇ قالايمىقانچىلىقى كېلىپ چىققان. ئەمەلىيەتتە «كۇلتۇر» بىلەن «مەدەنىيەت» بىر-بىرىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان ھادىسىلەر بولۇپ بۇ ھەقتىكى تەپسىلىي ئىزاھات ياكى نەزەرىيىۋى چۈشەندۈرۈشلەر ئۈچۈن قاراڭ: ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق «كۇلتۇر ۋە مەدەنىيەت ئاتالغۇلىرىغا سوتسىئولوگىيىلىك ئىزاھات» تۇرپان، 2003-يىلى 4-سان، ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق «كۇلتۇرنىڭ مەدەنىيەتتىن پەرقى ۋە مىللىي كۇلتۇر» تۇرپان، 2004-يىلى، 2- سان.)

ئىنچىكىلەنگەنلىكى سەۋەپلىك تېمىدىن چەتنەپ كەتمەسلىك مەقسىتىدە بۇ يەردە تەپسىلىي توختىلىشنى، شەرھىيلەشنى مۇۋاپىق كۆرمىدۇق.

غەرپتە، كۇلتۇرنىڭ ئەڭ كلاسسىك تەبىرىنى،1871—يىلى ئېدۋارد تايلور (Edward Tylor) شۇ شەكىلدە بېرىدۇ: كۇلتۇر ئىنسان بالىسىنىڭ، جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ياراتقان بىلگۇ —مەلۇماتلىرىنى، ئەقىدە —ئېتىقات، ئەدەبىيات—سەنئەت، ئەخلاق—پەزىلەت، ئادەت—ئەنئەنەلەر ۋە باشقا قابىلىيەتلەر بىلەن خۇي—مىجەزلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇرەككەپ بىر گەۋدىدۇر(گوردون مارشال ( Gordon Marshal)، سوتسىئولوگىيە سۆزلۈكى، (تۈركچىگە تەرجىمە قىلغۇچى: ئوسمان ئاكىنھاي، دەريا كۆمۈرجۇ)، ئەنقەرە: بىلىن ۋە سەنئەت نەشرىياتى، 1999. يىل، 771—بەت.).

تۈرك مۇتەپەككۇرى ۋە جەمئىيەتشۇناسى گۆكئالپ كۇلتۇرنى ناھايىتى ئوچۇق ۋە ئاممىباپ شەكىلدە(زىيا گۆكئالپ، تۈرك ئۇيغارلىقى (مەدەنىيىتى) تارىخى، (نەشرگە ھازىرلىغان: يۈسۈف چوتۇقسۆكەن)، ئىستانبۇل: ئىنقىلاپ نەشرىياتى، 1991.يىل، 2—3—بەت.) «بىر مىللەتنىڭ دىنى، ئەخلاقى، تۆرەسى(تۆرە— قەدىمكى تۈركچىدە(ياكى ئۇيغۇرچىدا) تۈرە، تۆرە شەكلىدە كۆرىلىدۇ. كەڭ مەنىدىكى تۆرە—بىر جەمئىيەتتە ئۆزلەشكەن، ئومۇملاشقان ھەرىكەت ۋە ياشاش شەكىللىرىنىڭ، قائىدىلەرنىڭ، ئادەت ۋە ئەنئەنەلەرنىڭ؛ جەمئىيەت ئەزالىرىغا ئورتاقلاشقان ئۆرپ—ئادەتلەرنىڭ، جەمئىيەت ئەزالىرى تەرىپىدىن توغرا بىلىنىپ تۇتۇلغان يوللارنىڭ تامامىنى كۆرسىتىدۇ. تۆرە جەمئىيەت ئەزالىرى تەرىپىدىن چوقۇم ئىجرا قىلىنىشى كېرەك بولغان ۋىجدانىي بەلگىلىمىلەر بولۇپ، جەمئىيەت ئەزاسى ئۆزى تەۋە بولغان جەمئىيەتنىڭ تۆرىسىنى ئىجرا قىلغىنىدا، جەمئىيەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ تەقدىرلىنىدۇ، ئىجرا قىلمىغاندا بولسا، جەمئىيەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنماي چەتكە قېقىلىدۇ. تار مەنىدىكى تۆرە، بىر جەمئىيەتتىكى ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى كۆرسىتىدۇ. تۆرە، ئۆتمۈشتە بۈگۈنكى مەنىدىكى قانۇننىڭ رولىنى ئوينىغاندى.)، ئېستېتىك تۇيغۇسى، تىلى، ئىقتىسادى ۋە پەننىي ھاياتلىرىنىڭ جىپسىلاشقان بىر پۈتۈن گەۋدىسىدۇر» دەيدۇ. مەدەنىيەتنى بولسا، ئوخشاش بىر تەرەققىيات سەۋىيىسىدىكى بىر مۇنچە مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتلىرىنىڭ ئورتاق بىر پۈتۈنى شەكلىدە ئىزاھلايدۇ.

قىسقىسى كۇلتۇر «بىز» بىلەن «ئۇلارنى» پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان، بىزنى «بىز» قىلغان قىممەت، قاراش، ئۆرپ—ئادەت...قىسقىسى پەقەتلا

«بىز»گە ئائىت بولغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭ تىلىمىز، پەلسەپىمىز، ئۆرپ—ئادەتلىرىمىز...... بىزنىڭ شايى—ئەتلەسلىرىمىز، مىللىي كىيىم—كېچەكلىرىمىز، خوتەننىڭ گىلەملىرى، ئۆزگىچە يۇرۇش—تۇرۇشلىرىمىز، ئۇلتۇرۇپ—قوپۇشىمىز، سالام—سائەتلىرىمىز، كۈلۈش شەكىللىرىمىز، ئېستېتىك تۇيغۇلىرىمىز...ئۇيغۇر كۇلتۇرىنى شەكىللەندۇرىدۇ.

## 2) تىلنىڭ كۇلتۇر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

تىل بىلەن كۇلتۇرنى بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ياكى كۇلتۇر نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ تىلنى تەتقىق قىلىش غەرپتە خېلى بۇرۇنلا باشلىنىپ كەتكەن ئىدى. جۇڭگودا بولسا بۇ ساھە نىسبەتەن يېڭى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80—يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ جۇڭگودا خۇسۇسەن خەنزۇ زىيالىيلىرى ئارىسىدا «كۇلتۇر قىزغىنلىقى» قوزغالدى، ئۇنىڭ تەسىرىدە تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكى زىيالىيلارمۇ تىل بىلىمى نۇقتىسىدىن كۇلتۇرنى تەتقىق قىلىشقا باشلىدى ۋە بۇنىڭ بىلەن «كۇلتۇر تىلشۇناسلىقى» بىلىمى ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ تەرەققىيات «كۇلتۇر تىلشۇناسلىق»نىڭ جۇڭگو ئېقىمىنى پەيدىنپەي شەكىللەندۈرۈشكە باشلىدى.

ئۇيغۇر ئىجتىمائىي پەنلىرىدىكى تەرەققىياتنىڭ ئاستىلىقى تۈپەيلى دۆلەت ئىچىدىكى تەرەققىياتلارغا ئاۋاز قوشۇش ئەمەس يېتىشىپ مېڭىشمۇ تەسلىشىش ئەھۋالى كۆزگە كۆرۈنۈپلا قالدى. تىلشۇناسلىق خۇسۇسەن تۈركولوگىيە ساھەسىيمىزدە تىلىمىزنى نوقۇل گراماتىكىلىق ھادىسىلەر نۇقتىسىدىن كلاسسىك ئۇسلۇپتا (بىزنىڭچە كلاسسىك رۇس ئۇسلۇبى) تەتقىق قىلىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان ۋە تۇرماقتا. تىلنىڭ ئىجتىمائىيلىقى، مەۋجۇدلۇقى نۇقتىسىدىن خۇسۇسەن تىل—كۇلتۇر مۇناسىۋىتى نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارنىڭ كۆپ ئەمەسلىكى ھەتتا يوقلۇقى كىشىنى خېلىلا ساراسىمىگە سېلىپ قويىدۇ. چۈنكى بىزدەك ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقان مىللەتلەردە «كۇلتۇر تىلشۇناسلىقى» ساھەسىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭ ئىدى.

كۈنىمىز ئۇيغۇرچىسىدا ئوتتۇرىغا چىققان ۋە ھەددىپ تەرەققىي قىلىۋاتقان تىل قوپاللىشىپ كېتىش، تەرجىمە تىلىغا ئايلىنىپ قېلىش، تىل نامراتلىشىشى

ھادىسىلىرىنىڭ تەپەككۇر سىستېمىمىزغا، تەپەككۇر ئۇسۇلىمىزغا ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتكە قانچىلىك دەرىجىدە مەنفىي تەسىر قىلىۋاتقانلىقىنى، بىز تېخىچە يېتەرلىك دەرىجىدە تەتقىق قىلىپ كۆرمىدۇق. بۇ ھادىسىلەرنى مىللىي بىرلىك، مەۋجۇتلۇق نۇقتىسىدىن ئانالىز قىلىپ كۆرمىدۇق. بۇلار تەتقىق قىلىش زۆرۈر بولغان موھىم تېمىلاردۇر.

تىل كۇلتۇرنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر تەركىۋى قىسمى، كۇلتۇرنىڭ توشۇغۇچىسى ۋە جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولغان سىمۋوللار سىستېمىسىنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىدىن بىرى. تىل بولسا كۇلتۇرنى نەسىلدىن نەسىلگە يەتكۈزىدىغان بىر ۋاسىتە. تىلنىڭ ئەڭ ئالدى بىلەن بىلىنىدىغان شەكلى سۆزلەشتۇر. بىزنىڭچە تىل، ئىنسان جەمئىيەتلىرىنى، ھايۋان گۇرۇپپىلىرىدىن ئايرىيدىغان ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلەردىن بىرىدۇر.

تىل ئالاھىدىلىكى، پەقەتلا ئىنسان تۇرىگە ئائىت بولغان، تەسىرلىشىش جەريانىدا ئۆگىنىلىدىغان، ئىرسىي بىر شەكىلدە باشقىلارغا ئۆتمەيدىغان دەل مەنىسى بىلەن كۇلتۇر ئېنىقلىمىسىغا ماس كېلىدىغان ئامىل بولغانلىقىدىن، كۇلتۇرنىڭ ئەڭ موھىم تەركىۋىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ(سۇلخى دۆنمەزئەر، جەمىيەتشۇناسلىق، بەتا نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى ئىستانبۇل، 110 ـ بەت). مەسىلەن مۇئەييەن بىر مىللەتكە تەۋە بوۋاق تۇغۇلغاندا ئۇنىڭدا نۇرغۇنلىغان ئىرسىي ئالاھىدىلىك بولسىمۇ، بوۋاق ئۆزى تەۋە بولغان مىللەتنىڭ تىلىنى سۆزلىيەلمەيدۇ. پەقەت كېيىنكى ئىجتىمائىيلىشىش جەريانىدىلا ئۇ مىللەتنىڭ تىلىنى ئۆگىنەلەيدۇ. ئەگەر ئۇيغۇر ئانا ۋە ئۇيغۇر ئاتىدىن تۆرەلگەن بالا، ئۇيغۇر تىلى مۇھىتىدا ئەمەس باشقا تىل مۇھىتىدا مەسىلەن ئەرەبچە ياكى ياپونچە مۇھىتىدا يېتىلسە ئۇنىڭ تىلى ئۇيغۇرچە ئەمەس ئەرەبچە ياكى ياپونچە چىقىدۇ. بۇ سەۋەبلىك تىل ئىرسىي بولماستىن كېيىن ئىجتىمائىيلىشىش جەريانىدا ئۆگىنىلىدىغان كۇلتۇر ئامىلىدۇر.

تىل كۇلتۇرنىڭ ئەڭ موھىم بىر تەرىپىنى تەشكىل قىلىدۇ شۇنداق بولغاچقا تىل، كۇلتۇرنىڭ بىر پۈتۈن تەتقىق قىلىنىشىنى، تەرەققىي قىلىشىنى ۋە قىلدۇرۇلۇشىنى؛ كېيىنكى نەسىللەرگە يەتكۈزۈلۈشىنى، جۇغلىنىشىنى تەمىنلەيدىغان مۇھىم بىر ۋاسىتەدۇر. مۇئەييەن بىر مىللەتنىڭ تىلىدا ئۇ مىللەتنىڭ ئەسىرلەر مابەينىدە جۇغلىغان قىممەت قاراشلىرى، پەلسەپىسى، مۇھەببەت نەپرىتى، تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ھەرخىل شەكىللەردە خۇسۇسەن

ماقال—تەمسىل، تۇراقلىق ئىبارىلەر، ئىدىيوم، يۇمۇر، لەتىپە، رىۋايەت... شەكلىدە ساقلانغان بولىدۇ. مەسىلەن، «تامغىلىق مال يوقىماس» دىگەن ماقال ئادەتتىكى ماقال بولۇش بىرگە (بەلگە سېلىپ قويغان مال يوقمايدۇ) يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان چاغلىرىدا شەكىللەندۇرگەن بىر خىل كۇلتۇر هادىسىسىنى—هەر ئۇرۇق، هەر جەمەتنىڭ ئۆزىگە خاس تامغىسى بولىدىغانلىقى ئەنئەنىسىنى ئىپىمزگە سالىدۇ ۋە بۇ هەقتە بەزى يىپ ئۇچلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ خىل كۇلتۇر هادىسىسى كۆنىمىز ئۇيغۇر جەمىيىتىنىڭ پەقەت چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاز بىر قىسمىدىلا داۋام قىلماقتا. دېهقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بەزى ئائىلەلەرنىڭمۇ مەخسۇس تامغىسى بار(ئىپسمدە قىلىشچە بىزنىڭ ئائىلىنىڭمۇ مەخسۇس بىر تامغىسى بار ئىدى. بۇ تامغا ئادەتتە بىز بىلىدىغان تامغىلارغا ئوخشىمايتى. مەخسۇس بىر سۆگەككە (خىلىلا چوڭ ۋە ئېغىر ئىدى) ئوخشايدىغان قاتتىق جىسىمغا ئويۇلغان بولۇپ ئالاهىدە سىزىقچىلار بار ئىدى. بۇ تامغا ئادەتتە بىزنىڭ ئائىلىگە ئائىت تاغار، قاپ قاتارلىق دېهقانچىلىق ۋاستىلىرىغا هەتتا كالا—قويلارغىمۇ بېسىلاتتى. مەهەللە خەلقىنىڭ كۆپىنچىسى تونۇيتى. ئۇ تامغىنى كۆرگەنلەر، بۇ مال، جەلىل هاجىمنىڭكى ئىكەن دېيىشەتتى.). يەنە «چىلانىنى چۆلگە تىك، ئەنجۈرنى كۆلگە»، «چىلانغا چۆل ياخشى، ياڭاققا كۆل»، «ئېرىقنى ئويۇپ چاپ، سۇنى ئويناپ تۇت» قاتارلىق ماقاللاردا بولسا دېهقانچىلىق تەجرىبىلىرى مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ بۇ ماقاللار مەۋجۇت بولغانسىرى خەلقىمىزنىڭ دېهقانچىلىق كۇلتۇرىدىكى بۇ ئەنئەنە داۋام قىلىدۇ دىمەكتۇر. بۇ ماقاللار ئارقىلىق يېڭى نەسىل ئىجتىمائىيلىشىدۇ ۋە تەجىربىلەر ئارقىلىق قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىۋالىدۇ.

تارىختا يوقىلىپ كەتكەن كۇلتۇر هادىسىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى تىل سىستېمىسىدا يەنىلا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. تىلمۇ داۋاملىق ئۆزگىرىپ بارىدۇ، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئۆزلۈكسىز بىر شەكىلدە قەدىمكىنى يۇتۇپ يېڭىنى قوبۇل قىلىپ بارىدۇ. ئەمما تىلشۇناسلار يەنە تىلنىڭ ئىچكى تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، بۇ يوقالغان ئەمما تىل سىستېمىسىدا مەۋجۇت بولغان يىپ ئۇچلىرىنى تۇتقا قىلىپ تۈرۈپ تەكرار قىيدىرىش، ئەسلىگە قايتۇرۇش ئارقىلىق بۇ خىل كۇلتۇر هادىسىلىرىنىڭ ئەسلى شەكلىنى نامايەن قىلىپ، بۇلارنىڭ ماهىيىتى ۋە مەنبەسى هەققىدە ئىزاهاتلارنى بېرەلەيدۇ(جاك سوگجىن، دىك شىچىڭ؛

كۇلتۇر تىلشۇناسلىقى دەرسلىكى، مائارىپ ئىلمىلىرى نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى، بېيجىڭ، 42 ـ بەت.). مەسىلەن يەھۇدىيلار يوقۇلۇش ئالدىدىكى تىلىنى تىرىلدۈرۈپ، تار دائىرىدە ئىشلىتىلىدىغان ياكى ھېچ ئىشلىتىلمەيدىغان ئەمما دىنىي كىتابلىرىدا مەۋجۇت بولغان تىلىنى تىرىلدۈرۈپ مىللەتنىڭ ئانا تىلىغا، دۆلەتنىڭ رەسمىي تىلىغا ئايلاندۇردى. ئۇلار تىلىنى تىرىلدۈرگەندىن كېيىن ئىجتىمائىي ھاياتلىرىدا يوقالغان ئەمما تىلدا ساقلىنىپ قالغان نۇرغۇنلىغان كۇلتۇر ھادىسىلىرىنىمۇ تىرىلدۈردى. كۈنىمىزدە ئىجتىمائىي ھاياتىغا تەدبىقلىماقتا ياكى شۇ كۇلتۇر ئەندىزىلىرى ئىچىدە ياشىماقتا.

چۈنكى «بىر مىللەتنىڭ كۇلتۇرى پەقەتلا شۇ مىللەتنىڭ تىلى ئارقىلىق يىغىلىدۇ، يەنە بىر مىللەتنىڭ كۇلتۇر يارىتىشىمۇ ئاساسلىقى شۇ مىللەتنىڭ تىلى ئارقىلىق ئەمەلىيلىشىدۇ. ئېزىلگەن ياكى قۇل قىلىنغان مىللەتلەرنىڭ ئۆيغىنىشى ۋە ئازاتلىققا ئېرىشىشى پەقەتلا سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مۇستەقىللىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ، بەلكى ئەڭ گەۋدىلىكى ئۆزىنىڭ كۇلتۇرىنى ۋە تىلىنى قوغداپ قېلىشنى تەلەپ قىلىشىدادۇر»( جاڭ سوگجىن، دىڭ شىچىڭ؛ كۇلتۇر تىلشۇناسلىقى دەرسلىكى، مائارىپ ئىلمىلىرى نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى، بېيجىڭ، 10 ـ بەت.). تارىختا نەزەر سالىدىغان بولساق، مۇستەملىكچىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تىلىنى، دىنىنى، قىممەت قاراشلىرىنى، ھەتتا گۈزەللىك قاراشلىرىنىمۇ مۇستەملىكە قىلىنغان مىللەتلەرگە مەجبۇرلىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. ئانچە ئۇزاق ئۆتمۈشى، تارىخى بولمىغان ئاڭگىلو ـ ساكسون، رۇس قاتارلىق مىللەتلەر سانائەت ئىنقىلاۋىدىن كېيىن كۈنسايىن كۈچلىنىپ جاھانگىر دۆلەتكە ئايلانغان. ئېنگىلىزلار ئاسىيا، ئافرىقا، ئامېرىكا قاتارلىق قىتئەلەردە ئالدى ئىككى يۈز يىل كەينى ئەللىك يىل داۋام قىلغان مۇستەملىكچىلىكى ئەسناسىدا يەرلىك خەلقلەرگە ئېنگىلىز تىلىنى ۋە مەجبۇرلىغان. يەرلىك مىللەتلەرنىڭ تىلى ۋە كۇلتۇرىنىڭ تەرەققىياتىنى ھەر خىل يوللار بىلەن توسىغان. ئىنگىلىز تىلىنى رەسمىي ھۆكۈمەت تىلى قىلغان. بىرىنجى ۋە ئىككىنجى دۇنيا ئۇرۇشلىرىدىن كېيىن نۇرغۇنلىغان مۇستەملىكىلەر ئازادلىققا ئېرىشىپ، ئۆز تىللىرىنى دۆلەت تىلى قىلىپ، كۇلتۇرلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتقان بولسىمۇ يەنە بەزى دۆلەتلەرنىڭ يەنىلا ئىنگىلىز تىلى ۋە كۇلتۇرىنىڭ تەسىرىدىن تامامەن قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەنلىكى كۆرۈلمەكتە. بەزى دۆلەتلەر مەسىلەن پاكىستان، پىلىپىن يەنىلا ئىنگىلىز تىلىنى دۆلەت تىلى قىلىپ ئىشلەتمەكتە. لېكىن يەنە بەزى

مىللەتلەرنىڭ بۇ خىل تەسىردىن تامامەن قۇتۇلۇشقا تىرىشقانلىقىمۇ مەلۇم. مەسىلەن رۇس ھاكىمىيىتىدە قالغان ئەزەربەيجان مۇستەقىللىققا ئېرىشكەندىن كېيىن ئەزەربەيجان تىلىنى رەسمىي دۆلەت تىلى قىلىپ بېكىتكەن ۋە رۇس تىلى ۋە رۇس كۇلتۇرىنىڭ تەسىرىدىن ئۇزاقلىشىدىغان سىياسەتلەرنى بېكىتكەن. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ ئۆزبەكىستاندىمۇ مەۋجۇتلۇقىنى بىلىمىز.

بۈگۈنكى تىلىمىزدا ئىستىمالى بارغانچە ئازىيىپ بېرىۋاتقان قەدىناس دەيدىغان بىر سۆز بار. يەنە قەدىناسچىلىق، قەدىناسلار دەيدىغان بىر ئادەتمۇ بار. ئۇيغۇر ۋە بەزى تۈرك تىللىق خەلقلەردە قانداش قېرىنداش بولمىسىمۇ، لېكىن ناھايىتى يېقىن، بىر بىرىگە ۋاپادار، سادىق دوستلار بولىدۇ. بۇلار بىربىرىنى قەدىناسلار دېيىشىدۇ. قەدىناسلار بىر بىرىگە ئۇ قەدەر ئىشىنىدۇكى، ئۇلار بىر—بىرىگە ھەممە نەرسىسىنى كۆڭلى خاتىرجەم ھالدا ئامانەت قىلالايدۇ، ئىچ سىرىنى پايلىشالايدۇ. بۇلاردىن بەزىلىرى مەنىۋىي رىشتىلىرىنىڭ ئەبەدىي داۋام قىلىشى ئۈچۈن بالىلىرى تېخى بوۋاق ۋاقتىدىلا بىر بىرىنىڭ بېشىنى چېتىپ قويۇش ھەققىدە ۋەدىلىشىپ قويۇشىدۇ... قىسقىسى قەدىناس دىگەن سۆز تىلىمىزدا مەۋجۇت بولغىنىدا ۋە نەسىللەرگە يەتكۈزۈلگىنىدە مىللىتىمىزدىكى بۇ خىل ئېسىل ئادەت (خۇسۇسەن ئىجتىمائىي بىرلىك ۋە ئۇيۇشقاقلىق جەھەتتىن) داۋام قىلغان بولىدۇ. يەنە مىساللارنى كۆپەيتىشىمىز مۇمكىن مەسىلەن، قايچا قۇدا، چاي ئىچۈرۈش، نان يىگۈزۈپ قويۇش، قاتارلىق كۇلتۇرەل ئادەتلىرىمىز ئالدى بىلەن تىلىمىزدا ساقلىنىپ تىلىمىز ئارقىلىق نەسىللەرگە يەتكۈزىلىدۇ. يېڭى نەسىللەر ئىجتىمائىيلىشىش جەريانىدا، ئالدى بىلەن تىل ئارقىلىق بۇ ئاتالغۇلارنى ئۆگىنىدۇ، ئاندىن بارا—بارا بۇ ئاتالغۇلار ماھىيەت جەھەتتىن ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجتىمائىي—كۇلتۇرەل مەنىنى ئۆگىنىدۇ.

تىلنىڭ قۇرۇلمىسى ئۇستىدىكى تەتقىقاتلار كىشىلەرنىڭ ھەقىقەت ۋە ئەمەلىيەت بىلەن ئالاقىدار ئىدراك ۋە چۈشەندۈرۈشلىرىنىڭ، كۆپىنچە قوللىنىۋاتقان تىلغا باغلىق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. تىللار تەرەققىي قىلغانچە سۆزلەر ۋە تۇراقلىق ئىبارىلەر بېيىيدۇ، تارىخىي مەنالار ئالىدۇ. تىلدىكى پەلسەپىۋىيلىكنىڭ چوڭقۇرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ھەتتا بۇ تىل ئىگىلىرىنىڭ ھىس تۇيغۇلىرىنى ئويغاق تۇتىدۇ (سۇلخى دۆنمەزئەر، جەمىيەتشۇناسلىق، بەتا نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى ئىستانبۇل، 111—بەت).

تىل كۇلتۇرنىڭ مۇھىم تەركىۋىي قىسمى بولۇش بىلەنلا قالماستىن كۇلتۇرگە

نىسبەتەنمۇ ناھايىتى موھىم رول ئوينايدۇ. بەزى جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ قارىشىچە تىل كۇلتۇرنىڭ ئۇلتىپىشىدۇركى، تىل بولمىسا كۇلتۇر بولمايدۇ؛ باشقا بىر نۇقتىدىن قارىغىنىمىزدا، تىل ھەم كۇلتۇرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، كۇلتۇرنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، تىل بىر مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ، ئۇ شۇ مىللەتنىڭ تارىخىنى ۋە كۇلتۇرەل ئارقا كۆرۈنۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ مىللەتنىڭ كىشىلىك قارىشىنى، تۇرمۇش شەكىللىرىنى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلىنىمۇ مۇجەسسەملەشتۇرگەن بولىدۇ. گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جاگىيې ۋىلايىتى ۋى جيۇچۇەن شەھرىدە ياشاۋاتقان سېرىق ئۇيغۇرلار، كۇنىمىزدە تىل بار، يېزىقى يوق، ئەنئەنىۋىي دىنىي ئېتىقادى يوقالغان ياكى ناھايىتى سۇسلاشقان بىرگە قېرىنداش بىر خەلق. تىل ئۇلارنىڭ مەۋجۇدىيىتىدە ۋە سېرىق ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ ئىپادىلىنىشىدە ناھايىتى مۇھىم ئامىل بولۇپ قالغان. ئۇلارنىڭ كۇلتۇرىگە ئائىت مەزمۇنلار تىلى يوقالغانچە يوقىلىشقا باشلىغان. سانى ئاز، يېزىقى يوق بولغانلىقتىن ئۇلارنىڭ ئوقۇ —ئوقۇتۇش ئىشلىرى خەنزۇ تىل—يېزىقى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان بولغان. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مائارىپ تەربىيىسىنى ئالغانلار خەنزۇ تىل—يېزىقىغا ناھايىتى پۇختا بولغان. ئەمما ئۆز ئانا تىلىدىن بارغانچە ئۇزاقلاشقان. بۇ ئۇزاقلىشىش ئۇلارنىڭ ئۆز كۇلتۇرىگە ياتلىششىنى كەلتۇرۇپ چىقارغان. ئالىي مائارىپ تەربىيىسىنى ئالغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى سېرىق ئۇيغۇر كىملىكىدىن تېخىمۇ ئۇزاقلاشقان. ئۇلاردا يات مىللەتلەر بىلەن تويلىشىش نىسبىتى مائارىپ تەربىيىسى تۆۋەنلەردىن ناھايىتى يۇقىرى بولغان. تەكشۇرۇشىمىزچە يۇقىرى مائارىپ تەربىيىسى ئالغان سېرىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يات مىللەتلەر بىلەن تويلاشقان. تەتقىقاتىمىز نەتىجىسىنىڭ كۆرسىتىشىچە مائارىپ سەۋىيىسى يۇقىرىلىغانچە سېرىق ئۇيغۇر تىلى ۋە كۇلتۇرىدىن شۇنچە ئۇزاقلىشىش، ياتلىشىش ھادىسىسى ئوتتۇرىغا چىققان. ھەتتا ئۇلارنىڭ قىممەت قاراش ۋە تەپەككۇر شەكىللىرىدىمۇ روشەن پەرق ئوتتۇرىغا چىققان. بۇ خىل ھادىسە ئېلىمىزدىكى باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەردىمۇ كۆرۈلىدۇ.

تىل بىلەن كۇلتۇر ئۆزئارا تەسىرلىشىدۇ. مۇئەييەن بىر تىل تەۋە بولغان كۇلتۇر مۇھىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ھەمدە بۇ ئالاھىدىلىكلەر بىلەن بىرلىكتە تەرەققىي قىلىپ بېيىيدۇ(بەدىھا ئ اقارسۇ، تىل— كۇلتۇر ئالاقىسى، ئىنقىلاپ نەشرىياتى 1998-يىلى، ئۈچىنچى نەشرى،50-بەت). كۇلتۇرى

قانچىكى سەرخىل ۋە باي بولسا، ئۇ مىللەتنىڭ تىلمۇ ئۇ قەدەر باي، پاساھەتلىك بولىدۇ. ئادەتتە ئانچە تەرەققىي قىلمىغان بىر قەبىلە ياكى مىللەت تىلى بىلەن تەرەققىي قىلغان مۇئەييەن بىر مىللەتنىڭ تىلىنى ھەجىم ۋە باشقا جەھەتلەردىن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. تىلنى چۈشىنىش ئۈچۈن چوقۇم كۇلتۇرنى چۈشىنىش كېرەك، كۇلتۇرنى چۈشىنىش ئۈچۈن مۇقەررەركى تىلنى چۈشىنىش لازىم. يات تىللارنى ئۆگەنگىنىمىزدە، بۇ تىللاردىكى بەزى ئاتالغۇلار تۇراقلىق ئىبارىلەر كۆرسەتكەن، ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلاردىنمۇ خەۋەردار بولىمىز. مانا مۇشۇ مەزمۇنلار ئەسلىدە ئۇ مىللەتنىڭ كۇلتۇرىدۇر. مەسىلەن خەنزۇ تىلىنى ئۆگەنگىنىمىزدە، خەنزۇ كۇلتۇرىغا ئائىت نۇرغۇن نەرسىلەردىن خەۋەردار بولىمىز. دەسلەپتە بىزگە ناھايىتى تەتۈر كېلىدىغان ھادىسىلەرگە دۇچ كەلسەكمۇ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «بۇ ھادىسە خەنزۇلاردا نورمال قوبۇل قىلىنىدىغان كۇلتۇر ئامىلى» ئىكەن دەپ توغرا چۈشىنىپ قوبۇل قىلىمىز. مەسىلەن، خەنزۇ تىلى ۋە كۇلتۇرىدىن خەۋەرسىز بىرى، خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىشكە باشلىغىنىدا، خەنزۇلاردىكى سالام سائەت ئادەتلىرىدىن «تاماق يېدىڭىزمۇ؟/吃饭了吗؟» شەكلىدىكى ئادىتىگە قوبۇل قىلالماسلىق پوزىتسىيىسى تۇتىشى مۇمكىن. چۈنكى بۇنداق سوئاللار ھەرقانداق يەردە سورىلىدۇ، ھەتتا ھاجەتخانىدا... ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ خىل مۇھىتتا ياشايدىغان بىرى ئۈچۈن نورمال سالام-سائەت شەكلى بولۇپ قالىدۇ.

پەرقلىق تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى ئەسناسىدا تىللار ئارىسىدا سۆز قوبۇل قىلىش ھادىسىسى تەبىئىي ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. 10-ئەسىردىن ئېتىبارەن ئىسلامىيەتنىڭ تۈرك تىللىقلار ئارىسىدا كەڭرى قوبۇل قىلىنىشى بىلەن تۈرك تىلى ئەرەبچە ۋە پارسچىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشقا باشلىدى. بۇ ئەھۋال، تۇنجى ئىسلامىي ئەسەرلەردە كۆرۈلۈشكە باشلىغان. بۇ دەۋردە پەقەتلا دىن بىلەن ئالاقىدار سۆز-ئاتالغۇلار ئەمەس يەنە دىن سىرتىدىكى ئەرەبچە، پارسچە تەڭداشلىرى تىلىمىزغا كىرىشكە باشلىغان. مەسىلەن «قۇتادغۇ بىلىگ»تە؛ مۇسۇلمان، كاپىر، ھارام، ھالال، ناماز، مۆمىن، ھەبىب،ئىمان، دۇئا، مەسچىتقاتارلىق دىنىي ئاتالغۇلار بىلەن بىرلىكتە دۈشمەن، ھەقىقەت، خەلق، ۋاپا، جاپا، ئەدەپ، دۆلەت، شائىر، سىياسەت، پىراق، ۋىسال قاتارلىق دىن بىلەن بىۋاستە ئالاقىسى بولمىغان سۆزلەرمۇ كۆرۈلىدۇ(كامىلە ئىمەر، تۈركىيىدە تىل پىلانى: تۈرك تىل ئىنقىلابى، كۇلتۇر مىنىستىرلىكى نەشرى، 2001-يىلى،

ئەنقەر، 2ـ نەشرى، 36ـ بەت). كېيىنكى يىللاردا پەقەت سۆز قوبۇل قىلىش بىلەنلا قالماستىن بەلكى ئەرەبلەرنىڭ ئىسىم قويۇش ئادەتلىرى، يېزىقچىلىق ئەنئەنىلىرىنىڭمۇ سىڭىپ كىرىشكە باشلىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. مەسىلەن مەھمۇد بىننى ھۈسەيىن كاشغەرى تەرىپىدىن يېزىلغان تۈركچىنىڭ تۇنجى لۇغىتى بولغان «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ئەرەبچە يېزىلغان بولسا، كېيىنكى يىللاردا ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ ئەسىرى «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»قا ئەرەبچە ئىسىم قويۇلغانىدى.

يات كۈلتۈرلەر بىلەن ئۇچرىشىش نىسبىتى نىسبەتەن تۆۋەن بولغان كۆكتۈرك ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر دەۋرلىرىدە قالدۇرۇلغان مەڭگۈ تاشلاردىكى كىرمە سۆزلەرنىڭ نىسبىتى 1% ئەتراپىدا بولغان بولسا، يات كۈلتۈرلەر بىلەن نىسبەتەن يېقىن ئالاقىدە بولۇنغان بۇددىست دەۋر ئۇيغۇرچىسىدىكى كىرمە سۆزلەرنىڭ نىسبىتى ئادەتتە 2%ـ5% ئارىسىدا ئىدى (بەزى ئەسەرلەردە 12% گىچە چىقىدۇ.) ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئەسەرلەردىن «قۇتادغۇ بىلىگ»تىكى كىرمە سۆزلەرنىڭ نىسبىتى ئوتتۇرىچە 1.9% بولغان بولسا، بۇ ئەسەردىن تەخمىنەن ئىككى ئەسىر كېيىن يېزىلغان «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»تا بولسا 20%ـ26 ئارىسىدا ئۆزگىرىدۇ(قاراڭ: دوغان ئاقسان، «كۆك تۈركچىدىن بۈگۈنگىچە تۈركچىدە كىرمە سۆزلەر ھەققىدە بىر سۆزلۈك ئىستاتىستىكى تەتقىقاتى» تۈرى تىلى، xxxvı/313 ، 345—بەت). چاغاتاي دەۋرىدىكى كىرمە سۆزلەرنىڭ ئەھۋالى ھەممىزگە ئايان.

تىل بىلەن كۈلتۈر بىر-بىرىگە تەسىر قىلىدۇ. تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى كۈلتۈرلەرنىڭ ئۇچرىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يۇقىرىدىكى مىسالدا كۆرۈلگەندەك، تىل ئۆگىنىش قاتارلىق تىل ئۇچرىشىش ئەمەلىيىتىدە ئۆگىنىلگەن تىلدىكى كۈلتۈر ئامىللىرى ئاڭلىق ۋەيا ئاڭسىز شەكىلدە ئۆگەنگۈچى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تىل ئارقىلىق كۈلتۈرنىڭ يېيىلىشى ھادىسىسى ئوتتۇرىغا چىققان بولىدۇ. بىر مىللەتنىڭ تىلى قانچە چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىلسە، بۇ مىللەتنىڭ كۈلتۈرى ھەققىدە شۇنچە چوڭقۇر مەلۇماتقا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. يېقىن بىر دوستۇم بىلەن بولغان ھال-مۇڭ ئەسناسىدا يۇقىرىدىكى نەزەرىيىنى قوللايدىغان مۇنداق بىر مىسالغا دۇچ كەلدىم؛ «...دوستۇم، ئامەت ۋە تەلەي نۇقتىسىدا پاراڭ قىلىشىپ، قۇلىقى چوڭ، قولى كىچىك كىشىلەرنىڭ ئومۇمەن بەختلىك بولىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ خىزمەت ۋە باشقا جەھەتلەردىن خاتىرجەم بولىدىغانلىقىنى بايقىغانلىقىنى بايان قىلدى. ۋە بۇ خىل ھادىسىگە ئىشىنىشنىڭ

خەنزۇلاردا كەڭرى ئىكەنلىكىنىمۇ قەيت قىلىپ ئۆتتى. بۇ خىل ئەنئەنىنىڭ بۇددىزم بىلەن ئالاقىدار بولۇپ قېلىشى ئېھتىماللىقى ئۈستىدىمۇ توختالدۇق. «غەرپكە ساياھەت»كە ئوخشاش خەنزۇ كلاسسىكلىرىنى ئاساس قىلىپ ئىشلەنگەن، ئۇيغۇرچە تېلېۋىزور قاناللىردا توختىماي تەكرار قويۇلىدىغان تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىدا كۆپ كۆرۈنىدىغان چوڭ قۇلاق بۇدساتۋالار، قاشلىرى ئارىسىدا مېڭى بار «تەلەيلىك»لەر؛ كۈنىمىز ئۇيغۇر رايونىدا چوڭ ئەمەل تۇتقانلارنىڭ يا قولىنىڭ كىچىكلىكى ياكى قۇلىقىنىڭ چوڭلىقى ۋەيا قاشلىرىدا مەڭ بارلىقى، ھەتتا دۆلەت رەھبەرلىرىدىكى بۇ خىل ئالامەتلەر...» دوستۇممۇ بۇ خىل رىئال مىساللاردىن كېيىن بۇ خىل ئىشىنىشلەرگە قىزىقىپ قالغانلىقىنى ھەتتا ئۆزىنىڭمۇ توغرا دەپ قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلدۈردى. مەن چاقچاق قىلىپ: «مانا، زىيالىيمىز باشقا مىللەتلەرنىڭ تىل-پەلسەپىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە كۈلتۈرىنىمۇ ئۆزلەشتۈرگىلى تۇرۇپتۇغۇ!...»دەپ قويدۇم. بۇ مىسالدىن شۇ چىقىدۇ؛ تىل ئۆچرىشىشى مۇقەررەر ھالدا كۈلتۈرنىڭ ئۆچرىشىشىنى ھەتتا ئۇ تىل مەنسۇپ ئائىت كۈلتۈرنىڭ ئۆگەنگۈچى تەرىپىدىن قوبۇلىنى، پەرىقلىق كۈلتۈر ئامىللىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

تىل، كۈلتۈردىن ئىبارەت مىللىي مەۋجۇدىيەت تەمىناتىنىڭ، نەسىللەردىن نەسىللەرگە يەتكۈزۈلىشىدە ئەڭ موھىم رولنى ئويناي‍دۇ. بۇ سەۋەپلىك تىل، مىللىي كۈلتۈرنىڭ ئەڭ موھىم پارچىسى، كېيىنكى نەسىللەرگە يەتكۈزگۈچىسى ۋە جەمئىيەتتىكى سىمۋوللار سىستېمىسىنىڭ ئەڭ موھىمىدۇر. قىسقىسى تىل، مىللىي كۈلتۈرنىڭ مەۋجۇدىيىتىدە ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان ئەھمىيەتكە ئىگە. خۇنەندە ياشاۋاتقان ۋە كۈنىمىزدە ئۆزلىرىنى «ئۇيغۇر» دەپ قاراۋاتقان كىشىلەر توپى، تىلىنى يوقاتقانلىقى تۈپەيلى مىللىي كۈلتۈرىنىمۇ يوقاتقان. مىللىي كۈلتۈرى بولمىغانلىقى تۈپەيلى ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شەكلى، قىممەت قاراشلىرى، كىيىم—كېچەك، ئىسىم—فامىلە، ئېستېتىك تۇيغۇلىرى، ئۆي— سەرەمجانلىرىنى تۈزەش شەكىللىرى.......ھەقىقىي ئۇيغۇر كۈلتۈرىنى ياشىتىۋاتقان، داۋام قىلدۇرىۋاتقان تەڭرىتاغ ئۇيغۇرلىرىنىڭكىدىن تۈپتىن پەرقلىق بولۇپ كەتكەن. گۆكئالپ تەبىرى بويىچە ئېيتقىنىمىزدا(زىيا گۆكئالپ، تەربىيەنىڭ سوتسىئال ۋە كۈلتۈرەل ئاساسلىرىI، دۆلەت مائارىپ نەشرىياتى، 1997—يىلى ئىستانبۇل، 228بەت.) ، «مۇئەييەن بىر كىشىنىڭ قايسى قەۋم، مىللەت—ئىرققا تەۋەلىكى مەسىلىسىدە، ئۇنىڭ ئېتنىك مەنبەسىدىن بەكرەك، ئۇنىڭ كىمنىڭ (يەنى قايسى

قەۋمنىڭ، مىللەتنىڭ) تەربىيىسىنى ئالغانلىقىغا، كىمنىڭ كۆلتۈرىدە يېتىشكەنلىكىگە قاراش كېرەك. چۈنكى، مۇئەييەن بىر شەخس ياكى گۇرۇپ قايسى جەمئىيەتنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان بولسا، ئۇ جەمئىيەتنىڭ غايىسى ئۈچۈن ئىشلەيدۇ. ئىنسان قايسى جەمئىيەتنىڭ تەربىيىسىنى ئېلىپ چوڭ بولغان بولسا، ئۇ جەمئىيەتنىڭ غايىسى ئۈچۈن هاياتىنى ئوڭايلا پىدا قىلالايدۇ. پەقەت كېلىپ چىققان (ئۆزى ئەسلىدە تەۋە بولغان) جەمئىيەت ئۈچۈن پىدا قىلالمايدۇ. كىشى ئالغان تەربىيىسى جەھەتتىن ئوخشاش بولمىغان جەمئىيەتتە ياشىسا ئانچە بەختلىك بولالمايدۇ. ئىچى سىقىلىپ قالىدۇ».

تارىخىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق، بىزدە ئۆزى ئىرقىي ۋە ئېتنىك جەھەتتىن تۈرك—ئۇيغۇر بولسىمۇ ئەرەپ—پارس ۋە خەنزۇ مائارىپ سىستېمىسىدا يېتىشىپ، بۇ تىللاردا تەپەككۇر قىلغان ۋە شاھانە ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەنلەر بولغان(بۇ نۇقتىدىن چىقىپ قارايدىغان بولساق، يەنى مەنسۇبىيەت ۋە مىللىي كۆلتۈر نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ ئىسلامىيەتتىن كېيىن خۇسۇسەن ئۇيغۇر تارىخىدا چاغاتاي دەۋرى دەپ ئاتالغان زامان تىلمى ئىچىدە بىرمۇنچە ئۇيغۇر ئىرقى ۋەيا قەۋمگە ئائىت زىيالىيلارنىڭ ئەرەب پارس تىلىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. مەشھۇر پەيلاسوپ فارابىنى غەرپلىكلەرنىڭ خۇسۇسەن پەلسەپە دۇنياسىدىكىلەرنىڭ ئۇيغۇر ياكى تۈرك دەيدىغانلىرى خېلى ئاز. چۈنكى فارابىنىڭ ئەسەرلىرى ئەرەبچە يېزىلىپ قالدۇرۇلغان. بىرۇنىمۇ شۇنداق. بۇ سەۋەبلىك پارسلار ئۇنىڭ پارس ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرسە، بىز ئۇيغۇرلىقىدا چىڭ تۇرىمىز. بىزنىڭ ئەڭ چوڭ پاكىتلىرىمىزدىن بىرى فارابىنىڭ ئوترارلىق بىر تۈرك يۇرتىدا تۇغۇلغانلىقىدۇر. كاشكى فارابىمۇ ناۋايىدەك بىرەر «مۇھاكىمەئى فەلسەفە»نى ئۇيغۇر/تۈرك تىلىدا قالدۇرغان بولسا بىزنىڭ غورۇرىمىزنى تېخىمۇ ياخشى پەپلىگەن بولۇر ئىدى. ئابلىز مۇھەممەد سايرامى ئەپەندىمنىڭ قېدىرىشى نەتىجىسىدە بايقىلىۋاتقان سۈي، تاڭ، يۈئەن سۇلالىرى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇرلار قالدۇرغان شانلىق ئەسەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خەنزۇچە. بۇ ئارقىلىق ئۇلار ئۇيغۇر تىلى ۋە كۆلتۈرىنىڭ تاكامۇللىشى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى خەنزۇ تىلى ۋە كۆلتۈرىنىڭ تاكامۇللىشى ئۈچۈن بەكرەك خىزمەت قىلغاندۇر. بۇ سەۋەبلىك مەنسۇبىيەتتە مىللىي كۆلتۈر شۇنداقلا ئانا تىل ۋاز كېچىلمەس ۋە يىقىلماس رولنى ئوينايدۇ). ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى، بىز ئۇلارنىڭ ئېتنىك مەنسۇبىيىتى

يەنى ئۇيغۇرلۇق ۋە ئۇيغۇر كۈلتۈرى نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىپ باھا بېرىدىغان بولساق، باشقىچە مەنزىرە بىلەن يۈزلىشىشكە مەجبۇر بولىمىز. قاراخانىلار، سەلجۇقىلار ۋە يۈەن سۇلالىرى دەۋرىدىكى بۇ مەشھۇر ئالىملار ياراتقان ئالەمشۇمۇل ئەسەرلىرى بىلەن ئۇيغۇر—تۈرك كۈلتۈرىگە ئەمەس بەلكى ئەرەپ—پارس ۋە خەنزۇ كۈلتۈرى شۇنداقلا ئۇ مىللەت كۈلتۈرىنىڭ ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تاكامۇللىشىشىغا بەكرەك تۆھپە قوشقان. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۆتكەن ئەسىردە سانى كۆپىيىشكە باشلىغان خەنزۇ تىللىق ئۇيغۇرلارنىڭ(خەنزۇ تىللىق ئۇيغۇرلار؛ ئۇشبۇ ئاتالغۇ تىلىمىزدا ۋە مەتبۇئاتىمىزدا تېخىچە كۆرۈلۈپ باقمىغانلىقتىن كۆپىنچىمىزگە يات تۇيۇلۇشى مۇمكىن. بۇ سەۋەبلىك بەزىلەر تۇنجى قېتىم ئاڭلىغىنىدا ئىندىكىپ كېتىشى ياكى دەماللىققا خاتا چۈشىنىپ قېلىشى مۇمكىن. ئاتالغۇ جەمىيىتىمىزدىكى رېئال سوتسىئولوگىيىلىك ھادىسىنىڭ ئىسمىلەندۈرۈلىشىدۇر. ئۇشبۇ ئاتالغۇ ئىپادىلەيدىغان گۇرۇپ، ئېتىنىك جەھەتتىن ئۇيغۇر، ئەمما ئالغان تەربىيىسى، قىممەت قاراش ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردىن خەنزۇچە بولغانلارنى كۆزدە تۇتىدۇ. تېخىمۇ ئاممىباپ قىلىپ ئېيتىدىغان بولساق، ئۇيغۇر ئاتا-ئانىدىن تۆرەلگەن ئەمما يەسلىي، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا، ئونىۋېرسىتېت تەربىيىسىنى خەنزۇ مەكتەپلىرىدە خەنزۇچە ئالغان؛ كۈندىلىك ئالاقىدە، خۇسۇسەن ئىنچىكە تۇيغۇلىرىنىڭ ئىپادىلىنىشىدە خەنزۇ تىلىنى ئىشلىتىدىغان، راۋان ئۇيغۇرچە سۆزلىيەلمەيدىغان؛ ئۇيغۇرلارغا ۋە ئۇيغۇر كۈلتۈرىگە ئائىت ھادىسىلەرگە نورمال بىر ئۇيغۇردەك مۇئامىلە قىلالمايدىغان، تەپەككۇر شەكلى، قىممەت قاراشلىرى خەنزۇچە بولغانلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سەۋەبلىك بىز دەۋاتقان خەنزۇ تىللىق ئۇيغۇرلار پەقەتلا (تېخىچە تىلىمىزدا مۇۋاپىق بىر ئۇيغۇرچە ئاتالغۇ بىلەن ئىپادە قىلىنالمايۋاتقان) مىنكاۋبەن—民考汉لەرنى كۆزدە تۇتمايدۇ. بەلكىم ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم پۈتۈنلەي خەنزۇچە ئوقۇپ چىققانلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن. چۈنكى مىنكاۋبەن—民考汉لەر ئىچىدە تولۇقسىزغىچە ياكى تولۇقتىچە ئۇيغۇرچە ئوقۇغاندىن كېيىن خەنزۇچىغا ئالماشقانلارمۇ بار. بۇلارنى خەنزۇ تىللىق ئۇيغۇر دېگىلى بولمايدۇ. خەنزۇ تىللىق ئۇيغۇرلار ھەقىقەتەن جەمئىيىمىزدە پەرقلىق بىر گۇرۇپنى تەشكىل قىلماقتا. ئۇلارنىڭ ياشاش شەكىللىرى، قىممەت قاراشلىرى، تەپەككۇر شەكىللىرى باشقا ئۇيغۇرلاردىن كەسكىن بىر شەكىلدە ئايرىلىدۇ. خەنزۇلار بىلەن تامامەن ئوخشاشلىقىنى ئېيتىشمۇ تەس. شىنجاڭدا بىر زامانلار مودا بولغان

مىنكاۋخەن—汉考民لەر شىنجاڭدىكى 14 ـ مىللەت، جۇڭگودىكى 57 ـ مىللەت دېگەن چاقچاق ئارىلاش ئاتاشلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدا ئۇلارنىڭ يۇقىرىدىكى سوتسىئولوگىيىلىك ئالاھىدىكلىرى سەۋەبچى بولغان. بۇ خىل ئاتاشلارنىڭ ھەم ئۇلار تەرىپىدىن ھەم ئەتراپتىكىلەر تەرىپىدىن دېيىلىدىغانلىقىغا خېلى كۆپ يەردە شاھىت بولغانىدۇق. خەنزۇ تىللىق ئۇيغۇرلارنىڭ قىممەت قاراش ۋە تەپەككۇر شەكىللىرىنى چۈشەندۈرىدىغان مۇنداق بىر مىسالنى خىزمەتداشلىرىمدىن ئاڭلىغانىدىم؛ ئائىلە رەئىسى ۋە ئۇنىڭ خانىمى ھەممە جەھەتتىن ئۇيغۇر بولغان ئائىلىدە تۇغۇلۇپ، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپنى خەنزۇ مەكتەپتە تاماملاپ شاڭخەيدىكى مەلۇم بىر ئۇنىۋېرسىتېتتا تولۇق كۇرس ئوقۇغان قىزىنىڭ توي ئىشىغا ئارىلاشقان ئاتا ـ ئانا، قىزىنىڭ چوقۇم ئۇيغۇر بىلەن ۋە تېگى بار، تۇزۇك كىشىلەرنىڭ بالىسى بىلەن توي قىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئاتا ـ ئانا مۇۋاپىق كۆرگەن لايىقى قىز بىلەن ئۇچراشتۇرۇلىدۇ. ئۇچرىششتىن كېيىن قىزىنىڭ پىكرى چوڭلار ئويلىمىغان يەردىن چىقىدۇ. قىزى؛ «ئانا، ئۇ بالا مىنكاۋمىن«民考民» ئىكەن، مىنكاۋمىنلار بەكلا شىئوڭ«凶»، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ بالا قوي گۆشى پۇرايدىكەن، قارىسام قارىسام ئۇيغۇر كۆرۈنىدۇ. مەن ئۇلارغا كەنبۇگۇەن (看不惯)...» دەيدۇ. قىزىنىڭ بۇ سۆزلىرى ئاتا ـ ئانىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدۇ. كېيىن ئۇرۇمچىدە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن بۇ يەرگە كۆنەلمىدىم دەپ شاڭخەيگە كېتىپ قالىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ قىز، شاڭخەيدە خىزمەت قىلىدىغان بىر خەنزۇ يىگىتى بىلەن توي قىلىدۇ. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قارشى چىقىشلىرىمۇ كار قىلمايدۇ.) ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ۋە كۇلتۇرەل ھاياتىدا پەرقلىق بىر گورۇپپىنى شەكىللەندۈرىۋاتقانلىقى ھەممىزگە ئايان. ئانا تىل ۋە مىللىي كۇلتۇر نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ ئۇلارنى ئۇيغۇر تىللىق ئۇيغۇرلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك ماھىيەتلىك مەزمۇنلارنى كۆرەلەيمىز.

پايدىلانغان مەنبەلەر؛

1. ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق، «كۇلتۇر ۋە مەدەنىيەت ئاتالغۇلىرىغا سوتسىئولوگىيىلىك ئىزاھات» تورپان، 2003—يىلى 4—سان.

2. ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق، «كۇلتۇرنىڭ مەدەنىيەتتىن پەرقى ۋە مىللىي كۇلتۇر» تورپان، 2004—يىلى، 2— سان.

3. Bediha AKARSU, Dil—Kültür Bağlantısı, İnkilap Kitabevi, Üçüncü Basım, 1998 yıl, İstanbul

4. 戴昭铭，文化语言学导论，语言出版社，2005年，第三版。
5. 戴庆厦，社会语言学概论，商务印书馆，2004年，北京。
6. Doğan Aksan, Köktürkçeden bugüne Türkçede ödünçlemeler üzerine bir istatistiği araştırması, Türk Dili, XXXVI/313. 1997. yıl.
7. Gordon Marshal, Sosyoloji Sözlüğü, Çev.: Osman Akınhay, Derya Kömürcü, Bilim ve Sanat, 1999, Ankara.
8. Kamile İmer, Türkiye'de Dil Planlaması ve Türk Dil Devrimi, T.C. Kültür Bakanlığı Yayını 2001, İkinci Baskı.
9. Sulhi Dönmezer, Toplumbılım, Beta Basım Yayım Dağıtım A.Ş., İstanbul 1994
10. Ziya Gökalp, Türk Uygarlığı Tarihi, neşre haz.: Yusuf Çotuksöken, İnkilap Yayınevi, 1991, İstanbul.
11. Ziya GÖKALP, Terbiyenin Sosyal ve Kültürel Temelleri I, Milli Eğitim Basımevi, İstanbul 1997 yıl,
12. 张松瑾、丁石庆主编，文化社会学教程，教育科学出版社，2004年，北京

ئۇشبۇ ماقالە، 2005-يىلى 10-ئىينىڭ 2-كۈنىدىنى 6-كۈنىگىچە داۋام قىلغان مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان. «شىنجاڭ رادىيو تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2006-يىللىق 3-سانىدا ئېلان قىلىنغان.

ئاپتور: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى مىللەتشۇناسلىق ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتى جەمئىيەتشۇناسلىق فاكۇلتېتى دوتسېنتى، ماگىستىر ئاسپىرانتلار يېتەكچىسى.

# يايلاق مەدەنىيتى ۋە ئىنسانىيەت تارىخى

ملك چىبى (موڭغۇل)
قاھار ئەھەد تەرجىمىسى

## ئىنسانىيەت مەدەنىيتىنىڭ ئالتە خىل تىپى

تارىخ — رەڭگارەڭ ئىچكى تىندۇرمىغا ئىنتايىن باي بولغان، يەنە كېلىپ ھەجىم ۋە سىغىمنى ئۆزلۈكسىز زورايتىۋاتقان غايەت زور ئۆزەكتىن ئىبارەت. ئادەملەر ئوخشىمىغان نۇقتا ۋە ئوخشىمىغان بۇلۇڭدىن تارىخنىڭ باش–ئايىغىغا سىڭىپ كەتكەن قىزىل سىزىقلارنى تاپالايدۇ. بۇ خىل قىزىل سىزىقلار بەجايىكى ئادەم بەدىنىدىكى پەللىلەردەك توم، ئىنچىكىلىرى بولۇپ، ئۆزۈنىسىغا كەتكەن بوغۇن بىلەن توغرىسىغا كەتكەن بوغۇنلارنى شەكىللەندۈرىدۇ. كىشىلەر ئوخشاش بولمىغان قىزىل سىزىقلارغا ئاساسەن تارىخي تەرەققىياتنىڭ سەۋەب–نەتىجە زەنجىرلىرىنى ئىزدىشىدۇ. قىزىل سىزىقنىڭ ئىنچىكە–توملۇقى ئوخشاش بولمىسا، سەۋەب–نەتىجە زەنجىرىنىڭ تارىخي تەرەققىياتقا بولغان تەسىر قىلغۇچى كۈچ بىلەن ئەكس تەسىر قىلغۇچى كۈچىنىڭ كۈچلۈك–ئاجىزلىقىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. تارىخنى بىلىش بىلەن تەبىئەتنى بىلىش بىردەكلىككە ئىگە. تەبىئەتنى بىلىش ئۈچۈن يوللار بويىچە، ئۆزۈنۈش نۇقتىلىرى بويىچە ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ، پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭ كۆپ خىللىقى ۋە موللۇقىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. تارىخقا نىسبەتەنمۇ ئەنە شۇنداق پوزىتسىيىدە بولۇش كېرەك. بىر خىل سەۋەب–نەتىجە زەنجىرىنى مۇتلەقلەشتۈرۈۋېلىپ، شۇنىڭغىمۇ ئىسىلىۋېلىش ھەمدە ئۇنى تارىخنىڭ باش–ئاخىرىدىكى سەۋەب دەپ كېسىپلا ھۆكۈم قىلىۋېتىش تارىخنىڭ موللۇقى بىلەن ئۆزئارا زىت كېلىدۇ. ئاددىيلاشتۇرۇلغان بۇ خىل ئۇسۇل تارىخقا نىسبەتەن

تۈيۈق يولدىن ئىبارەت. تەبىئەتنى بىلىشنىڭ ئاخىرقى قۇتۇپى بولمايدۇ. تارىخنى بىلىشنىڭمۇ ئاخىرقى قۇتۇپى بولمايدۇ. تارىخ ئەسلا تۇرغۇن ھالەتتىكى ئۆتمۈش ئەمەس. ئۇ ھازىرنى، كەلگۈسىنى توختاۋسىز رەۋىشتە ئۆتمۈشكە ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆز تەۋەلىكىگە كىرگۈزۈپ، ئۆزىنىڭ تىررىتورىيىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تارىخنى ئادەملەر يارىتىدۇ. ئادەم بولسا ئەبەدىلئەبەد يەشكىلى بولمايدىغان نامەلۇم ساندىن ئىبارەت. تارىخ بىر سىردۇركى، سىز پەقەت بىر قەدەم—بىر قەدەمدىن ئۇنىڭغا يېقىنلىشالايسىزيۇ، ئۇنىڭغا تەلتۆكۈس ئىگە بولالمايسىز. ئويلاپ كۆرەيلى، ئىنسانىيەت مايمۇنسىمان ئادەمدىن ھەقىقىي ئادەم سىياقىغا كىرگۈچە ئۈچ مىليون يىللىق تارىخنى باشتىن كەچۈردى. تانزانىيىدىن بايقالغان 13 پارچە دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئادەملەرنىڭ تاشقا ئايلانغان سۆڭەكلىرىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇنىڭ يىل دەۋرى ئۈچ مىليون 700 مىڭ يىلدىن ئۈچ مىليون 950 مىڭ يىل بۇرۇنقى ئادەملەرنىڭ تاشقا ئايلانغان سۆڭىكى دەپ بېكىتىلدى. مۇشۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان يىللاردىكى ئادەملەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش تامامەن مۇمكىن بولمايدىغان ئىشتۇر. شۇڭا ھەر خىل بۇلۇڭلاردىن چىقىش قىلىپ تارىخنى بىلىش ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ، يالاق مەدەنىيەتشۇناسلىقنى چىقىش قىلىپ تارىخنى تەرەققىياتنىڭ قىزىل سىزىقى ئۈستىدە ئىزدىنىشنىمۇ بىر خىل مۇھىم ئۇسۇل دەپ قاراشقا بولىدۇ.

مەدەنىيەت توغرىسىدا نۇرغۇن تەبىر بار. بۇ تەبىرلەرنىڭ توغرىلىقى زادى قانچىلىك؟ بۇنىڭغا ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەتتىن ئىبارەت بۇ توپ ھادىسىگە نېمە ئۈچۈن موھتاج بولىدىغانلىقىنى چىقىش قىلغان ھالدا باھا بېرىش كېرەك. ئادەم ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالىمەن دەيدىكەن، ئۇ ئۆزىنى، تاشقى دۇنيانى ئۆزگەرتىشى كېرەك. ئۆزىنى ئۆزگەرتىش — ئۆزىنىڭ ماھىيەتلىك كۈچ—قۇدرىتىنى تولۇقلاپ تەبىئەتتىن تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنىش ئۈچۈندۇر؛ تاشقى دۇنيانى ئۆزگەرتىش — ئۆز ھاجەتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇش ئۈچۈندۇر. مەيلى ئۆزىنى ئۆزگەرتىش بولسۇن ياكى تاشقى دۇنيانى ئۆزگەرتىش بولسۇن، بۇنىڭدا قوللىنىلغان ۋاستە — ئۆزىنىڭ جىسمانىي ۋە ئەقلىي كۈچىگە تايىنىپ ياراتقان مەدەنىيەتتىن ئىبارەت بولىدۇ. ئۆزگەرتىش ئەمەلىيەتتە مەدەنىيەتنىڭ روياپقا چىقىشىدىن ئىبارەت. بىر بۆلۈم ئىنسانىيەت تارىخى مەدەنىيەتتىن پايدىلىنىپ ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ دۇنيانى يارىتىش تارىخىدۇر.

ئىجتىمائىيەتنىڭ ئۆزى بىر خىل مەدەنىيەت مۇھىتى بولۇپ، ئادەم بۇ خىل مەدەنىيەت مۇھىتىدا ياشىغىنىدا ھەم بۇ خىل مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، ھەم بۇ خىل مۇھىتقا يېڭى مەزمۇن قوشىدۇ. ناۋادا ئەڭ زور چەكتە يېڭىلىق ياراتماستىن، بەلكى قول قوشتۇرۇپ كۈتۈشتىن ئىبارەت پاسسىپلىق بىلەن بۇ خىل مۇھىتنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغاندا مەدەنىي مۇھىت سۇسلىشىدۇ. ئىجتىمائىيەتنىڭ مەدەنىيەت تەركىبى سۇسلاشقان ھامان، ئادەمنىڭ ئەقلىي، جىسمانىي قۇۋۋىتى ئۇرغۇيالماي، ئادەم ئوبيېكتىپ تەبىئەت ئالدىدا قابىلىيەتسىز، كۈچسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ، ئادەمنىڭ تەبىئىي ھەيدەكچىلىك قىلىش ئىقتىدارىمۇ ئاجىزلىشىدۇ. ئادەمنىڭ ھاياتىي كۈچىمۇ ئەھمىيەتسىز ئۇرۇنۇشلاردا خورايدۇ.

ھەربىر جەمئىيەت ئۆز ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان مەدەنىيەت ئىچكى تىندۇرمىلىرىنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. جەمئىيەتنىڭ ئىچكى تىندۇرمىلىرىغا نىسبەتەن ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغىنى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىسىدىن ئىبارەت. بىراق قەدىمدىن ھازىرغىچە مۇنداق بىرنەچچە خىل ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىلىرىنى ئايرىپ چىقىشقا بولىدۇ. بۇلار: ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىسى، ئىپتىدائىي تېرىپ—يىغىش ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىسى، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىسى، تېرىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىسى، سودا—سېتىق ئەندىزىسى، سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىسىدىن ئىبارەت. بۇ بىرنەچچە خىل ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىسىگە مۇناسىپ ھالدا، ئىنسانىيەتنىڭ تارىخ مۇساپىسىدە ئالتە خىل مەدەنىيەت تىپى مەيدانغا كەلگەن. بۇلار: ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق مەدەنىيىتى، ئىپتىدائىي تېرىپ—يىغىش مەدەنىيىتى، چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى (ياكى يايلاق مەدەنىيىتىمۇ دېيىلىدۇ)، تېرىقچىلىق مەدەنىيىتى، سودا—سېتىق مەدەنىيىتى، سانائەت مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت. بۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ بىر پۈتۈنلۈككە نىسبەتەن ئېيتىلغان. ھەممە رايون، ھەممە مىللەت بۇ ئالتە خىل مەدەنىيەتنى باشتىن كەچۈرمەيدۇ. لېكىن بۈگۈنكى دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ ماددىي مەدەنىيەت تەرەققىيات سەتھىسىدە غايەت زور پەرقلەر روياپقا چىقتى. ئومۇمەن مەدەنىيەتنىڭ بۇ ئالتە خىل تىپىنى تەلتۆكۈس باشتىن كەچۈرگەن مىللەتلەر بىلىش جەھەتتە بىرقەدەر تاكامۇللۇققا ئېرىشتى. ناھايىتى كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە ۋە ئىجادچانلىققا ئىگە بولدى؛ ۋەھالەنكى، مەدەنىيەتنىڭ بۇ ئالتە خىل

تىپىغا تويۇنمىغان مىللەتلەردە تەبىئىي كەمتۈكلۈكلەر ئۆزىنى ئاشكارىلىدى.

كەڭ مەنىدىكى مەدەنىيەت ئىنسانىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى پۈتكۈل نەتىجىلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ ئومۇمىي رولى ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت. ماددىي ئىشلەپچىقىرىش كىشىلەرنىڭ ماددىي موھتاجلىقلىرىنى قاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ ئۇنۇمى ئىپتىدائىي تەبىئەتنىڭ قالاقلىقىنى ئۆزگەرتتى. بۇ خىل ئۆزگەرتىشلەرنىڭ جۇغلانمىلىرى بۈگۈنكى يەر شارىدىكى ئاۋات، باياشات بولغان سۈنئىي تەبىئەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى؛ مەنىۋى جەھەتتىكى تەربىيىلەر ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى ئىشلەپچىقىرىشلار ئادەمنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ ئۇنۇمى ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىنى ئۆزگەرتىپ، ئادەمنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىكى قەھەتچىلىكلەرنى تۈگىتىدۇ. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ئادەملەرنىڭ كۆللى مەۋجۇداتنىڭ خوجىسىغا ئايلىنىپ، تەڭرىنىڭ ئورنىنى بېسىشى دەل مۇشۇنداق ئۆزگەرتىش جۇغلانمىلىرىنىڭ نەتىجىسىدۇر. مەدەنىيەتنى ئۇقۇم جەھەتتە ماددىيەت ۋە مەنىۋىيەتتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە ئېنىق ئايرىغىلى بولىدۇ. لېكىن رېئال تۇرمۇشىمىزدا بۇ ئىككىسى چەمبەرچاس باغلانغان بولىدۇ. ئۇلار بىر–بىرىگە ئۆزئارا بېقىنىدۇ، بىر–بىرىگە ئۆزئارا تۈرتكە بولىدۇ، بىر–بىرىنى ئۆزئارا بېيىتىدۇ، بىر–بىرىنى ئۆزئارا يۈكسەلدۈرىدۇ. بۇ ئىككى تۈرنىڭ مەركىزى ئادەم بولۇپ، ئادەم ئۇلارنىڭ سۈپەت ۋە سانىنى بىر ياقلىق قىلىدۇ. بۇ، ئادەم پەقەت ئۇلارنى ئىدارە قىلىدۇ، ئەسلا ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس. ئادەم ۋە مەدەنىيەت بىر–بىرىنى يارىتىدۇ. ئادەم مەدەنىيەتنى يارىتىدۇ. مەدەنىيەتمۇ ئادەمنى يارىتىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ ئادەمنى يارىتىشى ئىككى تەرەپتىن مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدۇ. بىر تەرەپتىن ئادەمنىڭ زېھنىنى ئاچىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئادەمنىڭ ياۋايىلىقىنى بايقۇت قىلىدۇ. بۇ ئىككىسى قوشۇلۇپ ئادەمنىڭ مەدەنىيلىكىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ھەرقانداق مەدەنىيەت شەكلىنىڭ ئادەمنىڭ ئاساسىي كۈچ سەرپ قىلىش نۇقتىسىنى يارىتىشى ئوخشاش بولىدۇ. لېكىن ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت شەكىللىرى كۈچ سەرپ قىلىش نۇقتىلىرىنىڭ يۆنىلىشىدە ئىختىلاپ كۆرۈلىدۇ، بەزىدە بۇ ئىختىلاپ ناھايىتى زور بولىدۇ.

ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت شەكىللىرى ئوخشاش بولمىغان ياشاش ئۇسۇلى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ھەربىر خىل مەدەنىيەتنىڭ ناھايىتى ئۆزۈنغا

سوزۇلغان زامان كەڭلىكى بولىدۇ. بۇ كەڭلىك نەچچە يۈز يىل، ھەتتا نەچچە مىڭ يىللا سوزۇلىدۇ. بۇ كەڭلىكتە خانىدان–سۇلالىلەر ئالمىشىدۇ. سىياسىي ھوقۇق ئالمىشىشتەك چوڭ ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ. پەقەت ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىلىرىدە ئۆزگىرىش بولمايدۇ. ياشاش شەكلىنىڭ قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ. مەدەنىيەت شەكلىنىڭ مېرىدىئان تورلىرىدىمۇ ئۆزگىرىش بولمايدۇ. ئادەملەرنىڭ پسىخىك مەزمۇنلىرىدىمۇ ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش بولمايدۇ. ئادەمنىڭ ھاياتى بىر قېلىپتا قايتا–قايتا تەكرارلىنىپ، بىر تۇراقلىق سانىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئۇ ئادەملەردە پسىخىك جۇغلانمىلارنى قالدۇرۇپ، كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئاڭنى شەكىللەندۈرمەي قالمايدۇ. بۇ خىل يوشۇرۇن ئاڭ — كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلىشتىكى ئۆتكۈنچى باسقۇچى ۋە تاشقى دۇنيا ئۇچۇرلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئەندىزىسىدىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇنداق ئەندىزە مەۋجۇت بولۇش سەۋەبلىك، قىممەتكە، ئەخلاققا ۋە گۈزەللىككە باھا بېرىشتە بىر خىل قاراتمىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ خىل قاراتمىلىق بىر مىللەت بىلەن يەنە بىر مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دۇنيادىكى بارلىق مەدەنىيەت پەرقلىرى مانا مۇشۇنداق شەكىللەنگەن بولىدۇ. بىر خىل مەدەنىيەت مۇھىتىدىن يەنە بىر خىل مەدەنىيەت مۇھىتىغا تۇيۇقسىز كىرگەندە، ئادەم ئۆزىنى بىئەپ سېزىپ قورۇنىدۇ. ھەتتا يېتىرقايدۇ تاكى بېقىندۇرۇلمىغىچە، ياكى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنمىغىچە بۇ خىل تۇيغۇ يوقالمايدۇ. بۇنىڭغا دەل كونا پسىخىك ئەندىزىلەر كاشىلا تۇغدۇرۇۋاتقان بولىدۇ. بۇ خىل ئەندىزىنىڭ تەسىرىدىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قۇتۇلغىلى بولمايدىغان بولۇپ، بۇ جەريان ناھايىتى ئۇزۇن داۋاملىشىدۇ.

تارىخنىڭ كەسمە يۈزىدىن قارىغاندا، ئادەملەردىكى پسىخىك ئەندىزە بىر قاتلامنى شەكىللەندۈرەلەيدىغان بولۇپ، بۇ ئادەملەرنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت قۇۋۋىتىدە چوڭقۇر قۇدۇقتىن بىرنى ئارتۇق قازغان بىلەن باراۋەر، ئادەملەرنىڭ ھاياتىدىمۇ يېڭىچە ھالەتلەر كۆرۈلىدۇ. ئادەملەر باشتىن كەچۈرگەن مەدەنىيەت مۇھىتلىرى كۆپ بولغانسېرى ئەقلىي قۇۋۋەت قۇدۇقلىرىمۇ كۆپىيىدۇ. ئادەملەر ھاياتىنىڭ ئەسلى قىياپىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرمۇ زور بولىدۇ. بىرنەچچە خىل مەدەنىيەتنىڭ ئۆزئارا ئۆتۈشۈشى ئاز بولىدىكەن، ئادەم زېھنىگە قارىتىلغان ئېچىشمۇ ئازايغان بولىدۇ. ناۋادا بىر مىللەت ئۇزۇنغا سوزۇلغان زامان كەڭلىكىدە، بىر–ئىككى خىل مەدەنىيەت شەكلىگە تۇراقلاشقان بولسا، يېڭى تەرەققىياتلارغا

ئېرىشەلمىسە ھەمدە غەيرىي مەدەنىيەتنىڭ سىڭىپ كىرىشىمۇ بولمىسا، ھازىرقى مودا گەپ بويىچە ئېيتقاندا، ئېنتروپىيىنىڭ ئېشىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ناۋادا يەنە كېلىپ جۇغراپىيىلىك مۇھىتى بېكىنمە بولىدىكەن، بۇ مىللەتتە چېكىنىش، خارابلىشىش يۈز بېرىشى، ئاخىرىغا بېرىپ يەر شارىدىن يوقىلىشى مۇمكىن. ھازىرغىچە مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتمىغان تەقدىردىمۇ، ئەقلىي قۇۋۋىتىنىڭ يېتىلىشىدە بالاغەت كۆرۈلمەسلىكى مۇمكىن. تەقدىرىدە يەنە تېخى غەيرىيلىك كۆرۈلۈشى مۇمكىن. ئافرىقا، ئوكيانىيە، ئاتلانتىك ئوكياندىكى بەزى يەرلىك مىللەتلەردەك ۋە ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئىندىئان قەبىلىلىرىگە ئوخشاش قالاق مىللەتلەردىلا ئەمەس، تارىختا پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان قەدىمىي مىللەتلەردىمۇ بۇ خىل كەمتۈكلۈكنى تاپقىلى بولىدىكەن. سانائەت مەدەنىيىتى تېخى يەر شارىدا روياپقا چىقمىغاندا، بۇ قەدىمىي مىللەتلەر ئۆزىنى سېلىشتۇرغۇدەك ئىلغار مەدەنىيەت سېلىشتۇرمىلىرى بولمىغاچقا، ئۇلار يەنىلا ئەجدادلىرىنىڭ ئۇلۇغۋار تۆھپىلىرىنى دەستەك قىلىپ ئەتراپىدىكى باشقا مىللەتلەرنى نەزىرىگە ئىلمايتتى؛ سانائەت مەدەنىيىتى دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ چوڭقۇر پىسخىك قاتلاملىرىدىكى كەمتۈكلۈكلەر مانا مەن دەپ نامايان بولۇپ، ناھايىتى قالاقلىقى ئاشكارىلىنىپ قالدى. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مەدەنىيەتنىڭ ئالتە خىل تىپىنىڭ ئىنسانىيەت مەنىۋىيىتىنى يارىتىشتا ئوينىغان رولىنى تەتقىق قىلىشنىڭ بۈگۈنكى كۈنلۈكتىكى ئىنسانىيەت يېتەلىگەن بىلىش سەۋىيىسى بىلەن مەدەنىيلىك سەۋىيىسى ۋە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا بۇ ئىككى جەھەتتە ساقلانغان پەرقنى تونۇپ يېتىشكە نىسبەتەن ئالاھىدە پايدىسى بولىدۇ. بولۇپمۇ يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش تەرەققىيات تارىخىغا نىسبەتەن ئوينىغان رولى مۆلچەرلىگۈسىز بولىدۇ. شۇڭا، تەتقىقاتىنىڭ فوكۇس نۇقتىسىنى يايلاق مەدەنىيىتىگە قويۇش ئارقىلىق بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش بۇ تېمىنىڭ چىقىش نۇقتىسىدۇر.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن ئالتە خىل مەدەنىيەت شەكلى — ئىنسانىيەت تارىخى باشتىن ئۆتكۈزگەن پۈتكۈل مەدەنىيەت شەكلىدۇر. غەربتە، بۇ ئالتە خىل مەدەنىيەت شەكلى ئاساسەن دېگۈدەك بىر تەرەققىيات پەلەمپىيىنى شەكىللەندۈرگەن؛ شەرقتە بولسا، پەقەت ئالتە خىلنىڭ ئىككى خىلىنى: ئىپتىدائىي مەدەنىيەت بىلەن تېرىقچىلىق مەدەنىيىتىنى باشتىن كەچۈرگەن. تېرىقچىلىق مەدەنىيىتى شەرق مەدەنىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپ قالغان

بولۇپ، تېرىقچىلىق مەدەنىيىتىدىلا توختاپ قالغان. ياپونىيىدىن سىرت، باشقا شەرق دۆلەتلىرى پەقەت يېقىنقى يېرىم ئەسىرگە كەلگەندىلا، ئاندىن غەربنىڭ توپ—زەمبىرەكلىرىنىڭ زەربىسى، تاۋارلىرىنىڭ بېسىپ كىرىشى ۋە ھەر خىل مەدەنىيەت ئېقىملىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە ئەگىشىپ، سودا مەدەنىيىتى ۋە سانائەت مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. شەرق مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس تەرەققىيات قىزىل سىزىقى بولىدۇ. شەرق مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئوخشىمايدىغان جايلىرىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، بۇ ئىككى خىل قىزىل سىزىقنى سېلىشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

مەيلى غەرب مەدەنىيىتى بولسۇن ياكى شەرق مەدەنىيىتى بولسۇن ھەر ئىككىلىسى ئىپتىدائىي مەدەنىيەتنى مەنبە قىلغان بولىدۇ. ئىجتىمائىي پەنلەر، بولۇپمۇ ئىنسانىيەت ئىلمى بىلەن مەشغۇل بولىدىغان مۇتەخەسسىسلەردە ئىپتىدائىي مەدەنىيەتنى كۆزگە ئىلماسلىقتەك ئەجەللىك ئاجىزلىق بولۇپ، ئۇلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتنى قالاق، ياۋايىلىققا تولغان دەپ بىلگەچكە، مەدەنىيەتنى پەقەت تارىخقا پۈتۈلۈشكە باشلىغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئۆز قۇدرىتىنى كۆرسىتىشكە باشلىغان، تارىخقا پۈتۈلۈشتىن بۇرۇنقى مەدەنىيەتنى بولسا يوزە، يېتەرسىز، تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق دەپ قارايدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب ئۇلار مەدەنىيەتنى پەقەت ساپال، كومزەك، تۇزۇم، قائىدە—قانۇن، ھۆججەت—ماتېرىياللاردىن ئىبارەت شەكىللىك قاتلام دەپ چۈشىنىۋالغاچقا، ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى مەدەنىيەت تەركىبلىرىگە بولغان تەتقىقاتقا سەل قارىغان. ئادەم ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى مەدەنىيەتنى يارىتىشى بىلەن سۇبيېكتىپ دۇنيادىكى مەدەنىيەتنى يارىتىشى ماس قەدەملىك بولىدۇ. ئىپتىدائىي ئادەملەر تاش قورال، پرونزا بۇيۇملار، ساپال بۇيۇملارنى ياساش جەھەتتە شۇنچە پارلاق نەتىجىلەرنى ياراتقانىكەن، ئۇلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىمۇ چوقۇم مول مەدەنىيەت تەركىبلىرى بولغان بولىدۇ. بۇ يەردە مۇنداق بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتۈشكە بولىدۇ، مايمۇنسىمان ئادەمدىن پۈتۈنسۈرۈك ئادەمگە ئۆزگەرگىچە بولغان نەچچە مىليون يىل مابەينىدە، ئادەم ئەڭ ئالىي مەخلۇققا ئايلىنىپ، كۆللى مەۋجۇداتنىڭ قۇلى ئەمەس، بەلكى خوجىسىغا ئايلاندى. ئەجەبا بۇ ئاددىي جەريانمۇ؟ ئادەملەرنىڭ خوجايىنلىق ئورنى تارىختىن بۇرۇن ئادەملەر قورال—جابدۇقلاردىن پايدىلىنىپ ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بارالايدىغان،

قورال—ياراغلاردىن پايدىلىنىپ ئوۋچىلىق قىلالايدىغان دەۋردىلا بىكىتىلىپ بولغانىدى. ئىپتىدائىي ئادەملەر ئىنسانىيەتنى بۇ شۆھرەتلىك ئورۇنغا ئىگە قىلىشتا ھەقىقەتەنمۇ زور تۆھپە ياراتقان. ئىپتىدائىي ئادەملەر بۇنداق ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەنىكەن، ياۋايى، قالاق دېگەن ئىبارىلەر بىلەن ئۇلارنى سۈپەتلىسەك بولامدۇ؟ ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ئىچكى دۇنياسى نەچچە مىليون يىل مابەينىدە تاۋلانغان ئاكتىپ ۋە ئىنېرتسىيىلىك مەنىۋى ئامىلدىن شەكىللەنگەن.

مۇشۇنداق مەنىۋى ئامىللار ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ كۈچ—قۇدرىتىنى كۈنسايىن زورايتىپ تۇرغاچقا، ئادەمنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان ھايات—ماماتلىق كۆرەشلىرىگە تېيەك بولغاچقا، ئادەملەر قايتا—قايتا قۇربانلار بېرىۋاتقاندىمۇ چۈشكۈنلەشمەي، ئۆزىنى تاشلىۋەتمەي، بەل قويۇۋەتمەي، مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبلىرىنى سوغۇققانلىق بىلەن ئانالىز قىلىپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، ئۆزلىرى تاللىۋالغان نىشانىنى بويلاپ داۋاملىق ئىزدىنەلەيدۇ. ئىپتىدائىي ئادەملەردىكى مەنىۋىيەت ئامىللىرىنى تەكىتلەش، قانداقتۇر ئىدېئالىستىك ئويدۇرما ئەمەس. پەقەت يېگانە تاش قورال دەۋرىگە ئائىت تېپىلمىلارغا قاراپ باقسىلا، ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ئىجادىيەت تالانتىغا ھەيران بولماي تۇرالمايمىز. كۆزنى چاقنىتىدىغان بۇيۇملاردىن ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ نۇرغا تولغان ئىچكى دۇنياسى نامايان بولۇپ تۇرمامدۇ؟ بۇ دۇنياغا نەزەر-مىزنى ئاغدۇرمىغاندا، يەنە قانداقسىگە تارىخنىڭ باشلانمىسى توغرۇلۇق ئېغىز ئاچقىلى بولىدۇ؟ ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ پسىخىكىسىدىكى مەدەنىيەت تەركىبلىرىنى تەتقىق قىلماي تۇرۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەتتىن قانداقلارچە ئايرىلىپ كۈللى مەۋجۇداتنىڭ ئىگىسى بولغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ پاكىتنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ. بەزىلەر «پسىخىك قاتلامدىكى مەدەنىيەت تەركىبلىرى شەكىلسىز بولىدۇ، ئىپتىدائىي ئادەملەردىكى مەدەنىيەت تەركىبلىرى يىراق تارىخ ئاللىبۇرۇن ئىز—دېرەكسىز كۆمۈپ تاشلىغان بولىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ مەسىلىنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈش ئاساسى يوق ئىش بولۇپ قالامدۇ» دېيىشى مۇمكىن. ئىپتىدائىي ئادەملەر يىراق تارىختا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن تارىختا ئىز—نىشان، سىرتىق قالغان بولىدۇ. بۇ ئىز—نىشان، بۇ سىرتىق دەل چارۋىچى مىللەتلەردۇر. چارۋىچى مىللەتلەر ھايۋانلارنى كۆندۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاساسىي تۇرمۇش مۇھىتىنى ئىپتىدائىي ئادەملەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش يوق. تەبىئەتتىن كېلىدىغان تەھدىت

ئاجىزلاشقىنى يوق. قەبىلىلەر ئارا بولىدىغان ئۇرۇشلار ناگاھ—ناگاھدا يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتقان بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار يەنىلا ئىپتىدائىي ئادەملەردەك ھايات—ماماتىغا ھەر خىل زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدىغان كۈچلەر بىلەن ھارماي—تالماي تىركىشىشى كېرەك. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئۇلار ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ئاكتىپ مەنىۋى ئامىللىرىغا پۈتۈنلەي ۋارىسلىق قىلغان بولىدۇ. نەچچە مىڭ يىللار مابەينىدە ئۇلار ياۋرو—ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ئەرش لەشكەرلىرىدەك، شامالدەك پەيدا بولۇپ، چاقماقتەك كۆزدىن يوتۇپ، كەلگەنىلا ھۇجۇمنى چېكىندۇرۇپ، جەڭ مەيدانىغا كىرسىلا ئۈتۈق قازىنىپ كەلدى. دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ياۋروپاغا بېسىپ كىرگەن. بولۇپمۇ ئارىئان چارۋىچى مىللەتلىرى، جۇملىدىن كېيىنكى گېرمان مىللەتلىرى ياۋروپادىكى يەرلىك تېرىقچىلىق مىللەتلىرىگە قارىتا خۇددى ئورما ئورۇغاندەك قىرغىنچىلىق ئېلىپ باردى. 20—ئەسىردىن ئىلگىرى ئالتە ئۇستى مىللەتلىرى، ئەمەلىيەتتە ياۋرو—ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ خوجىسى ئىدى. بۇ ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ئاشۇ ئۇزۇن يىللاردىكى كۈللى مەۋجۇداتقا بولغان خوجايىنلىقىنى قولغا كەلتۈرگىنىگە ئوخشاش قالتىس ئۇتۇق ئىدى. ئۇلار نېمىسىگە تايىنىپ شۇقەدەر دەۋر سۈرەلىگەن؟ بۇ يەردىكى ئاچقۇچلۇق گەپ ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ پىسخىك قاتلىمىدىكى مەدەنىيەت تەركىبلىرىنىڭ مېغىزىغا ۋارىسلىق قىلغانلىقىدا. بۇ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقتۇر. ئۇ چارۋىچى مىللەتلەر تەرىپىدىن ۋارىسلىق قىلىنىپ تارىختا تۆرتكە بولىدىغان غايەت زور كۈچ—قۇدرەتكە ئايلانغان. يايلاق مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلماي تۇرۇپ، تارىخنىڭ بۇ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئىگە بولغىلى بولمايدۇ.

شەرق، غەرب مەدەنىيەت پەرقلىرىنىڭ مەنبەسى يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم رول ئوينىغان—ئوينىمىغانلىقىغا باغلىق بولىدۇ. شەرقتە دېھقانلارنىڭ نوپۇسى كۆپرەك بولغاچقا، تېرىقچىلىق مەدەنىيىتى ئەتراپلىق، تاكاممۇللاشقان بولۇپ، ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش (ئۆزلەشتۈرۈش) كۈچ—قۇدرىتىنى ھازىرلىغان بولىدۇ. چارۋىچى مىللەتلەر ھەربىي ئىشلاردا غەلىبىلەرگە ئېرىشەلىگەن. ھەتتا ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىپ ئىمپېرىيەلەرنى قۇرالىغان. لېكىن مەدەنىيەت جەھەتتە ئۇلار ئۇزۇل—كېسىل مەغلۇبىيەتچىلەردۇر. ھەرقانچە كۈچلۈك، زور بولغان چارۋىچى مىللەتلەرمۇ شەرقنىڭ تېرىقچىلىق مەدەنىيەت تورىغا كىرگەندىن كېيىن، ناۋادا شۇ ھامان چېكىنىپ كەتمەيدىكەن،

بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىۋېتىلىدۇ. چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىۋېتىلىشى — چارۋىچى مىللەتلەرگە ئىپتىدائىي ئادەملەردىن مىراس قالغان، نەچچە يۈز يىل ۋاقىت ئىچىدە تاۋلىنىپ يېتىلگەن، تەبىئەت بىلەن تىركىشىشكە كاپالەت بېرەلەيدىغان پىسخىك قاتلاملىرىدىكى مەدەنىيەت تەركىبلىرىنى يوقىتا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىنى تېرىقچىلىق مىللەتلىرىنىڭ پىسخىك قاتلىمىدىكى مەدەنىيەت تەركىبلىرى ئىگىلەيدۇ. ۋەھالەنكى ياۋروپادا تېرىقچىلىق قىلىدىغان ئاھالە شالاڭ، تېرىقچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسى ئەسلىدىنلا ئاجىز ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىشە چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچراپ تۇرغاچقا، جۇڭگوغا ئوخشاش ھەر تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تېرىقچىلىق مەدەنىيەت سىستېمىسىنى ئاخىرقى ھېسابتا شەكىللەندۈرەلمىگەن. شۇ سەۋەبتىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش جەھەتتىكى كۈچ—قۇدرىتى ناھايىتى ئاجىز بولغاچقا، چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى تەلتۆكۈس يۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغان. ئىپتىدائىي ئادەملەردىن ۋارىسلىق قىلىنغان قىممەتلىك مەنىۋى مىراسلار ساقلىنىپ قالغان. بۇ ياۋروپا تارىخىنى ئىجادچانلىقتىكى ئاكتىپلىقتىن ئايرىمىغان.

تېرىقچىلىق مەدەنىيىتى تۇرغۇن ھالەتتىكى مەدەنىيەتتۇر. نىسبىي مۇقىم ھالەتتىكى تۇرغۇن جەمئىيەت ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدۇ. لېكىن تۇرغۇن ھالەتتىكى مەدەنىيەت ياراتمىشلىرى ئىبىر جۇغلانمىلارنى شەكىللەندۈرۈپ، تارىختا ئۈنتۈلغۇسىز ئەسلىمىلەرنى قالدۇرۇپ، غايەت زور ئادەت كۈچىنى شەكىللەندۈرگەندە، ناۋادا بۇ خىل ئادەت كۈچىنى تۈگىتىدىغان بىر غەيرىي مەدەنىيەت بولمايدىكەن، تۇرغۇن ھالەتتىكى ئەۋزەللىك پاسسىپلىققا ئورۇن بېرىدۇ. چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى ھەرىكەتچان ھالەتتىكى مەدەنىيەت بولۇپ، تېرىقچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ تۇرغۇن ھالىتىگە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. غەرب بۇنداق تەسىرگە ئۈزلۈكسىز ئۇچراپ تۇرغاچقا، تېرىقچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ تۇرغۇن ھالىتى كامالىغا يېتەلمىگەن. ئوتتۇرا ئەسىردىكى خرىستىئان دىنى تۇرلۇك ئامال—چارىلەر بىلەن تېرىقچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ تۇرغۇن ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنۇپ، يايلاق مەدەنىيىتىگە قارىتا غايەت زور چەكلىمە پەيدا قىلغانىدى. لېكىن يەنىلا چارۋىچى مىللەتلەر ئېلىپ كەلگەن ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ پىسخىك قاتلىمىدىكى مەدەنىيەت تەركىبلىرى مەۋجۇت بولغاچقا، تېرىقچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ تۇرغۇنلۇقى ئىزچىل

تۆردە خىرىستىئان دىنىدىكى ئايرىم بىرىگۇرۇھ ئۆتۈشى كېرەك»، ھەممىگە قادىر بولۇشتەك ھاكىم مۇتلەق ئورۇنغا ئىگە بولالمىغانىدى. ئەھلىسەلىپنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشىدىن پارتلاپ چىققان ھەرىكەتچانلىقتا بولغان مايىللىق شەرق، غەرب مەدەنىيەتلىرىنى ھەر جەھەتتىن ئۇچراشتۇرۇپ، شەرقنىڭ ئاجايىپ كامالەتكە يەتكەن غەيرىي ماھىيەتلىك مەدەنىيەتلىرىدىن زور مەنىۋى ئوزۇق ئالدى. ۋەھالەنكى غەربنىڭ تېرىقچىلىق مەدەنىيىتى (خىرىستىئان دىنى مەدەنىيىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) خەلققە نىسبەتەن ئاجايىپ مۇپەسسەل بولغان چوقۇنۇش ۋە دۇرغۇچىلىق ئوبرازىنى شەكىللەندۈرەلمىدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا باش قويۇپ چوقۇنۇپ كەتمىدى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن گۇمانىي، ھەتتاكى كەمسىتىش نەزىرى بىلەن قارىدى. بۇ يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ پائالىيىتىنى تېخىمۇ ئازادە مۇھىتقا ئېرىشتۈرۈپ، ئاخىرقى ھېسابتا يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ ماھىيىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى قاتلامدا نامايان قىلىدىغان ئەدەبىيات—سەنئەت قاتارلىق ساھەلەردىكى گۈللىنىش ھەرىكىتىنى ۋۇجۇدقا چىقاردى.

يايلاق مەدەنىيىتى ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ پىسخىك قاتلىمىدىكى مەدەنىيەت تەركىبىگە ۋارىسلىق قىلغاچقا، ئۇنىڭ قىممەتلىك يېرى شۇ يەردىكى، ئۇ ئادەمگە بىر خىل تەبىئىي تالانت، بىر خىل خىسلەت ۋە مۇرەككەپ مەنىۋى ئامىلنى ئاتا قىلدى. يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزىدە بىرقانداق چوڭقۇرلۇق، مۇرەككەپلىك يوق. لېكىن ئۇنىڭ ئادەمگە ئاتا قىلىدىغان ئاشۇ خىل مەنىۋى ئامىللار ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ياشلىقنىڭ ئەبەدىيلىككە ئىگە تەبىئىيلىكىگە ئىگە قىلىپ، ئىجادىيەت جاسارىتى ۋە ئاكتىپلىقىدىن مەڭگۈ مۇستەسنا قىلمايدۇ. يايلاق مەدەنىيىتى ھەرىكەتچان مەدەنىيەت بولغاچقا، ئۇ چوقۇم يېڭى مەدەنىيەت شەكلىگە ئۆتۈشى كېرەك. تارىختىكى بىر مۇھىم ۋەقە يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ سودا مەدەنىيىتىگە ئالمىشىشىدىن ئىبارەت. ھالبۇكى سودا مەدەنىيىتى قەدىمكى مەدەنىيەت شەكلىدىن زامانىۋى مەدەنىيەت شەكلىگە ئۆتۈشتىكى مۇھىم باسقۇچ. ئەسلىدە شەرقتىن ئارقىدا قالغان غەرب تارىخىنىڭ چوڭ قەدەملەر بىلەن ئالغا كېتىشى، ۋەھالەنكى شەرقنىڭ دەسلەپكى سەۋىيىدىكى مەدەنىيەتكە كىرىشىپ قېلىپ، تېرىقچىلىق مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت بۇ قورغاندىن چىقالمىغانلىقىنىڭ سەۋەبى — شەرقتە كۈچلۈك يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ بولمىغانلىقىدىن ئىبارەت. شەرقتە تويۇنغان يايلاق مەدەنىيىتى بولمىغان، شۇڭا سودا مەدەنىيىتىگە ئۆتەلمىگەن. شۇ سەۋەبتىن زامانىۋى جەمئىيەتكە يۈرۈش قىلغاندا، شەرق ئارقىدا قالغان.

يــايلاق مەدەنىيىتـــدىن ســودا مەدەنىيــىتىگە ھالقىشــنىڭ ئــاخىرقى تامامى ئەدەبىيات—سەنئەت گۈللىنىشتىن كېيىن بولغان. لېكىن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ سودىگەرگە ئايلىنىشى، چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ يايلاقتىن بىپايان دېڭىزغا يۈزلىنىشى بولسا ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا باشلانغان. ئوتتۇرا ئەسىرگە كەلگەندە بۇ خىل ھالقىش تۈركۈم—تۈركۈم، كۆكلەم—كۆكلەم بىلەن بولغان. دەرۋەقە، ياۋروپا جۇغراپىيىلىك جەھەتتىكى ئەۋزەللىككە ئىگە. ئۇلار دېڭىز قاتنىشىغا مۇناسىپ كېلىدىغان ھەم ھەر تەرەپكە تۇتاشقان ئوتتۇرا يەر دېڭىزىغا يانداش ئىدى. مۇشۇ دېڭىز ياۋروپادىكى چارۋىچى مىللەتلەرنى دېڭىزچى مىللەت قىلىپ يېتىشتۈرگەچكە، غايەت زور كۆلەمدىكى دېڭىز ئۈستى سودىسى بارلىققا كەلگەن. دېڭىز ئۈستى سودىسى بولمىغان بولسا گۈللەنگەن دۇنياۋى سودا بولمىغان بولاتتى. ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سودا مەدەنىيىتىمۇ شەكىللەنمىگەن بولاتتى. جۇڭگولۇق سودىگەر ياكى يېزا—كەنتلەردىن كەلگەن يەر ئىگىلىرى، دېھقانلار ياكى شەھەرلەردىن كەلگەن شەھەر ئاھالىلىرى بولسۇن، تېرىقچىلىق مەدەنىيىتى ئۇلارنىڭ قان—قېنىغا سىڭىشىپ كەتكەچكە، ئۇلار پەقەت تېرىقچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ رامكىسى ئىچىدىلا پائالىيەت ئېلىپ باراالايتتى. ئاساسى ئاجىز بولۇپ، ناھايىتى كۈچلۈك بېقىندىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىدى. شۇڭا، ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرەلمەيتتى. جۇڭگونىڭ ناھايىتى ئۇزۇنغا سوزۇلغان دېڭىز قىرغىقى لىنىيىسى ۋە ئاندا—ساندا دېڭىز ئۈستى سودىسى بولغان بولسىمۇ، لېكىن يېزا ئىگىلىكىگە تەسىر كۆرسىتەلىگۈدەك كۆلۈمنى شەكىللەندۈرەلمىگەن بولۇپ، سودا مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرۈشكە نىسبەتەن تەبىئىي ھالدا زور تەسىرلەرنى كۆرسىتەلمەيدۇ.

سودا مەدەنىيىتى ئىنسانىيەت تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ زامانىۋى سانائەت جەمئىيىتىگە كىرىشىگە تولۇق ھازىرلىقلارنى كۆرگەن بولىدۇ. ئۇ قەدىمىي جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا زامانىۋى جەمئىيەتكە كىرەلىك بولغان ھەر خىل كۆزقاراشلارنى ھازىرلىغان، زامانىۋى جەمئىيەتنى ياراتقۇچى تۈرلۈك ئىجتىمائىي شەخسلەرنى يېتىشتۈرگەن، زامانىۋى جەمئىيەت پايدىلىنىدىغان ۋە قوللىنىدىغان تەجرىبىلەر ئۈستىدە ئىزدەنگەن ۋە ئۇلارنى جۇغلىغان، زامانىۋى جەمئىيەتنى تەشكىل قىلىدىغان تەشكىلات، توپ—كوللېكتىپ ئاپپاراتلارنى قۇرغان، زامانىۋى ئادەملەرنىڭ تەپەككۇر شەكلى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، ھەرىكەت ئەندىزىسىنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان، قەدىمىي

جەمئىيەتتىن پەرقلىنىدىغان قىممەت قارىشى، گۈزەللىك قارىشى، ئەخلاق قارىشىنى قەدەممۇ قەدەم شەكىللەندۈرگەن بولىدۇ. بۇ بىر قاتار ھازىرلىقلار بولماي تۇرۇپ، ئىنسانىيەت يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتىدىن سانائەت جەمئىيىتىگە ھالقىيالمايدۇ. ھالبۇكى، سانائەت مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرى يەنىلا يايلاق مەدەنىيىتىنى مەنبە قىلىدۇ. سانائەت مەدەنىيىتىنى يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجى دېسەكمۇ ئارتۇقچە كەتمەيدۇ. شۇڭا، سودا مەدەنىيىتى بىلەن ھازىرقى زامان سانائەت مەدەنىيىتىنى يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ مۇۋاپىق راۋاجى، يايلاق مەدەنىيىتى ھازىرقى زامان سانائەت مەدەنىيىتى بىلەن ئېپتىدائىي ئادەملەرنىڭ پىسخىك قاتلىمىدىكى مەدەنىيەت تەركىبلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ، بۇ خىل مەدەنىيەت تەركىبلىرىنىڭ خېلى يۇقىرى قاتلام بويىچە تولۇقلاش، بېيىتىش، تويۇندۇرۇش، تۈزىتىش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭ تېخىمۇ نۇرلۇق تەرەپلىرىنى نامايان قىلىدى دەيمىز. تېرىقچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ ئېپتىدائىي ئادەملەرنىڭ پىسخىك قاتلىمىدىكى مەدەنىيەت تەركىبلىرىنى كۆزەتكەندە، ئېپتىدائىي ئادەملەرنىڭ پىسخىك قاتلىمىدىكى مەدەنىيەت تەركىبلىرى ياۋايىلىق دەۋرىدىكى ئادەملەرنىڭ ياۋۇزلۇقى، ئىجتىمائىيەتنىڭ تۇرغۇنلىقىغا نىسبەتەن ئەڭ خىرىس قىلىش كۈچىگە ئىگە نەرسە دەپ قارالغاچقا، تېرىقچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى ئادەملەرنى بۇ خىل مەدەنىيەت تەركىبلىرىنىڭ تەسىرىدىن قاچۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئېتىكا—ئەخلاقى بۇ خىل مەدەنىيەت تەركىبلىرىنى ئەڭ قەتئىي تەقىپ ئاستىغا ئالىدۇ ۋە ئۇنى باسىدۇ. تېرىقچىلىق جەمئىيىتىدىكى دىنمۇ مۇشۇ نىشان ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدۇ. تېرىقچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ ئادەمگە قارىتىلغان بۇ خىل كۆندۈرۈشى تاماملانغان ھامان، ئادەم مۇلايىم، ياۋاش—يۇمشاق، پىسخىك تەبىئەتلىك بولۇپ قالىدۇ. يالقاۋلىق مەنىۋىيىتى ئادەم تەبىئىيىتىدە ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. ئادەم جۇشقۇنلۇقىنى يوقىتىپ، ئىجادچانلىق، تەۋەككۇلچىلىك ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا تېرىقچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ دېھقان جەمئىيىتىدىكى تەرەققىياتىغا چېكىت قويۇلغان بولىدۇ.

ئات ئۈستى مىللەتلىرى تەسەۋۋۇرغا ئاجايىپ باي كېلىدۇ. رومانتىكلىق تەسەۋۋۇر يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكىدۇر. ئۇلارنىڭ مۇزىكىلىرى، ئۇسسۇللىرى، ئەپسانە—رىۋايەتلىرى، قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى، مەدداھلىقلىرى مۇشۇ خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە. تەسەۋۋۇرنىڭ بايرىقى ھامانە

ئالدى تەرەپنى، كەلگۈسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇلار ئەجدادلىرىنىڭ ئەجىر–تۆھپىلىرى ۋە ياخشى ناملىرىدىن مېھرىنى ئۈزەلمىسىمۇ، ئەجدادلىرىنىڭ چەكلىك تەجرىبىلىرى تەرىپىدىن چۈشىلىپ قالمايدۇ. چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئەبەدىيلىك قوغلىشىدىغىنى باي–باياشات زېمىننى ئىزدەشتىن ئىبارەت. يەھۋا مۇساغا يەھۇدىيلارنى باشلاپ مىسىردىن چىقىپ كېتىشنى تاپىلىغاندا، دەل ئۇلارنىڭ باي–باياشات زېمىنغا بېرىشىنى كۆزلىگەنىدى. يەھۇدىيلارلا باي–باياشات زېمىننى ئىزدەپ قالماستىن، بۇ بارلىق چارۋىچى مىللەتلەر تەلپۈنىدىغان ساماۋى دۆلەتتۇر. موڭغۇللارنىڭ ئېپوسى «جاڭغىر»دىمۇ باي–باياشات زېمىنغا بولغان تەلپۈنۈشنى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى قىلغان. بۇ چارۋىچى مىللەتلەرگە ئىپتىدائىي ئادەملەردىن قالغان گۈزەل ئارزۇدۇر. ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ياشاش مۇھىتىنى ئۆزگەرتىش ئىقتىدارى ناھايىتى ناچار بولغاچقا، ئۇلار كۆچۈلدىكىدەك بىر جاينىڭ بولۇشىنى كېچە–كۈندۈز ئۈمىد قىلاتتى. شۇڭا، ئۇلار پايانسىز زېمىندا توختىماي يۈرەتتى، تىنىم تاپمايتتى! ئۇخلىسا–قوپسا مۇشۇنداق گۈزەل بىر زېمىننى تېپىۋېلىش خىيالىدىن ۋاز كەچمەيتتى. چارۋىچى مىللەتلەرمۇ ئۈمىدىنى مۇشۇنىڭغا باغلىغانىدى. ئۇلارمۇ توختىماي يۈرەتتى، ئىزدەيتتى! ئەپلاتون تەشەببۇس قىلغان غايىۋى دۆلەت تارتىپ، كېيىنكى ئوتوپىيە، قۇياش دۆلىتىگىچە مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى باي–باياشات زېمىننىڭ ئەقلىيلىك جەھەتتىن يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈشىدۇر. ھالبۇكى شەرقنىڭ يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتىدە پەقەت قارشى قىرغاقتىكى دۇنياغا بولغان قىزىقىش بولىدۇ. كەلگۈسى گۈزەل دۇنياغا بولغان تەلپۈنۈش يوق دېيەرلىك بولىدۇ. جۇڭگونىڭ كۇڭزىچىلار ئېقىمىدىكىلەرنىڭ دۇنيانىڭ بۈيۈك بىرلىكى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمۇ بولغان. «ئەدەپنامە»دە: «ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى ئاقىلانە چارە، ئەدلى–ئادالەت يۈرگۈزۈشتۇر» دېيىلگەن بولۇپ، «ئادالەت» بۇ جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكىدۇر. «ياشانغانلارنى بېقىش، ياراملىقلارنى ئورنىغا قويۇش، گۆدەكلەرنى تەربىيىلەش، غېرىب–غۇرۋالارنىڭ، مېيىپ–ناكالارنىڭ بېشىنى سىلاش» بۇ غايىۋى دۇنيانىڭ كونكرېت لايىھىسى پەقەت ئىجتىمائىي پاراۋانلىق لاۋازىمىتىدىن ئىبارەت. ھالبۇكى ئۇنىڭ چېقىش نۇقتىسى بولسا شەخسىيەتچىلىكتىن مۇستەسنا خالىسلىقتىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇنىڭ تەبىئىي ھالدا ئادەملەرگە نىسبەتەن جەلپ قىلىش كۈچى بولمايدۇ. ئۇ جۇڭگو جەمئىيىتىدە ئانچە كۆپ ئادەملەرنىڭ دىققەت–ئېتىبارىنى

تارتالمىغانىدى. ئۇنى ئۆزىنىڭ غايىسى قىلىپ شۇنىڭ ئۈچۈن تىرماشقانلارمۇ يوق دېيەرلىك ئىدى. چۈنكى تېرىقچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى ھەمىشە ئۆتمۈشكە سېغىنىش، ئۇرۇق-پۇشتىلىرىنىڭ ئۇتۇقلىرىدىن ئۆزىگە كۆڭۈل خۇشلۇقى ئىزدەش بولغاچقا، كۇڭزى «پۈتكەن تەلىماتلارنىلا يەتكۈزدۈمكى، يېڭى تەلىمات ياراتمىدىم» دېگەنىدى. ئۇنىڭ يەتكۈزگەنلىرى ھەزرىتى ياۋ، شۈن، ۋېن، ۋۇ، جوۋلارنىڭ مەردۇ-مەردانىلىقى ئىدى. ئاددىي ئاۋام پۈقرامۇ ئەجدادلىرىنىڭ نامۇ-شەرىپىنى ھەرىكەت مىزانى قىلىشىدۇ. يايلاق مەدەنىيىتى كەلگۈسىگە تەلپۈنىدۇ. كەلگۈسىگە تەلپۈنۈش ئادەمنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە ئۈندەپ، ئۇلارنى كەلگۈسىدىكى غايىۋى نىشانغا يېقىنلاشتۇرىدۇ. تېرىقچىلىق مەدەنىيىتى دىققەت-نەزىرىنى ھەمىشە ئۆتمۈشكە قارىتىدۇ. بارلىق گۈزەل نەرسىلەر ئاللىبۇرۇن تارىختا ئۆزىنىڭ گۈزەل سىماسىنى كۆرسىتىپ بولغان بولىدۇ. بۈگۈنكى ئادەملەرنىڭ بۈيۈك ۋەزىپىسى ئۆتمۈشكە تېۋىنىشتىن ئىبارەت. بۇ يەردە ئىپادە تېپىۋاتقىنى پەقەت ئىككى خىل تەپەككۇر ئۇسۇلى، شۇنداقلا كىشىلىك ھاياتتىكى ئىككى خىل مەيدانلا ئەمەس. بۇ تەبىئىي ھالدا شەرق، غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا ئوخشاش بولمىغان تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى يايلاق مەدەنىيىتى كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىققان مۇقەررەر نەتىجە ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتتىن ئىبارەت بولىدۇ. سودا مەدەنىيىتى بىلەن سانائەت مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى بۇنىڭ ئەمەلىي پاكىتىدۇر؛ چۈنكى تېرىقچىلىق مەدەنىيىتى ئۆتمۈشنى سېغىنىش بىلەن بولۇپ، يېڭىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە كەلگۈسىنى يارىتىشقا نىسبەتەن رىغبىتى بولمىغاچقا، پەقەت ئالغا باسماي بىر ئىزىدا توختاپ قالىدۇ، ئۆزىنىڭ تەرەققىياتىنى ئۆزى بوغىدۇ.

## يايلاق مەدەنىيىتى ۋە ئىنسانلارنىڭ مۇناسىۋىتى

### 1. يايلاق مىللەتلىرى بىلەن غەربىي ئاسىيادىكى مىللەتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى

ئىنسانچىلىك تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، ئېفرات ۋە دەجلە دەريا ۋادىلىرىدا ئەڭ بۇرۇن مەدەنىيەت ياراتقانلار سۇمېرلار ئىكەن. سۇمېرلارنىڭ

قانداق شەكىللەنگەنلىكىگە ئائىت ئىشەنچلىك مەلۇمات يوق. لېكىن چارۋىچى مىللەتلەرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ھالبۇكى، سۇمېرلارنىڭ كېيىنكى تارىخى ئېنىق. ئۇلار ئىككى دەريانىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدىكى پارس قولتۇقىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، شۇ جايدىكى تېرىقچىلىق قىلىدىغان يەرلىكلەر بىلەن سىڭىشىپ تەدرىجىي ھالدا تېرىقچىلىق مىللەتلىرىگە ئايلىنىپ كەتكەن. ئۇلار ناھايىتى يۇقىرى مەدەنىيەت ياراتقان بولۇپ، خىش-كاھىشلار بىلەن ئىمارەتلەرنى ياساپ، ئۇستراكونلارغا پۈتۈكلەرنى پۈتۈشكەن. كېيىن ئاككادلار دېيىلىپ كېلىنىۋاتقان چارۋىچى قەبىلىلەر ئۇلارنىڭ غەربىدىكى چەت چېگرا ياقىلىرىدا پەيدا بولغان. بۇ قەبىلىلەر بىلەن سۇمېرلار نەچچە يۈز يىل ئەنە شۇنداق بىردە ئۇرۇشۇپ، بىردە سودا قىلىشىپ ئۆتكەن. مىلادىدىن بۇرۇنقى 2750-يىلى، سارگوننىڭ رەھبەرلىكىدە ئاككادلار سېمىتلار دېيىلىدىغان چارۋىچى مىللەتلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ سۇمېرلارنى بويسۇندۇرغان. بۇ بويسۇندۇرۇش پەقەت ھەربىي جەھەتتىكى بويسۇندۇرۇش ئىدى. چۈنكى سۇمېرلارنىڭ مەدەنىيىتى ئاككادلارنىڭكىدىن يۇقىرى بولغاچقا، ئاككادلار ئەكسىچە سۇمېرلارنىڭ مەدەنىيىتى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان، يەنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىۋېتىلگەن. بۇ رايوندا بۇ خىل قوشۇلۇش بىر قېتىم ئەمەس، بەلكى كۆپ قېتىم يۈز بەرگەن. ئاككادلار بۇ يەردە خاندانلىق قۇرغاندىن كېيىن، چارۋىچىلىق قىلىدىغان ياۋۇرلار يەنە باستۇرۇپ كىرگەن. چارۋىچى مىللەتلەر بىلەن تېرىقچىلىق مىللەتلىرى يەنە بىر قېتىم قوشۇلۇپ سىڭىشكەن. بۇ خىل سىڭىشكەندىن كېيىنكى مىللەتتە مۇقەررەر ھالدا ھاياتىي كۈچ كۆرۈلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ خامۇرابى قۇرغان كېيىنكى بابىللون دۆلىتىدۇر. بۇ خاندانلىق خارابىلىشىشقا يۈزلەنگەندە، يەنە بىر چارۋىچى مىللەت، يەنى كاسسىتلار دەجلە دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى تاغلاردىن چۈشۈپ، خامۇرابىنىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن 155 يىل ئۇرۇشقان. ئۇلار ئاخىرقى ھېسابتا بابىللونغا باستۇرۇپ كىرگەن. بۇنىڭ بىلەن يەنە كۈچلۈك كاسسىت دۆلىتى ۋۇجۇدقا كەلگەن. كاسسىتلار ھەربىي جەھەتتىن بويسۇندۇرغۇچى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارمۇ تارىخىي قانۇنىيەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى 1593 — 1595-يىللىرى، ئۇلارنىڭ كاسسىت خانى ئاگۇم II (بۇرنا بۇرىئاش) ئۆزىنى «جاھاندىكى خوجىلارنىڭ خوجىسى» دەپ جاكارلىغان. لېكىن 500 يىللىق سىڭىشىش ئارقىلىق، مەدەنىيەت جەھەتتە يەنىلا بابىللون تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان. ھەتتا تىل

جەھەتتىمۇ بابىللون تىلىغا ئۆتۈپ كەتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە تېخىمۇ كۈچلۈك بولغان چارۋىچى مىللەت — ئاسسۇرىيلار كەلگەن. ئۇلار ئاتقا كۆنۈپ بولۇپ، جەڭ ئاتلىرى ۋە جەڭ ھارۋىلىرىغا ئىگە بولغان. بۇ يېڭى قۇراللار ئەينى چاغلاردا تاقابىل تۇرۇش قىيىن بولغان قۇراللار ئىدى. ئۇلار تاغنى تالقان قىلىدىغان سۇر—ھەيۋە بىلەن كاسسىتلارنىڭ دۆلىتىنى ئەرەختەم—پەرەختەم قىلىۋەتكەن. ئەسكىرىي كۈچ جەھەتتە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئاسسۇرىيلار ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇپ، ئىككى دەريا ۋادىسىدىكى تېرىقچىلىق قىلىدىغان خەلقلەرنى يەنە بىر قېتىم چوڭ جەھەتتىن قوشۇلدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سېمىتلارغا مەنسۇپ بولغان يەنە بىر چارۋىچى مىللەت ئاراملار دەمەشقنى بېسىۋېلىپ شۇ جايدىكى يەرلىك قەبىلىلەر بىلەن ئۆزئارا سىڭىشكەن. شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى سۇرىيىلىكلەر شەكىللەنگەن. ئارىدىن 150 يىل ئۆتكەندىن كېيىن سېمىتلارغا تەۋە يەنە بىر چارۋىچى قوۋم چالدېيالار بىلەن ئارىئان تىلىدا سۆزلىشىدىغان چارۋىچى قوۋم مىدىئانىتلار (مېدىيلارمۇ دېيىلىدۇ — تەرجىماندىن) ئاسسۇرىيلار ئىمپېرىيىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان. بۇ قېتىمقىسىنى دەرۋەقە ھەقىقىي ئاسۇرىيلار بىلەن سىڭىشتى دېگىلى بولمايتتى. چۈنكى ئاشۇ دەۋرگە كەلگەندە، دەسلەپىدىكى سۇمېرلار بىلەن ئېلاملارمۇ تامامەن ئاسسىمىلياتسىيىلىشىپ بولغانىدى. ھەتتا تىلىمۇ ساقلىنىپ قالمىغانىدى. ئاسسۇرىيلارمۇ بۇنداق قىسمەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان. ئۇمۇ چالدېيالار ۋە سۇرىيىلىكلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن. ھىتتىلار دېيىلىدىغان يەنە بىر چارۋىچى قوۋممۇ چارۋىچى قوۋملارغا خاس ماھىيەتنى يوقىتىپ قويغان. ئۇنىڭدىن باشقا چارۋىچى مىللەتلەردىن سكىدىلار، سالماتلار، ستېپىلىكلەر بۇ جايلاردا ئاكتىپ پائالىيەتلەردە بولغان بولسىمۇ كېيىن ھەممىسى غايىب بولغان. ئۇلار نەگە غايىب بولغان بولۇشى مۇمكىن؟ ئۇلار ئۆزئارا سىڭىشىپ كەتكەن. غەربىي ئاسىيادىكى چارۋىچى مىللەتلەر بىلەن تېرىقچىلىق مىللەتلىرىنىڭ سىڭىشىشىنى تىلغا ئالغاندا، يەھۇدىيلارنى تىلغا ئالماي بولمايدۇ. بۇ مىللەتتە كۈچلۈك ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچى بولغانلىقى سەۋەبلىك، ئۇزاق يىللار مابەينىدە چارۋىچى مىللەتلەرگە خاس ياشاش ئۇسۇلىنى ساقلاپ كەلمەكتە. «ئىنجىل»دا چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشى مۇپەسسەل خاتىرىلەنگەن. ئۇلار مىسىردىن كانائانغا قايتقاندىمۇ، يەنىلا چارۋىچىلىق تۇرمۇشى كەچۈرگەن. ئۇلار يەرلىك تېرىقچىلىق مىللەتلىرى بىلەن تەدرىجىي ئارىلىشىپ، تېرىقچىلىق مەدەنىيىتىنى قوبۇل

قىلىپ، سائۇل، داۋۇد ۋە سولومون خانىقلىرىنى قۇرغان. بۇ مەزگىلدە، يەھۇدىيلار ئىلگىرى–كېيىن بولۇپ مۇئاب، كانائانلار ۋە پىلىستىنلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە چارۋىچى مىللەتلەرمۇ، تېرىقچىلىق مىللەتلىرىمۇ بار ئىدى. ئەلۋەتتە بۇلار ئاشۇ تەكرار–تەكرار سىڭىشىشلەرنىڭ بىر قىسمىلىقىدىن ئىبارەت. مىلادىدىن بۇرۇنقى 586–يىلى، نېبۇچادنېززا (بابىللون پادىشاھى) ئۇلارنى تالان–تاراج قىلىپ بابىللونغا ئېلىپ بارغان. 50 يىللىق تېرىقچىلىق مەدەنىيىتى مۇھىتىدا ياشىغاندىن كېيىن، كەتكەن چاغدا چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ بەدەۋىيلىكىنى ئېلىپ كەتكەن بولسا، قايتىپ كېلىشىدە تېرىقچىلىق مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى ئېلىپ كەلگەن. شۇڭا، ھازىرقى يەھۇدىيلارنى شالغۇت (مەدەنىيەتلىك) مىللەتمۇ دەيمىز. لېكىن ئۇلار يايلاق مىللەتلىرىگە خاس سۈپەتنى كۆپرەك ساقلاپ قالالىغانىدى.

مىلادى 7–ئەسىرگە كەلگەندە، غەربىي ئاسىيادىكى بىپايان زېمىندا تېرىقچىلىق مەدەنىيىتى ھۆكۈمرانلىقتىن ئىبارەت ئەۋزەل ئورۇنغا ئۆتكەن. لېكىن ئەرەب يېرىم ئارىلى ئاۋۋالقىدەك چارۋىچىلارنىڭ جەننىتى ئىدى. مىسىرلىق ئالىم ئەھمەد ئەمىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئەرەب يېرىم ئارىلىدا گەرچە يەمەندەك بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان رايونلار بولسىمۇ، لېكىن چارۋىچىلىق تۇرمۇشى پۈتۈن ئارالنى قاپلىغانىدى. ياشلىقىدا پادا باققان، قورامىغا يەتكەندە تىجارەت قىلغان مۇھەممەد بەدەۋىلەردىن بولۇپ، كېيىن ئۇ دىننى ئىلگىرى ئالغاندىن كېيىنمۇ بەزىلەر ئۇنى يەنىلا >بەكلا بەدەۋىي مىجەز< ئىدى دېيىشىدۇ». ئىسلامىيەتنىڭ زور قوشۇنلىرى ئىراق، سۈرىيىلەرگە ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن، غەربىي ئاسىيادىكى تېرىقچىلىق مىللەتلىرى بىلەن چارۋىچى مىللەتلەر يەنە بىر قېتىم چوڭ جەھەتتىن قوشۇلغان. بۇ قېتىمقى چوڭ قوشۇلۇشتىن كېيىن، كۈچلۈك ئەرەب ئىمپېرىيىسى ۋۇجۇدقا كەلگەن. 13–ئەسىردە ئالتاي تىللىق سىستېمىسىدىكى مىللەتلەردىن موڭغۇللار شەرقتە باش كۆتۈرگەن. چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى ھىلاكۇ باغداتنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئىلخان خانلىقىنى قۇرغان. بۇ خانلىق يۈز يىل دەۋران سۈرۈپ، يەنە ئىككى مىللەتنىڭ قوشۇلۇشىغا سەۋەب بولغان. 1388–يىلى، ئىلىك خانلىقىنى ئوتتۇرا ئاسىيادا باش كۆتۈرگەن ئوگىدايخاننىڭ ئەۋلادلىرىدىن تۆمۈرلەڭ قۇرغان موغۇل ئىمپېرىيىسىنى يوقاتقان. بۇ تەبىئىي يوسۇندا موڭغۇللار بىلەن يەرلىك مىللەتلەرنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق قوشۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

موڭغۇللار ئۆزلىرىنىڭ زېمىنىنى كېڭەيتىۋاتقان پەيتتە، تۈركلەرنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بېرىۋاتقانىدى. چىڭگىزخانىنىڭ زور قوشۇنلىرى قىستاپ كېلىۋاتقاندا، ئوسمان تۈركلىرى قوي—پادىلىرىنى ھەيدەپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇملۇق ۋە تاغ—داۋانلاردىن ئېشىپ ئۆي—ماكان ئىزدەپ يۈرگەنىدى. كېيىن ئۇلار كىچىك ئاسىيادىكى ئېدىرلاردا ماكانلاشقان. بۇ يەر سالجۇق تۈركلىرىنىڭ ماكانى بولۇپ، ئۇلار ناھايىتى ئاسانلا بىرلىشەلەيتتى. كېيىن ئۇلار غەربىي ئاسىيانى بويسۇندۇرۇپ ئوسمان ئىمپېرىيىسىنى قۇردى. بۇ ئاسىيا مىللەتلىرى بىلەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئاخىرقى قېتىملىق قوشۇلۇشى ئىدى. غەربىي ئاسىيانىڭ تارىخىغا نەزەر سالغاندا، نەچچە مىڭ يىللار مابەينىدە، چارۋىچى مىللەتلەر بىلەن تېرىقچىلىق مىللەتلىرىنىڭ قوشۇلۇشى توختاپ قالمىغان. بۈگۈنكى غەربىي ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ پسىخىكىسىدىكى ئۇرۇشخۇمارلىق دەل چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ پسىخىكىسىنى كۆپرەك ساقلاپ قالغانلىقتىن بولغان.

2. يايلاق مىللەتلىرى بىلەن ياۋروپادىكى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى

بۈگۈنكى ياۋروپادىكى بولغارىيە، ۋېنگىرىيە، فىنلاندىيە، روسىيىلەردە ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىغا كىرىدىغان چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن شالغۇتلاردىن، باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك باشقا چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئەۋلادلىرى ۋە شالغۇتلار بولۇپ، بۇ دەل ئارىئانلاردۇر. بۇ مىللەت تارىختىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ياۋرو—ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى شۇنچە كۆپ يەرلىك مىللەتلەرنى بويسۇندۇرغانىدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ تارىختىكى بىر سىردۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئەينى چاغدا ئات مىنىشنى بىلمەيتتى. ئۇلار ئاساسلىقى كالىنى كۆندۈرگەن بولۇپ، كالا ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ ناھايىتى ئاستا سۈرئەتتە ھەرىكەت ئېلىپ باراتتى. ئۇلار ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى موڭغۇللار بىلەن ئۇچرىشىپ قوشۇلغاندىن كېيىنلا، ئاندىن ئات مىنىشنى بىلگەن. ئۇلار گرېتسىيىگە كىرگەندە سۇر—ھەيۋە بىلەن ئات مىنىپ كىرگەن. ئەلۋەتتە بۇ كېيىنكى ئىش.

ياۋروپاغا ئەسلىدە مىسىرلىقلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىبېرىيىلىكلەر تارقالغان. ياۋروپاغا ئەڭ بۇرۇن كىرگىنى ئارىئانلاردىن كېلتلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ

بوي—بەستى ئېگىز، ئۆڭى ئاق پىشماق، ھەرىكىتى چەبدەس، مەدەنىيەت جەھەتتىن يۇقىرىراق بولغاچقا، ئىبېرىيىلىكلەرنى ناھايىتى ئاسانلا بويسۇندۇرۇپ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىۋالغان. ئۇلار قەدەممۇ قەدەم ئاتلانتىك ئوكيان تەرەپكە قىستاپ كىرگەچكە، ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنمىغان يەرلىك مىللەتلەر ناھايىتى ئاز ئىدى. پەقەت پىيىنقى زامانىدىكى پورتوگاللارنىڭ كۆپ قىسمى يەنىلا ئىبېرىيىلىكەرنىڭ قان سىستېمىسىغا كىرىدۇ. كېلتلار ھازىرقى فرانسىيىلىكلەرنىڭ ئەجدادلىرىدىن بولۇپ قالغان. ئارىئانلار چارۋىچى مىللەتلەرگە خاس بولغان يۆتكىلىشچانلىقى ئىگە بولغاچقا، ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك زېمىنمۇ ئۇلارنىڭ قەدىمىنى توسۇپ قالالمىغان. ئۇلار ئۈزلۈكسىز يۆتكىلىپ تۇرغان. ئۇ چاغلاردا دۆلەتلەرنىڭ چېگرىسى بولمىغاچقا، چارۋىچى قوۋمىنىڭ يولىنى توسۇپ قويمايتتى. شىمالىي ياۋروپادىكى كېلتلارنىڭ بىرقىسمى غەربكە قاراپ كېڭەيگەن. يەنە بىر قىسمى ئىتالىيە بىلەن گرېتسىيىگە كىرىپ، ئۇ يەردىن يەنە دېڭىز ئارقىلىق سكاندىنوۋىيە يېرىم ئارىلىغا ئۆتۈپ نورۋېگىيە، شۋېتسىيە، دانىيە، ئىسلاندىيىلىكلەرنىڭ ئەجدادلىرىدىن بولۇپ قالغان. كارپاتىيان تېغى بىلەن قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدا، ئارىئانلار بىلەن يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئارىلىشىشىنىڭ نەتىجىسىدە يەنە رۇس، پولەك، چېخ، سېربلار شەكىللەنگەن. قەدىمىي گرېتسىيىنىڭ ئېگېي رايونى مىسىر مەدەنىيىتى بىلەن ئىككى دەريا مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان. شۇنىڭ بىلەن كېلتلار بىلەن مىتسېنېئانلارنى ۋەكىل قىلغان ئېگېي مەدەنىيىتى ۋۇجۇدقا كەلگەن. مىلادى 500—يىللىرى ئەتراپىدا ئارىئانلار گرېتسىيە يېرىم ئارىلىغا كىرىپ، ئېگېي مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلغان. ئۇلار يەرلىك مىللەتلەر بىلەن قوشۇلۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى مەدەنىيەت ياراتقان.

قەدىمكى رىمدىكى ئەھۋالمۇ شۇنداق بولغان. دەسلەپتە ئىتالىيىدە ئىبېرىيىلىكلەر ياشىغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى 1000—يىللارغا كەلگەندە، جەنۇبقا كۆچكەن ئارىئانلار ئىتالىيىنىڭ ئوتتۇرا، شىمالىي قىسمىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئۇلار يەرلىك قەبىلىلەر بىلەن نىكاھلانغان. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ناھايىتى ئاسانلا يەرلىك قەبىلىلەر بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن. راتۇۋمدا بىر قەبىلە بولۇپ، ئۇلار لاتىنلار دەپ ئاتىلاتتى، ئۇلار تەيبەي دەريا ۋادىسىدىكى تاغ—ئېدىرلارنىڭ تۆپىلىكلىرىدە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا ياشىغان. كېيىن ئۇلار ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى 900—يىللارغا كەلگەندە، ئېتراسكانلار دېيىلىدىغان بىر قەبىلە دېڭىزدىن ئىتالىيىگە چىققان. ئۇلارنى

دېڭىز قاراقچىلىرى دېگۈچىلەرمۇ بار. ئۇلار قالدۇرغان رەسىملەردىن قارىغاندا ئۇلارنىڭ بويى-بەستى ھەقىقەتەنمۇ قاۋۇل، زەبەردەست ئىدى. بىرمۇنچە تارىخچىلار ئۇلارنى كىچىك ئاسىيادىن كەلگەن چارۋىچى مىللەتلەر دەپ قارايدۇ. ئۇلار تەيبەي دەرياسىنىڭ دېڭىزغا قۇيۇلۇش ئېغىزىدىن ئۆتۈپ، ئارىئانلارنىڭ قولىدىن تەيبەي دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى كۆپ قىسىم جايلارنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، يەرلىك قەبىلىلەر بىلەن يەنە بىر قېتىم قوشۇلۇش كېلىپ چىققان. ئېتراسكانلار شەرقنىڭ مەدەنىيىتىنى ئېلىپ كەلگەن، شۇنىڭغا قوشۇپ ئۇلار سودا-سېتىق پائالىيەتلىرىنىمۇ ئېلىپ كەلگەن. تەيبەي دەريا ۋادىسىدىكى بازار بولىدىغان بىر ساھىلدا كېيىن رىم بارلىققا كەلگەن.

ياۋروپادىكى چارۋىچى مىللەتلەر بىلەن تېرىقچى مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى ئۈستىدە توختالغاندا، يەنە ھونلارنى تىلغا ئالماي بولمايدۇ. شەرق مىللەتلىرىنىڭ غەربكە كىرىشى ناھايىتى بۇرۇن ئىشقا ئاشقان. لېكىن تارىخي پاكىت كەلتۈرگىلى بولىدىغىنى ھونلاردۇر. ھونلار ئەسلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى بىر تۈركۈم ئىدى، ئەڭ بۇرۇن جۇڭگونىڭ تارىخي ماتېرىياللىرىدا كۆرۈلۈشكە باشلىغان بولۇپ، جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا ياشىغان. شاڭ-جۇ دەۋرىدىكىلەر ئۇلارنى رۇڭدى، گۇيفاڭ، خۇنيى، چۈەنرۇڭ، چۈەنيى دەپ ئاتىغان. يېغىلىق دەۋرىدە غۇرلار ياكى ھونلار دەپ ئاتىغان. غەربىي جۇدىن شەرقىي جۇغىچە بولغان نەچچە يۈز يىل مابەينىدە، ھونلار ئۈزلۈكسىز تۈردە جۇ سۇلالىسىغا ھۇجۇم قىلىپ تۇرغان. جۇيۇۋاڭنى چۈەنرۇڭلار ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. كېيىن يەنە جۇشۈەنۋاڭنى شەرققە كۆچۈشكە مەجبۇر قىلغان. چىن سۇلالىسىغا كەلگەندە، چىن شىخۇاڭ كۈچلۈك ھەربىي قوشۇن تەشكىللىگەن ھەم سەددىچىن سېپىلىنى ياساتقۇزغان. ئەنە شۇ چاغدىلا ھونلارنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇپ قالالىغان. غەربىي خەننىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، باتۇر تەڭرىقۇت پۇياڭغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغايدۇ، خەن خانى گاۋزۇ زور قوشۇن بىلەن جەڭگە ئاتلىنىپ، بەيدېڭ دېگەن جايدا قاپسىلىپ قالىدۇ. بۇ ئادەم ئاجايىپ قابىلىيەتلىك بولۇپ، خەنۇۋدى دەۋرىگە كەلگەندە غەربىي دىيارغا ئادەم ئەۋەتىپ ياخشى ئاتلارنى سېتىۋېلىپ، كۈچلۈك ئاتلىق قوشۇن قۇرىدۇ. بۇ ھال ئىستراتېگىيىلىك جەھەتتىن ئۆزگىرىش ياساپ خەن قوشۇنىنى مۇداپىئەدە تۇرىدىغان ئورۇندىن تەشەببۇسكار ئورۇنغا ئۆتكۈزىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە يۈز يىلدا ھون قوشۇنلىرى قايتا-قايتا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ

چېكىنىدۇ. خېلى سالماقتىكىلىرى ئوتتۇرا تۆزلەڭلىكتە ئولتۇراقلىشىپ تېرىقچىلىق قىلىدىغان خەنزۇلار بىلەن قوشۇلۇپ كېتىدۇ. قالغان بىر قىسىملىرى ئۇلۇغ غەربىي يۈرۈشنى باشلايدۇ. مىلادىيە 1—ئەسىرگە كەلگەندە، ئۇلار ياۋروپانىڭ شەرقىي قىسىملىرىنى بېسىپ بولغاندى ھەمدە ئارىئانلارغا مەنسۇپ چارۋىچى قەبىلىلەردىن نودۇلار بىلەن قوشۇلۇپ كېتىدۇ. ۋىلسىنىڭ بايانىغا قارىغاندا، ھونلار كېيىنكى دەۋرلەردىكى غەرب تارىخچىلىرىنىڭ تەسۋىرلىگىنىدەك ئۇ قەدەر ياۋۇز، ۋەھشىي ئەمەس ئىكەن. چۈنكى ئۇلار جۇڭگو مەدەنىيىتى بىلەن ھىندى مەدەنىيىتىنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئۇلار ئەسىرلەرنى قىرىپ تاشلىماستىن، بەلكى لەشكىرىي قىسىمغا قوشۇۋالىدىكەن. ھەتتا ئۇلار بىلەن ئۆزئارا تويلىشىدىكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇلار دون دەريا ۋادىلىرىدىكى چارۋىچى مىللەتلەرنى ئۆزلىرىگە قوشۇۋالغان. ئۇلاردا سىياسىي جەھەتتە باشقىلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرالايدىغان مىللەتلەر ھازىرلاشقا تېگىشلىك تۈغما ئىقتىدار ھازىرلانغان بولۇپ، ناھايىتى كۈچلۈك ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان. مىلادىيە 4—ئەسىرگە كەلگەندە، ھونلار تېخىمۇ زورىيىپ شەرق تەرەپتىكى ئالانلارنى بويسۇندۇرغان. شەرقىي گوتلارمۇ ئۇلارغا بويسۇنغان. كېيىن ھونلاردىن سىياسىي، ھەربىي جەھەتتىن ناھايىتى يارامىلىق ئۇلۇغ داھى ئاتتىلا يېتىشىپ چىققان. ئۇ ھون ۋە ئارىئانلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىدىن تەشكىللەنگەن ياۋرو—ئاسىيانى ئۆز ئىلكىگە ئالغان چوڭ ئىمپېرىيىنى قۇرغان. شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى ئۇدا ئون نەچچە يىل ھونلارنىڭ تاپان ئاستىدا بولغان. ئاتتىلا ھەتتا شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىمپېراتورىسىنىڭ نەۋرە قىزىغا ئۆيلەنگەن. مەشھۇر ئاتتىلا بىلەن ئۇنىڭ ئاتلىق قوشۇنى شۇ قەدەر قورقۇنچلۇق تۈسكە ئىگە بولغانكى، ئارىئانلار، رىملىقلار ئۇنى «تەڭرى قامچىسى» دەپ ئاتاشقان. ھەتتا رىم ئىمپېرىيىسىمۇ ئالۋان—ياساق تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. بىر قېتىم ئۇ گېرېتسىيىگە نورمىدىن سىرت ئولپان تەلەپ قىلىپ ئارشاك قوۋۇقى ۋە سالاتقىچە باستۇرۇپ كىرگەن پېتى ئۇدۇل كونستانتىنوپول قورغىنىغىچە يېتىپ بارغان. 451—يىلى ئاتتىلا غەربىي رىمغا ھۇجۇم قوزغىغان. ئۇنىڭ قوشۇنىدا 500 مىڭ ئادەم بار ئىدى. ئۇلار ھونگرىيىدىن يولغا چىقىپ، رېين دەرياسىدىن ئۆتۈپ، گورغا باستۇرۇپ كىرىدۇ. لېكىن ماخشارونىڭ ئەتراپىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. كېيىنكى يىلى ئۇ يەنە رىم قەلئەسىنى بويسۇندۇرىدۇ. 453—يىلى ئاتتىلا بىر ئارىئان قىز بىلەن توي قىلىدۇ. توي ئۆتكۈزۈلۈۋاتقاندا بەختكە قارشى ۋاپات

بولىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھونلار تارىخ سەھنىسىدىن غايىب بولىدۇ. شەرقتىن كەلگەن چارۋىچى مىللەتنىڭ قېنى ياۋروپالىقلارنىڭ تومۇرلىرىغا سىڭىشىپ كېتىدۇ.

ياۋروپا قىتئەسىدە مىلادى 300—يىلىدىن مىلادى 800—يىلىغىچە چارۋىچى مىللەتلەر بىلەن تېرىقچى مىللەتلەر ئېخىمۇ كەڭ دائىرىدە قوشۇلىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئارىئانلار ئاساسىي رول ئوينايدۇ. مىلادىدىن بۇرۇنقى 5—ئەسىردە، ئۇلار سكاندىنوۋىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمى، جۇدلان يېرىم ئارىلى، بالتىق دېڭىزى ۋە شىمالىي دېڭىزنىڭ جەنۇبىي قىسىملىرىغا تارقالغان بولۇپ، ئاساسەن چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق بىلەن مەشغۇل بولاتتى، ئارىئان تىلى، سلاۋيان تىلى، كىلت تىللىرىدا سۆزلىشەتتى. ئۇلارنى گرېتسىيىلىكلەر بىلەن رىملىقلار ئومۇملاشتۇرۇپ ياۋايى مىللەت دەپ ئاتايتتى. بۇ جۇڭگونىڭ ئات ئۇستى مىللەتلىرىنى يىلار، دىلار دەپ ئاتىغىنىغا ئوخشىشىپ كېتەتتى. مىلادى 1—ئەسىردىن 4—ئەسىرگىچە ئۇلار كىچىك تۈركۈملەرگە بۆلۈنۈپ، رېيىن دەرياسىدىن ئۆتۈپ، رىم زېمىنىغا سىڭىپ كىرىدۇ. 5—ئەسىرگە كەلگەندە، پۈتكۈل قەبىلىلەر بويىچە رېيىن دەرياسىدىن ئۆتىدۇ. فرانكلار گور، ياغىلارغا كىرىدۇ. ساكسونلار شىمالىي دېڭىزدىن ئۆتۈپ برىتانىيىگە بارىدۇ. بۇرگوندىلار گېرمانىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا كىرىدۇ. ئاۋستىرىيە بىلەن ھونگرىيە تۈزلەڭلىكلىرىدە ۋاندالار ياشايتتى. ۋاندالاردىن قالسا سۇۋېلەر، لانگىبادلار ۋە لومباردلار ياشايتتى. بوگۇنكى رومىنىيە دائىرىسىدە بۇرۇن غەربىي گوتلار ياشايتتى. قارا دېڭىزنىڭ شىمالىي قىسمىدا شەرقىي گوتلار ياشايتتى. مىلادى 300—يىلىدىن مىلادى 800—يىلىغىچە بولغان مەزگىل، ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا دەل مۇشۇ چارۋىچى مىللەتلەردە زور كۆلەمدە كۆچۈش، زور داۋالغۇش بولۇۋاتقان دەۋر بولۇپ، ئىنسانىيەت تارىخىدا چارۋىچى مىللەتلەر بىلەن تېرىقچى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك قوشۇلۇشى يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇ قوشۇلۇش 500 يىل داۋاملىشىدۇ. مانا شۇ سەۋەبلەردىن بۈگۈنكى فرانسۇزلار، ئەنگلىيىلىكلەر، نېمىسلار، ئىتالىيانلار ۋۇجۇدقا كېلىدۇ... ياۋروپادىكى تېرىقچى مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى تاكى 12—ئەسىرگىچە داۋاملىشىدۇ. ياۋروپالىقلارنى باشقا مىللەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا يايلاق مەدەنىيىتى ئەنئەنىسىنى كۆپرەك ساقلاپ قالالىغان دېسەك، ئاشۇرۇۋەتكەن بولامىزمۇ؟ بىرمۇنچە ياۋروپالىق ئالىملار ئارىئانلار ۋەكىللىك قىلغان يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ ياۋروپالىقلارغا قاندا

تەسىرلەرنى كۆرسەتكەنلىكى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارماستىن، بەلكى ئىرقچىلىق مەۋقەسىدە تۇرۇپ ئارىئان ئىرقىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى كۆز-كۆز قىلىپ، ياۋروپالىقلارنىڭ ئورنىنى كۆتۈرۈپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۆتۈقلىرىنى كەمسىندۈردۇ. ئەمەلىيەتتە ئارىئان مىللەتلىرىنىڭ ياۋروپالىقلارغا ئېلىپ كەلگەنلىرى ياپلاق مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرى ئىدى. گېتلىرنىڭ ئارىئانلارنى ساپ قانلىق (مىللەت) دەپ كۆككە كۆتۈرۈشىدىكى مەقسەت، دۆلىتىدىكى خەلقتە تار مىللەتچىلىك بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېڭىنى ئويغىتىش ئۆچۈندۇر. بۇنىڭدىكى تېز ئۇنۇم بېرىدىغان ۋاستە دەل ئىرقىنىڭ ئەۋزەللىكىنى كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۆز دۆلىتىدىكى خەلقلەردە باشقا مىللەتلەرنى كەمسىندۈرىدىغان، پەس كۆرىدىغان، ئۇلارغا دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

### 3. ياپلاق مىللەتلىرى بىلەن ھىندىلارنىڭ مۇناسىۋىتى

جۇغراپىيىلىك ئورۇندىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھىندىستان بىلەن جۇڭگو ئوخشاشلا بىكىنمە گەۋدە ھېسابلىنىدۇ. پەقەت غەربىي شىمال قىسمىلا تاشقى دۇنيا بىلەن تۇتىشىدۇ. ۋەھالەنكى، قەدىمكى دەۋردە غەربىي شىمالدا بىمالال ئات چاپتۇرۇپ يۈرگەنلەر چارۋىچى مىللەتلەر ئىدى. شۇڭا چارۋىچى مىللەتلەر بىلەن ئالاقىدە بولماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھىندىستاننىڭ ئەڭ قەدىمكى يەرلىك ئاھالىسى بوي-بەستى دىقماق، بۇرنى نىگىرلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان قارا تەنلىكلەر بولۇپ، دراۋىدىئانلار دەپ ئاتىلاتتى.

ئارخېئولوگلارنىڭ ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، مىلادىدىن بۇرۇنقى 3000-يىلىدىن 2000-يىلىغىچە بولغان دەۋردە، ھىندى دەرياسى بىلەن گانگې دەريا ۋادىلىرىدا ناھايىتى يۇقىرى مەدەنىيەت بارلىققا كەلگەن. مىلادىدىن بۇرۇنقى 2000-يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، شىمالىي ھىندىستاننى بويسۇندۇرغان ئارىئانلار ھىندىقۇش تاغلىرى ۋە پامىر ئارقىلىق پەنجاپ ۋە گانگې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى ئويمانلىقتا جايلاشقان مۇنبەت تۈزلەڭلىككە بېسىپ كىرىدۇ. ئۇلار يەرلىك قەبىلىلەر بىلەن تەدرىجىي سىڭىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۈستۈن تۇتۇپ، بويسۇندۇرۇلغانلارنى پەس كۆرەتتى. «رىگاۋېدا»دا خاتىرىلىنىشىچە، بويسۇندۇرۇلغان يەرلىك قەبىلىلەر «مەرج»، «داشيا» دەپ

ئاتالغان. مەنىسى «ياۋايىلار» ۋە «رەقىبلەر» دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇلار ھىندىستانغا يايلاق مەدەنىيىتىنى ئېلىپ كىلىدۇ. ئارىئانلار كالىنى كۆندۈرگەن مىللەت ئىدى، كېيىن ھىندىلارمۇ كالىغا ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. قەدىمكى ھىندى تىلىدا قەبىلىلەرنىڭ داھىيلىرى «جۇبود» دەپ ئاتىلاتتى. سۈت تۈرىدىكى يېمەكلىكلەر، سىرىق ماي ۋە گۆش تۈرىدىكى يېمەكلىكلەرنى ئاساسىي ئوزۇقلىق قىلاتتى. بۇ يېمەكلىكلەر تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ھىندىلارنىڭ يېمەكلىك قۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلىپ كەلمەكتە. ھاراق ئىستېمال قىلىش يايلاق مىللەتلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ كۆڭۈل خۇشلۇقىدىن ئىبارەت. بۇ ئادەت ھىندىستانغا ئېلىپ كىلىندى. يەرلىك خەلقلەرمۇ سۇمو ھارىقىنى ئىچىشنى ئۆگەندى. تەبىئىي يوسۇندا ئارىئانلارمۇ يەرلىك مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلدى. تېرىقچىلىقنى ئۆگىنىپ، ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدى. لېكىن ھىندىستاندىن ئىبارەت بۇ زېمىندا چارۋىچى قوۋم بىلەن تېرىقچى مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشىدا غەلىتىلىك كۆرۈلۈپ، تائىپە تۈزۈمى بارلىققا كەلدى. ئۇلار كىشىلەرنى تۆت ۋارنا (تائىپە)گە، يەنى بىرىنچى تائىپە براخمان (كاھىنلار) تەبىقىسى؛ ئىككىنچى تائىپە ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر (كساترىيە) تەبىقىسى؛ ئۈچىنچى تائىپە تېرىقچىلار، كاسىپلار ۋە ئۇششاق تىجارەتچىلەردىن تەشكىل تاپقان ئاددىي پۇقرالار (ۋايسيا) تەبىقىسى؛ تۆتىنچى تائىپە سودرا تەبىقىسى بولۇپ، بۇ تەبىقە قۇللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نامراتلار قاتارلىق تەبىقىلەرگە بۆلدى. ئالدىنقى ئۈچ قەبىلە «ئارىئان نەسلىدىن بولغانلار» دەپ قارىلىپ، بويسۇندۇرغۇچىلار ھىسابلانغان؛ ئاخىرىدىكى قەبىلە بويسۇندۇرۇلغانلار دەپ قارالغان. بۇ خىل ئەھۋال ھەقىقەتەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇپ، بۇ ھىندىستاننىڭ يەر كلىماتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارالماقتا. دۇبويا دەيدىغان بىرەيلەن ھىندىستاندا نەچچە ئون يىل ياشىغان بولۇپ، ئۇ شۇنداق خۇلاسىگە كەلگەن، ئۇ بۇ يەرنىڭ كىلىماتى ئادەم بەدىنىنى قۇۋۋىتىدىن كەتكۈزۈۋېتىدىكەن، ئادەملەرنىڭ ساغلاملىق قۇرۇلمىسىمۇ خېلىلا زەئىپ ئىكەن. ئادەملەرلا شۇنداق بولۇپ قالماي، ھايۋانلارنىڭ ئىچىدىمۇ پىل ۋە يولۋاستىن باشقىلىرىدا زەئىپلىك ئىپادىلىرى بولغان. چارۋىچى مىللەتلەر ناھايىتى بەقۇۋۋەت كېلىدۇ. ئۇلار كۈچ—قۇدرەتكە چوقۇنىدۇ. ئاجىزلارنى كەمسىندۈرىدۇ. كۈچتۈڭگۈرلارنى ھۆرمەت قىلىدۇ. تائىپە تۈزۈمى بەلكىم قاۋۇل كەلگەن ئارىئانلارنىڭ ئاجىز، زەئىپ كەلگەن يەرلىك قەبىلىلەرنى كەمسىندۈرىشىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. ياۋروپادىكى

چارۋىچى مىللەتلەر بىلەن تېرىقچى مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشنى ئەكس تەرەپتىكى دەلىل—ئىسپات قىلىشقا بولىدۇ. ئارىئانلار دۇچ كەلگىنى تېرىقچى مىللەتلەر سىڭىشىپ بولغان كېلتىكلار ئىدى. ئۇلار چارۋىچى قوۋملارغا خاس قاۋۇل بوي—بەستىنى يوقاتمىغانىدى، شۇ سەۋەبتىن بۇ ئىككى مىللەتنىڭ قوشۇلۇشى باراۋەر ئاساستىكى قوشۇلۇش ئىدى. ھالبۇكى، ھىندىستاندىكى قوشۇلۇش تەڭسىز قوشۇلۇش ئىدى.

ئارىئانلار ھىندىستانغا كىرگەندىن كېيىن، دەرۋەقە ھىندىلارنىڭ بوي—بەستىنىڭ قاۋۇللىشىشىغا سەۋەبكار بولغانىدى.

(موڭغۇل يازغۇچىسى ۋە تارىخچىسى مېڭ چىبى ئەپەندىنىڭ «يايلاق مەدەنىيىتى ۋە ئىنسانىيەت تارىخى» ناملىق كىتابىدىن تەرجىمە قىلىندى).

# يېڭى ئەسىرنىڭ كۈچلۈكلىرى كىم؟

**ئابدۇرېھىم دۆلەت**

بىر نەچچە يىل ئىلگىرى تېلېۋىزىردا يەلى-يەلى دېگەن يېرىم يالىڭاچ ئۇسسۇل قويۇلغاندا، ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ھەيرانلىقتىن ياقىسىنى چىشلەشكەندى، مانا ئەمدى كىشىلەر لېۋىنى چىشلەيدىغان بولدى. قارىغاندا، نېرۋىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك غىدىقلىنىشتىن ناركوزلىنىپ، ھېچنېمىنى سەزمەس بوپقالدىغان ئوخشايدۇ. خۇددى مەلئۇنلار ھەممىگە كۆنۈپ كەتكەندەك. بەلكىم بۇ بىزنىڭ سەنئىتىمىزنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان سىناقلىرىمىز بولسا كېرەك ياكى بولمىسا سەنئەتنىڭ شەھۋانىيلىق دەرىجىسى ۋە باھالىغۇچىلارنىڭ ھۇزۇرلىنىشى مۇھىم ئۆلچەممۇ يە؟

نامراتلار بايلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئۆزىچە بىرەر قېتىم سالام قىلىپ قويۇشىنى ئامەت، دەپ بىلىدۇ. بىراق بايلار نامراتلارنىڭ سالىمىنى ئەقىلگە مۇۋاپىق، ئەسلىدە شۇنداق بولۇشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. كۆرمەك قېيىن ئەمەسكى، ئاجىزلارنىڭ بىر ئۆمۈر تىرىشچانلىقى پەقەت كۈچلۈكلەرنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشمەكنى مەقسەت قىلىدۇ. موھتاجلىق قۇللۇقنىڭ مەنبەسىدۇر. بۇ خىل مەقسەت ئۇلارنى ئۇرۇپ تۇرسىمۇ، ئىگىسىگە سۈيۈنۈپ، قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ تۇرىدىغان ئىتقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ دېھقانلىرىمىزنىڭ يىل-يىللاپ توپلىنىپ قالغان ھاردۇقىنى، ئىچىگە توشۇپ كەتكەن دەرد-پىغانىنى بىرەر رەھبەرنىڭ پارتىيە ھۆكۈمەتنىڭ نامىنى شىپى كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ مۇرىسىگە شاپىلاقلاپ تۇرۇپ رەسمىيەت يۈزىسىدىن قىلغان ئەمەلدارلىق تەلەپپۇزىدىكى بىرەر ئېغىز ياغلىما-رەسمىيەت گېپى چىقىرۋېتەلەيدۇ. زىيالىيلىرىمىزمۇ دوستلىرىدىن، ھەتتا ئاتا-ئانا، خوتۇن باللىرىدىن ئالالمىغان تەسەللىسىنى باشلىقىنىڭ ساختا تەبەسسۇملىرى، مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ، باش لىڭشىتىپ قويۇشلىرىدىن ئالالايدۇ. مانا بۇ ئاجايىپ ئاجىزلىق-زەئىپانىلىق ئەمەسمۇ؟! بۇ،

روھىمىزنىڭ ئۆز ئىچىدىن بارغانچە يىگىلەپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتى.

روھى سۇنغان خەلقنى قۇتقۇزماق قىيىن، ئۇنى يىقىلغان دەرەخنى ئۆرە قىلغاندەك تىكلەپ تۇرغۇزغىلى، كونا بىنانىڭ ئورنىغا يېڭى بىنا سالغاندەك قايتا قۇرغىلى بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، جىسىمنىڭ ئۆرە يۇرگىنى روھىنىڭ ئويغانغانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ، ھەتتا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ باشقىلار بىلەن ئوخشاش ئادەم ئىكەنلىكىدىن گۇمان قىلىدۇ.

تايىنىش تەدبىر، تايىنىۋېلىش ئاجىزلىقتۇر.

ناۋادا بىر خەلق ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋىي مەھسۇلاتلىرىغا ئۆزىنىڭ كۆزى بىلەن قاراپ، ئۆزىنىڭ ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچىيەلمىسە،باشقىلارنىڭ تارازىسىغا مۇھتاج بولىدۇ. باشقىلارنىڭ تارازىسى ئەلۋەتتە ئۆزىنىڭ ئۆلچەش ئادىتىگە ئاساسەن لايىھىلەنگەن. تاشقى ئۇچۇرلار ئىچكى مەنىۋىي مۇستەقىللىق ئاساسىدا ھەزىم قىلىنمىسا، ئۇ، ئىستېمالچىنىڭ گېنىنى ئۆزگەرتىپ غەيرى مەخلۇققا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

ئاجىزلىق مەنىۋىيەتتە بولىدۇ.

ھەرقايىسى ساھەلەردە بىز يەتمەكچى بولغان خەلقئارالىق سەۋىيە، دۇنياۋى ئۆلچەملەردىكى ئاتالمىش خەلقئارالىق دۇنياۋىلىقلار ماھىيەتتە دەل غەربنى كۆرسىتىدۇ، غەربچە بولالىغانلىرى ئىلغار، دۇنياۋى بولىدۇ.سەنئىتىمىزدە مەيدانغا كېلىۋاتقان بۇ يېڭىچە دادىل سىناقلىرىمىز بىزدىكى بۇ خىل خاھىشنىڭ خېلىلا كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

بۈگۈنكى كۈندە يەر شارىلىشىش دولقۇنى غەربنىڭ مەدەنىيەت، سەنئەت، قىممەت قاراشلىرىنى كەڭ غەيرى غەرب ئەللىرىگە شىددەت بىلەن ئومۇملاشتۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار يازغان كىتاب، ئىشلىگەن كىنو، ئېيتقان ناخشا، ئوينىغان ئۇسۇللىرىغا قەدەر ھەممىسى پۈتكۈل دۇنياغا ئورتاق بولىۋاتىدۇ. ئامېرىكىنىڭ سابىق پرېزىدېنتى كارتېرنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىك ئىشلىرى ياردەمچىسى بىرژېنسكى: «ئامېرىكا ئاخبارات ۋاستىلىرى تارقىتىۋاتقان قىممەت قارىشىنى پۈتۈنلەي ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشى،مەدەنىيەتنىڭ چۈشكۈنلىشىشى دېيىشكە بولىدۇ، بولۇپمۇ تېلېۋىزور جىنايەتنىڭ مەنبەسى»،دەيدۇ ھەم يەنە «مۇبالىغە قىلماي ئېيتالايمەنكى، ھوللىۋۇد فىلىملىرى ۋە باشقا تېلېفىلىم شىركەتلىرى مەدەنىيەت ئاغدۇرمىچىلىرىغا ئايلاندى. ئۇلار ئامېرىكا ئاساسىي قانۇنىنىڭ بىرىنچى تۈزىتىلگەن لاھىيىسىنىڭ ھىمايىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىمىزنى ھالاك قىلىدىغان

ئىجدىمائىي ئەخلاق تارقاتماقتا» دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە كۆپ كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىز: خرىستىئانلارنىڭ روژدىستۋو بايرىمى خەلقئارالىق بايرامغا ئايلاندى. كېچىلىك بەزمىخانا، تانسىخانا، ھەتتا كوكاكولا، پادىچى ئىشتىنى، جاز مۇزىكىلىرى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ماددىي ئالامەتلىرى سۈپىتىدە ئەتراپىمىزغا يامراپ كەتتى.

مەدەنىيەتنىڭ يەر شارىلىشىشى ئەكەلگەن ۋەھىمە پۈتكۈل غەيرىي غەرب ئەللىرىگە ئورتاق. تەيبېي سەنئەت ئىنستىتۇتى پروفېسسورى خېخۇەيشۇ ئەپەندى ئۆزىنىڭ «مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن يېڭى ئەسىرگە نەزەر» دېگەن ماقالىسىدە، غەيرىي غەرب ئەللىرىنىڭ ئەندىشىسىنى ۋەكىللىك ئەكس ئەتتۈردى. بىز بۇنىڭدىن بۇ ۋەھىمىگە پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭلا دۇچ كەلمىگەنلىكىنى بىلەلەيمىز، ئەلۋەتتە.

ئاجىزلارنىڭ ئەڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى شۇكى، كۈچلۈكلەرنىڭ قىلغانلىرىدىن گۇمانلىنىشقا پېتىنالمايدۇ، ئۇلارنىڭ قىلغان ھەر بىر ئىشىدا ھېكمەت بار، دەپ ئويلايدۇ. سەپتىن چۈشۈپ قېلىشنى دوزاختا چۈشۈپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ. چۈنكى بىزدە ئېشەك ئېشەكتىن قالسا، قۇلىقىنى كەس، دەيدىغان گەپ بارئەمەسمۇ؟! بىزنىڭ بۇ يەرلەردىمۇ غەربلىكلەرنىڭ داشقىلى ئالتۇن سانىلىدۇ. ناۋادا «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدە بىرەر ئامېرىكىلىق بىرەر پارچە ماقالە ياكى كىتاب يازسا، نۇرغۇنلىرىمىزنىڭ گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىدۇ، گويا ئۆزىمىزنى خەلقئارا ئىلىم ساھەسىنىڭ شۆھرەت ئىگىلىرىدەك ھېس قىلىمىز.

غەرب مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى، غەربلىكلەرنىڭ ئىنسان ھوقۇقى، ئەركىنلىك، گۈزەللىك، ھايات ھەققىدىكى ئۆزىگە خاس پەلسەپىۋى قاراشلىرى، يەكۈنلىرىگە ئاساسەن قۇرۇلغان. ئۇ يەردە قانۇنغا خىلاپ بولمىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى شەخسنىڭ ئەركىنلىكى دائىرىسىدىكى ئىش سانىلىدۇ. ئۇ يەردە ئەركىنلىكنىڭ دائىرىسى، مەزمۇنى ئىنتايىن كەڭرى، بۇ ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى، سەنئىتى، مائارىپىدىمۇ روشەن ئىپادىلەنگەن ھەم بۇ ئۇلارغا غايەت زور ئىجابىي نەتىجىلەرنى ئەكەلگەن. لېكىن چېكىدىن ئاشقان ئەركىنلىكمۇ، شۇنداقلا ئەركىنلىكتىن مەھرۇملۇقمۇ ئادەمنى مايمۇنغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئەلۋەتتە، ئالدىنقىسى ئورمانلىقتىكى مايمۇن، كېيىنكىسى سېرىكچىنىڭ ئۆگىتىلگەن مايمۇنى، ئۇ ئىگىسىنىڭ سول قولىدىكى بانانىنىڭ قىزىقتۇرۇشى، ئوڭ قولىدىكى قامچىنىڭ تەھدىتىدە ھەرىكەتلىنىدۇ.

مەن شۇنداق قارايمەن: ئىنسانلار گۈزەللىك، سەنئەت، مەدەنىيەت دېگەن نىقاب ئاستىدا ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ئالداۋاتىدۇ. ھازىرئىنسانلار چوقۇنۇۋاتقان، ياقتۇرۇپ ھۇزۇرلىنىدىغان سەنئەت ماھىيەتتە جىنسى لەززەتنى قاندۇرۇش ئۆلچەم قىلغان سەنئەتتۇر. ھازىر گۈزەللىك ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى گۈزەللىكى بىلەن ئەمەس، بەلكى سەزگۈلەرنى راھەتلەندۈرەلىشى بىلەن گۈزەللىك سانىلىۋاتىدۇ. بۇ يەر شارىدا ئومۇميۈزلۈك ئۆلچەم بوپقېلىۋاتقاچقا، سەپتىن قېلىشنى خالىمايدىغان بىزدەك بىچارىلەر ھە دەپ ئارتىسلىرىمىزنى يالىڭاچلاۋاتىمىز.

ھازىر ئامېرىكىدا تۇغۇلۇۋاتقان بالىلارنىڭ يېرىمى دىگۈدەك نىكاھسىز پەرزەنت (ھارىمى)، (ئائىلە ئېڭىنىڭ ئاجىزلىشىشى ھازىرئامېرىكىدىكى جىددىي مەسىلە). ئۆتكەندە قايسى بىر گېزىتتىن شىمالىي ياۋرۇپادىكى مەلۇم بىر دۆلەتتە بەچچىۋازلىقنىڭ قانۇنلاشتۇرۇلغىنىنى (قانۇندا رۇخسەتقىلىنغىنى)نى كۆردۈم. يەنە بىرىدىن ئاتىسىنىڭ ئۆز قىزىغا باسقۇنچىلىق قىلغىنىنى؛ ھەتتا ئۇرۇمچىدە مەلۇم خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى تولۇقسىز بىرىنچى يىللىقتا ئوقۇيدىغان بىر قىزنىڭ ئەر-ئاياللار بۇيۇملىرى ماگىزىنىدىن ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش بۇيۇملىرى ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مەلۇم بىر مۇخبىر ئۇنىڭدىن ئۇنى نېمە قىلىسىز؟ دەپ سورىسا، ئۆزۈمگە ئىشلىتىمەن، بۇ بىزنىڭ سىنىپتا نورمال ئىش، دەپ جاۋاب بەرگىنىنى. نېمىشقا شۇنداق قىلىسىز؟ دەپ سورىسا، بۇ دېگەن قانداق دەۋر؟دېگىنىنى. تولۇقسىز 3-يىللىقتا ئوقۇيدىغان بىر جۈپ ئوغۇل-قىزنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپ، بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئەر-خوتۇنلارچە ياشاپ كەتكەن خەۋەرلەرنى كۆردۈم. تولۇقسىزدا ئوقۇيدىغان ئىككى ئۇيغۇر قىزنىڭ چاپان سېتىۋېلىش ئۈچۈن نومۇسىنى ساتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. خەنزۇ يېزىقىدا نەشىر قىلىنىدىغان «جەمىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى» دېگەن ژورنالدىن ھازىر شاڭخەيدە شەنبىلىك ئەر-خوتۇنلارنىڭ كۆپىيىپ كەتكىنىنى، بۇنىڭغا شاڭخەيدىكى جىددىي خىزمەت، ئالدىراش تۇرمۇش مۇھىتىنىڭ سەۋەب بولغانلىقىنى، ئەر-خوتۇنلارنىڭ بىرگە بولىدىغان ۋاقتىنىڭ بەك قىسقىلىقىنى، شۇڭلاشقا ھەپتە ئاخىرىدا بىر-بىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ بولۇپ، ئۆز ئىشىنى قىلىدىغانلىقىنى، جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ بۇنى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى، تەررەقىياتقا پايدىلىق ياخشى ھادىسە، دەپ چۈشەندۈرگەنلىكىدەك بايان-تەھلىللەرنى ئوقۇدۇم. بۇ مۇتەئەسسىپ

قاراشلاردىن خالىي نەقەدەر ئاجايىپ ئىلمىي تەھلىل-ھە! بۇلار پەقەت مېنىڭ ئۇچىراتقانلىرىم. سىز قانچىلىك كۆرگەنسىز؟ ئوقۇغانسىز؟ ئۇچىراتقانسىز؟ يۇقىرىقىلارنى ئۆزئەتراپىڭىزدىكى مۇھىت، قىز-ئوغۇللىرىڭىز، كۆرۈۋاتقان تېلېفىلىم،پىلاستىنكىلىرى، گېزىت-ژورناللاردىكى سۈرەت-رەسىملەر بىلەن باغلاپ ئويلاپ كۆرسىڭىز، قانداقىراق خۇلاسىگە كېلەرسىز؟

ئىنسانىنىڭ ئەڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى شۇكى، مەسىلىنى بىر نۇقتىدىن كۆزىتىپ، بىرلا نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر تەڭ نەزەر سالالمىغانلىقىدۇر. ئىنسان بىرلا نەرسىگە دىققەت قىلغاندا، باشقا نەرسىلەر مۇقەررەر دىققەتنىڭ سىرتىدا قالىدۇ. ئاپەت دەل دىققەتنىڭ سىرتىدا قالغان يەردە. قەدىمكى يۇنان ئالىملىرىنىڭ فىزىكىلىرى دۇنيانىڭ ماھىيىتىنى ھەرىكەت، خىمىكلىرى ماددا،ماتېماتىكلىرى سان دېگەن. ئۇلارنىڭ قاراشلىرى ئۆز كەسپى نۇقتىسىدىن قارىغاندا خاتا ئەمەس. ئەمما مۇكەممەل جاۋاپقا ھەممىسىنى بىرلەشتۈرگەندە ئېرىشەلەيمىز. ئىسلامىيەت تارىخىدىمۇ بۇخىل ئەھۋال يۈز بەردى. ئابباسىيە دەۋرىدىكى مولچىلىق كىشلەرنىڭ ئىمانىنى سۇسلاشتۇرۇپ، تائەت-ئىبادەتتىن بەزدۈرۈۋاتقاندا، بىر تۈركۈم كىشلەربۇنداق جەمىيەتتىن ۋاز كېچىپ تاغلارغا، چۆللەرگە چىقىپ كېتىپ ئىستىقامەت قىلىشتى، زاھىدلىق ھاياتىنى باشلىۋەتتى. بۇلار كېيىنچە كۆپىيىپ دەسلەپكى سوپىلار مەيدانغا كەلدى. كېيىنچە رھىيەتنى پاكلاش خاھىشى ئەۋج ئېلىپ، ماددا، بايلىق، تەبىئىي پەنگە سەل قارالدى، مەنىۋىيەت بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ماددىي يوقسۇللۇقى، تېخنىكا قاششاقلىقى تۈپەيلى كېيىنكى دەۋرلەردە ئۆزلىرىنىڭ ئىمانىنى، ۋەتەنلىرىنىمۇ ساقلاپ قالالمىدى. ئىنسانلاردىكى بۇخىل قۇتۇپ خاھىشچانلىقى 20-ئەسىردە تېخىمۇ گەۋدىلەندى. پەن-تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىياتى، يارىتىلغان غايەت زور ماددىي بايلىق ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى يۈكسەك دەرىجىدە قۇلايلاشتۇرۇۋەتتى. بۇنداق قۇلاي تۇرمۇش شارائىتى بۈگۈنكى راھەتپەرەس-پارازىت ئىنسانلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ماددىي بايلىق ئارقىلىق كېلىدىغان راھەت ئىنسانلارنىڭ غايىسىگە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتنىڭ بارلىق ساھەلىرى مۇشۇ غايە ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتى. قىيقاس-چۇقانلىق جاز مۇزىكىلىرى، ماشىنا-ماتورلارنىڭ گۈرۈلدەشلىرىدىن پاك بوپقالغان ئىنسانلار روھىيىتىنىڭ ئىچكى قاتلىمىدىن چىقىۋاتقان ئىڭراش، نالىلەرنى ئاڭلىيالمىدى. ئامېرىكا جەمئىيىتى يىمىرىلگەن، چاك-چېكىدىن بۆسۈلۈۋاتقان جەمئىيەت،

دەپ، ئۇنىڭ سەۋەبىنى كىشىلەرئەركىنلىكىنىڭ چېكىدىن ئېشىپ، ئىجتىمائىي ئېڭىنىڭ تۆۋەنلەپ، شەخسىيەتچىلىكنىڭ كۈچىيىپ كەتكەنلىكىدىن ئىزدەيدۇ.

ئامېرىكا جەمئىيىتىنى «كېسەل جەمئىيەت» دەپ ئاتىغان «كەلگۈسىشۇناسلار» ژۇرنىلى: «غەربنىڭ هازىرقى زامان مەدەنىيىتى بىزنىڭ روهىي ساغلاملىقىمىزغا زىيانكەشلىك قىلىۋاتىدۇ، بۇ بىزنى بىرىيۈرۈش يېڭى ئەخلاق ئۆلچىمى، ئېتقاد سىستېمىسى قۇرۇشتا يېتەرلىك ئاساسقا ئىگە قىلدى. غەرب هازىرقى زامان مەدەنىيىتى ۋە غەرب جەمئىيىتى دۇچ كەلگەن ئېغىر مەسىلىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ «جىددىيلەشتۈرۈەتتى» دەيدۇ(«جۇڭگونىڭ يولى» ، «جەنۇب گېزىتى» نەشرىياتى، 2002-يىل يانۋار نەشرى).

20- ئەسىرنىڭ قەهرىمانلىرى ئىقتىسادىي ماگناتلار بولدى. ناۋادا بۇ ئەسىردە سامۇئېل سمايلىستەك ئەخلاق تەرغىباتچىلىرى،جامالىددىن ئافغانىيدەك دىنىي ئىسلاهاتچىلار مەيدانغا كەلگەن بولسا، هەرگىزمۇ بىلگىيىتىس، ياك جىيۈەنلەردەك قارىشى ئېلىنماس ئىدى. شۇڭا مەن دەيمەن: قۇتۇپلارئارىسىدا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىيالماسلىق ئاپەتنىڭ مەنبەسىدۇر. «ئىشلارنىڭ ياخشىسى، ئوتتۇراهال بولغىنىدۇر» (هەدىس).

بۇ ئەسىردە ئىنسانلار پەن-تېخنىكىغا ئىمان كەلتۈردى. ئىنسانىيەت ئۇچرىغان هەممە مەسىلىنى ئىلىم-پەن هەل قىلالايدۇ، دەپ ئىشەندى. پەن-تېخنىكا پرىنسىپلىرىنى تۇرمۇشتىكى ئىنچىكە مەسىلىلەرگە قەدەر تەتبىقلاپ باقتى. هەممە نەرسىنى چوقۇم ئىسپاتلاش كېرەك، دەپ قاراپ ئىلىم-پەن ئىسپاتلىيالمايدىغان نەرسىلەرنىڭمۇ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشەنمىدى. ئىلىم-پەن ئىنسانلارنىڭ ئاشكارا مەسىلىلىرىگە جاۋاب بەرگەن بىلەن، مەخپىي مەسىلىلىرىگە ئاجىز كەلدى. ئۇ، تەنگە داۋا بولسىمۇ روهقا داۋا، قەلبكە هىدايەت ئەمەس ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئىنسانلار بارغانسىرى ماشىنىلىشىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىشتى. ئامېرىكىنىڭ ئىلمىي فانتازىيە يازغۇچىسى بېن بوۋىر «ئىلمىي فانتازىيىنىڭ رولى» دېگەن ماقالىسىنى: «ئىلىم - پەن ئۆلتۈرەلەيدۇ، شۇنداقلا يارىتالايدۇ، تېخنىكا ئىنسان روهىنى بۇزالايدۇ، شۇنداقلا ئۇنى تەسەۋۋۇرىمىزدىكى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكۈزەلەيدۇ. پەقەت دانا كىشىلەرلا پەن-تېخنىكىنى ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتىگە قانداق ئىشلىتىشنى بىلىدۇ. قىسقىسى، بارلىق سەنئەتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق رولى ئۆزىمىزنى ئۆزىمىزگە

تونۇتۇش، ئۆزىمىزنىڭ ئادىمىيلىكىنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىشتۇر» دەپ ئاخىرلاشتۇرسا، ئامېرىكىنىڭ سابىق پرېزىدېنتى رىچارد نىكسون: «بۈگۈنكى كۈندە، ئامېرىكا دۇنيادىكى بىردىنبىر دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەت، شۇنداقلا ئەڭ قۇدرەتلىك، ئەڭ باياشاد دۆلەت،بىراق ماددىي جەھەتتە باي بولساقمۇ، روھىي جەھەتتە نامراتمىز» دېگەنىدى.

يەرلىك مىللىي مەدەنىيەتلەر غەرب مەدەنىيتىنىڭ زەربىسىگە ئۇچىراۋاتىدۇ، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئېغىر تەھدىتكە دۇچ كەلمەكتە. ئارنولد توينبى: «تارىخ تەتقىقاتى» دېگەن ئەسىرىدە مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىلا «ئىلگىرى غەرب مەدەنىيتىدىن تەشۋىشكە چۈشكەن دۆلەتلەر ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلدى» دېگەنىدى. ئۇنىڭ بېشارىتىنى بۈگۈنكى دۇنيا ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. مېنىڭچە، غەرب مەدەنىيتىنىڭ شۇنچىلىك كەڭ تارقىلالىشىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ ئىنسانىنىڭ ھايۋانىي نەپسىگە تولىمۇ ماس كەلگەنلىكىدە. بولۇپمۇ بۈگۈنكى راھەتنى غايە قىلغان كىشىلەرگە نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق.

دۇنيا نەزەرىيە ساھەسىدە، ئەمدى ھەرخىل مەدەنىيەتلەر ئۆزئارا دوستلىشىدۇ، ئۇچرىشىدۇ، سۆزلىشىدۇ، دەپ قارىلىۋاتقان چاغلاردا، ئامېرىكا سىياسىيشۇناسى خونتىڭتون «دىپلوماتىيە» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «مەدەنىيەتنىڭ توقۇنۇشۇشى» دېگەن ماقالىسىدە، بۇنىڭدىن كېيىن دۇنياغا كېلىدىغان ئاساسى خەۋپ مىللىي، ئىرقىي توقۇنۇش، ئىقتىسادىي پەرق، نامراتلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ توقۇنۇشىدىن كېلىدۇ، دېگەن ھۆكۈمنى شەرھىيلەش ئۈچۈن نەچچە ئون دۆلەتكە بېرىشكە مەجبۇر بولغان ئىدى. ئۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ھەر قايسى مەدەنىيەتكە تەۋە خەلقلەردە ئۆز مەدەنىيتىنى قوغداش ئىستىكى بارغانسېرى كۈچىيىپ بارىدۇ، دەپ كۆرسەتكەنىدى. خۇددى ئۇنىڭ ھۆكمىنى ئىسپاتلىغاندەك، ئاففانىستاندىكى تالىبانلار پۈتكۈل دۇنيا خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا پەرۋا قىلماستىن، سىنىڭ دېيىشغا مانا مەن ئۇسسۇل ئويناي يەمەن، دەپ غايەت زور بۇتلارنى ۋەيران قىلۋەتتى. باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ئۇ سەنئەت بۇيۇمى بولغان بىلەن، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۇ چېقىپ تاشلاشقا تېگىشلىك بۇت ئىدى. بەلكىم ئۇلارنىڭ غەربلىكلەرنىڭ خورىغا جور بولمايدىغانلارنىڭ يەرشارىدا تېخى مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرۈپ قويغۇسى كەلگەندۇ.

غەرب مەدەنىيەت شۇۋىنىزمىنىڭ شىددەتلىك زەربىسى بىزدەكلەرگە

نىمىنىڭ ھەقىقىي كۈچلۈكلۈك ئىكەنلىكى ھەققىدە يېڭى ئۆلچەم ئەكەلدى. ئىلگىرى مەۋجۇتلۇقىمىزنى ماددىي نەرسىلەرگە باغلىغانىدۇق. ھازىر بۇلارمۇ بىزلەرنى قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ. ئوخشىمىغان دەۋرلەردە كۈچلۈكلەرنىڭ ئۆلچىمىمۇ ئوخشاش بولمىغان. دەۋر ئۆزگەرسە دەۋرنىڭ ئۆز قەھرىمانلىرىدىن كۈتىدىغىنىمۇ ئۆزگىرىپ ماڭدى. ئۆز دەۋرنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلىگەنلەرلا ھەقىقىي قەھرىماندۇر.

ھازىر ئېيتقىنىمدەك، ئىلگىرى مەۋجۇتلىقىمىزنى تەرەققىياتقا، پەن-تېخنىكىغا باغلىغاندۇق. ئەمدى ماددى تەرەققىيات ئۆزىنىڭ كەمتۈكلۈكىنى مەنىۋى ساپلىق بىلەن تولۇقلىمىسا، ئۇنداق تەرەققىياتنىڭمۇ بىزنىڭ مەۋجۇتلىقىمىزغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزىمىزدە كۈچلۈك روھىي قۇۋۋەت، بۈيۈكلۈككە، ئەبەدىيلىككە تۇتاشقان بىر ئەقىدە بولۇشىنىڭ زۆرۈرلىكىنى، شۇنداقلا بۇ ئەقىدىنىڭ ساپلىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ئۇنى لايىقىدا ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىقسادىي كۈچ، پەن-تېخنىكىنى ئارقا تىرەك قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنىمۇ تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك. ب د ت نىڭ سابىق باش كاتىپى پېرىز دىكۇئلىيار مۇنداق دەيدۇ: «تەرەققىياتنى ھەرگىزمۇ پەقەت ماددىي بەھرىمەنلىك، دەپ چۈشىنىۋېلىشقا بولمايدۇ. بىز ھازىر ماددىي ئېستىمالنى ئاساس قىلغان تەرەققىيات شەكلىنى كېڭەيتىۋاتىمىز. ئۇلار مەدەنىيەتنىڭ قۇرۇلمىسىنى بۇزۇپلا قالماستىن، جانلىقلارنىڭ، ھەتتا ئىنسانلارنىڭ ياشاش مۇھىتىغا تەھدىت سېلىۋاتىدۇ». تەرەققىياتنىڭ مۇكەممەللىكى تاللاش بىلەن شاللاشنىڭ مۇۋاپىق بىرلىكىدە ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۆز ۋۇجۇدىدا قۇۋۋەت بولمىغان كىشىگە تاشقى قۇۋۋەت ئېغىر كېلىدۇ.

ھەققەتەنىڭ مىللەت، ئىدېئولوگىيە، مەدەنىيەت، دىن چەكلىمىسى بولمايدۇ، ئۇ پەقەت قوبۇل قىلغۇچىنىڭ ئەقىدىسىنىڭ ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىشىغا باغلىق. بەزىدە مۇسۇلمانلارغا بۇددا نوملىرىدىنمۇ پايدىلىق سۆزلەر ئۇچراپ قېلىشى مۇمكىن. «ھېكمەتلىك سۆز مۇئمىننىڭ يىتتۈرۈپ قويغان نەرسىسىدۇر، ئۇنى قەيەردىن تاپسا ئېلىشقا ئەڭ ھەقلىق» (ھەدىس).

بىز ئەمدى مەدەنىيەت، سەنئەت، تەرەققىيات، ئىنسان دېگەن ئۇقۇملار ھەققىدە قايتا ئويلىنىپ، قايتا تەبىر بەرمىسەك بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. چۈنكى بىز ھازىر مۇشۇ ئۇقۇملارنى خاتا چۈشەنگەننىڭ زىيىنىنى يەتكۈچە تارتىۋاتىمىز. بىز ئىنسانغا ئىنسان دېگەن «سۆزلىيەلەيدىغان، تەپەككۇر قىلالايدىغان،

ئىشلەپچىقىرىش قورالىنى ياسىيالايدىغان...ھايۋان» دەپ تەبىر بەرگەندىن بۇيان راستىنلا ھايۋاندەك ياشىدۇق. ئىنساننىڭ ياشاش مەقسىتى نېمە؟ دېگەن سوئالغا شەمسىددىن تەبرىزىي: «ئىنسانىي كامىل بولماق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇ ئىنساننىڭ كامىل ئىنسان بولۇشتىن بۆلەك مەقستى يوق،دەيدۇ. بۇ يەردىكى «كامىل» دېگەن ئىبارە ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنە ئىنتايىن مول.يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ: «ئالىم بولماق ئاسان، ئادەم بولماق قىيىن» دەيدۇ. ئەلۋەتتە ئۆگىنىپ ئالىم بولغىلى بولغىنى بىلەن، ئۆگىنىپ ئادەم بولغىلى بولمايدۇ. ئادەم بولۇش بىر مۇشكۇل سەپەردۇر. بۇ سەپەرگە ئاتلانغانلار ئىنسانلار ئارىسىدا كۆپ ئەمەس.

خېخۇەيشۇ ئەپەندى: «بۇ ئەسىردە ئۈمىدنى ھەمراھ قىل» دەپتۇ، مەن ئەقىدە دەيمەن. مەنچە بولغاندا ئەقىدە ئۈمىدنىڭ ئانىسى.

بۇ دەۋردە روھى كۈچلۈكلەرلا ھەقىقىي كۈچلۈكتۇر.شۇڭا دەيمەن: ئۈچاي دېسىڭىز قانات چىقىرىڭ، ئارزۇنىڭ بولغىنىلا كۇپايە قىلمايدۇ.ھەم يەنە دەيمەن، سۇ ئۈزەلمەيدىغانلارنى دەريالارغا تاشلىۋېتىڭلار، يا سۇ ئۈزۈشنى ئۆگەنسۇن، يا تۇنجۇقۇپ ئۆلسۇن! ھېلىمۇ ئۇلار سۇ ئۈزەلەيدىغان تالايلارنىڭ پۇتىغا ئېسىلىۋېلىپ، ئۇلارنى ئۆزى بىلەن بىللە ھالاك قىلىدى. ئۇچۇش ئۆگىنەلمەيدىغانلارنى جاڭگال-باياۋانلارغا ھەيدىۋېتىڭلار، يا ئۇچۇشنى ئۆگەنسۇن، يا يىرتقۇچقا يەم بولسۇن.

مەنبە: «مەدەنىيەت ۋە مەۋجۇتلۇقىمىز» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

# ئىلىمگە خىيانەت ـ ئەلگە قىيامەت

## ئابدۇرېھىم دۆلەت

بىز ھازىر ھەممە نەرسە سېتىلىدىغان جەمئىيەتتە ياشاۋېتىپتىمىز، ئەگەر بىز سېتىۋېلىشنى خالىساقلا، ھەم پۇلىمىز بولسا، ھەممە نەرسىنى سېتىۋالالايمىز. بەلكىم بۇ ھەممىگە ماددىي مەنپەئەت ھاكىم ـ قازى بولغان بۈگۈنكى دۇنيانىڭ يەنە بىر پاجىئەسى بولسا كېرەك. پۇلغا ھەممىنى سېتىۋالغىلى بولامدۇ ؟دېگەن سوئال بىردەك ھەممەيلەننىڭ: ياق! دېگەن جاۋابىغا ئېرىشكەن، ئەمما ئۇ بىزنىڭ نەسىر، نۇتۇقلىرىمىزدىكى ئۇنىدەش جۈملىلەردىلا قېپقالدى، رېئاللىق بولسا يەنىلا پۇلنىڭ قۇدرىتىنى ئالىي رەۋىشتە نامايان قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بىز جەمئىيەتتىن شۇنداق كىشىلەرنى ئۇچرىتىمىزكى، ئۇلار پۇلغا گۈزەللىكنى سېتىۋالغىلى بولمايدۇ، دېيىشىدۇ، ئەمما پۇلغا گۈزەل قىزلارنى سېتىۋالىدۇ. مۇھەببەتنى سېتىۋالغىلى بولمايدۇ، دېيىشىدۇ، ئەمما نىكاھنى سېتىۋالالايدۇ. ھەتتا ھازىر كىشىلەرنىڭ ۋىجدان، ئىمانىمۇ نۆۋىتى كەلگەندە بىر دوملاپىلا تاۋارغا ئايلىنىدۇ، ئۇمۇ ئوخشاشلا سېتىلىدۇ. دېمەك، بۇ دەۋر ئىنسان ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن بارلىق ماددىي ـ مەنىۋىي ئېلېمېنتلاردىن ئەڭ يۇقىرى چەكتە ئىقتىسادىي قىممەت ياراتقىلى بولىدىغان بىر دەۋر.

«جاھاندا ئەڭ قاتتىق نەرسە نېمە؟» ـ «مۇھتاجلىق!». شۇنداق، بۇ جۈملىنى باشلانغۇچتا ئوقۇيدىغان چاغلىرىمدا ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىن ئوقۇغىنىم يادىمدا. ئادەمنىڭ ئىنتىلىشتىن قىلغان ئىشلىرى بىلەن مۇھتاجلىقتىن قىلغان ئىشلىرى روشەن پەرقلىنىدۇ. ئىنتىلىش ئاكتىپ روھىي ھالەتكە ۋەكىللىك قىلسا، مۇھتاجلىق پاسسىپ روھىي ھالەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئىنتىلىش ئەركىنلىككە دالالەت قىلسا، مۇھتاجلىق قۇللۇققا دالالەت قىلىدۇ. ماھىيەتتە بۇ ئىككىسى ئىنسان پائالىيىتىنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. ئىنتىلىش ـ مۇھتاجلىقنىڭ ئالىي ماقامدىكى مۇقەددەسرەك ئىپادىسى، ئۇنىڭدا خىلمۇ خىل

تاللاش ئىمكانىيىتى بار. ئەمما، مۇھتاجلىق مەجبۇرلۇقتۇر، بۇنىڭدا بويسۇنۇشلا بار، تاللاش يوق، مەن ئويلايمەنكى، ئىنسان پائالىيىتى بۇ ئىككىسىنىڭ مۇۋاپىق بىرلىكىدىلا ئاندىن مۇكەممەللىككە يەتسە كېرەك. مۇھتاجلىق رېئاللىقنى، ئىنتىلىش غايىنى كۆزدە تۇتىدۇ. مۇھتاجلىقنى بايقىيالماي، ئىنتىلىپلا يۈرگەن ئادەمنىڭ ئىشلىرى نەتىجىسىز بولىدۇ، ئەمما، ئىنتىلىشنى تەرك ئېتىپ مۇھتاجلىق ھەلەكچىلىكىدىلا يۈرگەن ئادەمنىڭ ئىشلىرى ئۇلۇغۋار بولمايدۇ، ھەتتا بەزىدە پەسكەشلىشىپ كېتىدۇ ئەمما ھەممىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئادەمنىڭ نېمىگە ئىنتىلگەنلىكىدە، نېمىگە مۇھتاجلىقىدا، ئىنسان ئۇچۇن تاللاشنىڭ ئۆزى بىر چوڭ سىناق.

مانا ھازىر بىز شۇنداق بىر دەۋردە ياشاۋېتىپتىمىزكى، بىز ساناقسىز مۇھتاجلىقلار بىلەن قورشالغان، ئۆزىمىزنىڭ ئەسلى ئارمانلىرى نەلەردە ئۇنتۇلغان . مائاشقا مۇھتاج، ئوقۇش ئارمان. خوتۇنغا مۇھتاج، مۇھەببەت ئارمان. . .

ئېنگلىز تىلى ئىگىلەش ئارمىنىم دېيسىز، ئەمما، نېمىشقا؟ دەپ سورىسا، دەۋرنىڭ تەلىپى دېيسىز، مۇشۇ گەپنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ ئارمان ئەمەس، ئېھتىياج ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. دەۋر تەقەززا قىلمىغان، ئەمما ھەر قانداق دەۋردە بولمىسا بولمايدىغان نەرسىلەرنى پەيدا قىلىشنى تەسەۋۋۇر قىلالامسىز؟ مېنىڭچە، ياق، بۇنداق كىشىلەر بەك ئاز.

ئىنسانلار ھەرقانداق بىر دەۋردە ياشاش ئۇچۇن ئىلىمگە مۇھتاج بولغان، ئەمما بۇ خىل مۇھتاجلىق بۈگۈنكىدەك تەخىرسىز بولمىغان. بىلىملىك بولغانىنىڭ ئالامەتلىرى بولمىش دىپلوم، ئۇنۋان-كىنىشكىلەر بۈگۈنكى زامان كىشىلىرىنىڭ ئىختىراسى، كىشىلەر ھازىرئۆز سالاھىيەتلىرىنى شۇلاردىن ئىزدەيدىغان بولىدى. بۇ خىل سۈنئىي سالاھىيەتلەر قانچە خىلمۇ خىللاشقانسېرى ئەسلى ئىنسانلىق سالاھىيەت بارا-بارا ئۇنتۇلۇشقا باشلاپ، ئادەملەر سەن كىم؟ دېگەن سوئالغىمۇ دەرھال جاۋاب بېرەلمەي ئېسەنكىرەپ قالىدىغان بولىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇلارنىڭ بولۇشى خاتا ئەمەس، ئەمما ھەممىنى شۇنىڭدىن ئىزدەش، شۇنى ئۆزلىرىنىڭ ماركىسى قىلىۋېلىش خاتادۇر. چۈنكى، ئىنسان ئۇچۇن ئىنسان دېگەن ماركىلا يېتەرلىك شەرەپ، ئادەم بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق شەرەپنى قوغلاشقاندا، تاپتىن چىقىدۇ.

ساختىلىق _ قارا يۈرەكلىك بىلەن مۇھتاجلىقنىڭ مەھسۇلى. ھازىرغا قەدەر ئىنسانلار ساختىلىق ئىشلەتمىگەن ھېچنېمە قالمىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىلىم-

مائارىپقا ئىشلىتىلگەن ساختىلىق ئادەملەرنى ئەبەدىي پۇشايماندا قالدۇرىدۇ، بىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز بۇنىڭ زىيىنىنى مەڭگۈ تارتىمىز. ئۇنداقتا، بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىلىم ساھەسى ياكى مائارىپى قانچىلىك پاكىز؟

بەلكىم بۇ ساھەدىكى پاكىزلىقنىڭ بەلگىلىك ئۆلچىمى بولمىسا كېرەك. رايونىمىزدا "سەللە يوغان ئىمان يوق، داستىخان يوغان بىر نان يوق" دېگەن تەمسىل ئالللىقاچان ئومۇميۈزلۈك ئەھۋالغا ئايلانغان. ھېچكىم خەنزۇ تىلىدا بەش يىل ئوقۇغان بىرەيلەننىڭ بىرەر پارچە ئىلتىماسىنى خەنزۇچە قاملاشتۇرۇپ يازالمىغىنىدىن بەك ھەيران قىلىپ يۈرمەيدۇ (ھەيران قالماسلىق كۆنۈپ كەتكەنلىكنىڭ ئالامىتى، تولا ھەيران قىلىش بىلمەسلىكنىڭ ئالامىتى، پەقەت ھەيران قالماسلىق غاپىللىقنىڭ ئالامىتى).

ھازىرقى زامان كىشىلىرى ئۈچۈن دىپلوم، ئۇنۋانلارمۇ ئۇلارنىڭ ئىلىم سالاھىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى نان يېيىش دەسمايىسىگە ئايلىنىپ قالدى. ھازىر دىپلومىڭىز يوغىنىسا، قولىڭىزدىكى زاغرا كاكچىغا، بېشىڭىزدىكى تەلپەك شىلەپىگە ئالمىشىدۇ. مانا بۇ خىل زۆرۈرىيەت جەمئىيىتىمىزدە ئىنتايىن تېزلىكتە جەمئىيەت ئىلىم ساھەسىنىڭ ھەر قانداق بىر ساھە، قاتلىمىغا سىڭىپ كەتكەن ئىلىم ساختىلىقى ھادىسىسىنى پەيدا قىلدى. يېقىندىن خىزمەتكە چىققان ۋاقتىمدا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۇنۋان باھالاش يىغىنىغا قاتنىشىپ قالدىم. ئەسلىدە ئوقۇتقۇچىلار بىرەر ئوقۇتقۇچىنى كۆرسىتىدىغۇ، دەپ ئويلىغانىكەنمەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنۋان دەۋاگەرى ئار-نومۇسىنى قايرىپ قويۇپ ئۆزىنىڭ "جاپالىق" خىزمەت شارائىتىدا "ھارماي-تالماي "ئىشلەپ قولغا كەلتۈرگەن "شانلىق "نەتىجىلىرىنى ئېغىزلىرىدىن كۆپۈك قايىنىتىپ تورۇپ ئوقۇپ چىقىدىكەن (يازغان كەمچىلىك-يېتەرسىزلىكلىرى بىرەر ۋاراقمۇ چىقمايدۇ)، ئاندىن بىز ئۇنىڭ ئۇتۇقلىرىنى قايتا تىلغا ئېلىشىپ ، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن شۇ ئۇنۋانغا لايىقلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقىدىكەنمىز . ناۋادا بېرىلگەن سان نامزاتلارغا يېتىشمىسە، ئويۇننىڭ قىزىقى شۇ يەردە، ئۇ يەردىكى تالاش-تارتىشلارنى سىنئالغۇغا ئېلىۋېلىپ، بىر قويۇپ بەرگىلى بولسا، دەپ قالىمەن. مەن ئەسلىدە ئۇ تالاش-تارتىش ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا ئەمەس، بەلكى نامزاتلار ئارىسىدا بولىدۇ، ئادەم ئۆز ئۇتۇقلىرىنى ئاشكارا دېيىش، پەش قىلىشتىن يۈزى قىزىرىدۇ، دەپ ئويلايتتىم، ئۇلار ماڭا مىنىڭ خاتا ئويلىغانلىقىمنى كۆرسىتىپ قويدى. ھەتتا ئۇلار شۇ تۇپەيلى بىر-بىرى بىلەن ئاداۋەتلىشىپ، قاراشمايمۇ يۈرىشىدۇ.

بەزىلىرى ھەتتا بۇ يىل نۆۋەتنىڭ ئۆزىگە كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇ، "بۇلتۇر پالانى باھالانغاندا غىڭ قىلمىدىم، ھازىر مېنىڭ ستاژىمۇ ئەڭ ئۇزۇن، قىلغان خىزمىتىممۇ ئاز ئەمەس، ئەمدى مەن بۇ يىل باھالىنىۋالالمىسام كېلەر يىلى يەنە بىر نەچچىسى چىقىدۇ، دەم ئېلىشقا چىقىشتىن ئاۋۋال باھالىنىۋالاي، تەشكىل بۇنىمۇ كۆزدە تۇتۇپ قويسۇن "دېگەنلىك ئەمەسمۇ ؟ بۇلارچە بولغاندا ئۇنۋان خىزمەتنىڭ سۈپىتىگە ئەمەس، ستاژىغا كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تەشكىلمۇ " ئادىمىگەرچىلىك " قىلىدۇ.

ئۇنۋان ئۈچۈن باشقىلارغا ماقالە يازدۇرۇش ، ئۆزنامىدا ئېلان قىلدۇرۇش دېگەنلەر ھازىر ھېچكىم ئېغىز ئالمايدىغان ئىشقا ئايلىنىپ كەتتى.

1998 ـ يىلى ساۋاقداشلىرىم ئۇرۇمچىگە دىسسېرتاتسىيە ياقلىغىلى كەلگەندە ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ بىرگە كەلدىم. ئۇلار دېگەن گەپلەر مېنى بەك ھەيران قالدۇردى. يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلىرى: "سىز خوتەندىن كەلدىڭىزمۇ؟ خوتەننىڭ ياڭىقى داڭلىق ھە "دېگەندەك ئىما ـ ئىشارەتلەرنى قىلغانىمىش، ھەتتا بەزىلىرى خېلى ئاشكارىلا مەقسەتنى بايان قىلغانىمىش، دىسسېرتاتسىيە ماقالىسىنى خەققە يازدۇرغان بولسىمۇ، ئەمما يېتەكچىلىرىنى "رازى" قىلغانلارنىڭ ماقالىلىرى "ئەلا" باھالاندى. مانا بۇ، رايونىمىزدىكى ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتىنىڭ سەرخىللىرىنىڭ كومېدىيىلىرى، بۇمۇ مۇھتاجلىقتىن كېلىپ چىققان پەسكەشلىكمۇ ؟

ھازىر ئۇرۇمچىنىڭ ئاممىۋى تېلېفونلىرى، دۇكانلارنىڭ ئەينەكلىرى، ھەتتا ئۆتتۇشمە كۆۋرۈكلەرنىڭ پەشتاقلىرى... ئىشقىلىپ، كۆزگە تاشلىنىدىغانلا ھەر قانداق بىر يەرگە قارىسىڭىز ھەر قانداق دىپلوم، كىنىشكا بېجىرىشتىن غەم قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. "كىنىشكا بېجىرىمىز "دېگەن خەتنى ھەر قانداق يەردىن ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئۇلار ھېچنېمىدىن ئەيمەنمەي، ئەنسىرىمەي، يانفون، چاقىرغۇلىرىنىڭ نومۇرلىرىنى يېزىپ قويۇشىدۇ. بۇ يەردىكى ئېغىر مەسىلە، بۇ خىل ھادىسىنىڭ ئومۇملىشىپ كەتكەنلىكىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قانداق بولۇپ بۇنچە ئەركىن ئومۇملىشىپ كېتەلىگەنلىكى ۋە بۇنىڭغا مەسئۇل ئورگانلارنىڭ قاراپ تۇرغانلىقىدا.

"ئىسرائىلىيە چوڭ‌ئامىلىرىغا خەت "دېگەن فىلىيەتوندا مۇنداق بىر ۋەقەلىك سۆزلىنىپتۇ: "يۈز نەچچە نەپەر مائارىپ ئەربابى، ئالىي ساقچى قاتارلىق جەمئىيەتنىڭ ھەر ساھە قاتلاملىرىدىكى سەرخىللار يالغان دىپلوم سېتىۋېلىش

دېلوسىغا چېتىلىپ قاپتۇ، بۇ ئىش پۇتكۈل ئىسرائىلىيىنى زىلزىلىگە سېلىۋېتىپتۇ. دېلو يۈز بەرگەندىن كېيىن ساقچىلار دەرھال كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، لاتۋىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىسرائىلىيىدىكى تارماق مەكتىپىنىڭ مەسئۇلى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بەش نەپەر خادىم ھەمدە ئىسرائىلىيە ئوقۇتقۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسىنى رەسمىي قولغا ئاپتۇ. قانۇننى بىلىپ تۇرۇپ خىلاپلىق قىلىپ، يالغان دىپلوم سېتىۋالغان ئىسرائىلىيە ساقچى ئەمەلدارلىرى ۋە باشقا بىر نەچچەيلەننى سوراق قىپتۇ . ھەتتا شىمال ساقچىلار قوماندانىنىمۇ دەرھال چاقىرتىپ كېلىپ، ئىسرائىلىيە باش شتابىنىڭ ساقچىلارنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى سوراق قىپتۇ. ساختا دىپلوم ياسىغان لاتۋىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە بېرىدىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىسرائىلىيىدە ئېلىپ بېرىۋاتقان بارلىق ئوقۇتۇش پائالىيەتلىرىنى توختىتىپتۇ ھەم بۇ مەكتەپلەر تارقاتقان ھەر قانداق دىپلومنى ئېتىراپ قىلماپتۇ. "ئەگەر بۇ ئىش جۇڭگودا يۈز بەرگەن بولسا قانداق بولار ئىدى؟ ئىشقىلىپ، چوقۇم ئىسرائىلىيىدىكىدەك بولمايتتى. ھەتتا شۇ ماقالىدە دېيىلىشىچە، (جۇڭگودىكى) مەلۇم بىر شەھەردە خىزمەت باھالىغۇچىلار شۇ شەھەردىكى 64% ئالىي مەكتەپ دىپلومىنىڭ يالغانلىقىنى بايقىغان. ئەمما، ھېچقانداق بىر تەرەپ قىلىنمىغان. جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇچاڭجېڭ (ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان پارىخور ئەمەلدار) جۇڭگودىكى ئەڭ نوپۇزلۇق بىر ئۇنىۋېرسىتېتتىن ماگىستىرلىق دىپلومى ھەل قىلغان (ئەگەر پارىخورلۇقى ئاشكارىلانمىغان بولسا، بۇنى ھېچكىم بىلمەس ئىدى).

يەنە ئىسرائىلىيىدىكى ھېلىقى ۋەقە توغرىلىق مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرىنى زىيارەت قىلغاندا، ئۇ: "سىلەر ئەۋلادلىرىمىزغا ئىنتايىن يامان بىر ئۈلگە تىكلەپ بەردىڭلار"دېگەن. يەنە بىر ئالىي مەكتەپ پروفېسسورى: "دىپلوم ئالدامچىلىقى ئىنتايىن رەزىل جىنايەت، خۇددى ئەسكەرنىڭ دۈشمەنگە مىلتىقىنى ساتقىنىدەك ئېپلاس قىلمىش" دېگەن.

ئاخىرىدا فىلىيەتون ئاپتورى لىبي چاڭفېڭ كىنايە تەلەپپۇزىدا: "دىپلوم، كىنىشكا لازىم بولسا جۇڭگوغا كېلىڭلار، تام-ستولبىلاردىكى چاقىرغۇ نومۇرلىرىغا تېلېفون قىلساڭلارلا بىردەمدىلا ھەل بولىدۇ، ھەم ئەرزان، ھەم بىخەتەر " دېگەن.

يەنە تۆۋەندىكى سانلىق مەلۇماتلارغىمۇ قۇلاق سېلىڭ: مەملىكەتلىك تەبىئىي پەنلەر فوند جەمئىيىتىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مۇپەتتىش ئىشخانىسى

2001ـ يىلىدىكى ئىلىم ساھەسىدىكى چىرىكلىكلەرنى ئېلان قىلغان. تاكى 2001ـ يىلى 31ـ دېكابىرغىچە بۇ ئىشخانا مۇشۇ خىلدىكى دىپلودىن جەمئىي 76نى تاپشۇرۇۋالغان. ئۇنىڭ 54 پارچىسى باشقىلارنىڭ ئەسىرىنى ئۆز نامىدا ئېلان قىلدۇرۇۋېلىش، باشقىلاردىن كۆچۈرۈش، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشى ئادىل بولماسلىق، مۇكاپات سوممىسىنى قالايمىقان ئىشلىتىش.

ئىلىم ساھەسىدە ساختىپەزلىك قىلىش، باشقىلارنىڭ ئەسىرىنى كۆچۈرۈۋېلىش دېگەندەك چىرىكلىكلەر ئادەتتىكى ھادىسىلەرگە ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇنىڭغا چېتىلىدىغانلار ئىچىدە پروفېسسور، ئاسپىرانتلار بولماستىن، ھەتتا ئاكادېمىكلار، داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ مۇدىرلىرىمۇ بار ئىكەن. پۇلغا چىدىسىڭىزلا ئىنتېرنېتتىن ئىزدىسىڭىز باكلاۋىرلىق ئىلمىي ماقالىسى 10 كوي، ماگىستىرلىقنىڭ 20كوي، دوكتۇرلۇقنىڭ 30 كوي ئىكەن (ئويلاپ كۆرۈڭ، نەچچە يىل چاچ ئاقارغۇچە ئوقۇپ، كېچە ـ كېچىلەپ ئۇخلىماي يازىدىغان ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ باھاسى شۇنچىلىك بولسا ـ ھە! ھازىر مەدىكارلارمۇ سائىتىگە 10 كويغا رازى بولامدۇ، بۇ بىر گەپ!) بېيجىڭدا ئوقۇيدىغان بىر دوستۇم: بېيجىڭدا ماگىستىرلىق، دوكتورلۇق دىپلوملىرىنى تاپماق ئاسان، ئىشقىلىپ شۇ ئۇنىۋانىنى چىڭخۇا ئۇنىۋېرستېتى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرستېتى ئالدىدا ساتىدىغانلار بەك كۆپ. ئۇلار دىپلوم، نىكاھ گۇۋاھنامىسى، ئاجرىشىش خېتى، ھەتتا ئۆلۈم ئىسپاتنامىسى . . .قاتارلىق 160 خىلدىن ئارتۇق كىنىشكە ياسىيالايدىكەن، دېگەنىدى، مەن تازا چىنپۇتمىگەنىدىم. مانا ئەمدى چىنپۇتمەي بولمىدى.

ئەمەلىيەتتە ئۇلار دىپلوم، كىنىشكە ئەمەس، بەلكى دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ تەقدىرىنى سېتىۋاتىدۇ. ئۇلار چىقارغان باھالار ۋەتەن، مىللەتنىڭ تەقدىر ـ ئىستىقبالىغا چىقىرىلغان باھادۇر!

بولۇپمۇ بۇ خىل چىرىكلىك ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا تېخىمۇ ئېغىر. ئوقۇغۇچىنى قەستەن ئىمتىھاندىن ئۆتكۈزمەيدىغان، ئوقۇغۇچىلاردىن نەپ تاما قىلىدىغان ئىشلار تولا، بۇنىڭغا ھازىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ، ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ (بىر قىسمى) كۆنۈپ كەتتى، بۇ ئاللىقاچان ئاشكارا مەخپىيەتلىك بولۇپ قالدى.

ئالىي مەكتەپ قانداق جاي؟ ئۇ قانداق بولۇشى كېرەك؟ بۇ مەسىلىلەر بەلكىم بىزنىڭ شۇ يەردە ئىشلەيدىغان نۇرغۇن كىشىلىرىمىزگىمۇ تېخى ئايدىڭ بولمىسا كېرەك. بىر ئالىي مەكتەپنىڭ، بىر مىللەتنىڭ، بىر دۆلەتنىڭ

مەۋجۇتلۇقى، ئىستىقبالىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە بولىدۇ.

بەزى ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، ئامېرىكىدىكى مەشھۇر ئۇن ئۇنىۋېرسىتېت مۇنداق ئورتاق تونۇشقا كەلگەن: دۇنياۋى ئالدىنقى قاتاردىكى ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ مۇنداق ئاساسلىق ئىككى ئۆلچىمى بولىدۇ، بىرى رايون ئىقتىسادى ۋە دۆلەت ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئالغا سۈرگۈچ رول ئوينىيالىشى، يەنە بىرى، شۇ رايون، دۆلەتنىڭ مەرىپەت، مەدەنىيەتكە يېتەكچىلىك قىلالىشى كېرەك . ئومۇمەن مۇنداق ئورتاق قاراش بار: دۇنياۋى ئالدىنقى قاتاردىكى ئۇنىۋېرسىتېتلار ئاز دېگەندىمۇ تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلىغان بولۇشى كېرەك:

1 ـ خەلقئارادا زور تەسىرگە ئىگە كۆزگە كۆرۈنگەن ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقالىشى كېرەك.

2 ـ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىدا بىر تۈركۈم دۇنياۋى پېشۋالار بولۇشى كېرەك.

3 ـ دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان پەنلىرى بولۇشى كېرەك.

4 ـ ئىلمىي تەتقىقاتلىرى دۇنيا ئېقىمىغا يېتەكچىلىك قىلالىشى ھەم دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشى كېرەك.

5 ـ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشقان بولۇشى كېرەك، مەدەنىيەت، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشقان بولۇشى كېرەك. (قارىغاندا، مەن ھازىرغا قەدەر ھازىرقى زامان ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ باقمىغان ئوخشايمەن) خې خەنلىن دۇنيادىكى ئالدىنقى قاتاردىكى ئالىي مەكتەپ قانداق بولىدۇ؟ دېگەن فىلىيەتونىدا مۇنداق دەيدۇ: ”خارۋارد، ستانفورد، يالى ئۇنىۋېرسىتېتلىرى، كالىفورنىيە سانائەت ئىنستىتۇتى، ئوكسفورد، كامبرىج، توكيو ئۇنىۋېرسىتېتى دېگەنلەر دەل دۇنياۋى ئالدىنقى قاتاردىكى ئالىي مەكتەپلەردۇر، بۇلار نۇرغۇن خەلقئارالىق شەخسلەرنى يېتىشتۈرگەن، مەسىلەن، نوبېل مۇكاپاتى ساھىبلىرىدىن خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىن 37 نەپەر، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدىن 27 نەپەر ئادەم چىققان. ئاكادېمىك، سىياسىئون، بانكىر، كارخانىچىلارنى ساناپ بولغىلى بولمايدۇ. كالىفورنىيە سانائەت ئىنستىتۇتىدا ئاران 2مىڭ ئوقۇغۇچى ئوقۇيدىكەن (ئاڭلىسام شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا 30مىڭغا يېقىن ئوقۇغۇچى بارمىش).

خې خەنلىن يەنە ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئۇنىۋېرسىتېت روھى، خىسلىتى بولۇشى كېرەك،ئۇ پۇل، ھوقۇقنى ئەمەس، ئەقىل-ۋىجداننى تۇۋرۇك قىلىشى كېرەك. ئۇ ، ئىنسانىيەت مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مۇقەددەس تۈپرىقى بولۇشى كېرەك . ئۇ ھەر قانداق چىرىكلىك، پەسكەشلىكنى سىغدۇرالمايدۇ . ئۇ تارىخىي بىلىملەرنىڭ " كۆۋرۈكى "ياكى باشقىلارنىڭ بىلىملىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان زاۋۇت ئەمەس ، بەلكى ئىجادىيلىققا باي دەۋر روھىنىڭ بالىياتقۇسى ، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە مەدەنىيەت يارىتىدىغان بۆشۈك بولۇشى كېرەك . ئۇ پاسسىپ ھالدا جەمئىيەت تەرىپىدىن يېتەكلەنمەستىن، بەلكى ئىجتىمائىي مەدەنىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك. ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇتقۇچىلىرى ئىلىم ئەھلىلىرىدىكى، ھەرگىزمۇ " ئىجتىمائى ئالاقىچى " ، " ئىلمىي پائالىيەتچى " ئەمەس ، مۇدىرلىرى بولسا " ئۇنىۋېرسىتېت روھى"نىڭ ئوبرازلىرى ۋە ئىلغار مائارىپشۇناسلاركى ، ھەرگىزمۇ " سىياسىئون " ئەمەس.

قىستۇرۇپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى بىر ئەرەب ماگناتىنىڭ ئۆز ئىسمىنى قويۇش بەدىلىگە بېرىدىغان غايەت زور ياردەم پۇلىنى رەت قىلغان، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى بولسا، ئامېرىكىنىڭ سابىق رەئىس جۇمھۇرى رېگاننىڭ پەخرىي دوكتورلۇق ئۇنۋانى بېرىش تەلپىنى رەت قىلغان. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئاللىقاچان مۇقەددەسلەشكەن بىر ئۇنىۋېرسىتېت روھى، خىلاپلىق قىلغىلى بولمايدىغان پرىنسىپى شەكىللىنىپ بولغان.

قارىغاندا، مائارىپ ، ئالىي مەكتەپلەردىكى ئىلىم چىرىكلىكىنى دەپ بولغىلى بولمايدىغاندەك قىلىدۇ . مەيلى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلاردىكى پارىخورلۇق ياكى يالغان دىپلوم ، كۆچۈرمىكەشلىك ھادىسىلىرى بولسۇن ۋە ياكى ئوغرىلانغان ماقالە، ئەسەرلەر مەسىلىسى بولسۇن، بۇلار كىشىگە جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ئاجايىپ " كەڭ قورساق " ئىكەنلىكىنى، شۇنچىلىك ئالەمشۇمۇل رەزىللىكلەرنى سىغدۇرۇپ كېتەلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. مۇشۇ رەزىللىكلەرگە قارىتا بىر ئۇنۇملۈك نازارەت، باشقۇرۇش مېخانىزمىنىڭ بولماسلىقى ياكى بولسىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالماسلىقى كىشىنى ئاجايىپ ئېچىندۇرىدۇ.

ۋىي جيەنمىي ئالىي مەكتەپلەردە نېمە كەم؟ دېگەن فىلىيەتونىدا بۇ مەسىلىلەرنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: " ئەڭ ئاددىي سەۋەب _ ئالىي مەكتەپلەردىكى بىيۇروكراتلاشقان تۈزۈمدە. غەربتە مەشھۇر ئالىي

مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك پروفېسسور-مۇتەخەسسىسلەر باشقۇرىدۇ، بىزنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىمىز بولسا باشقارما، ئىشخانىلارغا تولغان، ھېلىقى ئۆلتۈرسا ئۆيى، ماڭسا پىكاپى تەييار باشقارما باشلىقى، نازىرلارنى شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مائارىپ بىلەن پەقەت ئالاقىسى يوق كىشىلەردۇر. بيۇروكرات باشقۇرۇش مۇھىتى ئەلۋەتتە بيۇروكراتلاشقان كەيپىيات پەيدا قىلىدۇ، ھەتتا ئوقۇغۇچىلار رەھبەرلەر ۋە ئوقۇتقۇچىلارغا ئادىمگەرچىلىك قىلىپ پارتىيىگە كىرەلەيدۇ، ئەلا باھالىنالايدۇ، يۇقىرى نومۇر ئالالايدۇ. ھەقىقىي ئىلىم ساھىبلىرى ، ۋىجدان ئىگىلىرى بولغان پروفېسسور، مۇتەخەسسىسلەر ھوقۇق چەمبىرىكىنىڭ سىرتىدا قالىدۇ. بۇنداق " رىقابەت " مۇھىتىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن ئوقۇغۇچىلار قانداقمۇ جەمئىيەتتە ئادالەت بارلىقىغا ئىشەنسۇن ؟ ئەمەلىيەتتە، نۇرغۇنلىرى شۇ چاغلاردىلا ئادالەت، ھەقىقەتكە بولغان ئىشەنچ، چۈشەنچىلىرىدىن ۋاز كېچىپ بولىدۇ-دە، چوڭ ئىقىمغا قوشۇلىدۇ. "

ھازىرقى زاماندا ئالىي مەكتەپ مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، جەمئىيەتنىڭ مىكروسىدۇر ، بۇ يەردىن چىققانلار جەمئىيەتنىڭ سەرخىللىرى، كىشىلەرنىڭ ئۈلگىلىرىدۇر . ئۇلار جەمئىيەتنى ساغلام بىر نىشانغا يېتەكلەشكە، ئاۋامنى ئاقارتىشقا ، ئۇلارغا يول كۆرسىتىشكە ، ئۇلار چۈشىنەلمىگەننى چۈشەندۈرۈشكە ، بىلمىگەننى بىلدۈرۈشكە تېگىشلىك . ئۇلار خۇددى تۈزدەك پۈتكۈل جەمئىيەتكە تېتىشى كېرەك . بولمىسا شەخس ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ ئەمەلىيەتتە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ ھەقىقىي ئىپادىسى ئىكەنلىكىدەك زاكونلارنىمۇ چۈشەنمەي يۈرۈيدۇ.

ئەپسۇس، بىز ھازىر ستودېنتلىرىمىزدىن بۇلارنى كۈتەلەمدۇق ؟ ئۇيغۇلار ھازىر بۇلارنىڭ جەمئىيەتكە يۈك بوپقالماي ئۆزىنىڭ جېنىنى باقالىغانلىقىدىن خۇش. ئاتا-ئانىلار قىزلىرى ئالىي مەكتەپتىن "ساق" قايتىپ كەلگىنىدىن، باشقىلارنىڭ كەينىدىن قېچىپ كەتمىگىنىدىن خۇش، ئوغۇللىرىنىڭ زەھەرلىك چېكىملىككە ئۆگىنىپ قالمىغىنىدىن خۇش. دېمەك، بۇلاردىن بۇنىڭدىنمۇ يۇقىرىراق بىر نەرسىنى كۈتكىلى بولمىغاچقا، بىز تەلەپ-ئۆلچەملىرىمىزنى شۇنچىلىك قىلىشقا مەجبۇر. بىز ھازىر ياخشى ئىش قىلمىسىمۇ، يامانلىق قىلمايدىغان ئادەملەرنى ياخشى دەپ ئاتايمىز. مۇتلەق كۆپ سانلىق ستودېنتتىن ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ئېگى، غايە، نىشان كۈتۈش مۇمكىن ئەمەس.

كىرىزىس ھەرخىل بولىدۇ ، ئەمما بۇ كىرىزىسلار شۇنىڭ ئۈچۈن پاجىئەلىك ، تەخىرسىزكى ، چۈنكى ئۇلار بىزنىڭ ، خەلقنىڭ ، ۋەتەنىنىڭ مېڭىسىدە. مېڭىسىدىن چاتاق چىققان ئادەمدىن يەنە نېمىنى كۈتۈش مۇمكىن!

يەنە بىر تووۋا

بۇ دۇنيادىكى كىشىلىرىمىز ئەڭ مۇھىمى سانائەت ماللىرىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ئاچكۆزلىشىپ كەتتى . ھەتتا غالجىرلىشىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى . بۇرۇنقى كىشىلىرىمىز ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن ھازىرقىدەك ياخشى بولمىسىمۇ ، نەچچە بالىنى بېقىپ قاتارغا قوشالايتى . تۇرمۇشىمۇ خاتىرجەم ئۆتەتتى . ئەمما ھازىر بولسا بىر بالىنىمۇ تۈزۈك بېقىپ بولالمايدىغان نان قېپى ئاتا - ئانىلار ھەر جايدىن تېپىلىدۇ .بالىغا بېرىدىغان مېھرىنى ئۆزىنىڭ ئاتالمىش يۈز ئوبرويىنى دەپ جەمىيەتتىكى ئىستېمال قايىنىمىغا ئاتىۋەتكەن ئاتا ئانىلاردىن قانداق ئۈمۈتلەرنى كۈتۈش مۇمكىن . مېنىڭچە ھازىرقى كىشىلىرىمىزنىڭ تۇرمۇشىنى يامان دەپ كەتكىلى بولمايدۇ . بۇرۇنقىلارنىڭ ئاددى - ساددا تۇرمۇشى بويىچە ياشىغاندا ، ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلىشقا قۇربى يېتىشى مۇمكىن . ئەمما بىزنىڭ ھازىر پۇل خەجلەپ سېتىۋالغان نەرسىلىرىمىز ھەقىقەتەن بەك نۇرغۇن . بىر ئايال بىزنىڭ ئورۇنغا كومپيۇتېر سېتىۋالغىلى كەپتۇ ، ئۇ بىزگە ھەم ئەرزان ، سىرتقى كۆرۈنىشى كۆركەم بولغان كومپيۇتېردىن بىرەرنى كۆرسىتىپ بېرىشنى ئېيتتى . بىز بۇ ئايالدىن كومپيۇتېرنى نىمىگە ئىشلىتىدىغانلىقىنى سورىۋىدۇق .ئۇ بىزگە مەنغۇ كومپيۇتېر دىگەن نىمىنى چورت بىلمەيمەن . ئەمما باشقىلارنىڭ سېتىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۆزەمنىڭمۇ سېتىۋالغۇسى كېلىپ قالدى . ئۆيۈڭدە كومپيۇتېر بارمۇ دەپ بىرەرسى سوراپ قالسا ، يوق دىسىمۇ سەت تۇرىدىكەن دىدى .

پەقەت سەت تۇرىدىكەن دىگەن گەپ بىلەنلا نەچچەمىڭ يۈەنگە كومپيۇتېر سېتىۋېلىپ ، ئۆيگە زىننەت بۇيۇم ئورنىدا قويۇپ قويۇش نىمىدىگەن قاملاشمىغانلىق . ئۆزىنىڭ ئېھتىياجى بولسىغۇ ئالسا ، ھېچقانداق ئېھتىجى بولمىغان ئەھۋالدا . ھەي ... ھېلىمۇ خۇدايىمغا شۈكرى بۇ ئايال قىممەت باھالىق كىيىم سېتىۋالماي كومپيۇتېر سېتىۋالماقچى بوپتۇ ، بىرەر كۈنلەردە چوقۇم ئەسقاتىپ قالىدۇ . دەپ ئويلىدىم مەن .

مۇشــۇنداق بولســا ئىقتىســادىي قىيىنچىلىــق كېلىــپ چىقمــاي ئىــمە بــولاتتى . جەمىيەتتە يۇقارقى مسالىغا تەدبىقلاشقا بولىدىغان ئىشلار ئىنتايىن نۇرغۇن .

دىپلومنىڭ ئىشىغا كەلسەك ، مەن ھازىر نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ پەقەت ، ئەشۇ كېنىشكە ئۈچۈنلا ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆندىن كۆنگە ھىس قىلىۋاتىمەن . سەللە يوغان ئىمان يوق ، داستىخان يوغان بىر نان يوق دىگەننىڭ دەل ئۆز مۇشۇ دە .قارىسا دىپلوم شۇنداق چوڭ ، سىنىسا ئۆگەنگىنىنىڭ تايىنى يوق ،بىر قىسىم كىشىلىرىمىز شۇنچە يىل مەكتەپتە ئوقۇپ نىمىنىمۇ ئۆگىنىدىغاندۇ ھىچ چۈشىنەلمىدىم .ئەشۇلارنىڭ ئۆگۈنۈش پۇرسىتىنى ماڭا بەرسىچۇ ، مەن ئاران تولۇقسىزغىچە ئوقىيالىغان ، ھازىرغىچە توختىماي ئۆگىنىۋاتىمەن . ئۆگەنگەنلىرىم خۇددى ماڭا يەتمەيدىغاندەكلا تۇيىلىدۇ . بەزى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقىغانلارغا قاراپ ، ئالىي مەكتەپتە ئوقىماپتىكەنمەن دەپ پۇشايمانمۇ قىلماس بولدۇم ، چۈنكى بەزى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقىغانلار مېنى بەكلا ئۈمۈتسىزلەندۈرۈپ قويىدى . يەنىلا تىرىشچانلىق ئەڭ مۇھىمكەن.

مەنبەسى : ئابدۇرېھىم دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت ۋە مەۋجۇتلىقىمىز ناملىق كىتابى.

# ياشلار ئويلىنىشقا تېگىشلىك سوئاللار

ئابدۇرېھىم دۆلەت

ھايات مەقسەت ئەمەس، بىر جەريان. مەن ئەزەلدىن شۇنداق قاراشتا. ياشلىق پەقەت ھاياتتىن ئىبارەت ئۇزاق بىر جەرياندىكى مەلۇم بىر مەزگىلدىن ئىبارەت. ئەمما، ياشلىقتىن ئىبارەت بۇ قىسقا مەزگىل ئۇزاق ھايات سەپىرىنىڭ مەنزىلىنى بەلگىلەيدىغان، مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىزنىڭ مەغلۇبىيەتلىك ياكى غەلىبىلىك ياشىشىمىزنى بەلگىلەيدىغان بىر ھالقىلىق جەريان. ئادەم ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، ئۆز ئۆمرىدىن خۇلاسە چىقىرىپ، بىر پۈتۈن ھاياتىنى كۆز ئالدىدىن كىنو لېنتىسىدەك ئۆتكۈزگىنىدە، چوقۇم ياشلىقىدا سادىر قىلغان خاتالىق، ئەخمەقلىقىدىن چەكسىز ئۆكۈنىدۇ؛ قىلغان ياخشى ئىشلىرى، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىدىن چەكسىز سۆيۈنىدۇ؛ ياشلىقىم قايتا قولغا كەلسە، چوقۇم ئۇنداق قىلماي، مۇنداق قىلغان بولاتتىم، مۇنداق قىلمىسام بوپتىكەن، مۇنداق قىلىۋالسام بوپتىكەن دەپ ئويلايدۇ. دېمەك، ئادەمنىڭ قانداق ئادەم بولۇشى، قانداق ياشىشى دەل مۇشۇ ياشلىق مەزگىلىدە بەلگىلىنىدۇ.

ئەگەر بىز ھاياتنى بىزگە ھەدىيە قىلىنغان بىر سوۋغات دەپ قارىساق، ئۇ ھالدا ياشلىق بۇ سوۋغاتنىڭ جەۋھىرىدۇر. بۇرۇن بىر يىگىت سەپەرگە چىقىپ بىر تاغقا كەپتۇ. بۇ چاغدا قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغان ئىكەن. يىگىت ئالدىدىكى جىلغىدىن مېڭىۋېرەي دەپ تۇرسا، توساتتىن بىر بوۋاي پەيدا بوپتۇ ۋە يىگىتكە: »ئالدىڭغا ئۈچرىغان، پۇتۇڭ دەسسىگەن تاشلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ ماڭ دەپتۇ«. شۇنىڭ بىلەن يىگىت پۇتىغا تەگكەن تاشلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ خۇرجۇنغا سېلىپ مېڭىپتۇ. تاشنى سېلىۋېرىپ خۇرجۇنمۇ توشۇپ قاپتۇ ۋە بارغانسېرى ئېغىر تۇيۇلۇشقا باشلاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن يىگىت بۇ تاشلارنى نېمىمۇ قىلارمەن دەپ خۇرجۇندىكى تاشلارنى تاشلىۋېتىپتۇ ۋە قولىدا بىرنى ئوينىغاچ مېڭىپتۇ. يىگىت ئاخىر جىلغىدىن چىقىپتۇ. تاڭمۇ ئېتىپتۇ. قولىغا شۇنداق قارىسا،

قولىدىكىسى تاش ئەمەس، گۆھەر ئىكەن. يىگىت بۇنى كۆرۈپ چەكسىز پۇشايمان قىپتۇ ۋە جىلغىدا قايتا كىرىپ، تاشلىۋەتكەن گۆھەرلەرنى ئىزدەپتۇ، لېكىن تاپالماپتۇ.

دېمەك، ياشلىق ئەنە شۇ گۆھەرگە ئوخشاش بىر قېتىم يوقىتىپ قويۇلسا، قايتا تېپىۋالغىلى بولمايدىغان بايلىقتۇر. بەلكىم، مۇتلەق كۆپچىلىكىمىز ئەنە شۇ يىگىتتەك نادامەتلەرنى چېكىپ باققان بولۇشىمىز مۇمكىن. قايسى خىل مەھرۇملۇق ئادەمنى ئەڭ ئازابلايدۇ؟ مېنىڭچە، قايتا ئېرىشىش مۇمكىن بولمايدىغان نەرسىنى يوقىتىپ قويۇش. پۇلىمىزنى يوقىتىپ قويساق، يەنە تاپالىشىمىز مۇمكىن؛ ئابرۇيىمىز تۆكۈلۈپ كەتسىمۇ، قايتا تىكلىۋالالىشىمىز مۇمكىن؛ دوستىمىزدىن ئايرىلىپ قالساق، يەنە يېڭى دوست تاپالىشىمىز مۇمكىن؛ ئەمما پەقەت ھاياتنىلا قايتا تاپقىلى، ئۇنىڭغا قايتا ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ھاياتنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ بىر قېتىملىق ئىكەنلىكىدە. شۇڭا، ھاياتنىڭ، ياشلىقنىڭ مۇھىملىقىنى، قىممىتىنى چوقۇم ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولغاندا، يەنى قېرىغاندا بىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق، مۇھىمى ئۇنى قولىمىزدىكى ۋاقىتتا بىلىشتە.ئۇنداقتا بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟

بەلكىم، تۆۋەندىكى بىرنەچچە سوئالغا ئەستايىدىل، سەممىيلىك بىلەن جاۋاب بېرىش بىزنىڭ قانداق قىلىشىمىزغا نىسبەتەن مەلۇم دەرىجىدە ياردەم بېرەلىشى مۇمكىن.

بىرىنچى، سىز ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش كېرەك دەپ قارامسىز؟

بۇ سوئال ھېچكىمگە يېڭىلىق تۇيۇلمايدۇ. چۈنكى، بىز كىچىكىمىزدىن باشلاپ ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش كېرەكلىكى ھەققىدىكى پەند-نەسىھەت، تەربىيىلەر ئاستىدا چوڭ بولغان، بولۇپمۇ مەكتەپتە. ئەمما، ئارىمىزدا ھاياتنىڭ نېمىلىكى، مەنىسى، قانداق ياشاش كېرەكلىكى ھەققىدە تۈزۈكرەك باش قاتۇرۇپ باققانلار بەكلا ئاز. بىز ھېچبولمىغاندا، ھازىر كۈنىمىزنى قانداق ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىمىزغا قارىساقلا، بۇ پاكىتنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولىمىز. مېنىڭ قارىشىمچە، ياشلارنىڭ ئۆز ياشلىقىنى نېمىلەرگە سەرپ قىلىشى، قانداق ئۆتكۈزۈشى، ئۇلارنىڭ ھاياتتىن ئىبارەت بىباھا، ئەمما ھەقسىز سوۋغاتنى قانداق چۈشىنىشىگە باغلىق. شۇڭا »ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش كېرەك« دېگەن قاراشنى قوبۇل قىلىش ـ قىلماسلىق ھەربىر ياشنىڭ ئۆز ھاياتىنى قانداق ئۆتكۈزۈشىنى بەلگىلەيدۇ.ئۇنداقتا، بۇ يەردىكى »مەنە« زادى نېمىنى كۆزدە

تۇتىدۇ ياكى زادى نېمە ئىش قىلسا، هايات مەنىگە ئىگە بولىدۇ؟

بۇ سوئالغا كونكرېت جاۋاب بېرىش قېيىن، چۈنكى، هەربىر ئادەمنىڭ ئۆز هاياتىنى مەنىگە ئىگە قىلىشتىكى ۋاستىسى، ئۇسۇلى، ئىش-هەرىكىتى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلەر يېزىپ، بەزىلەر سىزىپ، بەزىلەر يۈگۈرۈپ، بەزىلەر ئويناپ، بەزىلەر ئويلىنىپ ... هاياتىنى بەلگىلىك مەنىگە ئىگە قىلىدۇ. هاياتنىڭ قانداق مەنىگە ئىگە بولۇشى شەخسنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ، شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپىنىڭ نېمىلىكى، ئۇلارنى قايسى مەقسەت-مۇددىئادا قىلىۋاتقانلىقى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. شۇڭا، يۇقىرىقى سوئالغا گەرچە كونكرېت جاۋاب بەرگىلى بولمىسىمۇ، ئومۇمىي هالەتنى نەزەردە تۇتۇپ مۇنداق جاۋاب بېرىش مۇمكىن، ئەلۋەتتە، مەن بۇنى ئەڭ ئۆلچەملىك جاۋاب دېمەكچى ئەمەس، بۇ پەقەت مېنىڭ شەخسىي قارىشىم: هاياتنىڭ مەنىسى دېگىنىمىز، ئادەمنىڭ مەلۇم بىر نىشانغا يېتىش يولىدىكى تۆلىگەن بەدىلى، كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنىڭ يىغىندىسى ياكى تېخىمۇ ئومۇملاشتۇرغاندا، مەلۇم نىشانغا يېتىشتىكى تىرىشىش جەريانىدىن ئىبارەت. گەرچە كۆزلەنگەن مەقسەت تولۇق ئىشقا ئاشمىغاندىمۇ، شۇ مەقسەت ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن تىرىشچانلىق شۇ هاياتنى مەقسەتسىز ياشىغان هاياتتىن پەرقلەندۈرىدىغان بىر مەنىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇ يەردە هاياتنى مەنىگە ئىگە قىلىشتا مەقسەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى تۈپ شەرت قىلماسلىقتىكى سەۋەب شۇكى، مەقسەتلەرنىڭ هەممىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى مۇتلەق ئەمەس هەم مۇمكىن ئەمەس. ئەڭ مۇهىمى شۇ مەقسەت ئۈچۈن قانچىلىك تىرىشىش ۋە ئۆزىنى پىدا قىلىش. هاياتتىكى «بىز دېگەن» مەنە مانا مۇشۇ جەرياندا پەيدا بولىدۇ. دېمەك، كېيىنكى ئېيتىشقا بولىدۇكى، مەنىسىز هايات مەقسەتسىز هاياتتۇر، مەقسەتسىز هاياتتا مەنە بولمايدۇ. مەنە مەقسەتنى شەرت قىلىدۇ. مەسىلە نېمىنى مەقسەت قىلىش ۋە شۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن قانداق ۋاستە قوللىنىشتا .

ئەمما، دۇنيادا هاياتنىڭ مەقسەتسىزلىكىنى، ياشاشنىڭ مەنىسىزلىكىنى تەشەببۇس قىلىدىغانلارمۇ، تۇغۇلۇش تاسادىپىيلىق، ياشاش ۋەزىپە دەپ قارايدىغانلارمۇ يوق ئەمەس. هاياتتا گۈزەللىك مەۋجۇت ئەمەس، ئۇ پەقەت ئىنسانلار تەرىپىدىن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان ساختىلىق؛ ئىنسانلار كۆزلەۋاتقان گۈزەل غايىلەر، مەدھىيىلەۋاتقان گۈزەللىكلەر ماهىيەتتە ئىنسانلار ئۆزلىرى پەيدا قىلىۋالغان ساختا تۇيغۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ غايىلەرگە يەتكىلى بولمايدۇ، بۇ خىل

غايىنى قوغلىشىش قۇملۇقتىكى ئالۋۇننى قوغلىغاندەك بىر بىھۇدە ئەخمىقانىلىك؛ ئىنسانلار گۈزەللىكنى قوغلىشىپ، مۇكەممەل ئادەم بولىمىز دەپ ئۆزلىرىگە ئەمەلگە ئاشمايدىغان غايىنى يۈكلەپ، ئۆزلىرىنى ئازابلايدۇ، ئىنسانلارنىڭ مۇكەممەل بولىمىز دېيىشى خۇددى ئىلاھ بولىمىز دېگەندەك بىھۇدە ئەخمىقانىلىك؛ شۇڭا ئىنسان بۇنداق يەتكىلى بولمايدىغان غايىنى قوغلىشىپ ئۆزىنى ئازابلىماسلىقى، ئالدىماسلىقى كېرەك، ئۆزىگە پرىنسىپ ـ قائىدىلەرنى بەلگىلەپ، پۇت ـ قولىنى چۈشەپ يۈرمەي، ئەركىن، چەكلىمىسىز ياشىشى، مۇكەممەل ياكى ياخشى ئادەم بولىمەن دېگەن غايىنىڭ بېسىمىدىن قۇتۇلۇشى كېرەك، شۇندىلا ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەسلىي تەبىئىتىگە لايىق ياشىغان بولىدۇ ... مانا بۇ خىل قاراشلار كىشىلەرنى ئۆمىدسىزلىككە، پرىنسىپسىزلىققا، ئۆزىنى قويۇۋېتىشكە باشلايدۇ. بۇنداق بولغاندا ھاياتتىكى ھەممە نەرسە رەزىلدەك، دۇنيادا گۈزەللىك مەۋجۇت ئەمەستەك بىلىنىپ، ھايات بىر ئەھمىيەتسىز جەريانغا ئايلىنىدۇ .

توغرا، ھاياتتا رەزىللىك مەۋجۇت، رەزىللىك بەلكىم گۈزەللىكنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋالغان، ساختىلىق چىنلىقنىڭ تونىنى كىيىۋالغان بولۇشى، بەزىدە رەزىللىك گۈزەللىك ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى، ھەتتا بۇ خىل ھالەت خېلى ئۇزۇن مەزگىل داۋاملىشىشى مۇمكىن. ۋەھالەنكى، رەزىللىكنىڭ غەلىبىسى ئۇنىڭ بەرھەقلىقىنىڭ دەلىلى ئەمەس ياكى رەزىللىكنى قوبۇل قىلساق بولىدۇ دېگەنلىكمۇ ئەمەس، رەزىللىكنىڭ مەۋجۇتلۇقى گۈزەللىكنىڭ يوقلۇقىنىڭ ئىسپاتىمۇ ئەمەس. بىز تېخىمۇ چوڭقۇر ئويلانساق، رەزىللىكنىڭ مەۋجۇتلۇقى گۈزەللىكنىڭ يوقلۇقى ئەمەس، بەلكى بارلىقىنىڭ ئىسپاتى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىمىز. چۈنكى، دۇنيا قوش قۇتۇپتىن تۈزۈلگەن، بۇ ھەممە كىشى قوبۇل قىلىدىغان بىر ھەقىقەت. مەسىلە ئادەملەرنىڭ قايسىسىنى تاللىشىدا. كىشىلەرنىڭ گۈزەللىككە ئىنتىلىشى، ياخشىلىقنى سۆيۈشى ئىنسان تەبىئىتىگە كۆمۈلگەن، شۇنداقلا يامانلىققا مايىل بولۇش، رەزىللىكنى خالاشمۇ ئوخشاشلا ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بىر قىسمى، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ياخشى ئادەم بولۇش يامان ئادەم بولۇش مۇمكىنچىلىكى بار. ئىنساننىڭ گۈزەللىككە مايىل تەرىپى يامانلىققا مايىل تەرىپىنى مۇتلەق يوقىتالايدۇ دەپ چۈشىنىشمۇ توغرا ئەمەس. ئىنسانلارنىڭ گۈزەللىككە ئىنتىلىشىنى بىر خىل مۇتلەق مۇكەممەللىككە ئىنتىلىش، پەرىشتىلەرچە مەقامنى كۆزلەش، ئەگەر ئۇنداق مەقامغا يېتەلمىسە، گۈزەللىككە ئىنتىلمەسلىك كېرەك، ئۇ بىھۇدىلىك دەپ چۈشەنمەسكىمۇ

خاتالاشقان بولىمىز. مېنىڭچە، بۇ مەسىلىنى مۇنداق چۈشىنىش كېرەك: ئىنسان ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە، ئەڭ زور دەرىجىدە مۇكەممەل بولۇشقا تىرىشىشى كېرەك، مۇتلەق مۇكەممەل بولالمىغىنىدىن ئەپسۇسلانمىسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ مۇتلەق پەللىگە ئىنسان يېتەلمەيدۇ، ئەڭ مۇھىمى ئىنسان ئۆز تەبىئىتىنىڭ ياخشى تەرىپى بىلەن يامان تەرىپىنى بىسىپ، ئۇنى ئىپادىلىنىشتىن توسۇش، شۇنداقلا ئۆز نەپسىنى ئەقىل-ئىگى بىلەن ئەڭ زور دەرىجىدە كونترول قىلىشتۇر. ھاياتتا ئىنساننىڭ قانداقلىقى ھاياتتىكى نىشانىغا يېتىش جەريانىدا ۋە قوللانغان ۋاستىسىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئىنسان ئۆز ھاياتىدا خاتالىق ۋە يامانلىقتىن ئەڭ زور دەرىجىدە ساقلىنالىسا، قىلغان ياخشىلىقى يامانلىقىدىن كۆپ بولسا، يامانلىق قىلىپ سالسا پۇشايمان قىلىپ ئۆكۈنگۈدەك يۈرىكى بولسا، خاتالىقىنى تۈزىتەلىسە، يامانلىققا ئادەتلىنىپ قالمىسا، يامانلىققا نەپرەتلىنەلىسە، ياخشىلىق قىلالمىسىمۇ، ئۇنى ئۆچ كۆرمىسە، ھاياتىنى ئومۇمەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزگەن بولىدۇ. يامانلىقتىن قول ئۈزۈپ، ياخشىلىققا ئىنتىلىشنى ئۆزىگە نىسبەتەن بىسىم ھېس قىلىدىغان ئادەم نورمال ئادەم ئەمەس. دېمەك، ئۆزىنىڭ ئۆمرىنى، ھاياتىنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشنى ئىرادە قىلغان ھەرقانداق بىر ياش ئاۋۋال چوقۇم ھاياتتا مەنە، گۈزەللىك بارلىقىغا چوقۇم ئىشىنىشى، ناتوغرا ئىدىيىلەرنىڭ زەھىرىدىن خالىي بولۇشى كېرەك. ھاياتتا مەنە بار دېگەن قاراشنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى مۇۋەپپەقىيەت يولىغا قەدەم باسقانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ.

ئىككىنچى، سىزدە مەلۇم بىر مۇستەقىل ئىدىيە-دۇنيا قاراش شەكىللەندىمۇ؟

مېنىڭچە، ئادەمدە سەل بالدۇرراق بولسا، 15 ـ 16 ياشلاردا، كېچىكسىمۇ 18 ـ 19 ياشلاردا ئاز-تولا مۇستەقىل ئىدىيە-قاراش شەكىللىنىشكە باشلايدۇ. گەرچە ئادەم مۇشۇ مەزگىلدە يەنىلا ئۆزگىرىشچان، تۇراقسىز بولسىمۇ، نېمىگە ئېتىقاد قىلىش، نېمىگە ئىشىنىش، قانداق يول، قانداق ئىدىيە تاللاش كېرەك دېگەن مەسىلىلەر ئۇستىدە ئويلىنىشقا باشلايدۇ. بۇ خىل تاللاش ياشلارنىڭ كېيىنكى ھاياتىدا قايسى يولغا مېڭىشىنى بەلگىلەيدۇ. ھەربىر ياش چوقۇم مۇستەقىل تاللاشقا دۇچ كېلىدۇ ۋە شۇ توغرىدا بېشى قاتتىق قاتىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ يەڭگىلتەكلىك قىلىدىغان تاللاش ئەمەس، بەلكىم بۇ بىر ئادەمگە نىسبەتەن جورا، كەسپ تاللاشتىنمۇ ھالقىلىق، مۇھىم بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئادەمنىڭ بىر پۈتۈن ھاياتى ئۆزى تاللىۋالغان شۇ ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆتىدۇ.

ئىدىيە دېگىنىمىز، بىر ئابستراكت ئۇقۇم. ئۇ بىر ئادەمنىڭ دۇنيا، هايات، ئىنسان، مۇھەببەت، گۈزەللىك-رەزىللىك، ھەق-ناھەق، ھەقىقەت-سەپسەتە دېگەندەك مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قاراشلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى بولۇشى مۇمكىن. مەن ھەربىر ياشتا چوقۇم يۇقىرىقى ياكى يۇقىرىدىكىگە ئوخشىمىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە بەلگىلىك مۇستەقىل قارىشى، چۈشەنچىسى بولۇشى كېرەك دەپ ئويلايمەن. بۇ ھەقتىكى ئىدىيە-قاراشلارنى تاللاشتا مۇھىمى تاللىغۇچىنىڭ مۇستەقىل ھۆكۈم قىلىشىدۇر. ياشلار بۇ خىل تاللاشتا مەلۇم شەخس، مەلۇم ئەسەر ياكى كىتاپلار،تەلىماتلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىسىمۇ ياكى شۇلارنىڭ قاراشلىرىنى قوبۇل قىلسىمۇ چوقۇم ئۇلارنى ئۆزىنىڭ مۇستەقىل تەپەككۇر جەريانىدىن ئۆتكۈزۈشى، ئەقلىي دەلىللىشى، پاكىت-لوگىكىغا ئەھمىيەت بېرىشى ھەمدە ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ھۆكۈمىنى چىقىرىشى كېرەك. مۇستەقىل بولمىغان ئىدىيە ئىشەنچسىز، ئاجىز بولىدۇ، ئىدىيىسى مۇستەقىل بولمىغانلارمۇ قارىغۇلارچە ئەگەشكۈچىلەردۇر، ئۇلار پىكرىي قارىغۇلۇقتىن ساقلىنالمايدۇ، بۇنداق كىشىلەرنى بەلگىلىك ئىدىيىسى بار دېگىلىمۇ بولمايدۇ.

يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك، ئىدىيە نۇقۇل بىر خىللا نەرسە ئەمەس، ئۇ بىر قاتار قاراش-چۈشەنچىلەردىن تەشكىل تاپقان بىر پۈتۈن سىستېما. بۇ سىستېمىنىڭ يادروسى مېنىڭچە ئېتىقاد. ئىدىيە ئېتىقادنى مەركەز قىلىپ قانات يايىدۇ، شۇنى دەۋر قىلىدۇ، باشقا ئىدىيىۋى تەركىبلەرگىمۇ ئېتىقادنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولىدۇ. ئېتىقاد مەلۇم بىر چۈشەنچىگە ئىشىنىشنى كۆرسىتىدۇ. ئاۋۋال ئەقلىنىڭ تاسقىشىدىن، تەستىقىدىن ئۆتمىگەن ئېتىقاد نادانلىق، جاھالەتنىڭ يىلتىزى بولىدۇ. ئېتىقادنىڭ توغرا-خاتالىقى ئاۋۋال ئېتىقاد باغلانغان شەيئىنىڭ نېمىلىكىگە، ئاندىن قوبۇل قىلغۇچىنىڭ تەپەككۇرىغا باغلىق بولىدۇ. ئىشقىلىپ قانداقلا بولمىسۇن، مەلۇم بىر ئېتىقادنى مەركەز، يادرو قىلماي تۇرۇپ، بىر مۇستەقىل ئىدىيە شەكىللىنەلمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىدىيىسى مۇستەقىل ياكى ئېنىق بولمىغان ئادەمنىڭ ھاياتى دېڭىزدىكى غازاڭدەك لەيلەپ ئۆتىدۇ.

بۇ خىل ئىشىنىش ياكى ئېتىقاد ئادەمنىڭ ھەرقانداق بىر شەيئى، ھادىسىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىدە، ھەق-ناھەق، گۈزەل-رەزىللىك ئالدىدىكى مەيدانىدا، چوڭ-كىچىك ئىش - ھەرىكىتىدە روشەن ئەكس ئېتىدۇ. بولمىسا ئۇنىئېتىقاد دېگىلى بولمايدۇ. مەلۇم بىرنەرسىنى ھەقىقەت دەپ ئېتىقاد قىلىپ،

يەنە ئۇنىڭ تەسىرىسىز ياشاش مەنتىقىگە ئۇيغۇن ئەمەس. ئېتىقاد ئادەمنى مەلۇم بىر ئۆلچەم بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئەماغا ھاسا قانچىلىك مۇھىم بولسا، ئادەمگە ئۆلچەم شۇنچىلىك مۇھىم. دېمەك، بىر ياش ئۈچۈن بىر مۇستەقىل ئىدىيە ئىنتايىن زۆرۈر، ئۇ شۇ ئىدىيىگە چۈشلۇق ياشايدۇ ۋە ئىش-ھەرىكىتىنى شۇ بويىچە ئورۇنلاشتۇرىدۇ .

ئۈچىنچى، ھاياتىڭىزدا ئۆزىڭىزنى ئاتىغۇدەك بىرەر نىشانىڭىز بارمۇ؟

بىز باشتىكى«سىز ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش كېرەك دەپ قارامسىز؟» دېگەن سوئالدا، ھاياتنىڭ مەنىسىنىڭ نىشان ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن تىرىشچانلىق جەريانىدا يارىتىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالدۇق، يەنى ھاياتتا مەلۇم نىشان بولغاندىلا، ئاندىن ھايات مەنىلىك ئۆتىدۇ، دېگەن خۇلاسىگە كەلدۇق.

ئەمدى بىز بۇ مەسىلە ئۈستىدە تېخىمۇ كونكرېت توختىلىمىز .

ئىنساندىكى نىشان نېمىگە ئاساسەن تىكلىنىدۇ؟ نىشاننىڭ مەنىسى نېمە؟ بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابى ئىككىنچى سوئالىمىنىڭ جاۋابىدا. ئەگەر بىز ئادەمنىڭ ھاياتى شۇ كىشىنىڭ ئىدىيە - ئېتىقادىغا چۈشلۇق ئۆتىدۇ(بەلكى ئېتىقادنىڭ ئاجىز - كۈچلۈكلۈكى بىلەن پەرقلىق بولسىمۇ)دېگەن قاراشنى قوبۇل قىلساق، ئۇ ھالدا ئىنساننىڭ نىشانى ئۇنىڭ ئېتىقادى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ دېگەن خۇلاسىگە كېلىمىز. تېخىمۇ ئېنىق دېگەندە، ئېتىقاد بىلەن نىشان ئۆڭ تاناسىپ بولىدۇ، ئېتىقاد قانداق بولسا، نىشان شۇنداق بولىدۇ. ئىككىسى زىت كېلىدىغان ئىش بولمايدۇ، ئەگەر بوپقالسا چوقۇم ئىككىسىنىڭ بىرى ساختا بولغان بولىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، ئېتىقاد ئىنساننى ئۆلچەم بىلەن تەمىنلەشتىن باشقا يەنە نىشان بىلەنمۇ تەمىنلەيدۇ. بەلگىلىك نىشان كۆرسىتىپ بېرەلمەيدىغان ئېتىقاد مەۋجۇت بولمايدۇ .

نىشانغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللارنىڭ يەنە بىرى ئەمەلىي ئېھتىياج. سىز تۇرۇۋاتقان رايوننىڭ شارائىتىنى چىقىش قىلمىغان، شۇ يەرنىڭ ئېھتىياجى كۆزدە تۇتۇلمىغان نىشان بىر خام خىيال. ئەمەلگە ئېشىشىنىڭ ئاز - تولا ئەمەلىي شەرتلىرى بولمىغان نىشان ئادەمنى پەقەت بىھۇدە بەدەل تۆلىتىدۇ، خالاس. شۇڭا، سىز نىشانىڭىزنى بەلگىلىگەندە، ساددىلىق بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ ياقتۇرۇش - ياقتۇرماسلىقىنىلا ئۆلچەم قىلىۋالماسلىقىڭىز، بۇ مەسىلىدە تولىمۇ سوغۇققان بولۇپ، نوقۇل قىزىقىش، ھەۋەسىنىڭ كەينىگە كىرمەسلىكىڭىز كېرەك. قىزىقىشنىڭ رولىنىڭ مۇھىملىقىنى ئېتىراپ قىلساقمۇ، مۇمكىنقەدەر قىزىقىشنى

ئەمەلىي ئېھتىياجغا ماسلاشتۇرۇش كېرەك. ئادەم قىزىققانلا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ چوقۇم پايدىلىق بولۇشىمۇ ناتايىن. شۇڭا، ياشلار نىشانىنى بېكىتكەندە، چوقۇم ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەت ۋە دۇنيانىڭ نۆۋەتتىكى ھالىتىنى، كەلگۈسى يۈزلىنىشىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشى، ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىشى كېرەك، بۇ نىشان بەلگىلەشتە كەم بولسا بولمايدىغان ھالقا.نىشانغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئۈچىنچى ئامىل ئۇنىڭ ئۆزىڭىزگە ماس كېلىش - كەلمەسلىكىدۇر. ئۆزىڭىزنىڭ ئىقتىدارىدىن ھالقىپ كەتكەن، قولىڭىزدىن كەلمەيدىغان ئىشلارنى نىشان قىلىشمۇ سىزنى بىھۇدە بەدەل تۆلىتىدۇ. بۇنىڭدىمۇ چوقۇم سوغۇققان بولۇشىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ ئەمەلىي شەرت - شارائىتىنى ئويلىشىڭىز كېرەك. گەرچە بەزى مۇمكىن ئەمەس دەپ قارالغان ئىشلار تىرىشچانلىق نەتىجىسىدە مۇمكىن بولسىمۇ، تىرىشچانلىق بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدىغان مەسىلىلەرنى چوقۇم ئېتىراپ قىلىپ، نىشاننى ئاقىلانە تاللاش كېرەك. مەسىلەن، ئاۋازى ياخشى ئەمەسلەر ناخشىچى بولىمەن دېيىشى، ۋىجىك كىشىلەرنىڭ ئېغىر دەرىجىلىكلەر بوكس ماھىرى بولىمەن دېيىشى ئاقىلانىلىك ئەمەس .

دېمەك، ياشلار نىشانىنى بېكىتىشتە ئۇنىڭ ئېتىقادىغا، ئەمەلىيەتكە، ئۆزىگە ئۇيغۇن ياكى ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشى كېرەك ياكى باشقىچە دېگەندە، ئېتىقادىنى، ياشاۋاتقان رېئاللىقنى، ئۆزىنى چۈشىنىشى كېرەك.

تۆتىنچى، نىشانىڭىزغا ئاساسەن تۈزگەن كونكرېت قەدەم-باسقۇچلۇق پىلانىڭىز بارمۇ؟

نىشان ۋە ئۇنىڭغا نىسبەتەن قىزغىنلىق بولسىلا كۇپايە ئەمەس، مۇھىمى شۇنىڭغا لايىق ئەمەلىي ھەرىكەت بولۇشى كېرەك. ئەمەلىي ھەرىكەتنىڭ ئۈنۈمى بولۇشى ئۈچۈن، ئۇ چوقۇم مەلۇم پىلاننىڭ ئىچىدە بولۇشى كېرەك. سىز نىشانىڭىزنى قانچىلىك چۈشەنسىڭىز، پىلانىڭىز شۇنچىلىك كونكرېت، ئېنىق بولىدۇ .

پىلاننى ئەتراپلىق تۈزۈش ناھايىتى مۇھىم ئىقتىدار ھېسابلىنىدۇ. نىشاننىڭ ئەمەلگە ئېشىش-ئاشماسلىقى پىلاننىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئىجرا قىلىنىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. پىلان تۈزۈشتىن بۇرۇن سىز نىشانىڭىزنىڭ سىزدىن نېمىلەرنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشىنىشىڭىز كېرەك، بۇنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، پىلان تۈزۈش مۇمكىن ئەمەس. بىر ئادەمگە نىسبەتەن

نىشان، غايىگە ئېگە بولۇش قىيىن ئەمەس، مەسىلە شۇ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان بىر كونكرېت يول تېپىش. پىلان تۈزۈش دەل شۇ يولنى تاپىدىغان ئىنچىكە، كونكرېت جەرياندۇر. ئادەمنىڭ ئىقتىدارى مۇشۇ جەرياندا سىنىلىدۇ ۋە ئىپادىلىنىدۇ، شۇنداقلا بىز دېگەن مەنە مۇشۇ جەرياندا ھاسىل بولىدۇ. كونكرېت مەسىلىلەرنى ھەل قىلماي تۇرۇپ، نىشاندىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئەگەر بىر ئادەم نىشانىنىڭ تەلپىنى چۈشەنسە، نېمە ئىش قىلىش كېرەكلىكىنى بىلگەن بولىدۇ. شۇڭا، بۇ ئىنتايىن مۇھىم .

ئەگەر سىز چەت ئەلدە ئوقۇماقچى بولسىڭىز، چەت ئەل تىلىدىن ئىبارەت ئۆتكەلگە دۇچ كېلىسىز. ئۇنى ھەل قىلىش ئۇچۇن ئۆگىنىشىڭىزكېرەك. شۇنىڭ بىلەن تىلنى قانداق ۋاقىتتا ئۆگىنىش، قايسى كىتابتىن ئۆگىنىش، كۇرسقا قاتناشسا، قايسىسىغا قاتنىشىش ... سۆزلەش، ئاڭلاش، يېزىش ئىقتىدارىنى قانداق ئۆستۈرۈش ... دېگەندەك كونكرېت مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىسىز. دېمەك، مانا بۇلارنى ئۇنۇملۇك ھەل قىلىشىڭىز، سىزنىڭ پىلانىنى قانداق تۈزۈشىڭىز ۋە ئىجرا قىلىشىڭىزغا باغلىق .

قىسقىسى، بۇ سوئاللار مېنىڭچە ھەربىر ياش ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىشقا تېگىشلىك سوئاللاردۇر. ئويلىنىش بىلەن ئېرىشلىگەن جاۋاب سىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىڭىزنى قانداق ئۆتكۈزۈشىڭىزگە ئاز - تولا ئىجابىي تەسىر كۆرسىتەلىسە ئەجەب ئەمەس .

مەنبەسى : بۇلاق ژورنىلى

مەبەسى :http://qamus.okyan.com/View.aspx?ID=8812

مەنبەسى :http://qamus.okyan.com/View.aspx?ID=8113

# موڭغۇلىيەدىن ۋەتىنىگە قايتقان ئۇيغۇرلار

ئابدۇراخمان ئەبەي

موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتى ئۇيغۇرلار ياشىغان قەدىمىي ئەللەرنىڭ بىرى. مىلادىيە 9 ـــ ئەسىردە ئۇرخۇن ـــ يېنسەي دەرياسى بويىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاساسىي قىسمى غەربىي جەنۇبقا ـــ ھازىرقى شىنجاڭدىكى قېرىنداشلىرىنىڭ يېنىغا ئاخىرقى قېتىم كۆچكەندىن كېيىن موڭغۇل دالاسىدا قالغان بىر قىسىم ئۇيغۇر دەسلەپتە موڭغۇل ـ شىرۋى قەبىلىسىگە، كېيىن موڭغۇللارنىڭ كەيرەي قەبىلىسى ۋە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان نايمان، مەركىت قەبىلىلىرىگە قوشۇلۇپ كەتتى، ياكى موڭغۇللارغا ئاسمىلاتسىيە بولۇپ كەتتى. 13 ـــ ئەسىردە چىڭگىزخان موڭغۇل دالاسىدىكى بارلىق قەبىلىنى بىرلەشتۈرۈپ بىرلىككە كەلگەن موڭغۇل دۆلىتىنى قۇردى. ئۇ يەنە 1279 ـــ يىلدىن 1368 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا تارىختىكى بۈيۈك ئىمپېرىيە يۈەن سۇلالىسىنى بەرپا قىلدى. 1911 ـ يىلى يانۋاردا موڭغۇر خانى چاررۇسىيەنىڭ قوللىشى بىلەن «ئاپتونومىيە» ئېلان قىلدى. كېيىن مۇڭغۇل خەلق ئىنقىلابى غەلبە قىلىپ، 1921 ـ يىلى 11 ـ مارتتا مۇڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. 1945 ـ يىلى فېۋرالدا ئەنگلىيە، ئامېرىكا، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى باشلىقلىرى يالتا يىغىنىدا سوۋېت ئارمىيەسىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىش شەرتى بىلەن موڭغۇلىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالدى. 1946 ـ يىلى 5 ـ يانۋاردا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى. موڭغۇلىيەنىڭ ھازىرقى يەر كۆلىمى 1 مىليون 564 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 3 مىليون 14 مىڭ. ئارىدىن توپتوغرا مىڭ يىل ئۆتكەندە، يەنى 19 ـــ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئاتۇش، قەشقەر، خوتەن ئالتايدىن بىر تۈركۈم ئۇيغۇر سودا ـ سېتىق بىلەن مۇڭغۇلىيە تېررىتورىيىسىگە قايتا كىرىشكە باشلىدى. ئاق كۆڭۈل موڭغۇل خەلقى ئۇيغۇرلارنى ئۆز قېرىنداشلىرىدەك قىزغىن، ئادىل مۇئامىلە

بىلەن كۈتىۋالدى. ھەممە ھۆكۈمەت ئۇلارغا موڭغۇللار بىلەن تەڭ ــ باراۋەر ياشايدىغان ھوقۇق بەردى.

موڭغۇلىيەگە ئەڭ دەسلەپتە بارغان ئۇيغۇرلار ئالتايدىكى ھەمراجان، سەلەي باي، ھوشۇر ھاجىم قاتارلىق سودىگەرلەر بولۇپ، ئۇلار مىلىچماللار، يەنى چاي، يىپ ــ يىڭنە، كىيىم ــ كېچەك، دورا ــ دەرمەك سودىسى قىلىدىغانلار ئىدى. ئۇ چاغدا موڭغۇلىيە جۇڭگونىڭ زېمىنى بولغاچقا، ئارىدا چېگرا ۋە رەسمىيەت بېجىرىش مەۋجۇد ئەمەس ئىدى. بۇ سودىگەرلەر ئاپارغان ماللىرىنى ئۇ يەردىكى موڭغۇل چارۋىچىلار بىلەن تۈلكە تېرىسى، قۇندۇز تېرىسى، بۆكەن مۈڭگۈزىگە تېگىشىپ قايتاتتى. بۇ ماللارنى ئالتايدا ئىچكىرىدىن كەلگەن خەنزۇ سودىگەرلەر يۇقىرى باھا بىلەن سېتىۋالاتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ سودىسى نەچچە ئون ھەسسە پايدا قىلاتتى. ئەمما، بۇ سودا ئەتكەس مال سودىسى دەپ قارىلاتتى. شۇڭا بەزىدە يەرلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىناتتى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا شىنجاڭ بىر مەزگىل تىنچ، مۇقىم بولدى، خەلق تۇرمۇشى بىر ئاز ياخشىلىنىپ، سودا ـ سېتىق جانلىنىپ كەتتى. خوتەن تەرەپلەردە ھىندىستان، پاكىستان چېگرا سودىسى؛ قەشقەر تەرەپتە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئوش، نەمەنگان، ئەنجان چېگرا سودىسى؛ ئىلى، چۆچەك تەرەپلەردە تاشكەنت، ئالما ـ ئاتا چېگرا سودىسى جانلىنىپ كەتتى. بۇ چاغدا ئالتاي تەرەپتە موڭغۇلىيە چېگرا سودىسى تازا گۈللەنگەنىدى. ئاتۇش، قەشقەر، خوتەندىن ئالتايغا كەلگەن نۇرغۇن سودىگەر موڭغۇلىيەگە مىلىچماللارنى يۆتكەپ سودا قىلاتتى، ھەمدە كۆپلەپ ئولتۇراقلاشقانىدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن كېيىن شىنجاڭدا ئۇرۇش مالىمانچىلىقى كۆپ بولدى، خەلق جان قايغۇسىدا پاراكەندە بوپكەتتى. قۇمۇل، تۇرپان، گۇچۇڭ، ئالتايدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر ياشلار ھۆكۈمەتنىڭ ئەسكەرلىككە تۇتۇۋېلىشىدىن قورقۇپ ۋە ياكى تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدىن قۇمۇل، جىمسار، ئالتاي چېگرالىرىدىن تۈركۈملەپ موڭغۇلىيەگە قېچىپ ئۆتۈشكە باشلىدى. موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتىمۇ ئۇلارنى مۇساپىرلار قاتارىدا كۈتۈۋېلىپ خوبدا، ئۆلگەي ئۆلكىلىرىگە ئورۇنلاشتۇردى.

دادامنىڭ بوۋىسى، يەنى مېنىڭ ئۇلۇغ بوۋام سوپاخون دىگەن كىشى ئەسلىي ئاتۇش ئازاقتىن بولۇپ، نەچچە ئەۋلاد موزدۇلۇق بىلەن ئۆتكەن ئادەم ئىكەن. 1820 ـ يىللاردا ئاتۇش ئازاقتىن نۇرغۇن ئادەم يىگى بوز يەر ئېچىش،

چارۋا بېقىش ئۈچۈن ھازىرقى كاتايلاققا كۆچكەن. ئۇلۇغ بوۋام سوپاخۇنمۇ يۇرت بىلەن بىللە كاتايلاققا كۆچۈپ كېلىپ يەنە موزدۇزلۇقنى قىلغان. بوۋام مەمتىلىمۇ كاتايلىقتا بىر ئۆمۈر موزدۇزلۇق قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرگەنىكەن.

دادام ئەبەيدۇللا 1914 ـ يىلى ئاتۇش كاتايلاقتىن 18 يېشىدا سودىگەر ـ لەرگە ئەگىشىپ ئۇرۇمچىگە چىققان. ئاۋۋال شىخۇ، چۆچەكلەردە، ئاندىن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى شەمەي دېگەن شەھەرلەردە سودا قىلغان. 1924 ـ يىلى ئالتايغا كېلىپ، موڭغۇلىيەنىڭ خوبدا شەھرى بىلەن ئالتاي ئوتتۇرىسىدا مىلىچمال سودىسى قىلغان. 1928 ـ يىلى مۇڭغۇلىيەنىڭ زاپخۇن شەھرىدە مۇڭغۇلىيە بويىچە تۇنجى قېتىم قوغۇن تېرىغان. دادامنىڭ ئەسلىي تولۇق ئىسمى فامىلىسى ئەبەيدۇللا مەتىلى ئىدى. تاشقى موڭغۇلىيەدە قازاقلار ئەركىلەتمە ئىسىم بىلەن «ئەبەيلەم» دەپ چاقىرىپ ئەبەيلەم بوپقالغان، موڭغۇللار بولسا تېخىمۇ قىسقارتىپ ئەبەي دەپ ئىسىم قويۇۋالغان. ھازىر بۇ «ئەبەي» دېگەن نامنى مەن ۋە باللىرىم ئەۋلادلىرىمىزنىڭ فامىلىسى قىلىپ قوللاندۇق. ئاپامنىڭ دادىسى يۈسۈپئاخۇن ياقۇپ كېرىيەلىك خۇمدانچى بولۇپ، 1918 ـ يىلى ئالتايغا چىقىپ بىناكار بولغان، ئالتايدا توي قىلغان. 1934 ـ يىلى نويابىردا ئالتايدا ئاق ئورۇسلار قازاق، ئۇيغۇر، خەنزۇلارنى بۇلاپ قىرغىن قىلىدۇ. چوڭ دادام بىلەن چوڭ ئانام 13 ياشتىكى ئاپامنى ئېلىپ تاغقا قېچىپ كېتىۋاتقاندا چوڭ ئانامغا ئوق تېگىپ يولدا ئۆلۈپ كەتكەن. چوڭ دادام يۈسۈپئاخۇن ئاپامنى ئېلىپ ،موڭغۇلىيەگە قېچىپ بارغان. 1937 ـ يىلى دادام بىلەن ئاپام خوبدا شەھرىدە توي قىلغان ھەم بالىچاقىلىق بولۇپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرى موڭغۇلىيەنىڭ خوبدا، ئۆلگەي، زاپخۇن، ئۇلانباتور، ئورخۇن شەھەرلىرىدە توپ ـ توپ ئۇيغۇر مەھەللىسى پەيدا بولدى، ئۇيغۇرلارنىڭ بازارلىرى شەكىللەندى. قىرلاردىن شەھەرگە كىرگەن چارۋىچى موڭغۇللار ئۇيغۇرلارنىڭ پولو ، مانتا، لەڭمىنىنى يېمەي قايتمايتتى. ئۇلار يەنە ئۆيدە قالغان خوتۇن ـ بالىلىرىغا گىردە، سامسىلارنى ئەكىتەتتى. بۇ بازاردا تۆمۈرچىخانا، ساتىراشخانا، سەيپۇڭخانا، موفاڭ، ياغاچچىلىق دۇكانلىرىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى.

ئاقسۇلۇق بەكرى موللام 1930 ـ يىللاردا ئۆلگەي شەھەرلىك ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ خوجىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلىگەندە دەريادىن ئۆستەڭ

ئېلىپ دەريا بويىدىكى تېرىلغۇ يەرگە سۇ ئېلىپ چىقىپ، موڭغۇلىيە بويىچە تۇنجى بولۇپ سەۋزە، ياڭيۇ، شوخلا، تەرخەمەك، كاللەكبەسەي تېرىغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەكتەپتىكى 300 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ــ ئوقۇتقۇچى ئاشخانىسىنىڭ كوكتات مەسلىسى ھەل بولغان. بەكرى موللام ئۆلگەي شەھىرىگە بىر مەسچىت سالدۇرغان. ئۇ، 1940 ـ يىللاردا خوبدا شەھىرىگە كۆچۈپ كېلىپ چوڭ ئاشخانا ئاچقان، ئۇ ئاشپۇزۇلنىڭ پولو، مانتا، لەڭمەن، ئۇگرىلىرى موڭغۇلىيەدە شۇنداق داڭ چىقارغانكى، موڭغۇل خېرىدارلار ئۆچىرەتتە تۇرۇپ يەيدىغان بولغان. 1980 ــ يىلى موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى ئۆلگەي شەھىرىنىڭ تارىخىنى يازغاندا بەكرى موللامنى سۆيۈنۈپ تۇرۇپ ئالاھىدە تىلغا ئالغان.

ئۇ يىللاردا خوبدا، ئۆلگەي شەھەرلىرىدە سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئۇسلۇبىدا سېلىنغان ئىدارە ـ جەمئىيەت ئىشخانىلىرىدىن باشقا خىش ۋە كېسەكتە سېلىنغان ئۆيلەر يوق دېيەرلىك ئىدى. چۈنكى، موڭغۇللار قىش ــ ياز كىگىز ئۆيدە ئولتۇرۇشقا ئادەتلەنگەنىدى. ئۇيغۇرلار ئالدى بىلەن ئۆزلىرى ئولتۇرىدىغان ئۆيلەرنى، ئاندىن سودا دۇكانلىرىنى كېسەك بىلەن سېلىپ بىناكارلىق كەسپىنى شەكىللەندۈردى. بارا ـ بارا ھۆكۈمەتنىڭ قەۋەتلىك خىزمەت بىنالىرىنىمۇ ئۇيغۇر ئۇستاملار كۆتۈرە ئېلىپ سېلىشقا باشلىدى. قەشقەرلىك ئۆمەر، داۋۇت دېگەن كىشى ئۆلگەي شەھىرىدە خۇمدان قۇرۇپ كۆك خىش پىشۇرغان، ھاك كۆيدۈرۈپ پۈتكۈل شەھەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى ھۆددىگە ئېلىپ ئىشلىگەن. خوبدا شەھىرىنىڭ ھازىرقى كوچا بويلىرىدا بەھەيۋەت تېرەكلەرنى ئابدۇراخمان سابىت دېگەن كىشى ئۇيغۇرلارنى تەشكىللەپ پىلانلاپ قويدۇرغان. 70 يىلدىن بۇيان بۇ تېرەكلەر ناھايىتى باراقسان يوغىناپ، خۇبدا شەھرىگە ھۆسن قوشتى. ھازىرقى خوبدا شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت بىناسىنى شۇ يىللاردا تۇرپان لۈكچۈنلۈك ياقۇپ ئۇستام دېگەن كىشى سالغانىدى.

ئۇ يىللاردا موڭغۇللار خاس چارۋىچى خەلق بولغاچقا، دېھقانچىلىقتا پەقەت ئاز دائىرىدە ئارپا، تېرىقتىن باشقىنى تېرىمايتتى. شىنجاڭدىن بارغان ئۇيغۇرلار دېھقان خەلق بولغاچقا، بۇ زېمىنى بىپايان، تۇپرىقى مۇنبەت، سۆيى ئەلۋەك ئەلدە ئەركىن دېھقانچىلىق قىلىشقا باشلىدى. دەسلەپكى يىللاردا موڭغۇللارنىڭ بىر قويغا بىر قوغۇن تېگىشكەن ۋاقىتلىرىمۇ بولدى. دائىم دېگۈدەك ئاشلىق قەھەتچىلىكى بولۇپ تۇرىدىغان بۇ دۆلەتتە بىردىنلا نەچچە مىڭ مولاپ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى كۆرگەن موڭغۇلىيە

ھۆكــۈمىتى ئۇيغــۇرلاردىن ناھــايىتى رازى بولــدى ھەمــدە ئۇيغۇرلارنىــڭ كــۆچى قانچىلىــك يەتســە شــۇنچىلىك دېھقــانچىلىق قىلىشــقا رۇخســەت قىلــدى، بــارلىق دېھقانچىلىق بېجىنى كەچۈرۈم قىلدى. كېيىنكى يىللاردا دېھقانچىلىق قىلغانلارغا ياردەم پۇلى بېرىش، يىغىم مەزگىللىرىــدە ئەســكەرلەرنى ئەكىلىــپ زىرائەتلەرنــى ياردەملىشــىپ يىغىــپ بېرىــش ئىشــلىرىنى قىلــدى. شــۇنىڭ بىــلەن ئۇيغۇرلارنىــڭ موڭغــۇلىيەدىكى ئىجتىمــائىي ئــورنى تېخىمــۇ ئۆســۈپ كەتتــى. شــۇ يىلــلاردا موڭغۇلىيەدە نەچچە مىڭ مو يەردە دېھقانچىلىق قىلىدىغان، نەچچە مىــڭ تۇيــاق قوي، نەچچە يۈز تۇياق تۆگە، ئات ، كالىسى بار ئۇيغۇرلار بايلار بارلىققا كەلدى. پىچان ناھاھيەسىنىڭ چوقۇتام كارىزدىن بارغان باي ساۋۇت دېگەن كىشىنىڭ 1937 ـ يىللاردا 3000 تۇياق قوي، 200 تۇياق ئات، 200 تۇياق سىغىن كالا، 60 تۇياق تۆگىسى، 1500 مو يېرى بولۇپ، بۇغداي ، ئارپا تېرىيتتى. بۇنىڭدىن باشقا باي ئىبراي، يۈسۈپئاخۇن باي، ئەبەيلەم، ياقۇپ تۆمۈرچى، تۇنىياز باي، ھوشــۇراخۇن بــاي، قــارا كېــرەم، تۇردىئــاخۇن، تېيىپئــاخۇن دېــگەن كىشــىلەر موڭغۇلىيەدە خېلى چوڭ بايلاردىن بوپقالدى. دادام ئەبەيلەم خوبدا شەھىرىنىڭ نەمــىن دېــگەن يېزىســىدا 300 مــو يەرگە بۇغــداي، ئارپــا، قوغــۇن تېرىيتتــى. دادامنىڭ قوغۇنى موڭغۇلىيە بويىچە ئەڭ داڭلىق بولۇپ، ھەر يىلى پايتەخت ئۇلانباتور شەھىرىگىمۇ نەچچە ئون ماشىنا قوغۇن يۆتكەيتتى. بۇندان باشقا 500 تۇياقتىن ئارتۇق قوي، 100 تۇياق ئات ، 100 تۇياق نەچچە كالا، 50 تۇياق تۆگىسى بار ئىدى. مەن 1953 ـ يىلى 5 ـ مارت سەھەردە ئاشۇ خۇبدا شەھىرىدىن سەككىز كىلومېتىر يىراقتىكى دېھقانچىلىق مەيدانى ــ نەمىن دېگەن يەردە ئائىلىمىزنىڭ تۆتىنچى پەرزەنتى بولۇپ تۇغۇلغانىكەنمەن. ھازىر ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ چىڭگىل ناھىيەسىدە تۇرۇۋاتقان ھەنىپە ئالىمئاخۇننىڭ ئاپىسى بورىسقان مېنىڭ كىندىك ئانام بولغانىكەن. ئۇدا ئۈچ قىزدىن كېيىن ئوغۇل پەرزەنت كۆرگىنىگە خوش بوپكەتكەن دادام يەرلىك قازاق ـ موڭغۇللارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە مەن تۇغۇلغان كۈنى كەچتە قوي سويۇپ قولۇم ـ قوشنا ۋە يىراق يېقىندىكى دوستلىرىغا چىلداقان قىلىپ بەرمەكچى بوپتۇ. چۈشتىن كېيىن ئىككى قوينى سويۇپ قازانغا سالغان چاغدا سۇمۇنلۇق ھۆكۈمەتتىن جىددىي ئۇقتۇرۇش كېلىپ: شۇ كۈنى ئەتىگەندە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ داھىيسى ستالىننىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى، پۈتكۈل موڭغۇلىيە خەلقىنىڭ داھىي ستالىنغان 30 كۈن قارىلىق تۇتىدىغانلىقىنى، بۇ 30 كۈن ئىچىدە ھەرقانداق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى

ئورۇنلاشتۇرسا قاتتىق جازالىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دادام ئوغۇل پەرزەنت كۆردۈم دەپ يۇرتقا بېرىدىغان چىلداقان چاينى بېرەلمەي بىر ئايدىن كېيىن بەرگەنىكەن.

1938 ـ يىلىدىن باشلاپ موڭغۇلىيەدىمۇ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ «چوڭ تازىلاش» سىياسىتى ھۆكۈم سۈرۈپ، دۆلەت ئىچىدىكى ئاتاقلىق زىيالىيلار، پارتىيە، ھۆكۈمەت، جامائەت ئەربابلىرى، پۇلدار بايلارنى تۇتقۇن قىلىش باشلاندى. ئۇلارغا كوممۇنىزىمغا قارشى، چەت ئەلگە باغلانغان دېگەن بەتنامىلار چاپلانغانىدى. ئۇلار تۈرمىلەردە قىيىن ــ قىستاق ئاستىدا ئۆلتۈرۈلدى. دۆلەت بويىچە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان 50 نەچچە مىڭ ئادەم ئىچىدە پەقەت ئۇيغۇر زىيالىيلار، ئۇيغۇر بايلار ۋە جامائەت ئەربابلىرىدىنلا مىڭدىن ئارتۇق كىشى بار ئىدى. پىچان چىقتىملىق سابىت ھامۇت دېگەن كىشى موڭغۇلىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئەڭ كاتتا باي ئىدى. 1938 ــ يىلى تۇتقۇن باشلانغاندا ئۇ قورقۇپ ئۆيىدىكى 20 كىلوگىرام ئالتۇن ـ تىللانى يوشۇرماقچى بولىدۇ. بىر كۈنى كېچىدە ئۇ ئىنىسى بىلەن بىر كالىنى سويۇپ بارلىق زىقچە ئالتۇن، تىللانى بىر پارچە كىگىزگە ئوراپ ياغاچ ساندۇققا سالىدۇ، ساندۇقنى كالا تېرىسىنىڭ تۆكى بار تەرىپىدە ئوراپ، ئاندىن كالا تېرىسىنىڭ ھۆل تەرىپىنى يۇمشاق تۈز بىلەن تۈزلاپ، قىل ئارغامچا بىلەن باغلاپ ئۆيىنىڭ كەينىدىكى تاغ باغرىغا كۆمۈپ قويغىلى ماڭىدۇ. سابىت ھامۇتنىڭ توققۇز ياشلىق ئوغلى ئابدۇراخمان ئۇلارغا ئەگىشىپ تاغ باغرىغا ئاز قالغاندا دادىسى كۆرۈپ قېلىپ، ئالتۇن كۆمگەن يەرنى يوشۇرۇش ئۈچۈن بالىسىنى تىللاپ ھەيدىۋېتىدۇ. ئۇلار ئالتۇنلىرىنى تاغنىڭ كەينىگە كۆمۈپ قويۇپ 3 ـ كۈنى كېچىسى ساقچىلار ئاكا ــ ئۇكا ھەر ئىككىسىنى تۇتقۇن قىلىدۇ. ئۇلار شۇ كەتكەنىچە تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلىدۇ. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ئايالى ئايخان ئوغلى ئابدۇراخمان بىلەن ھىلىقى تاغ باغرىنى نەچچە ئايغىچە تولا كولاپ ھەممە يەرنى قىزىۋېتىدۇ،لېكىن ئالتۇن ــ تىللالارنى تاپالمايدۇ. شۇ قېتىمقى «چوڭ تازلاش» موڭغۇلىيەدە يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە غايەت زور يوقىتىش ۋە پاجىئە بولدى.

موڭغۇلىيەگە بارغان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى ياشلار بولغاچقا نىكاھ مەسىلىسى ئۇلارنىڭ نۇرغۇن قىيىنچىلىق ئەكەلدى. كېيىن شىنجاڭدىن ئائىلە بويىچە كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇرلار بالىلىرى چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۆز ــ ئارا قۇدىلاشتى. يەنە نۇرغۇن ئۇيغۇر قازاق قىز ـ ئاياللار بىلەن تۇرمۇش قۇردى. بىر

قىسىم ئۇيغۇر موڭغۇل ئاياللار بىلەنمۇ تۇرمۇش قۇردى. 20 ــ ئەسىرنىڭ 40 ــ يىللىرىغا كەلگەنــدە موڭغــۇلىيەدە يېڭــى بىــر ئەۋلاد ئۇيغــۇر بــالىلىرى ئۆســۈپ يېتىلدى. ئەپسۇس، موڭغۇلىيەدە ئۇيغۇر مەكتىپى يوق ئىـدى. ئەۋلاد تەربىيەسـى تاشــقى موڭغــۇلىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىــڭ ئالــدىغا يەنە بىــر يېڭــى قىيىنچىلىقنــى تاشلىدى. كېرىيەدىن بارغان يۈسۈپئاخۇن ياقۇپ دېگەن خۇمدانچى 1940 ـ يىلى مەخسۇس خۇمدان قۇرۇپ كۆك خىش پىشۇرۇپ، خۇبـدا شـەھەر مەركىزىـدە ئالتە سىنىپلىق بىـر ئۇيغـۇر مەكـتەپ سالدى. بـۇ مەكـتەپ هـازىرمۇ خۇبـدا شـەھىرىدە هۆكۈمەت تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت ئابىدىسى قىلىـپ سـاقلىنىۋاتىدۇ. ئەممـا، بـۇ مەكـتەپ پـۈتكەن بـىلەن ئۇيغـۇر بـالىلىرى ئوقـۇش باشـلىيالمىدى. چۈنكى، ئۇيغۇردىن ئوقۇتقۇچى تېپىلمىدى، بىر ـ ئىككى ساۋاتلىق ئادەم چىققان بولسىمۇ يېتىشمەيتتى. ھەممىدىن مۇھىمى ئۇيغۇر تىلىدا دەرسلىك يـوق ئىـدى. ئاخىر بۇ مەكتەپنىڭ «ئۇيغۇر مەكتىپى» دېگەن نامى ساقلىنىپ قالغـان بولسـىمۇ ، ئۇيغـۇر بـالىلىرى كېيىنكـى يىلـلاردا بىزنىــڭ ئائىلــدە شـۇندان بىــر پـاجىئە بولــدىكى، چــوڭ ئاچــام تۇردىخــان موڭغــۇلىيەدە موڭغــۇل تىلــدا ئوقــۇدى، ئوتتۇرانچى ئاچام رەۋىخان ئاتۇشتا ئۇيغۇر كونا يېزىقىدا ئوقۇدى، كىچىك ئاچام زورە بورتـالا شـەھىرىدە ئۇيغـۇر يېڭـى يېزىقىـدا مەكـتەپ پۈتكـۈزدى. ئـۈچ ئاچـام سـاۋاتلىق بولســىمۇ ئەممــا ئــۇلار بىــر ــ بىرىنىــڭ يازغــان خەتلىرىنــى ھەرگىــز ئوقۇيالمايتتى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا موڭغـۇلىيەدە كولخوزلىشـش ئەڭ يـۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. ئۇيغۇرلارمۇ سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشكە ناهـايىتى ئاكتىـپ قاتناشتى. گۇچۇڭلۇق هېيتئـاخۇن روزى موڭغـۇلىيە ئـۆلگەي ئۆلكىسـىنىڭ ئـاقچى دېگەن كولخوزىغا رەئىس بولۇپ سايلىنىپ، بـۇ كولخـوزنى ناهـايىتى تېـزلا ئەڭ ئىلغـار كولخـوز قىلىـپ قـۇرۇپ چىققاچقـا، 1952 ــ يىلـى موڭغـۇلىيە دۆلەتلىـك ئەمگەك قەهرىمانى بولۇپ مۇكاپاتلاندى. كەنجىئـاخۇن دېـگەن ئاتۇشـلۇق كىشـى كـۆپ يىـل ئاشـۇ هېيتئـاخۇن رەئىسـكە مۇئـاۋىن بولـۇپ كولخوزنىـڭ مالىيەسـىنى باشقۇردى. ئاتۇشلۇق قارا كېرەم دېگەن كىشى خوبدا شەهىرىدە بىر كولخوزنىـڭ ئورۇنباسـار رەئىسـى بولـۇپ ئـۇزۇن يىـل ئىشـلىدى. قـارا كېـرەم يەنە تاشـقى موڭغۇلىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەشرەپ يىگىت بېشى ئىدى. ئۇ بىـر ھەپتىـدە بىـر قېتىم مەشرەپ ئۇيۇشتۇراتتى. دەپ، دۇتار بىلەن قايناپ كەتـكەن بـۇ مەشـرەپكە موڭغۇللارمـۇ كېلىــپ ئۇسســۇلغا چۈشــەتتى. تېيىپئــاخۇن دېــگەن كىشــى خوبــدا

بويۇنسۇمۇل ئۇيغۇر 16 ـ كولخوزنىغا رەئىس بولغانىدى. ئۇيغۇر ياشلار كۆپلەپ ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەشكە قاتناشتى. خوبدا، ئۆلگەي شەھەرلىدىكى ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىمۇ خېلى كۆپ ئۇيغۇر ھۆكۈمەت مەمۇرى بولۇپ ئىشلەيتتى. گۈچۈڭدىن بارغان ياسىن دېگەن كىشى ئايالى خالىدەم بىلەن خوبدا ئۆلكىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە ناخشىچى، ئۇسسۇلچى بولۇپ كىردى. كېيىن ياسىن خوبدا ئۆلكىلىك سەنئەت ئۆمەكىنىڭ باشلىقى بولدى. 1962 ــ يىلى «موڭغۇلىيە خەلق ئارمىيىسى» دېگەن ئەڭ ئالىي شەرەپكە ئېرىشتى. موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى جۇڭگوغا ئىزچىل ھالدا دوستانە مۇئامىلە قىلاتتى. جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە موڭغۇلىيە جۇڭگو خەلقىگە زور ياردەم بەردى. 1938 ـ يىلى موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى جۇڭگو چاخار ئۆلكىسىگە ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا 200 نەپەر ئەسكەر بىلەن نۇرغۇن قورال ــ ياراق ھەمدە ئاشلىق ئەۋەتتى. بۇ 200 نەپەر ئەسكەر ئارىسىدا 20 نەچچە ئۇيغۇر جەڭچى بار ئىدى. بۇ جەڭچىلەر ياپون باسقۇنچىلىرى بىلەن بولغان نەچچە قېتىملىق جەڭگە قاتناشقان، ھەممىسى جەڭدە قۇربان بولغان. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پىچانلىق ئابدۇل دېگەن يىگىت 1940 ــ يىلى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال رايونىدىكى بىر ئۇرۇش مەيدانىدا ياپونلارغا ئەسىرگە چۈشكەن چاغدا باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، ياپونلارنىڭ بىر پولكوۋنىكىنى ئېتىۋەتكەن. ياپونلار ئۇنى نەق مەيدىندا ئېتىپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىنمۇ پۈتۈن بەدىنىنى نەيزىلەپ، قىيما ــ چىيما قىلىۋەتكەن. 2 ــ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى جۇڭگوغا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان بۇ قەھرىمان ئۇيغۇر جەڭچىلەرنىڭ نامىنى ئەبەدىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇلانباتور شەھرىدە مەخسۇس خاتىرە مۇنارى تۇرغۇزۇپ، ئىسىملىرىنى ئويغانىدى.

1939ـ يىلى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىدى. 1941ـ يىلى 22 ـ ئىيۇل ھىتلېر گېرمانىيەسى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇز قىلدى. موڭغۇلىيە دەسلەپ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا كۆپلەپ ماددىي ياردەم بەردى. كېيىن ئالدىنقى سەپكە نەچچە ئون مىڭ پىدائىي ئەكسەر ئەۋەتتى. بۇ پىدائىيلار ئىچىدە ئۇيغۇر جەڭچىلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپى ئۇرۇشتا قۇربان بولدى. ئىسمائىل، تۇرسۇن دېگەن ئۇيغۇر يىگىتلەر ئۇرۇشتا پىداكارلىق بىلەن 1 ــ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسىتىپ پولكوۋنىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. تۇرپان ئايدىڭكۆللۈك سەيدۇل دېگەن يىگىت 1939 ـ يىلى موڭغۇلىيە ھاۋا ئارمىيەسىگە قاتنىشىپ ئۇچقۇچى بولغان.

موڭغۇل ئۇچقۇچىلارنى تىلى كەلمەي ئۇنى سەيناسوپ دەپ چاقىراتتى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ياردەم بېرىپ ئالدىنقى سەپكە بىر نەچچە كۆرەشچى ئايروپىلان ئەۋەتكەن. سەيناسوپ ئاشۇ كۆرەشچى ئايروپىلانلارنىڭ بىرىدە ئۇچقۇچى ئىدى. ئۇ، لېنىنگرادتىكى بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا فاشىستلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق بىر ئىستىكامىنىنى پارتلىتىپ، قىزىل ئارمىيەنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە يول ئاچقان. ئۇ، بۇ تۆھپىسى ئۈچۈن ئالتۇن ئوردېنغا ئېرىشكەن. ئۇرۇشتىن كېيىن موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى ئۇلارنى ئۇلانباتور، موسكۋالاردا ئوقۇتۇپ ئالاھىدە تەربىيەلەپ، ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم ئورۇنلىرىدا ئىشلەتتى. ئىسمائىل دارغا موڭغۇلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىدا مەھكىمە باشلىقى دەرىجىلىك ۋەزىپە بىلەن مۇھىم خىزمەتلەردە بولدى. ئۇ 1947 ـ يىلى ماشىنا ۋەقەسىدە ئۇلانباتوردا قازا قىلدى. سەيسانوپ 1950 ـ يىلى خوبدا شەھىرىدە ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلى بىلەن ۋاپات بولدى .

تۇرسۇن دارغا ئۇرۇشتىن كېيىن ئۇلانباتور شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدە ئورۇنباسار باشلىق بولۇپ ئۇزۇن يىل ئىشلىدى. ئاقسۇلۇق ھەسەنئاخون دېگەن ئۇيغۇر شوپۇر ئالدىنقى سەپتىن يارىدارلارنى قۇتقۇزۇۋاتقاندا ئۆپكىسىگە ئوق تەگسىمۇ، قەيسەرلىك بىلەن ماشىنىنى ھەيدەپ يارىدارلارنى ساق ـ سالامەت قۇتقۇزۇپ چىققانلىقى ئۈچۈن موڭغۇلىيەدە «1 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى» دېگەن شەرەپ ئوردېنغا ئېرىشتى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا موڭغۇلىيەدىكى ئۇيغۇرلار قورامىغا يەتكەن بالىلىرىنى ھۆكۈمەتكە ئىلتىماس قىلىپ ئالدىنقى سەپكە جەڭگە ئەۋەتتى. ھەربىر ئائىلە نۇرغۇن مال ـ مۈلكىنى ھۆكۈمەتكە تەقدىم قىلىپ، فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشقا كىزلىرىنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشتى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن موڭغۇلىيەنىڭ ئىقتىسادىي تېز تەرەققىي قىلدى. كولخوزلىشىشمۇ ناھايىتى تېزلەشتى. ئۇيغۇرلار موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بارلىق چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتا ئۆزلىرىنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇردى.

موڭغۇللار ئۆزلىرىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى، كەڭ قورساقلىقى، مېھرىبانلىقى بىلەن ئاشۇ مۇساپىر ئۇيغۇرلارنىڭ قەلبىدە ئاجايىپ يارقىن ھەم ئۇنتۇلماس خاتىرىلەرنى قالدۇردى. مەن كىچىكىمدىن باشلاپ موڭغۇلىيەدىن ۋەتەنگە قايتقان چوڭلارنىڭ ئاغزىدىن مۇشۇ ھەقتە ئاجايىپ تەسىرلىك ھېكايىلەرنى

ئاگلىغانىدىم. شۇ ھېكايىلەردىن ئىككىنى سۆزلەپ بەرسەملا ھەممىگە كۇپايە قىلىدۇ:

گۇچۇڭلۇق تۆمۈر نىياز دېگەن كىشى 1926 ــ يىلى موڭغۇلىيەگە بارغانىدى. ئۇ ، خۇشپېئىل، كۆپكە قابىل، قولى گۈل سودىگەر ئادەم ئىدى. ئۇ خوبدا شەھرىدە سودا قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا تولىمۇ كۆپ موڭغۇل بىلەن تونۇشۇپ، بۇرادەرلىشىپ كەتتى. خوبدا چېگرا شەھەر بولغاچقا، مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر تۇراتتى. تۆمۈر نىياز بۇ ئەسكەرلەرنىڭ ھەر كۈنلۈك ئۈچ ۋاق تاماقىنى كۆتۈرە ئالدى. ئۇنىڭ ئادەملىرى ھەر كۈنى نەچچە يۈز لىس بولكا پىشۇرەتتى، نەچچە ئون داش قازاندا تاماق قىلاتتى، ئەسكەرلەرنىڭ قىشلىق يېقىلغۇ ئوتۇننىمۇ تەمىنلەيتتى. ئۇ چاغدا ھۆكۈمەت بىنالىرىنى سالدىغان خىش پىشۇرۇپ ئەسكەرلەرنىڭ ياتاق، ئىشخانىلىرىنىمۇ سالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خوبدا شەھرىدە داڭلىق ئادەم بوپقالدى. موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى موڭغۇل چېگراسىغا كىرگەن ئۇيغۇرلارنى ئەڭ ئالدى بىلەن «نىمە ھۈنىرىڭ بار» دەپ سورايتتى. ئەگەر تۆمۈرچى، ياغاچچى، سەيپۇڭلۇق ھۈنىرىم بار دېسە ،ئۆز ئالدىڭغا تىجارەت قىل دەيتتى. ئەگەر «ھۈنىرىم يوق» دېسە «تۆمۈر نىزايىنىڭ يېنىغا بار» دەپ ئەۋەتىپ بېرەتتى. 1930 ـ يىللاردا تۆمۈر نىيازنىڭ قولىدا كوكتات تېرىيدىغان، ئوتۇق توشۇيدىغان، خىش قۇيۇپ خۇمداندا پىشۇرىدىغان، تامچىلىق، ئاشپەزلىك قىلىدىغان 300 دەك ئۇيغۇر يېتىمچى با ئىدى.

شۇ يىللاردا تۆمۈر نىياز ناھايىتى چىرايلىق بىر موڭغۇل قىز بىلەن تونۇشۇپ، بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ قالدى. ئۇلار توي قىلىدىغان چاغدا موڭغۇل قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قەتئىي قوشۇلمىدى. ئۇلار«ئۇ ئۇيغۇر قىزىمنى مۇسۇلمان قىلىۋېتىدۇ، بەرمەيمىز» دېدى. بۇ ماجىرا ئىككى ــ ئۈچ ئايغا سوزۇلدى. تۆمۈر نىياز ئاخىر خوبدا شەھرىنىڭ باشلىقىنى تېپىپ ئەھۋالنى ئېيتىپ، ياردەم قىلىشنى ئۆتۈندى. ھىلىقى شەھەر باشلىقى قىزنىڭ ئاتا ــ ئانىسىنى چاقىرتىپ كېلىپ: «ھەممىمىز بىر خۇدىنىڭ بەندىسى، بۈيۈك بىزرۇكۋار پادىشاھىمىز چىڭگىزخانمۇ يالغۇز قىزى ئەلئالتۇنىنى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانى بارچۇق ئارتتېكىنگە ياتلىق قىلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ 5 ـ ئوغلى قىلىۋالغان. تۆمۈر نىيازمۇ ئۇيغۇر يىگىت. مۇشۇنداق ئاق كۆڭۈل، قولى گۈل، پاراسەتلىك يىگىتتىن بىر قىزىڭنى ئايامتىڭ بۇگۈنلا توي قىلىپ بەر، قىزىڭنى بەختى كەپتۇ» دىدى.

ئۇلار ئاخىر توي قىلدى، تۆمۈر نىياز ئۇ موكغۇل قىزغا مەريامخان دەپ ئۇيغۇرچە ئىسىم قويدى، ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگەتتى. ئۇلار بەش بالىلىق بولۇپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە ناھايىتى بەختلىك ياشىدى. ھەتتا تۆمۈر نىياز موڭغۇلىيە بويىچە ناھايىتى ئابرويلۇق ئادەمگە ئايلاندى.

1936 ـ يىلى ئىيۇندا كولخوز رەئىسى ھېيتئاخۇن روزى بىرنەچچە خىزمەتچىسى بىلەن خوبدىدىن ئۇلانقوم ئايمىقىغا بېرىپ موڭغۇللاردىن 300 تۇياق ئات سېتىۋالدۇ.ئۇ ئاتلارنى ھەيدەپ قايتىش سەپىرىدە بىر كۆل بويىغا كەلگەندە قاتتىق ئاغرىپ قالدۇ. بەدىنى چېقىپ ئاغرىيدۇ، قىزىيدۇ، تىترەيدۇ. ھەر خىل سەۋەبنى قىلىپ باقسىمۇ زادى بولالماي يېتىپ قالدۇ، كېچىسى نەپىسى قىسىلىپ ھاسىراشقا باشلايدۇ. ھېيتئاخۇن ئاخىر شۇ يەرلىك بىرنەچچە موڭغۇلنى چاقىرتىپ تۆگىدىن بىر سېتىپ بېرىشنى، 300 ئاتقا ئۇن كۈن قاراپ تۇرۇشنى تاپىلايدۇ. ئاندىن ھەمراھلىرىغا يەنە: «مېنى تۆگە بىلەن تېز ئېلىپ مېڭىڭلار، يولدا ئۆلۈپ قالسام ئۆلۈكۈمنى يولدا يەرلىككە قويۇۋەتمەي چوقۇم خوبدىغا ـ ئۆيگە يەتكۈزۈڭلار» دەيدۇ.

ھېلىقى موڭغۇللار ھېتئاخۇننىڭ ئەھۋالىنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ: «بىزنىڭ بىر لامايىمىز بار، ئۇ كېسەل كۆرەلەيدۇ، ئەكىلەيلى» دەيدۇ ـ دە، ئات بىلەن تېز بېرىپ بىر سىمىز لامانى باشلاپ ئەكىلىدۇ.

لاما تېۋىپ ھېيتئاخۇننى كۆرۈپ: «تېزدىن سىمىز قويدىن بىرنى سويۇڭلار»دەيدۇ. ئاندىن ئۈچ قاپ چۆپ دورىنى قاينىتىپ تولۇق ئىچكۈزىدۇ ـ دە، قېلىن ئوراپ ياتقۇزۇپ قويىدۇ، ئارقىدىنلا يېڭى قاينىغان شورپىدىن بىر داس ئېلىپ سورۇپ ـ سورۇپ ئېغىز كۆيمىگۇدەك بولغان چاغدا ھەممىنى ئىچكۈزىدۇ. ئاندىن يېڭى سويغان قوينىڭ تېرىسىگە يۆگەپ ياتقۇزۇپ قويىدۇ. ھېتئاخۇن ئەتىسى چۈشتە ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا بۇرۇنقىدەكلا ساقىيىپ قوپىدۇ، تاماق يەيدۇ، تالاغا چىقىدۇ. چۈشتىن كېيىن ھېلىقى لاما ئۇنىڭ تولۇق ساقايغانلىقىنى كۆرۈپ كەتمەكچى بولىدۇ.

ھېيتئاخۇن ناھايىتى مىننەتدار بولغان ھالدا خىزمەتچىلىرىگە تېۋىپ لاماغا ئېسىل ئاتتىن بىرنى كۆركەم ئىگەر بىلەن جابدۇپ يولغا سېلىپ قويۇشنى بۇيرۇيدۇ، ھەمدە ھېلىقى لاماغا: «ئەگەر سەن بولمىساڭ مەن ئۆلۈپ قالاتتىم، مېنى سەن قۇتۇلدۇرۇۋالدىڭ، مەن ساڭا بىر ئېسىل ئات تەقدىم قىلىمەن، مىنىپ قايت» دەيدۇ. ھېلىقى لاما: «مەن ساڭا ئۈچ قاپ چۆپ دورا بەردىم، سەن ماڭا

ئۈچ سوم بەرسەڭ بولىدۇ، ئات ئالسام بولمايدۇ» دەيدۇ. ھېيتئاخون: «ئۆز رازىلىقىم بىلەن بېرىمەن، ئال» دەيدۇ. لاما: «ئۇنداق كۆپ نەرسە ئالسام هارام بولىدۇ، خۇدا ئالدىدا يۈزۈم قارا بولىدۇ، ئالمايمەن» دەيدۇ. ھېيتئاخون: «ئۇنداق بولسا 100 سوم بەردىم، ئال» دەيدۇ. لاما: «ئۈچ سوم ئالسام بولىدى، ئوشۇق ئالمايمەن، گۇناھكار بولمايمەن» دەيدۇ. «ھېيتئاخون 100 سومنى زورلاپ لامانىڭ قوينىغا سېلىپ قويىدۇ. لاما پۇلنى يەنە ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ ئۆزرە ئېيتىدۇ. ئۇ يەنە: «ئۈچ سوم ئالىمەن، بىر تىيىن ئارتۇق ئالمايمەن، ئەمما ئات بىلەن ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويساڭ ياق دېمەيمەن» دەيدۇ. ھېيتئاخون ئاخىر ئۈچ سوم بېرىپ ئۆز ئېتى بىلەن لامانى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدۇ...

1949 ـ يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. جۇڭگو بىلەن مۇڭغۇلىيە ھۆكۈمەتلىرى ناھايىتى تېزدىن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىپ سوتسىيالىزم لاگېرىدىكى ئەڭ يېقىن سەپداشلاردىن بوپقالدى. بۇ خۇش خەۋەر موڭغۇلىيەدىكى ئۇيغۇرلارنى قالتىس خۇشھال قىلدى. ئۇلار شىنجاڭدىكى ئۇزاق يىللىق ئۇرۇش مالىمانچىلىقلىرىنىڭ ئاخىر تۈگىگەنلىكىنى، شىنجاڭدىمۇ موڭغۇلىيەگە ئوخشاش كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ تۇرغۇزۇلغانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇلارنىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى ۋەتىنىنى سېغىنىش، ۋەتەنگە قايتىش ئارزۇسى قايتىدىن ئۇرغۇدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى 20 ـ 30 يىلدىن بۇيان ھامان بىر كۈنى ۋەتەنگە قايتىش ئارزۇسى بىلەن موڭغۇلىيە دۆلەت تەۋەلىكىگە ئۆتمەي يەنىلا جۇڭگو گىراژدانى سالاھىيىتى بىلەن تۇرۇۋاتقانىدى.

موڭغۇلىيەدىكى ئۇيغۇرلار 1952 ـ يىلدىن باشلاپ رادىيو ئارقىلىق شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشلىرىنى ئاڭلاشقا باشلىدى. ھەر قېتىم خەۋەردىكى شىنجاڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەر ئۇلارنى ئاجايىپ خۇشھال قىلاتتى. بەزىلەر ئۆز يۇرتىدىكى بىرەر يېڭى خەۋەرنى ئاڭلاپ قالسا شۇ كۈنى قوي سويۇپ مېھمان چاقىراتتى. بولۇپمۇ رادىيودىن پاتەم قۇربان، پاشا ئىشانلارنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلىغاندا ھاياجانلىق ياشلىرىنى توختىتالماي قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ۋەتەنگە قايتىش ئارزۇسى تېخىمۇ كۈچىيەتتى.

1952 ـ يىلى كۈزدە خوبدا شەھىرىدىكى ئۇيغۇرلار بىرنەچچە قېتىم كېڭەشكەندىن كېيىن يۈزنەچچە ئادەم ئىمزا قويۇپ شەھەر باشلىقى لويسىن بالدىنغا «جۇڭگوغا قايتىپ كېتىمىز» دەپ ئىلتىماس سۇندى. ئۇلار ئارقا ـ

ئارقىدىن بىرنەچچە قېتىم ئىلتىماس سۇنغاندىن كېيىن ھۆكۈمەت تەرەپ «ئىلتىماسىڭلارنى مەركەزگە يوللىدۇق، تېخى جاۋاپ كەلمىدى» دەپ جاۋاپ قايتۇردى. 1954 ـ يىلىنىڭ بېشىدا موڭغۇلىيە مەركىزىي ھۆكۈمىتىدىن خوبدا شەھىرىدىكى ئۇيغۇرلار مەھەللىسىگە بىر تەكشۈرۈش ئۆمىكى چۈشتى. ئۇلار ئۇيغۇرلار بىلەن تەپسىلىي سۆزلىشىپ، ئۇلاردىن «نىمە ئۈچۈن كېتىسىلەر؟ يەرلىك ھۆكۈمەت چەتكە قاقتىمۇ؟ كەمسىتتىمۇ ياكى موڭغۇللار بىلەن باراۋەر مۇئامىلىگە ئېرىشەلمىدىڭلارمۇ؟ كۆڭلۈڭلار رەنجىگەن يەرلەر بارمۇ؟» دېگەن مەزمۇنلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۇيغۇرلار: موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتىدىن ناھايىتى رازى ئىكەنلىكىنى، پەقەت ۋەتەننى سېغىنغانلىقىنى، شۇڭا قايتىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى، ئېيتتى. بۇ ئۆمەك يەنە يەرلىك ھۆكۈمەت ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورگانلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭگوغا قايتىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلىشىنىڭ سەۋەبى، ئۇلارغا رۇخسەت بەرسە بولامدۇ؟ دېگەن مەسىلە ھەققىدە قايتا ـ قايتا پىكىر ئالدى.

1954 ـ يىلى كۈزدە موڭغۇلىيەنىڭ رەئىسى سېدىنبال خىزمەت تەكشۈرۈپ خوبدا شەھىرىگە كەلدى. ئۇ ئۇيغۇرلار مەھەللىسىگە كەلگەندە يۈزدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئەر ـ ئايال رەئىس سېندىبالغا كوللېكتىپ ئىمزا قويغان ۋەتىنى جۇڭگوغا قايتىش ئىلتىماسىنى سۇندى. رەئىس سېدىنبال ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە ئۇلارغا مۇنداق دېدى: «سىلەر شىنجاڭغا كېتىمىز دەيسىلەر، تەلپىڭلار توغرا، ئادەم بالىسى ئۆز ۋەتىنىنى سېغىنىدۇ. بىراق، جۇڭگو ئازاد بولغىلى ئاران تۆت ـ بەش يىل بولدى، تېخى قىيىنچىلىق تۈگەپ كەتكىنى يوق. موڭغۇلىيە ئازاد بولغىلى 30 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ بىز تېخى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلالمايۋاتىمىز. ھازىر شىنجاڭغا بارساڭلار قىينىلىپ قالىسىلەر، يەنە 10 يىلدىن كېيىن بارساڭلار بولىدۇ. مەن ھەربىي ئادەمگە 3000 سومدىن پۇل بېرەي، ئالاھىدە خەت بېرەي، سىلەرنى ئايروپىلان بىلەن بېيجىڭغا يەتكۈزۈپ قوياي. سىلەر ھازىر بالىچاقا، ئۆي ـ مۈلكۈڭلارنى قوزغىماڭلار. ئۆزۈڭلار بىر يىل تۇرۇپ ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى، ۋەتىنىڭلارنى كۆرۈپ كېلىڭلار. كۆرۈپ كېلىپ ئاندىن كۆچۈپ كېتەيلى دىسەڭلار بىر يارىشقىدا يولغا سېلىپ قويايلى. خوتۇن ـ بالىلىرىڭلار موڭغۇلىيەدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، شىنجاڭنى كۆرگىنى يوق، ئۇ يەرگە بېرىپ كۆنەلمىسە قىينىلىپ قالىسىلەر، سىلەر شىنجاڭغا بېرىپ كەلگىچە ئائىلەڭلەرگە، مال ـ چارۋاڭلارغا ھۆكۈمەت ياردەملىشىپ قاراپ تۇرسۇن» دېدى.

شۇ ھامان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا غۇلغۇلا بوپكەتتى: «بۇ موڭغۇللار بىزنى ئالداۋاتىدۇ. بىزنى چېگرادىن چىقىرىۋېتىپ باللىرىمىزنى ئېلىپ قالماقچى. بىز بىراقلا كۆچۈپ كېتىمىز، باللىرىمىزنى تۇغقانلارغا كۆرسىتىمىز» دېيىشتى.

رەئىس سېدىنبال ئامالسىز قالدى ـ دە: «بولىدۇ، ئۈچ يىللىق پاسپورت بېرەيلى، كۆنەلمەي، ئۈچ يىل ئىچىدە يېنىپ كەلسەڭلار بىز يەنە قارشى ئالىمىز. رەسمىيەتلەرنى مەن ئۇلانباتورغا بارغاندىن كېيىن بېجىرىپ بېرىمەن» دېدى.

1955 ـ يىلى يانۋاردا رەئىس سېندىبالنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەنگە قايتىش ئىلتىماسىنى تەستىقلىغانلىقى ۋە بۇ ئىلتىماسنى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە يوللىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر كەلدى.

1955 ـ يىلى مارتتا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ موڭغۇلىيەدىكى مۇھاجىر ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەنگە قايتىشىنى قارشى ئالىدىغانلىقى، ئىلتىماسىنى تەستىقلىغانلىقى ھەققىدە خۇش خەۋەر كەلدى. ئارقىدىنلا موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇلارنى جۇڭگوغا قايتۇرۇشنىڭ تەپسىلىي ئورۇنلاشتۇرۇشى يېتىپ كەلدى. بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشتا مۇھاجىر ئۇيغۇرلار بىرىنەچچە تۈركۈمگە بۆلۈپ ئۇزۇتىلىدىغانلىقى، بىرىنچى تۈركۈمدە ئەر ـ ئايال ھەر ئىككىسى جۇڭگودىن كەلگەنلەر ھەممىدە ھازىرغا قەدەر جۇڭگو گىراژدانى سالاھىيىتى بىلەن تۇرۇۋاتقانلار پۇتۇن ئائىلىسى بويىچە قايتسا بولىدىغانلىقى، بۇلارنىڭ سەپەر يولى خوبدا ـ ئۇلانباتور ـ بېيجىڭ ـ ئۈرۈمچى ئارقىلىق بولىدىغانلىقى، ھازىردىن باشلاپ ئىككى ئاي ئىچىدە سەپەر تەييارلىقلىرىنى پۇتكۈزۈشى، قۇرۇجايلىرى ۋە مال ـ چارۋىلىرىنى ھۆكۈمەتكە ساتسىمۇ، شەخسلەرگە ساتسىمۇ بولىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى. شۇ كۈنلا تۇنجى تۈركۈمدە ۋەتەنگە قايتىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلەر بايرام خۇشاللىقىغا چۆمدى. بۇ پۇرسەتكە ئېرىشەلمىگەنلەرنىڭ ئۆيىدە يىغا ـ زار كۆتۈرۈلدى.

1955 ـ يىلى 5 ـ مايدا خوبدا شەھىرىدىن 24 ئائىلىك ئۇيغۇر 10 دانە گاز ماشىنا بىلەن ئۇلانباتورغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلارنى كېيىنكى قېتىمغا قالغان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرى، موڭغۇل، قازاق دوست — بۇرادەرلىرى، ھۆكۈمەت خادىملىرى بولۇپ مىڭغا يېقىن ئادەم ئۇزىتىپ چىققانىدى. دادام، ئاپام ھەر ئىككىسى جۇڭگودىن بارغان ھەم موڭغۇلىيەدە جۇڭگو گىراژدانى سالاھىيىتى بىلەن تۇرغاچقا، ئۈچ ھەدەم بىلەن مېنى ئېلىپ ئالتە جان كىشى تۇنجى تۈركۈمدە بېيجىڭ ئارقىلىق ۋەتەنگە قايتىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى.

ئـۇلار خوبـدا شـەھىرىدىن پايتەخـت ئۇلانباتورغـا يەتـتە كۈنـدە يېتىـپ باردى. ئۇلانباتوردىمۇ ئۇلارغا جۇڭگوغا قايدىغان ئـۈچ ئۆيلـۈك ئۇيغـۇر قېتىلـدى. شۇنىڭ بىلەن بىرىنچى تۈركۈمدە. جۇڭگوغا قايتىدىغان ئۇيغۇرلار 27 ئـائىلە، 94 ئـادەم بولـدى. ئـۇلار ئۇلانبـاتوردا رەسـمىيەت بېجىـردى، سـودا ــ تاشقى ئىشـلار مىنىسـتىرلىقى بىـلەن جۇڭگونىـڭ موڭغـۇلىيەدە تۇرۇشـلۇق بـاش ئەلچىخانىسـى ئۇلارغا ئۇزىتىش چېيى بەردى.

ئـۇ چاغـدىكى ئـايروپىلانلار ناھـايىتى كىچىـك بولـۇپ، ئـاران 24 ئـادەم سـىغاتتى. شـۇڭا، ئـۇلار تـۆت قېتىمغـا بۆلۈنـۈپ ماڭىـدىغان بولـدى. بىرىنچـى قېتىملىق ئايروپىلاندا ماڭغانلار 1955 ـ يىلى 28 ـ مارت ئەتىگەندە ئۇلانبـاتوردىن ئۇچـۇپ، چۈشـتىن كېـيىن بېيجىـڭ ئايرودرومىغـا قونـدى. بىزنىـڭ ئـائىلە ئاشـۇ بىرىنچى قېتىملىق ئايروپىلاندا كەلگەنىدى.

موڭغـۇلىيە ھۆكۈمىتىنىــڭ مۇھــاجىر ئۇيغۇرلارنىــڭ تــۇنجى تۈركــۈمىنى جۇڭگوغـا قـايتۇرۇش پىلانـى موڭغـۇلىيەدىكى جۇڭگـو كونسۇلخانىسـى ئـارقىلىق جۇڭگــو تاشــقى ئىشــلار مىنىســتىرلىقىغا، ئۇيغــۇر مۇھــاجىرلارنى كۈتــۈۋېلىش خىزمىتىنــى دۆلەت مىللەتــلەر ئىشــلىرى كومىتېتىغــا تاپشــۇردى ھەمــدە شــىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ئۇقتۇرۇش قىلىپبۇ مۇھاجىرلارنى بېيجىڭغا مەخسۇس ئـادەم ئەۋەتىپ كۈتۈۋېلىشنى، شىنجاڭغا بارغاندىن كېـيىن ئۆزلىرىنىـڭ تەلىپـى بـويىچە تۇرمۇشـىنى ياخشـى ئورۇنلاشتۇرۇشـنى تاپشـۇردى. شـىنجاڭ ئۆلكىلىـك ھۆكـۈمەت مۇئـامىلە باشقارمىسـىغا ئۇقتـۇرۇپ، 24 ياشـلىق خىزمەتچـى مـۇھەممەت سامسـاقنى بېيجىڭغــا بېرىــپ موڭغــۇلىيەدىن كەلــگەن مۇھــاجىر ئۇيغــۇرلارنى كۈتــۈۋېلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغانىدى.

تۇنجى تۈركۈم مۇھاجىرلار بېيجىڭغا يېتىپ كەلگەنـدە مـۇھەممەت سامساق تېخى بېيجىڭغا كېلىـپ بولالمىغانـىدى. مۇھـاجىر ئۇيغـۇرلارنى دۆلەت مىللەتـلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئايرودرومدا ئالاھىدە كۈتۈۋالـدى. ئـۇ چاغـدا دۆلەت مىللەتـلەر ئىشلىرى كومىتېتى بېيجىـڭ شـەھىرىنىڭ دۇڭسـى دېـگەن يېرىـدە ئىـدى. دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئىشخانا بىناسـىنىڭ كەينىـدىكى بىـر چـوڭ قـورۇنى ئىجارىگە ئېلىپ، ھەر بىر ئـائىلىگە بىـر ئېغىـزدىن ئـۆي تەقسـىم قىلىـپ بەردى. ئۇيغۇر مۇھاجىرلار بېيجىڭغـا كېلىـپ ئـۈچ كۈنـدىن كېـيىن مـۇھەممەت سامسـاقمۇ ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭغا يېتىپ كەلدى. دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى دەرھال يىغىن ئېچىپ موڭغۇلىيەدىن كەلگەن مۇھـاجىر ئۇيغۇرلارنىـڭ بېيجىڭغـا كەلـگەن

كۈندىن باشلاپ تاكى ئۆز يۇرتلىرىغا بىرىپ بولغانغا قەدەربارلىق ياتاق، تاماق، قاتناش، داۋالىنىش خىراجەتلىرىنى ھۆكۈمەت كۆتۈرىدىغانلىقىنى قارار قىلدى. بۇ مىھمانلارنى يەنە بېيجىڭدىكى ساياھەت ئورۇنلىرىنىڭ ھەممىسىگە ساياھەتكە ئورۇنلاشتۇردى. بۇ مەزگىلدە بېيجىڭدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلىۋاتاتتى. ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىس سەيپىدىن ئەزىزىي ئۆزى يېتىشەلمىگەچكە، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبە بيۇروسى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سەئىدۇللا سەيپۇللايوفنى مىھمانلارنى يوقلاشقا ئەۋەتتى. سەيپۇللايوف ھەربىر ياتاققا كىرىپ مىھمانلارنى يوقلىدى، رەھبەرلەرنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى. ئۇ، قايتىدىغان چاغدا مۇھەممەت سامساققا مۇئاۋىن رەئىس سەيپىددىن ئەزىزىنىڭ «ۋەتەنگە قايتقان قېرىنداشلارنى ساق ـ سالامەت ئۇرۇمچىگە يۇتكۈزسۇن» دېگەن يوليورۇقىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى.

ھەر ئۈچ كۈندە ئۇلانباتوردىن بېيجىڭغا بىر قېتىم ئايروپىلان قايناتتى. شۇنداق قىلىپ تۈنجى تۈركۈمدە ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىر ئۇيغۇرلار ئىلگىرى ـ كېيىن ئون نەچچە كۈندە بېيجىڭغا كېلىپ بولدى. دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مۇھاجىرلارنى مەخسۇس ئاپتوبۇسلار بىلەن بېيجىڭدىكى تىيەنتىيەن باغچىسى، گۇگۇڭ خان سارىيى، ھايۋاناتلار باغچىسى قاتارلىق ئورۇنلارنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇردى. 7 ـ ئاي مەزگىلى بېيجىڭ ناھايىتى ئىسسىق بولغاچقا موڭغۇلىيەنىڭ سالقىن تاغلىرىدىن كەلگەن بۇ مۇھاجىرلارنىڭ ياشقا چوڭلىقى ئاغرىپ كەتتى. چوڭلاردىن بىر نەچچىسى دوختۇرخانىدا بىر نەچچە كۈن داۋالىنىپ ئاران ساقايدى. شۇنىڭ بىلەن ئېكىسكۇرسىيە قىلىدىغان باشقا ئورۇنلار ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ئېيۇلنىڭ ئاخىرىدا بېيجىڭدىن پويىزغا ئولتۇرۇپ شىنجاڭغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار شىئەندە ئالتە كۈن تۇرۇپ يەنە بىر قىسىم يەرنى ساياھەت قىلدى. 9 ـ ئاۋغۇست پويىز بىلەن لەنجۇغا يېتىپ كەلدى.

ئۇ چاغدا تۆمۈر يول تېخى لەنجۇدىن ئۆتمىگەنىدى. لەنجۇ بىلەن ئۈرۈمچى ئوتتۇرۇسىدا ئاپتوموبىل قاتنىشى ناھايىتى قىس بولغاچقا، مۇھاجىرلار لەنجۇدا بىر ھەپتە تۇرۇپ قالدى. چوڭلار ئىسسىققا چىدىماي يەنە ئاغرىپ كەتتى. شۇ كۈنلەردە سەيپىدىن ئەزىزىي خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى ئېلىپ لەنجۇغا يېتىپ كەلدى. مۇھەممەت سامساق بىر قىسىم مۇھاجىر ۋەكىل بىلەن سەيپىدىن ئەزىزىينىڭ ياتىقىغا كىرىپ، بىر ھەپتىدىن بۇيان قاتناشنىڭ ھەل بولمىغانلىقى،

چوڭلارنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى دوكلات قىلدى. سەيپىدىن ئەزىزىي ئاغرىپ قالغانلارنى ئەتە ۋەكىللەر ئولتۇرغان ئايروپىلاندا ئۆزى ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، شىنجاڭنىڭ لەنجۇدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ باشلىقلىرى بىلەن جىددىي سۆزلەشكەندىن كېيىن، ئامېرىكا ئەسكەرلىرىدىن ئولجا قالغان «دوتكى» ماركىلىق ئۈچ چوڭ ماشىنىدىكى شىنجاڭغا ئېلىپ ماڭغان يۈكلەرنى چۈشۈرگۈزۈۋېتىپ، قالغانلارنى يۈك ــ تاقلىرى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى. شۇنداق قىلىپ موڭغۇلىيەدىن ۋەتەنگە قايتقان مۇخاجىر ئۇيغۇرلار 1955 ــ يىلى 5 ــ مايدا موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتى خۇبدا شەھرىدىن يولغا چىقىپ، 21 ــ ئاۋغۇست، يەنى 109 كۈندە ساق ـ سالامەت ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

ئۈرۈمچىدە بۇ مۇھاجىر ئۇيغۇرلارنى كۈتۈۋېلىش ھەم ئۆز يۇرتلىرىغا ئۇزىتىش خىزمىتىگە شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ئىشلىرى نازارىتى مەسئۇل بولدى ھەمدە پالتاخۇنباي سارىيىنىڭ ئارقىسىدىكى خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ بىر قەۋەتلىك مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇردى.

خەلق ئىشلار نازارىتى ئۇلارنى ئۈرۈمچىدە بىرنەچچە كۈن دەم ئېلىپ شەھەرنى كۆرۈشكە ھەمدە يۇرتلىرىدىكى تۇغقانلىرى بىلەن ئالاقىلىشىشقا قويۇپ بەردى. ئۇلارنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن ھەربىر چوڭ ئادەمگە كۈنىگە ئىككى يۈەن باللارغا بىر يۈەندىن تۇرمۇش پۇلى تارقاتتى. ئۇ چاغدا ئۈرۈمچىدە بىر گىرام ئالتۇن 2.68 يۈەن ئىدى. بىر ئادەم بىر كۈندە ئاشپۇزۇلدىن ئۈچ ۋاخ تاماق يېسىمۇ بىر يۈەننى خەجلەپ بولالمايتتى.

شۇ كۈنلەردە يەنە سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك كادىرلارنى نازارىتى موڭغۇلىيەدىن كەلگەن مۇھاجىر ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەرنى تىزىملاپ، ئۇلارنى ئۈرۈمچىدە ياكى ئۆز يۇرتلىرىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقتى. كورلىلىق ئابدۇراخمان سابىت دېگەن كىشى ئوتتۇرا تېخنىكوم سەۋىيەسىدىكى ئادەم بولغاچقا، كورلىدىكى موڭغۇل مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىندى. باي ئىبراي دېگەن كىشىنىڭ تىللا، سارا دېگەن ئىككى قىزى موڭغۇلچە ئوقۇغان، موڭغۇلىيەدە خوبدا ئۆلكىلىك سەنئەت ئۆمەككە ئورۇنلاشتۇردى. ئىككىنچى كەلگەن مۇھاجىرلاردىن ھېيتئاخۇن روزىنى ئالتاي شەھەرلىك سودا كوپىراتىپىغا مۇئاۋىن دىرېكتورلۇققا، غاپپار دېگەن كىشىنى ئۆلكىلىك موڭغۇل مەكتەپكە

ئوقۇتقۇچىلىقتا، بۇساره بەگرىنى «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ موڭغۇل تەھرىر بۆلۈمىگە تەقسىم قىلدى.

مۇھاجىر ئۇيغۇر ئۇرۇمچىدە بىر ھەپتە تۇرغاندىن كېيىن ھەرقايسىسىنى ئۆز يۇرتلىرىغا يولغا سالدى ھەمدە يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئۇلارنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشى تەلەپ قىلىندى. بۇ مۇھاجىر ئۇيغۇرلار ئاساسەن قومۇل، تۇرپان، گۇچۇڭ، غۇلجا، كورلا، كۇچا، ئاقسۇ، ئاتۇش، قەشقەر، خوتەنلىك ئادەملەر ئىدى.

دادامنىڭ ئەسلىي يۇرتى كاتايلاق بولغاچقا، 1955 ـ يىلى سېنتەبىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ھۆكۈمەت كىرا قىلىپ بەرگەن بىر گاز ماشىنا بىلەن ئۇرۇمچىدىن يولغا چىقىپ 12 كۈندە كاتايلاققا يېتىپ بارغانىدى.

موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى ئىككىنچى تۈركۈم ئۇيغۇر مۇھاجىرلارنى ئالتاي چېگراسىدىن بىۋاستە شىنجاڭغا ئۆزىتىپ قويدى. 1956 ـ يىلى 28 ـ سېنتەبىردە تاشقى موڭغۇلىيە خوبدا شەھىرىدىن 50 ئائىلە، 537 كىشى يولغا چىقىپ ئالتاي ۋىلايىتى چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ بۇلغۇن دېگەن ئېغىزدىن شىنجاڭغا كىردى. بۇلار ئىچىدە بەش نەپەر خەنزۇ مۇھاجىر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى موڭغۇل ئىدى. بۇ مۇھاجىرلارغا موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى بىر نوپۇسقا ئۆزىنىڭ بىر ئات، بىر تۆگىسى بىلەن چىقىپ كېتىشكە يول قويغان. قالغان قورۇ ـ جاي، مال ـ ۋارانلىرىنى موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى باھالاپ ئالغان ياكى ئۆزلىرى ساتقان. ئۇلار ئېلىپ مېڭىشقا بولىدىغان بارلىق مۈلۈكىنى ئات ـ تۆگىلىرىگە ئارتىپ يېنىپ چىققانىدى. ئۈچىنچى تۈركۈمدە موڭغۇلىيە ئۆلگەي شەھىرىدىن يولغا چىققان يەتتە مۇھاجىر ئائىلە ماشىنا بىلەن ئالتاي شەھىرىگە ئۆتتى. 1957 ـ يىلى ئۇلانباتور، خوبدا شەھەرلىرىدىن تۇرسۇن دارغا، ياسىن ئارتىس دېگەن كىشىلەرمۇ گۇچۇڭ ئارقىلىق ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى تۇرسۇن دارغىنىڭ موڭغۇلىيەدىكى خىزمەت دەرىجىسىنى ئۇققاندىن كېيىن ئۇنى لىۋداۋان كۆمۈر كانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ئەمما تۇرسۇن دارغا، ياسىن ئارتىس، قەشقەر بەشكېرەمگە قايتقان لېتىپئاخۇن، خوتەنگە كەتكەن ياقۇپ، بايلىق مۇھەممەت قوشماق قاتارلىق ئادەملەر 1958 ـ يىلى چىڭگىل ناھىيەسى ئارقىلىق يەنە موڭغۇلىيەگە قايتىپ كەتتى.مۇڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى ئۇلارنى يەنە قىزغىن قارشى ئېلىپ ئورۇنلاشتۇردى.

موڭغۇلىيەدە قالغان مۇھاجىر ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى 1962 ــ يىلى ئۆزبېكىستانغا، يەنە بىر قىسمى 1998 ــ يىلىدىن 2002 ــ يىلىغا قەدەر قازاقىستانغا كۆچۈپ كەتتى. موڭغۇلىيەدە ھازىر يەنە بىرنەچچە يۈز ئۆيلۈك ئۇيغۇر ئەۋلادى ياشاۋاتىدۇ. ئۇلار ئاساسەن خوبدا، ئۆلگەي، ئۇلانباتور قاتارلىق شەھەرلەرگە ئورۇنلاشقان.

مەن 1991-يىلى مايدا تۇغقان يوقلاپ، تۇغۇلغان يۇرتۇم موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىگە باردىم. بۇ چاغدا، ئۇيغۇرلار موڭغۇلىيەدىن كۆچۈپ 36 يىلدىن بويان ئىككى ئارىدا مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ، مەن جۇڭگودىن تۇنجى بولۇپ موڭغۇلىيەگە بارغان ئۇيغۇر ئىدىم. مېنى ئۇلانباتوردا ئۈچ ئۆيلۈك ئۇيغۇر پويىز ئىستانسىسىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. ئۇلانباتوردىن خوبدا شەھرىگە بارغان چېغىمدا ئايرودرومغا مېنى قارشى ئالغىلى 100 دىن ئارتۇق ئادەم چىقىپتۇ. ئۇلارنىڭ كۆپى ئۇيغۇرلار ئىدى. تاغام بوينۇمغا چىڭ ئېسىلىپ ئۇزاق يىغلاپ كەتتى. قالغانلارمۇ ماڭا ئېسىلاتتى، سۆيەتتى. ئەمما مەن ئۇلارنى تونۇمايتتىم. شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئۇلار مېنى ئەمەس ۋەتەننى، ئۇيغۇرلارنى قۇچاقلاپ سۆيۈۋاتاتتى. مەن بېرىپ ئەتىسى تاغام مېنى كەلدى دەپ، ئۇرۇق ــ تۇغقان، قولۇم ــ قوشنا، دوستلىرىغا چوڭ چاي بەردى. تاغامنىڭ خوبدا دەرياسى بويىدىكى كەگرى قورۇسى ئادەملەر بىلەن لىق تولدى. چوڭ بىر قازاندا پولو ئېتىلدى، بىر قازانغا لىق گۆش سېلىندى. داستىخانغا بولكا، بوغۇرساق، قۇرۇت ، سۇزمە، سېرىق مايدىن باشقا، مەن ئۇرۇمچىدىن ئاپارغان ھەر خىل كەمپۈت، پېچىنە ـ پىرەنىك تىزىلغانىدى. مېھمانلار ئۈرۈمچىنىڭ كەمپۈت ــ پىرەنىكلىرىنى ئاجايىپ مەززە بىلەن يەپ، مەندىن توختىماي گەپ سورايتتى. ئۇلار دادامنى، ئاپامنى، ئۈچ ھەدەمنى، ئۇلارنى قانچە بالىسى بارلىقىنى، تۇرمۇش ئەھۋالىنى سورايتتى. ئۇلار يەنە موڭغۇلىيەدىن جۇڭگوغا قايتقان ئۇيغۇرلارنىڭ قايسى شەھەرلەردە تۇرۇۋاتقانلىقى، باللىرىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقى، جۇڭگودا ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى، مائارىپى، ئۆرپ ــ ئادىتى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھەققىدە توختىماي سوئال سورايتتى. بىر چاغدا ئۆيگە ئاپئاق كىيمەلىچەك ــ چىلاۋۇش كىيگەن ئىككى قازاق موماي كىرىپ كەلدى. ھەممىمىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈردۇق. ئۇلار: «قوناق قايىسى» دەپ سورىۋىدى، تاغام مېنى كۆرسەتتى. مەنمۇ ئالدىغا ئىتتىك باردىم. ئۇلار مېنى نۆۋەت بىلەن باغرىغا چىڭ بېسىپ: «ئورپاغىم... ئورپاغىم» (پەرزەنتىم ... پەرزەنتىم) دەپ سۆيدى.

پۈرىدى. ئاندىن : «تۇقاننىڭ يىئىسى چىقىپتۇر )تۇخاننىڭ ھىدى پۇراۋاتىدۇ(» دېيىشتى، ئۇزاق كۆز يېشى قىلىشتى. كېيىن ئۇلارنىڭ گەپلىرىدىن ئۇقسام، ئاپام بىلەن بىر مەھەللىدە ئويناپ چوڭ بولغان دوستلىرى ئىكەن. مەن ئۇلارغا ئاپامنىڭ نامىدا سوۋغات تەقدىم قىلدىم... يەنە بىر كۈنى تاغامنىڭ ئۆيىگە ئىككى موڭغۇل بوۋاي كىرىپ كەلدى. تاغام ئۇلارنى ماڭا تونۇشتۇردى ۋە بىزگە تەرجىمانلىق قىلدى. بۇ بوۋايلار دادامنىڭ دوستلىرى ئىكەندۇق. دادامنىڭ موڭغۇل تىلىغا ناھايىتى ئۇستىلىقىنى، مېھماندوست، ئەمگەكچان، جاپاكەش ئادەم ئىكەنلىكىنى، موڭغۇلىيەدە تۇنجى بولۇپ قوغۇن تېرىپ موڭغۇللارنى بەك خۇش قىلىۋەتكەنلىكىنى ھېكايە قىلىۋاتقاندەك سۆزلەپ بەردى. ئۇلار يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ مانتا، پولو، سامسا، لەڭمەن، نان دېگەن تاماقلىرىنى تامشىپ تۇرۇپ ماختاپ، ھاياجانلىنىپ كەتتى بولغاي: «قېنى شۇ ئۇيغۇرلار؟ نېمىشقا كەتتى شۇ ئۇيغۇرلار؟ ئۇيغۇرلار كەتتى، ئۇلارنىڭ مەززىلىك پولو، مانتا، لەڭمەن، سامسىلىرىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە كەتتى...» دەپ ۋاقىرىۋەتتى. مەن تاغامدىن موڭغۇلىيەدە ھازىر بار ئۇيغۇرلارنىڭ نېمىشقا ئاشخانا ئاچمايدىغانلىقىنى سورىسام، تاغام تولىمۇ ئەپسۇسلانغان ھالدا: «بۇرۇنقى ئۇيغۇرلار ساپ ئۇيغۇرلار ئىكەنتۇق. ئۇلار ھەرقانداق يەرگە بارسا ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىسىنى تاشلىمايدىكەندۇق، ئۇنتۇمايدىكەنتۇق، ھەرقانداق جاپاغىمۇ چىدايدىكەندۇق. بۇ يەردىكى ھازىرقى ئۇيغۇرلار 3 ـ ئەۋلاد ئۇيغۇرلار، باشقىلار بىلەن چاتىلىشقان شالغۇت ئۇيغۇرلار، ئۇلار رۇسلارنىڭ، موڭغۇللارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىگە كۆنۈپ كەتتى، ئېتىقادىمۇ شالغۇتلىشىپ كەتتى. ئۇلار ھەر كۈنى بىر قېتىم بوتكىلاردىن بولكا، بوغۇرساق، تەرخەمەك، سېرىق ماي، ۋودكا سېتىۋېلىپ ئۈچ ۋاي يەيدۇ، ئىچىدۇ - يۇ، ئۇنداق پولو، لەڭمەن، مانتا دېگەنلەرنى ئەسلەپمۇ قويمايدۇ ۋە ئېتەلمەيدۇ، ھۇزۇرلىنىشىپ كەتتى... » دېدى ھەسرەتلىنىپ.

مەن موڭغۇلىيەدە تۇرغان 30 كۈن ئىچىدە خوبدا شەھىرىدىن باشقا ئۈلگەي، زاپخون، دارخىن، ئۇلانباتور قاتارلىق شەھەرلەرگە بېرىپ دادام تۇرغان، تىجارەت قىلغان، دېھقانچىلىق قىلغان ھەممە يەرنى زىيارەت قىلدىم. ھەيران قالدىمكى، موڭغۇلىيەدىكى بارلىق چوڭ ـ كىچىك شەھەردە ناھايىتى مۇكەممەل مۇزېي بار ئىكەن. ھەربىر شەھەردىكى مۇزېيدا تارىختا ئۆتكەن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرلىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، مەشھۇر شەخسلىرىگە ئالاھىدە ئورۇن بېرىپتۇ. ئۇلانباتور ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ

فاكۇلتېتىنىڭ مۇزىيىدا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ناھايىتى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلۇپتۇ. ئاخىرقى كۈنلەردە ئورخۇن - يېنسەي بويىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى تاش ئابىدىلىرىنىڭ بىر قىسمىنى زىيارەت قىلىشقىمۇ ئۈلگۈردۇم.

مەن موڭغۇلىيەدىكى ئاخىرقى كۈنلەردە خوبدا شەھىرىدە بولغان بىر ئىش ھازىرغىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ: بىر كۈنى تۇغقانلىرىم دادام، ئاپام ئۇزاق يىل ئولتۇرغان قەدىمكى مەھەللە ـ نەمنىگە كونا ئۆيىمىزنى زىيارەت قىلغىلى ئاپاردى. خوبدا دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان بۇ دېھقانچىلىق مەيدانى ماي ئايلىرىدا رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ ئاجايىپ چىرايلىق بوپكەتكەنىدى. بەش ـ ئالتە مىڭ مو تېرىقچىلىق مەيدانىدا ھازىرمۇ ئون نەچچە ئائىلىلىك ئولتۇرىدىكەن. تۇغقانلار مېنى باشلاپ يۇرۇپ بۇنىڭدىن 50 يىل بۇرۇن دادام بوز يەر ئېچىش ئۈچۈن خوبدا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنى بويلاپ چاپقان بىر كىلومېتىردىن ئۇزۇن ئېرىقنى كۆرسەتتى. بۇ يەرلەر ھازىرمۇ ئاشۇ ئېرىقتىن سۇ ئىچىدىكەن. مەھەللىدىكى دادام تىككەن تېرەكلەرنى ، قوغۇن تېرىغان يەرلەرنى، زىيارەت قىلدىم. بۇ يەرلەر ھازىرمۇ تاغامنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ئىكەن، تاغام بۇ يەرلەرگە قوغۇن، بۇغداي، تېرىيدىكەن. ئۇلار ئاخىرىدا مېنى بۇرۇن بىز ئولتۇرغان يوغان بىر قورۇغا باشلاپ كىردى. قورۇنىڭ بىر بۇلۇڭىدا يوغان ئىككى تۈگمەن تېشى تۇرۇپتۇ. بۇ بىزنىڭ ئۆينىڭ ئۇن تارتىدىغان موفاڭ )ئات تۈگمىنى( نىڭ تېشى ئىكەن. مۇشۇ دېقانچىلىق مەيدانىدىكى ھەممە ئادەم بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ ئۇن تارتىدىكەندۇق. بىزنىڭ ئەسلىي ئۆيىمىز ئۆرۈلۈپ كېتىپ تاغام يان تەرەپكە ئايرىم ئۆي سېلىپتۇ. تاغام ماڭا كونا ئۆينىڭ ئورنىدا بىر يەرنى كۆرسىتىپ: «مانا، سەن توغۇلغان يەر مۇشۇ، كىندىك قېنىڭ تۆكۈلگەن يەر مۇشۇ! بالام سەن 36 ـ يىلدا ـ بىر قەزنەدە تۇغۇلغان يېرىڭگە ئاران بىر كەلدىڭ...» دېدى. شۇ ئارىدا ئەتراپىمىزغا بىر توپ ئادەم ئولاشتى. ئۇلار بىزنىڭ بۇرۇنقى قوشنىلىرىمىزنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەن. بىر ئۆيدە قوي سويۇپ تاماق تەييارلاپ قويۇپتۇ، ھەممىمىز شۇ ئۆيدە ناھايىتى خوشال ـ خورام مېھمان بولدۇق...

خۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن موڭغۇلىيەدىن شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ئۆز يۇرتلىرىدا ھەرقايسى ساھەدە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا ئاكتىپ قاتنىشىپ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈردى. ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئۇلارنى دۆلەتنىڭ مۇھاجىرلار سىياسىتىدىن تولۇق بەھرىمەن

قىلدى. كورلىدىن ئىبراھىمئاخون 1956 ـ يىلىدىن باشلاپ تاكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» غا قەدەر مەملىكەتلىك مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ ھەر يىلى بىر قېتىم بېيجىڭغا يىغىنغا بېرىپ تۇردى، گۇچۇڭدىن مەريەم، بورتالادىن غاپپار، سەيدۇللا ھەسەن، ياسىن كېرەملەر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ ئۇزاق يىل خىزمەت قىلدى. بۇندىن باشقا يەنە بىرنەچچەيلەن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى ئوبلاستلىق، ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك، ناھىيەلىك مۇھاجىرلار بىرلەشمىلىرىدە خىزمەت قىلدى. يەنە بەزىلىرى ئوقۇتقۇچى، تېخنىك، دىكتور، سەنئەتچى، داڭلىق تەنتەربىيەچى بولۇپ ۋەتەن ۋە مىللەت ئۈچۈن خىزمەت كۆرسەتتى. موڭغۇلىيەدىن كېلىپ ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ چىڭگىل ناھىيەسىگە ئورۇنلاشقان ھەنىپە ئالىمئاخۇن ئەڭ قىيىنچىلىق يىللار 1960، 1970، 1980 ــ يىللاردا ھەر مىللەتتىن بولغان توققۇز نەپەر يېتىم بالىنى ئۆز بالىسىدىنمۇ چارى ئەتىۋارلاپ بېقىپ چوڭ قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتقاچقا، 2009 ــ يىلى ئەڭ زور شەرەپ ــ «مەملىكەت بويىچە جۇڭگونى تەسىرلەندۈرگەن 10 شەخس»نىڭ بىرى بولۇپ مۇكاپاتلاندى.

ھازىر موڭغۇلىيەدىن ۋەتەنگەن قايتىپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تۈركۈم پەرزەنتى ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايىدىكى مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ۋە ئىقتىسادىي ساھالەردە ئىختىساس ئىگىلىرى، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، ئىدارە باشلىقلىرى بولۇپ ئىشلەپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشماقتا.

ئاخىرىدا، مېنى مۇشۇ ئۇنتۇلماس تارىخىي ئەسلىمە ۋە قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەن مەرھۇم دادامغا، بىزنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن بېيجىڭغا ئالدىمىزغا ئالغىلى بارغاندا ھەر كۈنى كۈندىلىك خاتىرە يېزىپ، ماڭا شۇ قىممەتلىك خاتىرىسىنى تەقدىم قىلغان مۆھتەرەم سامساق ئاكىغا، موڭغۇلىيەدە 30 يىل كۈندىلىك خاتىرە يازغان مەرھۇم ھېيتئاخۇن روزى ئاكىغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن؛ مېنى يەنە نۇرغۇن ئەسلىمە بىلەن تەمىنلىگەن ئابدۇراخمان سابىت ئاكا، غاپپا ئاكا، بۇسارە ھەدىگە كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن.

شىنجاڭ مەدەنىيىتى 2010 ـ يىلى 4 سانىدىن ئېلىندى.

# ئەخلاقنىڭ ۋاقتى ئۆتتىمۇ؟

**ئابدۇرېھىم دۆلەت**

ھېچكىم خاتالىششىنى خالىمىسىمۇ، توغرىلىقنى ئىزدىسىمۇ، خاتالىشىش ئىنسانلارنىڭ دائىملىق تەقدىرى بولۇپ كەلدى. ئادەملەر ئەزەلدىن بەختكە ئىنتىلدى، ئۇنىڭ ئۈچۈن تالاي بەدەللەر تۆلىدى. لېكىن بەختنىڭ قەيەردىلىكى، ھەتتا ئۇنىڭ زادى نېمىلىكى ھازىرغىچە بىر سوئال پېتىتۇرۇپتۇ. «بەخت» تارىختىكى بارلىق پەيلاسوپ مۇتەپەككۇرلارنىڭ بەھس تېمىسى، لېكىن كىشىلەر ھازىرغىچە رېئاللىقتىكى «بەخت» يولىنى كۆرەلمىدى. يەر شارىدىكى دۆلەتلەر ئادالەتسىزلىكنى يوقىتىش ئۈچۈن ئادالەت داۋاسى بىلەن قۇرۇلغان. بىراق بىز بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئادالەت ئۈچۈن تىنىمسىز ياڭراۋاتقان سادالارنى ئاڭلاپ تۇرۇۋېتىمىز.

تارىخ خەزىنىسىدىكى پۈتمەس-تۈگىمەس تەجرىبە-ئىبرەتلەرنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، شۇنداقلا ئىبرەت ئالمايدىغان ئىنسانلارنىمۇ ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. خۇددى تۆمۈر خەلپە پاجىئەسى ئاز كەپ قىلىپ، خۇجىنىياز ھاجى بۈنىڭدىن بىزگە قايتا ئۈلگە تىكلەپ بەرگەندەك. ھەقىقەتەنمۇ ئۆتكەنلەر ئۆز خاتالىقلىرىدىن پاتمان-پاتمان پۇشايمان-تۆۋىلىرىنى قىلىپ، ئەۋلادلارنى ئاگاھلاندۇرىدۇيۇ، ئەۋلادلار بولسا ئىبرەت ئېلىشنىڭ ئورنىغا «ئۆگەنگەن خۇي ئۈجمە پىشقىچە» دېگەندەك ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەنىلا تالاي قان-ياشلىق ۋەسىيەت، نادامەتلەرنى قالدۇرۇپ كېتىدۇ. بۇ بىر شۇنداق ئايلىنىدىغان، ھەممە ئادەم شۇنداق بولماسلىقنى ئۈمىد قىلىسىمۇ، يەنىلا ھېچ ئامال قىلالمايدىغان جەريان.

بۈگۈننىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن نوقۇل تارىخىي تەجرىبىلەرلا ئەمەس، تارىخىي تەجرىبىلەرنى دەۋرلەشتۈرىدىغان پاراسەت، بۈگۈننىڭ ئېھتىياجىنى كۆرەلەيدىغان كۆز، يۈزلىنىشىنى پەرەز قىلالايدىغان ئۆتكۈرلۈك،

شۇنداقلا مەڭگۈلۈك ھەقىقەتلەرگە خىلاپلىق قىلمايدىغان ساداقەتمەنلىك بولۇشى كېرەك.

ئىنسانلار ئۆز قوللىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى تېخىمۇ ئىلغارلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆرۈش ئارقىلىق، ئىقتىسادىي ئامىللارنى بەلگە قىلغان يېڭى-يېڭى دەۋرلەرنى ياراتتى. ھەر بىر دەۋرنىڭ ئۆزىگە خاس مەسىلىلىرىپەيدا بولدى. بۇلار يېڭىچە تەدبىرلەرنى تەقەززا قىلدى. يېڭى تەدبىرلەر ئۆز نۆۋىتىدە يەنە يېڭى مەسىلىلەرگە ھامىلدار ئىدى.

ئىنسانلارنىڭ توختىماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى تەرەققىي قىلدى. يېقىنقى دەۋرلەرگە كەلگەندە، بولۇپمۇ سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىن ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى چۈشىنىشى، ئىلگىرى سىرلىق بىلىنگەن ئىشلارنىڭ جاۋابىنى بىر-بىرلەپ تېپىشقان ئەگىشىپ، ئۆزگە تەبىئەتكە دۇنياغا بولغان چۈشەنچىسىدە ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر روي بېرىشكە باشلىدى. ئىنسانلار ئۆزىنى ئىلگىرىكىدەك ئاجىز ھېس قىلمايدىغان بولدى. تېخنىكا ئارقىلىق قولغا كەلگەن، كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلغۇدەك مۇۋەپپىيەتلەر كىشلەرنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى. شۇ جەرياندا تېخنىكا تېخنىكىنى، بايلىق بايلىقنى، ئېھتىياج ئېھتىياجنى تۇغدى. ئىلگىرى ئىنسانلار ئۆزىنى تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايتتى، ھازىر ئۆزىنى تەبىئەتنىڭ خوجايىنى دەپ قارايدىغان بولدى. بۇ قىقاس-سۈرەنگە تولغان ئىلگىرلەش ئىچىدە ئىنسانلار ئاستا-ئاستا ئەمەلىي، ماددىي ئۈنۈم ئەكىلەلمىگەن ھەر قانداق بىر نەرسىگە ئۇمۇمىيۈزلۈك سەل قاراشقا باشلىدى. خۇددى «قۇرئان كەرىم» دە ئېيتىلغاندەك: «ئىنسان ئۆزىگە ياخشىلىق تىلەشتىن زېرىكمەيدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا كۆلپەت يېتىپ قالسا (ئاللانىڭ رەھمىتىدىن)، تولىمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا كۆلپەتتىنى كېيىن رەھمىتىمىزنى تېتىتساق، ئۇ چوقۇم (بۇ ئۆزەمنىڭ سەئيي-ئىجتىھاتىدىن كەلگەن ...) دەيدۇ. ئىنسانغا نېمەت ئاتا قىلساق، يۈز ئۆرۈيدۇ، ھاكاۋۇرلىشىپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا يامانلىق يەتسە ئۈزلۈكسىز دۇئا قىلىدۇ» (سۈرە نۇسسىلەت 49-50-51- ئايەتلەر).

بۈرۈن مەسىلىلەر ئاچلىقتىن كېلىپ چىققان بولسا ھازىر توقلۇقتىن چىقىشقا باشلىدى. روھىي قىممەت، ئەخلاق پەزىلەت-پەزىلەتلەر ئىقتىدار، قابىلىيەت دائىرىسىدىن سانالمىغاچقا، ئۇ ئىنسانلارغا بىۋاستە نەپ

ئەكىلەلمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار بۆگۈنكىدەك بازارلاشقان دۇنيادا ئۇلارنى ئۆزگە ئارتۇقچە ساناپ، تەرك ئېتىشكە باشلىدى. ئەگەر ئىنسانلار ئادەم ئەخلاقى مۇھتاج ئەمەس دېگەنگە ئاساس تاپماقچى بولسا، ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئادەملىكىنى ئىنكار قىلىشى كېرەك. ئادەم ئادەملىك سالاھىيىتىنى، مەنىسىنى يوقاتمايدىكەن، ئەخلاقمۇ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى مەڭگۈ يوقاتمايدۇ. ئەخلاقنىڭ مەڭگۈ ۋاقتى ئۆتمەيدۇ. ھازىرقى ئەخلاقلىق دەپ قارالغان كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىمۇ ھەقىقىي ئىنسانىيلىقتىن كەلگەن تەبىئىي ئەخلاق بولماستىن, بەلكى ئەخلاقلىق بولۇش زۆرۈر بوپقالغاچقا، شەكىللەندۈرۈۋالغان سۈنئىي ئەخلاق ئىدى.

كىشىلىك ھوقۇق، ئەركىنلىك، دېموكراتىيىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرغىپ قىلىنىشى، باشقىلارغا ئېنىق بولمىغان بارلىق ئىشلارنى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىشلارغا ئايلاندۇردى. ئەخلاقىي پىرىنسىپلار ئوچۇق-ئاشكارە ئىنكار قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ نوپۇزى ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكىدىن كۆپ تۆۋەنلەپ كەتتى.

ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىلا ئەخلاققا ئۇيغۇنمۇ؟ يا بۇ ئەقىل قايسى خىل ئەقىل؟

ماھىيەتتە بۇ كىشىلەرنىڭ قىممەت قاراش، گۈزەللىك قارىشىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. شەيئىلەرنىڭ قانداق كۆرۈنۈشى ئۇنىڭ شەكىلگىلا باغلىق بولماستىن، ئەڭ مۇھىمى ئۇنى كۆزىتىشتە قوللانغان ئۇسۇلغا باغلىق. بىز ئوخشاش شەيئىينى ئوخشىمىغان بىر قانچە نوقتىدىن كۆزەتسەك، ئۇمۇ بىر قانچە خىل شەكىلدە كۆرۈنىدۇ. كىشىلەرنىڭ گۈزەللىك، رەزىللىككە تۇتقان پوزىتسىيىسىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئامېرىكىلىقلارمۇ پرېزىدېنت كلىنتوننىڭ جىنسىي سەتچىلىكىنى ئەيۇ قىلدى. بۇ، ئامېرىكا خەلقىنىڭ گۈزەللىكنى مەنپەئەت ئۆچۈن قانداق قۇربان قىلالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. يېقىندا پارىژ خەلقى ئۆزگە ئۆزىنىڭ بەچچىۋاز ئىكەنلىكىنى ئېنىق جاكارلىغانبىرىنى شەھەر باشلىقى قىلىپ سايلىدى. بۇ ئۇلارنىڭ گۈزەللىك، رەزىللىككە ھۆكۈم قىلىشتا، ئۆزلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ئامېرىكىچە، فىرانسۇزچە كۆزى بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

خەلق تاللىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى توغرا, دەپ قارالدى. بۆگۈنكى كىشىلەر دەل ئۆزلىرىنىڭ نەپسىنى قاندۇرالايدىغان («نەپسىنىڭ بىخىللىقىدىن ساقلانغۇچىلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر» «قۇرئان كەرىم» دىن) ئۆزگە راھەت، لەززەت ئەكىلەلەيدىغان بارلىق ئىشلارنى ئۆزىنىڭ ئىستېمال بۇيۇمى سۈپىتىدە تاللىۋالدى. جىنسىي راھەت بولسا، ئىنسانلار تاللىۋالغان ئەڭ ئەجەللىك

راھەت بولدى. بۇنى قاندۇرۇش بۇگۈنكى دەۋردە ئومۇميۈزلۈك ھالدا شەخسنىڭ ئەركىنلىكى دائىرىسىدىكى ئىش، دەپ قارالدى. ئەنئەنىۋى نىكاھ، ئائىلە تۈزۈلمىسى ئاجىزلىششقا يۈزلەندى. ھەتتا بەزى يەرلەردە ئائىلە ھېچقانچە مۇھىم دەپقارالمايدىغان، كىشىلەر ئائىلىنى ئۆزىگە تۈرمە، دەپ قارايدىغان بولدى.

كىشىلەرنى زەھەرلىك چېكىملىكنى ئىنساننىڭ تېنىگە زىيانلىق بولغاچقا، كىشىلىك ھاياتقا تەھدىت ئەكەلگەچكە چەكلىدى. ناۋادا ئىنسانلار ئۆز روھىنىڭ ساغلاملىقىنى تېنىنىڭ سالامەتلىكىنى قوغدىغاندەك قوغدىغان بولسا، ئىنسانلار بۈگۈنكىدەك مىسلىسىز روھىي كرىزىسكە دۇچار بولماس ئىدى. مەنىۋى بوزۇلۇش ئادەمنىڭ ھاياتىغا بىۋاستە تەھدىت ئەكەلمىگەچكە، كىشىلەر ئۇنىڭغا سالامەتلىكىگە ئەھمىيەت بەرگەندەك ئەھمىيەت بەرمىدى. ئادەملەر زەھەر ئەتكەسچىلىرىنى قولغا ئالدى، جازالىدى، مېنىڭچە روھنى بۇلغىغان مەنىۋى زەھەر تارقاتقۇچىلارنىمۇ ئوخشاشلا جازالاش كېرەك.

شۇنى قىستۇرۇشقا توغرا كېلىدۇكى، بىر جەمىيەتتە ئوغرىلىق، بۇزۇقچىلىق، قاتىللىق دېگەندەك جىنايەتلەر گاھى-گاھىدا يۈز بېرىپ تۇرسا،بۇ نۇرمال ھادىسە ھېساپلىنىدۇ، لېكىن ھەممىسە يۈز بەرسە بۇ نۇرماللىق بولماي، ئاللىقاچان بىر ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئايلىنىپ قالغان بولىدۇ، شۇنىڭدەك جىنسىي بۇزۇقچىلىق جەمئىيەتلىشىپ كەتكەندە،بۇنى ساقلانغىلى بولمايدىغان نۇرمال ھادىسە، دەپ قاراش ئەخمەقانىلىق بولىدۇ. مېنىڭ ئەڭ ئەنسىرەيدىغىنىم، بۇ خىل ئەخلاقسىزلىقنىڭ يۈز بېرىپتۇرۇشى ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ بۇ ئىشلارنى نۇرمال ھادىسە سۈپىتىدە «توغرا» چۈشىنىپ، ئەيىپ قىلىشى، ناۋادا كېيىن ھەقىقەتەن شۇنداق بوپكەتسە، بەلكىم ئاۋۋال مەن ئىنسانلار جەمئىيىتىنى تەرك ئېتەرمەن.

مەن يۇقىرىقىدەك ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك، بۇزۇقچىلىقلارنى مەسىلىنىڭ ئۆزى, دەپ قارىمايمەن. ئۇ بۈگۈنكى كۈندە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئارقىسىدا شەكىللەنگەن، ئىنسانلارنىڭ مىسلىسىز دەرىجىدە قورغاقلىشىپ قاغجىراپ كەتكەن روھىيەت ئېتىزلىقىدىن ئۈنۈپ چىققان شۇمبۇيىلارنىڭ بىر نەچچە تۈپىدۇر.

بۇ ئەسىردە ئەڭ كۆپ نەرسىمۇ ئادەم، ئەڭ ئاز نەرسىمۇ ئادەم بولدى. بۇ ئەسىردە جاھان ئىمپىراتۇرى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنگە ماگا چۈشىۋاتقان قۇياش نۇرىنى تۇسۇۋالدىڭ، دېيەلىگەن ھېلىقى كىشىدەك روھى بار ئادەملەرنى تاپقىلى

بولمايدۇ. بۇنداق كىشىلەر قەۋەتلىك بىنالارنىڭ رەتلىك ئىشخانىلىرىدىن، دۆۋە-دۆۋە كىتاب-ماتېرىياللار ئارىسىدىن، قاتۇرۇپ كىيىنىپ، قۇرساقلىرىنى ساڭگىلىتىۋالغان ئىپىسلزادىلەر ئارىسىدىن، قىلالمىغان، قىلىشقا پېتىنالمىغان ئىشلىرىنى پەلسەپىۋى تىللار بىلەن چۈشەندۈرۈشكە ماھىر كىشىلەر ئارىسىدىن تېپىلمايدۇ. ھازىرقى زامان ئىنسانلىرى شۇنچە ھاكاۋۇرلىشىپ كەتتىكى، ئۇلار تارىختا ئۆتكەن ئاد، سەمۇد قەۋملىرىدىن بەس تالىشالايدۇ. بۈگۈن ئىخلاس، ساداقەتمەنلىك يوقالدى. بۇ بىر خۇدانى ئۇنتۇلغان، ئىنسانلار ئۆزىنى خۇدا قىلىۋالغان بىر دەۋربولدى. نەپس ئېتىقادتىن غالىپ كەلدى.

ئېرىخ فروم نېتزىيىنىڭ 20- ئەسىردە :«ئادەملەر ئۆلدى» دېدى. ئۇ، ئىنسانلار ئۆزىنىڭ بۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىتالىيىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشىدەك بىر مىسلىسىز ئاقارتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. گەرچە بۇ گەپ 1979 - يىلى دېيىلگەن بولمىسمۇ، لېكىن بۇنىڭ رېئاللىقتىكى ئالامەتلىرىنى كۆرگىنىمىز يوق.

يەر شارى خاراتېرلىك بۇ روھىي قورغاقچىلىق، ئېتىقادى ئەزەلدىن سۈيۈق بۇ مىللەتكە تەسىركۆرسەتمەي قالمىدى. بۈگۈنكى كۈندە ھېچبىر ئۇيغۇر ئاتا-ئانا ۋە ئۆزىنىڭ قىز ئوغۇللىرىدىن خاتىرجەم ئەمەس. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مۇھەببەت بۇزۇقچىلىقىنىڭ دەسمايىسىگە ئايلاندى. ئېپەت قىزلار گۆھەرلىك سالاھىيىتىنى بارا-بارا يوقتۇشقا باشلىدى. يىگىتلەرمۇ بۇنىڭغا خۇددى كىچىكىمىزدە پاسكىنا سۆزى:«كۆزەم كۆرمىدى، قولۇم ئىشتىمدى» دەپ ئىچكەندەك مۇئامىلەقىلىشقا يۈزلەندى. قىزلىق پەردە ئوپېراتسىيىسىنىڭ بازارلىشىشى، پارتىلىماي قالغان يانار تاغنىڭ پىلىكىگە ئوت يېقىۋەتكەندەك بىر ئىشبولدى. ياشلىرىمىز تۇرمۇزى بوزۇلۇپ كەتكەن ماشىنىغا ئوخشاشبولۇپ قالدى. ئىلگىرى كوچا-كويلاردا، كىشىلەر كۆرۈپ قالىدىغان ئوچۇقچىلىقتا ئىتلار جۈپلىشىپ قالسا، كىشىلەر تاش ئېتىپ قوغلىۋېتەتتى، ھازىر ئىتلارمۇ خىجىل بولۇپ خالىي جايلارغا كېتىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئەمدىلىكتە ئادىمىي ئىتلار ئالدى. ئەرلەر ئايالىرى باشقىلار بىلەن تانسا ئوينىسا ئۇنى كۆڭلەش قالاقلىق، مەدەنىيەتسىزلىك دەپ قارايدىغان، ئاياللارمۇ ئەرلىرىنى توغرا چۈشىنىدىغان بولدى. ئەجىبا، ئۇلار بۇزۇقچىلىقنىڭ مانا مۇشۇنداق ئاددى ئىشلاردىن باشلىنىدىغانلىقىنى بىلمەي قالارمۇ؟

جىنسىيەت ھازىرقى «مەدەنىيەتلىك» جەمئىيەت تەرىپىدىن ئاشكارا تېما

قاتارىدا قوبۇل قىلىندى. جىنسىيەتكە ئالاقىدار مەسىلىلەرنىڭ يوشۇرۇشنىڭ ئىلمىيلىك ئەمەسلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. باشلانغۇچ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مۇھەببەتلىشىشى ھازىرقى كۈندە ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى قوزغىمايدۇ. بىز بولساق بۇنى ئوقۇغۇچىلارغا جىنسىي ساۋاتلارنى ئىلمىي چۈشەندۈرمىگەنلىكتىن، دەپ قارىدۇق. ئوقۇغۇچىلارغا بۇنى چۈشەندۈرۈۋاتقاندا، ئوقۇغۇچىلار بۇنى بىلىم دەپ قوبۇل قىلارمۇ ياكى ھەۋەسلىنىپ ئاڭلاپ ئولتۇرارمۇ؟ (تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە گىگىنا دەرسىدە كۆپىيىش سىستېمىسىنى ئۆتكەندە قانداق ھېسسىياتتا بولغانلىقىڭىزنى ئويلاپ كۆرسىڭىز بولىدۇ). نومۇسلىق جايلارنىڭ يۆگىلىشىنىڭ ئۆزىلا بۇ تېمىنىڭ يۆگىلىشى كېرەكلىكىنى بەلگىلىگەن. ئېيتىلىشىچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ ئاياللارغا ئايرىم كۈندە، ئايرىم جايدا نەسىھەت قىلىدىكەن. ھەم ئاياللارمۇ سوئاللىرىنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئايالى ئائىشە ئارقىلىق سورايدىكەن.

ناۋادا ئېتىقاد يوقالسا، ئەخلاق يوقايدۇ، ئەخلاق يوقالغاندا، قانۇننىڭمۇ رولى قالمايدۇ. «قۇرئان كەرىم» دە ئېيتىلىشىچە، ئەخلاقنى يوقاتقان لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىمۇ ئومۇميۈزلۈك بەچچىۋاز بوپكەتكەچكە، ئاگاھلاندۇرۇشقا قۇلاق سالماي ئاخىرى شەھىرى دۈم كۆمتۈرۈلۈپ ھالاك بوپتىكەن.

ھازىر قىز-يىگىتلەر بىر-بىرىنى تاللىغاندا تاشقى قىياپەتكە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىپ، مەنىۋى قىياپەت بىلەن ئانچە ھېساپلىشىپ ئولتۇرمايدىغان بولدى. ئاتا-ئانىلارمۇ كۈيئوغۇل، كېلىننى ئابروي، پۇل، ھوقۇق نۇقتىسىدىن بەكرەك تاللايدىغان بولدى. (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دىيانەتلىكنى تاللاڭلار دېگەنىدى). ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنتكە بولغان تەلىپىمۇ دەرس نەتىجىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىپ، ئەخلاق تەلىپى تولمۇتۆۋەنلەپ كەتتى. ئاتا-ئانىسىنى «سىز، سىلى» دەپ ئاتايدىغان باللار قالمىغىلى تۇردى.

ھازىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىن بەختلىك دەپ كەتكىلى بولمىسىمۇ، خاتىرجەم ئائىلە تېپىش ئاسان ئەمەس. ئاياللار ئەرلىرىنىڭ ئۆزگە كۆيۈنمىگەنلىكىدىن، تەلەپ ئېھتىياجىنى پەرمانبەردارلىق بىلەن ئورۇندىمىغىنىدىن ...، ئەرلەر ئاياللىرىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى خۇش دەپ ئاڭلىمىغىنىدىن، بۇرنىدىن يىتلىمەكچى بولغانلىقىدىن، پارچە-پۇرات ئىشلارغا تولا پۇل بوزىدىغانلىقىدىن، ئۆزىنىڭ ئىشلىرىغا تولا ئارىلىشىۋالغانلىقىدىن .... قاقشايدۇ. ئەرلەر لايىقىدا ئەر، دادا بولۇپ بولالماي، ئاياللار خوتۇن، ئانا بولۇپ

بولالماي تۇرمۇشتىن رەنجىپ يۈرۈشمەكتە. تۇرمۇش ۋە مۇھەببەتتىكى كىچىككىنە ئوڭۇشسىزلىقلارمۇ بەزى ئادەملىرىمىزنىڭ روھىنى بەربات قىلىۋېتەلەيدۇ. بۇ، روھىمىزنىڭ قانچىلىك ئەرزىمەس ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەرلەر دۆلەتنىڭ غېمىنى يەيدىغانلاردىن ئىكەنمىش. ھازىر ئائىلە غېمى ئەڭ ئۇلۇغ ۋەزىپىگە ئايلانغان. ھازىر كىشىلەرنىڭ ئىقتىدارى ئائىلە ماجرالىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئىپادىلەنمەكتە. يىگىت دېگەن سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا جەڭچى دېگەننى بىلدۈرەتتىكەن، ھازىرقى يىگىتلەرنىڭ ئىقتىدارى مۇھەببەتلىشىشتە ئىپادىلىنىۋاتىدۇ. ئائىلە تاپا-تەنە، رەنجىش، كايىشلار بىلەن تولغان. ئائىلىنىڭ خاتىرجەملىك، مۇھەببەت بۇلىقىغا ئايلانماي، ئۇرۇش-جېدەلنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلىنىپ قېلىشى، ئەر-ئايالنىڭ بىر-بىرىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمەسلىكى ئۇلارنى تالادىن سۇ ئىچىدىغان يەر تېپىشقا مەجبۇر قىلغان... ئاقىۋەتتە نىمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى سىزمۇ تەسەۋۋۇر قىلالايسىز. بۈگۈنكى دەۋر ئەقىلنىڭ مۇۋاپپەقىيىتى. لېكىن ئەقىلنىڭ مۇپپەقىيىتى ھەرگىزمۇ روھنىڭ مۇۋاپپەقىيىتىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. ئادىل يىلدىرىمنىڭ «غەلىتە ئۆزگىرىش» دېگەن بۇ ھېكايىسى گەرچە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى رېئاللىقنى پۈتۈنلەي ئەينەن ئەكس ئەتتۈرمىسىمۇ، روشەن بىر يۈزلىنىشنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھېكايىدىكى پاجىئەلەر ئاۋۋال روھ ئاينىغاندىن كېيىنكى تەننىڭ ئاينىشىدۇر.

مېنىڭ نەزىرىمدە بىر مۇكەممەل جەمئىيەت جىنايەتتىن پۈتۈنلەي خالىي جەمئىيەت ئەمەس (ئەملىيەتتە بۇنداق جەمئىيەت مەۋجۇد ئەمەس). بەلكى جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ۋاقتىدا ھەقىقىي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى توختىتىپ قويمىغان جەمئىيەتتۇر. ئادەمنىڭ مۇكەممەللىك ئۆلچىمىنى جەمئىيەتكە تەققاسلاشقا بولىدۇ. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ دېپلوم، ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇپ ماگىستىرلىق، دوكتۇرلۇق ئۇنۋانى ئالغىلى، بىر نەچچە يىل ئىشلەپ دوتسېنت ، پروفېسسور بولغىلى بولىدۇ.لېكىن ھەقىقىي ئادىمىيلىكنى دېپلوم، ئۇنۋان ئالغاندەك ئالغىلى بولمايدۇ. جەمئىيەتمۇ بىرەر قېتىملىق ئىسلاھات بىلەنلا بولدى قىلسا بولمايدۇ، چوقۇم ئىزچىللىقنى ساقلىشى كېرەك، «ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاز بولسىمۇ، ئۈزۈلۈپ قالمىغان ئەمەلدۇر» .«ھەدىس» تىن).

تارىختىن بۇيان ھەققانىيەت، ئەخلاق دەۋەتلىرى پەيلاسوپ-مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئاغزىدىن بالدۇر چىققان بولسىمۇ، بۇلارنى ھەل قىلىدىغان

ھۆكۈمـــدارلارنىڭ پەرۋايـــى ھەمىشـــە پەلەك بـــوپ كەلـــدى. ھاكىمىيەتنىـــڭ بىخەتەرلىكىـگە تەھـدىت، ئىقتىسـادقا زىيـان ئەكەلمەيـدىغان ئىشـلانىڭ ھامـان كۆنتەرتىپىنىڭ ئاخىرىسىغا تىزدى. بۇنىڭغا نـۆۋەت كېلىـپ بـولغىچە يەنە يېڭـى- يېڭى باش ئاغرىتىدىغان ئىشلار چىقىپ، بۇنىڭغا قاراشقا ھەقىقەتەن «چۇلىسى» تېگىپ بولالماي قالىدى.

ئىلگىـرى كىشـىلەر ئـاچلىقتىن بىـر-بىرىنـى يېگەنـىدى. ھـازىر بولسـا توقلىقتىن يەۋاتىدۇ. لوشۈن ئەپەنـدى: "بـالىلارنى قوتقـۇزۇۋېلىڭلار!» دەپ نـىدا قىلغانىدى، لېكىن مەن ئاۋۋال ئۆزەڭلارنى قوتقۇزۇۋېلىڭلار، دەپ نىدا قىلىمەن. چۈنكى ئـۆزى ئـوت ئىچىـدىكى ئـادەم قانـداقمۇ يەنە ئـوت ئىچىـدىكى ئـادەمنى قۇتقۇزالىسۇن؟!

2001-يىلى 14-ئاپرېل

# ھايات ساۋاقلىرى ئائىلە ۋە ئائىلە كرىزىسى

ئابدۇرېھىم دۆلەت

ئېيتىلىشىچە، تەڭرىتائالا ئاۋۋال ئادەمنى لايدىن، ئاندىن ھەۋۋا ئانىمىز (يەنى ئايال)نى ئادەمئاتىمىزنىڭ قوۋۇرغىسىدىن ياراتقانىكەن. دېمەك، ئەر بىلەن ئايال ئاۋۋال ئەسلى ئوخشاش بىر مەنبەدىن كەلگەن، يارىلىشىدىلا يىلتىزى، قۇرۇلمىسى بىر ئىكەن. ئۇلار جەننەتتە بەختلىك ياشاپ يۈرگەن كۈنلەردە ئىبلىس (ئۇنىڭغا چەكسىز لەنەتلەر بولسۇن) ئۇلارنى خۇدا قىلىشتىن توسقان بىر ئىشقا قىزىقتۇرۇپتۇ. ئۇلارغا تەكرار-تەكرار ۋەدىلەر قىپتۇ، قەسەملەر ئىچىپتۇ، ۋەدىلەرگە ئادەم ئىرىمەپتۇ، ھەۋۋا ئويلىنىپ قاپتۇ ۋە ئادەمگە مەيلىمۇ-يە؟ دېگەن نەزەردە بېقىپتۇ. بۇنىڭدىن ئادەم سەل تۇرۇپ قاپتۇ. ئاھ، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن قۇتۇلغان ئادەم ھەۋۋانىڭ ۋەسۋەسىسىدىن قۇتۇلالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قارا كۈنلەر باشلىنىپتۇ. ئۇلار ئۆتكۈزگەن جىنايىتى ئۈچۈن جەننەتتىن قوغلىنىپ، زېمىنغا چۈشۈرۈلۈپتۇ. ئەمما مېھرىبان خۇدا ئۇلارغا ئۆتكۈزگەن جىنايىتىگە قانداق كەچۈرۈم سوراشنى ئۆگىتىپ قويۇپتۇ. خۇدايىتائالا يەنىلا بەندىلىرىنى ئۇنداقلا تاشلىۋەتمەپتۇ.

ئادەم بىلەن ھەۋۋا زېمىننىڭ باشقا-باشقا جايلىرىغا چۈشۈپتۇ. ئادەم ھەۋۋادىن سەل رەنجىپتۇ. ھەيي، سەن دېمىگەن بولساڭ يېمەيتتۇق ئەمەسمۇ؟ سېنىڭ كەينىڭگە كىرمىسەم بوپتىكەن دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئادەم ئۇنچىۋالا ئالدىراقسان ئەمەس ئىكەن، ئۇ ئۆزىدىنمۇ ئەستايىدىل، ھەققانىي ھېساب ئېلىشنى بىلىدىكەن. بۇنىڭ ئۆزىنىڭ بىخۇدلۇقى، ئىرادىسىزلىكى تۈپەيلىدىن بوپقالغانلىقىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماپتۇ.

دېمەك، ئادەم ھەۋۋاغا ئاداۋەت ساقلىماپتۇ. ئۇنى مېنىڭ دۈشمىنىمكەن دەپمۇ قارىماپتۇ، ھەۋۋانىڭ قىلغانلىرى ئادەمنىڭ ئۇنى ئۆچ كۆرۈشىگە سەۋەب بولالماپتۇ. مۇھەببەت ئاداۋەتتىن غالىب كەپتۇ. مۇھەببەت بىلەن ئەپۇ شۇچاغلاردىلا چەمبەرچەس باغلانغانىكەن (ئەپۇ يوق مۇھەببەت بولمايدۇ).

نۇرغۇن ئىنسان باللىرى مۇشۇ جەھەتتە ئادەم ئاتىسىنى دورىيالماي، باش - ئايىغى يوق دەرد ئىچىدىلا يۈرىدىكەن. مۇشۇ چاغدا ياراتقۇچىنىڭ ئىنسانىنىلا ئەمەس، ئىنسانىنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئۇلىغان مۇھەببەتنى ياراتقىنىغىمۇ كۆپلەپ ھەمدۇسانا ئېيتىش كېرەك.

كىشىنى ئۆز بەختىدىن مەھرۇم قىلغان ئادەمنى كەچۈرمەك، ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى ئۇنتۇپ كەتمەك ئاسانمۇ؟ ئۇنىڭغا ئەيۇ نەزىرىدە قايتا بىر مۇھەببەت بىلەن ب ئاقم ئاق ئ ئوڭايم ئۇ؟ ھازىر ك ئى م ش ئۇن داق قىلالايدۇ؟! ئادەم شۇنداق قىپتۇ. ئۇ، شۇ چاغدا ئاجايىپ بىر ئىشنى قىلغانىدى، شۇنىڭ خاسىيىتىدىن مانا بىز مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇۋېتىمىز.

ئادەم ھەۋۋانى ئىزدەپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بىرنەرسىسى كەمدەك ھېس قىپتۇ. دېمىسىمۇ ئادەم چالا پۈتكەن قۇرۇلۇشتەك بوپقالغانىدى. چۈنكى ئۇنىڭ بىر قوۋۇرغىسى يوق، ئۇ شۇنىڭغا موھتاج ئىدى، ئۇنىڭسىز پۈتۈن بولالمايتتى. دېمەك ئىككىسى بىرلەشكەن قوشۇلغاندىلا ئۇلار پۈتۈن بولاتتى، بىر-بىرىسىز ئۇلار مەڭگۈ چالا،مەڭگۈ كەمتۈك بوپقالاتتى. ئىلاھىي مۇھەببەت ئۇلارنىڭ قان-قېنى، نېرۋا-ھۈجەيرىلىرىگە قەدەر سىڭدۈرۈۋېتىلگەنىدىكى، جاھان شۇنىڭ بىلەن بىلەن تاھازىرغىچە ئۆرە بولالىدى.

ئۇلار ئاخىرى تېپىشتى ھەم تېپىشاتتى. زېمىندا تۇنجى ئائىلە، بىر جۈپ ئاپىرىدە بولدى.

شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئەر ئايالدىن، ئايال ئەردىن ئايرىلالمىدى، ھەم ئايرىلالمايتتى. چۈنكى ئۇلارمۇ ئادەم بىلەن ھەۋۋانىڭ باللىرى ئەمەسمۇ؟ ئۇزاق ھاياتلىق مۇساپىسىدە ئەرلەر ئاياللارنى، ئاياللار ئەرلەرنى تېخىمۇ چۈشىنىشتى. بىر-بىرى ھەققىدە ھەر-ھەر يەكۈن، خۇلاسىلەرگە كېلىشتى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بىر-بىرىنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىشمىدى. ئەرلەر ئاياللاردىن، ئاياللار ئەرلەردىن قاقشايتتى. ھېچبىر ئەر ئايالدىن، ھېچبىر ئايال ئېرىدىن رازى ئەمەستەك ئىدى. بىر-بىرىنىڭ ياخشى گېپىدىن غەيۋەت-شىكايىتى كۆپ ئىدى (ئىنسانىنى نېمە رازى قىلالىغان؟!) نۇرغۇن ئەرلەر: ئىست، ئايال زاتى بىلەن ئۆتكەن ئۆمرۈم، دەپ ھەسرەتلەنسە،نۇرغۇن ئاياللار: ئىست، شۇنداق ئەرگە بەرگەن كۆڭلۈم دەپ ئازابلىنىپ كېتىپ قېلىشتى، دوست-ياران، بالا-چاقىلىرىغا بۇ ھەقتە نۇرغۇن پەندى-نەسىھەتلەرنى قالدۇرۇشتى.

ئىشقىلىپ، بىر-بىرى ھەققىدە قانچىلىك يامان گەپلەرنى قىلىشمىسۇن،

مەيلى ئۇلار بىر-بىرىدىن چەكسىز نەپرەتلەنمىسۇن، ساقا قارايدىغان كۆزۈم، سۆزلەيدىغان سۆزۈم يوق دەپ ۋەدە-قەسەملەرنى بېرىشسۇن، بىر-بىرىگە قىلغان ئەقىدىلىرىدىن زار-زار يىغلاپ، پۇشايمان، نادامەت پۈتۈشسۇن، ئەمما پاكىت شۇكى، ئۇلار ھازىرغىچە بىر-بىرىدىن ئايرىلماي، ئايرىلالماي ياشىدى. ئەرلەردىن قاقشايدىغانلارمۇ ئەرسىز ياشىمىدى. ئايالغا ئىشەنمەيدىغان، ئۇلاردىن نەپرەتلىنىدىغانلارمۇ خوتۇنسىز ياشىمىدى، قىزلىرىنى ئەرگە بەرمەي، ئوغۇللىرىنى ئۆيلىمەي قالمىدى. ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئەشۇ يارالمىش قانۇنىيەتكە تەسلىم بولماي ئامالى بولمىدى.

تۆۋەندە، ئائىلىنىڭ فۇنكسىيىسى(خىزمىتى) ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز. جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيىلىرىدە ئائىلىنىڭ تۆۋەندىكىدەك فونكسىيىلىرىنى سۆزلەيدۇ: 1. بىئولوگىيىلىك فۇنكسىيىسى: بۇ، جىسمانىي تەلەپنى قاندۇرۇش، تۇغۇش، بالا بېقىش، ياشانغانلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش دېگەنلەرنى كۆرسىتىدۇ. 2. پسىخولوگىيىلىك فۇنكسىيە: تەسەللىي بېرىش، خاتىرجەملىك، بىخەتەرلىك ئېھتىياجى، مۇھەببەت ئېھتىياجى دېگەنلەرنى كۆرستىدۇ. 3. ئىقتىسادىي فۇنكسىيە: بۇ، ماددىي ئىشلەپچىقىرىش، تەقسىملەش، ئالماشتۇرۇش، ئىستېمال قىلىش دېگەنلەرنى؛ 4.سىياسىي فۇنكسىيە: ئائىلىنىڭ بىر كىچىك ھۆكۈمەت ئىكەنلىكى ۋە ئەزالارنىڭ ھوقۇقى مەسىلىسى؛ 5.مائارىپ فۇنكسىيىسى: يەنى بالىلارنىڭ تەربىيىلىنىشى، ئىجتىمائىيلىشىشى، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بىر-بىرىنى يېتەكلىشىنى؛ 6. كۆڭۈل ئېچىش فۇنكسىيىسى: بالىلارنىڭ ئويۇنلىرى، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى؛ 7. مەدەنىيەت فۇنكسىيىسى: بۇ، ئىجتىمائىي ئۆرپ-ئادەت، دىن، ئەنئەنىنى تارقىتىش، ئۆگىتىش فۇنكسىيىسىنى كۆرستىدۇ. تۆۋەندە مەن پەقەت ئائىلىنىڭ تەربىيە فۇنكسىيىسى ھەققىدىلا توختىلىپ ئۆتىمەن: ھەممىگە مەلۇمكى، ئائىلە ئادەملەرنىڭ تۇنجى مەكتىپى، ئادەمگە يېزىلىدىغان تۇنجى خەت ئائىلىدە يېزىلىدۇ. ئادەممۇ تۇنجى سۆزنى ئائىلىدە قىلىدۇ، تۇنجى كۈلكىنى ئائىلىدە كۈلىدۇ، تۇنجى يىغىسىنىمۇ ئائىلىدە يىغلايدۇ. مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئائىلە ئادەملەرنىڭ تۇنجى مەكتىپىلا بوپقالماستىن، يەنە مەڭگۈلۈك مەكتىپى، ئوقۇپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان مەكتەپتۇر. ئائىلە تەربىيىسىنىڭ مەكتەپ تەربىيىسى (مائارىپ)گە ئوخشىمايدىغان تەرىپى شۇكى، مەكتەپ ئادەمگە بىلىم-ماھارەت، ئىقتىدار ئۆگەتسە، ئائىلە ئادەمگە كىشىلىك پەزىلەت، ئەخلاق،

ئادەم بولۇش قائىدە يوللىرىنى ئۆگىتىدۇ. ئادەمگە نىسبەتەن بۇ ئىككىسىدىن ھېچقايسىسى كەم بولسا بولمايدۇ. مەكتەپ تەربىيىسىنى ئائىلىدە ئېلىپ بېرىش مۇمكىن، ئەمما ئائىلە تەربىيىسىنى پەقەت ۋە پەقەت ئائىلىدىلا ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. ئائىلە تەربىيىسى مۇتلەق رەۋىشتە غەرەزسىز، تەبىئىيلا ئېلىپ بېرىلىدىغان، كونكرېت قەدەم - باسقۇچ، دەرسلىكلەر، پىلان-پروگراممىلار يوق بولغان بىرخىل ئىستىخىيىلىك تەربىيە جەريانى. بۇخىل تەربىيىنىڭ ئىشقا ئېشىش جەريانى مەلۇم بىر نەرسىنى ئىگىلەش، ئۆگىنىش جەريانى بولماستىن، سىڭىشىش، تەبىئىي ئۆزلىشىش جەريانى بولىدۇ. شۇڭا بۇنىڭ تەسىرى خۇددى ئىرسىي ئالاھىدىلىكلەردەك مەڭگۈلۈك بولىدۇ. ئاتا-ئانىنىڭ ئائىلىدىكى گەپ-سۆزى، ئىش-ھەرىكەتلىرى، قولۇم-قوشنىلار، ئۇرۇق-تۇغقانلار بىلەن بولغان بېرىپ-كېلىش ئالاقىلىرى... قىسقىسى، ئائىلىدىكى ھەربىر ئىش دەل ئائىلە تەربىيىسىدىكى دەرسلىك ھېسابلىنىدۇ. پەرزەنتلەر ئۆزلىرىمۇ ھېس قىلمىغان ھالدا مۇشۇ ئىش-ھەرىكەتلەردىن تەبىر قوبۇل قىلىدۇ، ئۆرنەك ئالىدۇ. جەمئىيەتتە ئاتا-ئانىلىرى جېدەلخور بەزى ئائىلىلەرنىڭ دېگۈدەك ھەممە بالىسىنىڭ ئوخشاشلا ئاتا-ئانىسىدەك جېدەلخور ئىكەنلىكىنى كۆرۈمىز. ئاتا-ئانىلىرى ھەرگىزمۇ مەخسۇس باللىرىغا جېدەل قىلىشنى ئۆگەتمەيدۇ، پەقەت باللىرى ئاتا-ئانىلىرىدىن تەبىئىي يوسۇندا ئىستىخىيىلىك ئۆگىنىپ قالىدۇ، ئۇلارغا ئادەت خاراكتېرلىك سىڭىپ قالىدۇ. بۇخىل تەبىئىي سىڭىپ قالغان يامان ئادەتتىن قۇتۇلماق بەك تەس. بىر ئادەمنىڭ قانداق ئادەم بولۇپ تەربىيىلىنىشى ئائىلە، جەمئىيەت، مەكتەپتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ ئورتاق تەسىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بۇ ئۈچ تەرەپ تەربىيىسىدىكى ساقلىنىش تولىمۇ تەس بىر مەسىلە، تەربىيە بىردەكسىزلىكى مەسىلىسى.جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن مەسىلىلەر دەل مۇشۇ ئۈچ تەرەپ تەربىيىسىدىكى مۇۋازىنەتتە تەڭپۇڭسىزلىق كۆرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى. ئالايلۇق، ئائىلە باللارغا ئائىلە ئۈچۈن، ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئۈچۈن ياشاشنى ئۆگىتىدۇ، جەمئىيەت ئۇنىڭغا ئۆزى ئۈچۈن ياشاشنى ئۆگىتىدۇ، مەكتەپ بولسا دۆلەت ئۈچۈن ياشاشنى ئۆگىتىدۇ. تەربىيىدىكى بۇخىل بىردەكسىزلىك مۇقەررەر بالىغا ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاخىرىدا خۇددى بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدىكىدەك جەمئىيەت مەقسەتسىز ياشايدىغانلارغا توشۇپ كېتىدۇ. مەقسەتسىز ياشاش دەل ئىنسانلارنىڭ قايغۇ-ئەلەمنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى. ئەمدى بىز ئائىلىنىڭ تەربىيە فۇنكسىيىسىنىڭ مۇھىم

ئىككى تەركىبى بولغان مۇھەببەت فۇنكسىيىسى ۋە ئەخلاق فۇنكسىيىسى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز. مۇھەببەت فۇنكسىيىسىنى باشقىچە ئېيتقاندا، مۇھەببەت تەربىيىسى دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. پەرزەنتلەر بايلىققا ئېرىشەلمىسە، ئۇنى ئۆزى تاپالىشى مۇمكىن. بىلىمگە ئېرىشەلمىسە ئۇنىمۇ ئۆزى ئۆگىنىشى مۇمكىن. ئەمما كەم بوپقالسا ۋارىسلىق قىلىپ ئېرىشەلمىسە ئۆزى ئۆگىنىشى مۇمكىن ئەمەس نەرسە مۇھەببەت. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ئائىلىسىدە سۆيۈش-سۆيۈلۈش، كۆيۈنۈش كۆيۈنۈلۈش سەرگۈزەشتىسى بولمىسا، ئۇنداق كىشىلەرنىڭ كېيىن يوچۇن كىشىلەر بىلەن قىزغىن مۇھەببەتلىك كەيپىياتتا ياشيالىشى بەك قىيىن. ئائىلە ھېچقانداق بىر ئورگان ئورنىنى ئالالمايدىغان مۇھەببەت تەربىيىسى مەكتىپى. كىشى ھاياتلىقتا باشقىلارنى قەدىرلەش، سۆيۈش، باشقىلارغا غەمخورلۇق قىلىش، كۆيۈنۈشنى پەقەت ئائىلىدىن ئۆگىنىدۇ، ئائىلىدىن بۇخىل مۇھەببەتنىڭ ھەقىقىي تەمىنى تۇنجى بولۇپ ھېس قىلىدۇ. ئادەملەر ئارىسىدىكى ئىللىقلىقنىڭ، سۆيگۈنىڭ قانداق بولۇدىغانلىقىنى بىلىدۇ. مانا بۇلار كىشى ھاياتىدا باشتىن ئۆتكۈزمىسە بولمايدىغان بىرمۇھىم تەربىيە جەريانى. ئادەم ئاۋۋال دۇنياغا پەرزەنتلىك سالاھىيىتىدە تۇغۇلىدۇ. دېمەك ئۇ تۇنجى قېتىم بىر بالا پەرزەنت، كېيىن چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى بولىدۇ. ئۇ ھالدا ئۇنىڭغا بىر يېڭى سالاھىيەت قوشۇلىدۇ، ئۇ چاغدا ئادەم يا ئاكا، يا ئۇكا، يا ئاچا، ياسىڭىل بولىدۇ. كېيىن ئۇلار قورامىغا يەتكەندىن كېيىن توي قىلىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇلار ئەر ياكى خوتۇنلۇق سالاھىيىتىدە بولىدۇ. كېيىن پەرزەنتلىك بولۇپ ئاتا-ئانا بولىدۇ. قىسقىسى بۇ ئادەملەرنىڭ بىر-بىرلەپ ئۆزىدە ھازىرلايدىغان ئاساسلىق ئادىمىي سالاھىيىتى. مانا بۇ تۆت خىل جەرياندا ئادەم ئۇخشىمىغان روھىي دۇنيا، ئوخشىمىغان مېھىر-مۇھەببەت ئىچىدە ياشاپ، كىشىلىك دۇنيادىكى زورۇر پىسخىك پەزىلەت، مېھىر-مۇھەببەتنى يېتىلدۈرىدۇ. ئادەم تۇغۇلۇپ پەرزەنتلىك سالاھىيىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆزىگە بولغان چەكسىز كۆيۈنۈشى، مېھىر-مۇھەببىتى، غەمخورلۇقى ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىپ، شۇجەرياندا ئۆزىدىمۇ ئاتا-ئانىسىغا بولغان مۇھەببەت، ھۆرمەت، ۋاپادارلىق شەكىللىنىدۇ ھەم ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن ئاتا-ئانىسىغا بولغان تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىدۇ. بۇ جەرياندا ئادەم تۇنجى قېتىم مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى ھېس قىلىدۇ. مۇھەببەتنىڭ يادروسى قۇربان بېرىش ۋە ئەپۇ قىلىشتۇر. ئاتا-ئانىنىڭ پەرزەنتكە ، پەرزەنتنىڭ ئاتا-ئانىغا بولغان بۇخىل خالىس، مىننەتسىز مۇھەببەت جەريانى،

پەرزەنت قەلبىگە باشقىلارنى قانداق سۆيۈشنىڭ تۇنجى ئۇرۇقىنى تىكىدۇ. پەرزەنت سەل چوڭ بولۇپ قېرىنداشلىرى بولغاندىن كېيىن ئوخشىمايدىغان بىر مۇھەببەتنى ھېس قىلىدۇ. ئۇ، بۇجەرياندا تېخىمۇ پىشىپ يېتىلىدۇ، باشقىلار بىلەن قانداق چىقىشىپ ياشاشنى، بىر ـ بىرىنى قانداق ئەپۇ قىلىشنى، قانداق كۆيۈنۈشنى ئۆگىنىدۇ. چۈنكى قېرىنداشلىق مۇھەببىتى ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنت مۇھەببىتىگە ئوخشىمايدۇ، ئۇ تېخىمۇ كۆپ بەدەل،سەۋر تەلەپ قىلىدۇ. ئاتا ـ ئانىغا بولغان ۋاپادارلىق تەبىئىي مەجبۇرىيەت سۈپىتىدە بولسا، قېرىنداشلىق ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، ئادەم قېرىنداشلىقتا تەمەدىن، مىننەتتىن خالىي بولمىقى تەس. ئۈچىنچى باسقۇچتا، ئادەم يېڭى بىر ھەمراھ يەنى ئەر ياكى بىر ئايال بىلەن بىرگە ياشايدۇ، يەنى بىر ئائىلىدە تۇرىدۇ. مانا بۇ تېخىمۇ يۈكسەك دەرىجىدىكى ئالىيجانابلىق ۋە كەشىلىك پەزىلەت، مىننەتسىزلىكنى تەلەپ قىلىدۇ، مۇتلەق ساداقەت، سەممىيلىك بۇخىل مۇھەببەتنىڭ يىلتىزى بولىدۇ، ئەپۇ ۋە خالىس قۇربان بېرىش، بۇيىلتىزنى شاخلىتىدۇ، باراقسانلىتىدۇ. ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت خۇددى باغدەك پات ـ پات ئوتاشقا، قۇرت ـ قوڭغۇزلىرىنى تازىلاشقا، سۇغۇرۇپ، پەرۋىش قىلىپ تۇرۇشقا موھتاج. بولمىسا، بۇباغنى ياۋا ئوت ـ چۆپ، قۇرت ـ قوڭغۇزلار بېسىپ كېتىشى مۇمكىن. ئادەم بۇھالەتتە ئۆز سالاھىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىشى، ئائىلىدە ئۆز ئورنىنى ھەقىقىي ئېتىراپ قىلىشى بىر ـ بىرىنىڭ ئۆز ئارا نىمىدىن دېرەك بىرىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىشى، ئائىلە تىنچلىقى ۋە بەختىنىڭ ئاساسى بوپقالىدۇ. ئەر ـ ئايال مۇھەببىتى يۇقىرىقى ئىككى خىل مۇھەببەتكە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ. ئادەمنى بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن تېخىمۇ ساداقەتمەن، ئەپۇچان، كەڭ قورساق، مىننەتسىز، شەخسىيەتسىز بولۇشقا ئۈندەيدۇ. بۇ جەرياندا ئادەم پىسخىك جەھەتتە تېخىمۇ زور دەرىجىدە پىشىپ يېتىلىدۇ. يۇقىرىقى ئىككى خىل مۇھەببەت ئەر ـ خوتۇن مۇھەببىتىنىڭ خىمىرتۇرۇچى بوپقالىدۇ. تۆتىنچى باسقۇچتا، ئەر ـ خوتۇنلار پەرزەنتلىك بولۇپ، ئاتا ـ ئانىغا ئايلىنىدۇ. ئاتا ـ ئانىلىق سالاھىيەت ئەڭ پىشىپ يېتىلگەن پىسخىك ساپا تەلەپ قىلىدۇ. ئاتا ـ ئانىنىڭ پەرزەنتكە بولغان مۇھەببىتى يۇقىرىقى ھەرقانداق بىرخىل مۇھەببەتكە قارىغاندا ئەڭ ھەقىقىي، ئەڭ خالىس، ئەڭ سېخىي بولىدۇ. ئاتا ـ ئانا بۇچاغدا پۈتۈنلەي پەرزەنت ئۈچۈن ياشايدۇ، ئۆزىنى ئۇنتۇيدۇ، پەرزەنتىدىن ھېچنېمە تەلەپ قىلمايدۇ، مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا بۇ بىر مۆجىزە. قىسقىسى، يۇقىرىقىلار

ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى تۆت خىل ئاساسلىق مۇھەببەت. بۇلارنى تۇرمۇشتىكى ھەرقانداق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرگە قەدەر كېڭەيتىپ، تەدبىقلاپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. دېمەك، ئائىلىدە پەقەت ۋە پەقەت ئائىلىدىلا مۇشۇ خىل مۇھەببەتنى يېتىلدۈرگىلى، ئۇنىڭ تەمىنى تېتىغىلى، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس قالدۇرغىلى بولىدۇ. بۇتۆت خىل مۇناسىۋەتنى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىلتىزى، ئەندىزىسى، ئۆرنىكى، قېلىپى دەپ قاراشقا بولىدۇ. قېنى ئەمدى نەزىرىمىزنى ئائىلىنىڭ ئەخلاق فۇنكسىيىسىگە يۆتكەيلى. ھەرقانداق بىر ئائىلە مەلۇم مەدەنىيەت سىستېمىسىغا تەۋە جەمئىيەتتە مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ، شۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ ھەرخىل كونكرېت ئامىل، ئېلېمېنتلىرى ئائىلىدە، ئائىلە تۇرمۇشىدا ھەرزامان، ھەرماكان ئىپادىلىنىپ، ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. ئائىلىمۇ بىر كىچىك مەدەنىيەت ئوچىقى. ئۇ ئىستىخىيىلىك يوسۇندا مەدەنىيەت يارىتىدۇ يەنە ھەم شۇ مەدەنىيەتنىڭ سورۇنى بولىدۇ، شۇڭلاشقا شۇ مەدەنىيەتنى قوغدايدۇ. شۇ مەدەنىيەتكە خاس بولغان تەپەككۇر ئۇسسۇلى، قىممەت قاراش، ئەخلاق ئەندىزىلىرى دەل ئائىلىدىكى تەربىيە مۇھىتى ئارقىلىق ئەجدادتىن ئەۋلادقا كۆچىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ ئەخلاق بىۋاسىتە ئائىلىدە يېتىلىپ مۇكەممەللىشىدۇ. ئادەمنىڭ ئەخلاقىمۇ ئاۋۋال ئائىلىدە يېتىلىدۇ، ئائىلە ۋە جەمئىيەتتە ئەكس ئېتىدۇ، شۇڭلاشقا ئائىلە تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. بىر جەمئىيەتنىڭ پۈتكۈل ئەخلاق سەۋىيىسىنى ئائىلىلەر بەلگىلەيدۇ. ئادەم تۇنجى بولۇپ ئائىلىدە ئەدەب، ھايا، ھۆرمەت ئۆگىنىدۇ. ئائىلە تەربىيىسى ئادەمنىڭ ئەخلاق قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئائىلىدە ئەخلاقسىزلىققا كۆنگەن بالىلارنى مەكتەپ، جەمئىيەتتە ئەخلاققا ئىگە قىلماق ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن، بالىلار دوستلىرى ئارىسىدا قىلىشىدىغان ھاياسىز چاقچاق، پاراڭلىرىنى ئائىلىدە قىلالمايدۇ، سىرتتا تاماكا ـ ھاراققا ئاشنا بولسىمۇ، ئائىلىدە ئاز ـ تولا بولسىمۇ دىققەت قىلىدۇ. چۈنكى ئائىلىنىڭ شەخسنى نازارەت قىلىشى، جەمئىيەت، مەكتەپتىكىدىن كۆرە ئىنچىكە، مۇقەددەس بولىدۇ. ئائىلىنىڭ ئەخلاق يېتىشتۈرۈش رولى پەقەت پەرزەنتلەرگىلا ئەمەس، بەلكى ئاتا ـ ئانا بولغۇچىغىمۇ زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. جەمئىيەت پەقەت ئائىلىدىن ئىبارەت بىر ئىجتىمائىي ئورگان بولغىنى ئۈچۈن نۇرغۇن بۇزۇقچىلىق، ئەخلاقسىزلىقلاردىن خالىي تۇرىدۇ. قەيەردە ئائىلە ئاساسى ئاجىز، ئائىلە ئىگى توۋەن بولىدىكەن، شۇيەردە تىنچسىزلىق، غەم ـ قايغۇ كۆپ، ئىجتىمائىي تەرتىپ قالايمىقان، ئەخلاقسىزلىق

يامرىغان بولىدۇ. ئەگەر ئائىلە بولمىسا ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ قانداق مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئائىلە ئەخلاقى شەخس ئەخلاقىنى يېتىلدۈرىدۇ، جەمئىيەت ئەخلاقىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئائىلىسىز، ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئەخلاقتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. شەھەرلەردە ئائىلىنىڭ ئىلگىرىكى مۇقەددەسلىك ئورنىنىڭ تۆۋەنلەۋاتقانلىقى، شەھەرلەردىكى ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ بارغانسېرى چۈشكۈنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ مۇھىم سەۋەبى. قىسقىسى، ئائىلىنىڭ تەربىيە رولىنى ھېچقانداق ئورگان ئۆز ئۈستىگە ئالالمايدۇ. مەكتەپتە بالىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولغان بىلەن ئاتا-ئانىسى يوق، جەمئىيەتتە دوستلىرى بولغان بىلەن قېرىنداشلىرى يوق. ئائىلىدە ھەممە ئادەم تەربىيىلىگۈچى ھەم تەربىيىلەنگۈچى. ئائىلىمۇ بىر مەركىزىي دەرسلىكى يوق مەكتەپ، چۈنكى ئائىلىدىكى ھەربىر سۆز، ھەربىر ئىش، ھەربىر پائالىيەتنىڭ ئۆزى دەرسلىك. بۇ، ئادەمنىڭ قايسى خىل ئىنسانىي خىسلەت، پەزىلەتتە ياشىشىنى بەلگىلەيدىغان دەرسلىك. بۇگۈن، ئىنسانىيەت مەۋجۇدلۇقىنىڭ بۆشۈكى بولغان ئائىلە تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كرىزىس،خىرىسقا دۇچ كەلدى. نۇرغۇن ئەل دۆلەتلەردە ئائىلە تولىمۇ بىچارە ئورۇندا، قۇتقۇزۇشقا موھتاج بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئىنسانىيەت تۇرمۇش شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى، ئىلگىرىكى تۇرمۇش شەكلىدىكى ئاساسلىق مەركىزىي بىرلىك ئائىلىگىمۇ ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ئەكەلدى. نۇرغۇن مۇتەپەككۇر، جەمئىيەتشۇناسلار ئائىلىنىڭ ئەمدى ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش شەكلىدە ئىلگىرىكىدەك مەركىزىي، مۇقەددەس ئورۇندا تۇرمىسىمۇ بولىدىغانلىقى، ئىنسانىيەتنىڭ يېڭىچە تۇرمۇش يوللىرىغا ماسلىشىشى كېرەكلىكى ھەققىدە يېڭى-يېڭى پەتىۋا، نەزەرىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشماقتا. ئىنسانلارغا راستتىنلا ئائىلە بولمىسىمۇ بولۇۋېرەمدۇ؟

ئىنسانلار ھەرۋاقىت ئۆزگىرىش ئىچىدە تۇرىدۇ. پەقەت ئوخشىمىغان دەۋردىكى ئۆزگىرىشلەر كۆلەم-سۈرئەت، تەسىر جەھەتتە پەرقلىق بولغىنى ئۈچۈن بىز بەزى ئۆزگىرىشلەرنى ئالەمشۇمۇل، غايەت زور دېگەن سۈپەتلەشلەر بىلەن ئالاھىدە تىلغا ئالىمىز. ئىنسانلاردىكى مۇشۇ يېقىنقى ئىككى-ئۈچ ئەسىر بولۇپمۇ بىر ئەسىر مابەينىدە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى شۇنداق ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ھەقلىقمىز. بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرگىنىمىزدە، يەنىلا نەزىرىمىز يېقىنقى زامان ياۋروپا جەمئىيىتىدە يۈزبەرگەن دىنىي ئىسلاھات، ئەدەبىيات-سەنئەت ئويغىنىشى ۋە سانائەت ئىنقىلابىدىن ئىبارەت يېقىنقى زامان

ياۋروپا جەمئىيىتىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە چۈشىدۇ. چۈنكى بۇ ياۋروپا جەمئىيىتىنىلا ئەمەس، ياۋروپا ئارقىلىق پۈتكۈل ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنى مەيدانغا كەلتۈردى. ھازىر ئەتراپىمىزدا يۈز بەرگەن ھەرقانداق ئۆزگىرىشنى غەربنىڭ تەسىرىسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

بولۇپمۇ ھازىرقى زامان ياكى تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، بۈگۈنكى زاماندا بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر دائىرىسى، كۆلىمى ۋە ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئاجايىپ تېز، بەك چوڭقۇر، بىۋاسىتە يۈز بېرىدىغان بولدى. مانا بۇ شىددەتلىك ئۆزگىرىشلەر ئائىلىنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى مۇقەددەس ئورنى، نوپۇزى، قىممىتىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. ئەنئەنىۋى ئائىلە قۇرۇلمىسىدا ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، ئائىلە بارغانسېرى ئەسلى مەنىسىدىن ياتلىششقا قاراپ يۈزلەندى. ئائىلىسىز جەمئىيەت بەزى ئىنسانلار ئىنتىلىدىغان يېڭى ئوتوپىيىگە ئايلاندى. ئىنسانلار بارغانسېرى ئائىلىنى ئۆزىنىڭ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىۋاتقان، ئىقتىدارىنى نامايەن قىلىپ زور ئىشلارنى تەۋرىتىشتىن توسىغان، پۇت-قوللىرىنى بوغۇۋالغان ئاسارەت دەپ قاراشقا باشلاپ، يېڭى تۇرمۇش شەكىللىرىنى ئىختىرا قىلىشقا يۈزلەندى. نىكاھسىز بىرگە تۇرۇش مودىغا ئايلاندى. پەرزەنتلىك بولۇشنى دېمىسە، توي قىلىش نۇرغۇن كىشىلەرگە ئەھمىيەتسىزدەك بىلىنىشكە باشلىدى. ئاجرىشىش، قايتا توي قىلىش دېگەنلەر خۇددى كېيىم-كېچەكنى سېلىپ-كىيگەنچىلىك شۇنچە ئوڭاي، بىمالال قىلىنىدىغان ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا، كەسپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئائىلىدە بەخت ئىزدەشتىنمۇ بەكرەك ئەھمىيەتلىك، زور ئىش بوپقالدى. ئىلگىرى ئائىلىلەر مېھىر-مۇھەببەت ئىزدەيدىغان، يېڭى ئەۋلاد يېتىلدۈرۈدىغان ئورۇن بولغان بولسا، ھازىر پەقەتلا بىئولوگىيىلىك ۋە پسىخولوگىيىلىك ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇدىغان بىر ئۆتەڭ بوپقالدى. كىشىلەرنىڭ ئائىلىگە بولغان چۈشەنچىسىدىمۇ ئۆزگىرىش يۈز بېرىشكە باشلىدى. نىكاھسىز بىرگە تۇرۇشنىڭ ئاۋام تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشى، نىكاھنىڭ ئىلگىرىكى مۇقەددەسلىك ئورنىنى يوقىتىشى، بۇخىل قىلمىشلارغا قارشى كۈچلۈك بىر ئىجتىمائىي ئەخلاق بېسىمى، قانۇن ۋاسىتىسى، جامائەت پىكرى بولماسلىقى، جىنسىي بۇزۇقچىلىقنىڭ بىر ئادەت سۈپىتىدە جەمئىيەتلىششىگە داغدام يول ھازىرلاپ بەردى. كىشىلەر ئىلگىرى ئەرلىرى، خوتۇنلىرىدىنلا ئېرىشەلەيدىغان نەرسىلەرگە باشقىلاردىنمۇ

بىمـــالال ئېرىشـــەلىگەچكە، ئـــۇنى ھەر ئىككـــى تەرەپ مىنـــىڭ ھوقۇقـــۇم دەپ قارىغاچقـــا، بۇزۇقچىلـــىق قـــانۇنىي كاپـــالەت بىـــلەن قوغـــدىلىپ، ،ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت، جاۋابكارلىق ھېچكىمدىن سۈرۈشتۈرۈلمەيدىغان بولدى.

بەلكىــم مۇشــۇ تەرىقــتە داۋاملاشــسا، ئائىلىســىز جەمئىيەتلەرمــۇ مەيــدانغا كېلىشى، هارامدىن بولغان بـالىلارنى دۆلەت يـاكى ئىجتىمـائىي خەيـر-سـاخاۋەت ئورۇنلىرى بېقىشى، هـازىر ئايـاللار ئەرلەرسـىزمۇ پەرزەنتلىـك بولالىغاچقا، ئەگەر جىنسىي تەلىپىنى قاندۇرۇدىغان يىگى چارە تاپالىسا(بەلكىم تاپقانـدۇ)، بەلكىـم بىزگە ئەر لازىم ئەمەس، پەرزەنـتلا لازىـم، دەپ شـوئار توۋلىشـى، دورىخـانىلاردا ئۇرۇق سېتىلىشى، ئاياللار شـۇ ئـارقىلىق ئـۆزىنى ئـۆزى ئۇرۇقلاندۇرالىشـى، يـاكى بەدەن ســىرتىدىلا ھــامىلە يېتىشــتۈرۈپ بېقىشــى، بۇنــداق چــارىلەر تېخىمــۇ ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ، بـۇنى دوختۇرخـانىلاردىلا قىلالايـدىغان ھـالەتتىن، ئۆيـدىمۇ كىشىلەر ئاددىي ئۇسۇللار بىلەن قىلالايدىغان بولۇشى مۇمكىن.

مانا مۇشـۇ ۋاقىتتـا ئىنسـانلار جەمئىيىتىنـى قانـداقراق ھـالەتتە تەسـەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن؟ ئەلۋەتتە، ناۋادا شۇخىل ھالەت ھەقىقەتەن ئومۇملىشـىپ قالسـا، ئىنسانلار بۇنىڭغىمۇ يىگى ئۇقۇم، نەزەرىيە ئىجاد قىلىـپ، ئۇنىڭمـۇ ئىجتىمـائىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى ئىكەنلىكى، ئىنسانلارنىڭ بۇنىڭغا ماسلىشىشـى كېرەكلىكى ھەققىدە قايىـل قىلارلىـق ھۆكـۈملەرنى ئوتتۇرىغـا قويالىشـى مـۇمكىن. چۈنكى ھازىر ئىنسانلارغا ئۆز نەپسى ئۈچۈن ھەرقانـداق بىـر نەرسـە، مەيلـى ئـۇ مـۇقەددەس دىنىـي پرىنسـىپ يـاكى ئەنـئەنە، ئـۆرپ-ئـادەت بولسـۇن ھەممىسـى بەرىبىر. ھازىر ئىنسانلار ئۈچۈن دىگىلـى، يـازغىلى بولمايـدىغان گەپ، قىلغىلـى بولمايدىغان ھېچقانداق ئىش يوق.

قايسى سەۋەب ھازىرقى زامان ئائىلىلىرى(بولۇپمـۇ شـەھەر ئـائىلىلىرى)دە يۇقىرىقىــدەك يۈزلىنىشــنى كەلتــۈرۈپ چىقــاردى؟ مىــنىڭچە، بۇنــىڭ ســەۋەبىنى تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپكە يىغىنچاقلاش مۇمكىن. ئەلـۋەتتە بـۇ ئىككـى تەرەپمـۇ بىر-بىرىنى شەرت-سەۋەب قىلىدۇ، بىر-بىرىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلغان مۇستەقىل جەريان ئەمەس.

بىرىنچى، ئىش تەقسىماتىدىكى ئۆزگىرىش.

يۇكســەك دەرىجىــدىكى سانائەتلىشــىش ئەر-ئاياللىــڭ ئەنئەنىــۋى ئىــش تەقسىماتىغا زور ئـۆزگىرىش ئەكېلىـپ، ئىلگىـرى ئەرلەرلا قىلالايـدىغان ئىشـلارنى ئايــاللارمۇ قىلالايــدىغان، ئــۆزلىرى مۇســتەقىل پــۇل تاپالايــدىغان، ئائىلىنىــڭ

ئىقتىسادىي يۈكىنى تەڭ ئۈستىگە ئالالايدىغان بولىدى. بۇ، ئەر ۋە ئاياللىڭ ئائىلىدىكى ئورنىغا، رولىغا يېڭى ئۆزگىرىش ئەكەلدى. ئاياللارنىڭ ئائىلىدىكى ئورنى ئىلگىرىكىدىن زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۇ، باشتا قانداقلا بولمىسۇن ئاياللارنىڭ هوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈدىغان ياخشى ئىش دەپ قارالدى. ئەمما بۇ ياخشى ئىش بارغانسېرى ئۆزىنىڭ نورمال دائىرىسىدىن هالقىپ كېتىپ، ئاياللاردىكى ئانىلىق، خوتۇنلۇق بۇرچ تۇيغۇسى، ئېڭى بارغانسېرى سۇسلاپ، ئائىلە ئاياللار نەزىرىدە بارغانسېرى ئىككىلەمچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى، ئائىلىنى كىشەن، تۈرمە دەپ قارايدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئائىلىدىكى ئىللىقلىق بارغانسېرى يوقاشقا، ئائىلە ئوخشاشلا ئەرنىمۇ، ئاياللىمۇ تازا قىزىقتۇرالمايدىغان، هەر ئىككى تەرەپ ئائىلىدىن زېرىكىدىغان، ئائىلىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمەيدىغان، پەرزەنتنى دەپلا ياشايدىغان بولدى. نەتىجىدە بۇخىل ئائىلىدىن زېرىكىش ئائىلىدىن ۋاز كېچىشكە ئۆزگەردى. ئائىلىنىڭ هەر ئىككى تەرەپ نەزىرىدىكى قىممىتى، ئورنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى. ئەگەر ئاياللار ئائىلىدە تۇرۇپ ئېرىگە تايىنىپ،بالىلىرىنى بېقىپ ياشىسا، ئەرلەر هەددىدىن ئېشىپ، مۇستەبىت بولۇۋېلىپ، هەممىلا ئىشتا ئۆزىنى هاكىم-قازى قىلىۋالدى، ئاياللىڭ هوقۇق-مەنپەئىتى، ئۆزىنىڭ ئاياللغا نىسبەتەن ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى هەققىدە ئويلانمىدى. قىسقىسى، ئائىلىدە ئاياللارغا تەڭسىزلىك پەيدا قىلىپ، ئائىلىنى بىر زۇلۇم زىندانىغا ئايلاندۇرۇپ، ئاياللارنى خارلىدى، هەرگىزمۇ ئايالىم مېنىڭ تامىقىمنى ئېتىپ، كىر-قاتلىرىمنى يۇيۇپ، بالىلارنى بېقىۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلىدە بولاي دەپ قارىماي، شۇنى قىلمىسا نېمە قىلاتتى؟ ئۇ دېگەن خوتۇن كىشىنىڭ مەجبۇرىيىتى دەپ ئۆكتەملىك قىلدى. ئايال كىشىمۇ ئاز-تولا ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىپ ئۇل تاپالىسا، مېنىڭمۇ ئېرىم، بالىلىرىم، ئائىلەم بار، مەن قانداقلا بولمىسۇن يەنىلا بىر خوتۇن، بىر ئانا دەپ ئۆز سالاهىيىتىنى ئاڭلىقلىق بىلەن تونۇمىدى، ئېرى بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇردى. دېمەك، ئەر ۋە ئاياللىڭ ئۆز سالاهىيىتىنى توغرا تونۇپ يەتمەسلىكى ئائىلىنى بىر مۇھەببەت، ئىللىقلىقنىڭ ئۇۋىسى ئەمەس، ئازاب-دەردنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. نەتىجىدە ئەرمۇ، ئايالمۇ ئائىلىدىن ۋاز كېچىشنى دەرد-ئەلەمدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى قىلىۋالدى.

ئىككىنچىسى، كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشى، ئېڭىنىڭ ئۆزگىرىشى. ئاڭنىڭ ئۆزگىرىشى مۇنۇ ئىككى تەرەپنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ: بىرى، هوقۇق

ئېڭىنىڭ ئۆزگىرىشى، يەنە بىرى، ئەخلاق ئېڭىنىڭ ئۆزگىرىشى.

ئىش تەقسىماتىدا ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن باراۋار بولۇشى، تەبىئىيلا ئۇلاردا ھوقۇق ئېستىكىنى پەيدا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىغا يېڭى بىر سوئال قويىدى ھەم ئاياللار ھوقۇقىنىڭ بارغانسېرى كۈچەپ تەرغىب قىلىنىشى، كىشىلىك ھوقۇق چاقىرىقلىرى، جىنسىي ئازادلىق شوئارلىرى ئاياللاردا ئەرلەر بىلەن باراۋەر تۇرۇش ئېڭىنى، ئۆزىنىڭ خالىغىنىنى قىلىش ئېستىكىنى پەيدا قىلدى. ئاياللار ئىلگىرىكىدەك باشقۇرۇلمايدىغان، نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆزى خالىغىنى بويىچە قىلىدىغان بولدى. يۇقىرىدا دېگىنىمدەك، ئائىلە ئۇلار ئۈچۈن ئىككىلەمچى نەرسىگە ئايلاندى.

ئەخلاق ئېڭى جەھەتتە، ئىلگىرى نومۇس قىلىدىغان، ھايا قىلىدىغان نەرسىلەر بارغانسېرى كەڭ ئاۋام تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، دۆلەت تەرىپىدىن قانۇنلاشتۇرۇلدى، شەخسىنىڭ ئەخلاقسىزلىقىغا بولغان جامائەت پىكرى بەكلا ئاجىزلاپ كەتتى. نىكاھسىز بىرگە تۇرۇش، بەچچىۋازلىق قاتارلىقلارنىڭ قانۇنلاشتۇرۇلۇشى، جىنسىي ئازادلىق شوئارلىرى، يەنە ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش چارىلىرى، بەدەن سىرتىدا ھامىلە يېتىشتۈرۈش تېخنىكىلىرى بۇ خىل ھالەتنى ئوبيېكتىپ شەرت-شارائىت بىلەن تەمىن ئەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەرمۇ-ئايالمۇ ئۆزىنىڭ تەلەپلىرىنى سىرتتىن، باشقىلاردىن بىمالال تەلەپ قىلالايدىغان، شۇلار ئارقىلىق قاندۇرالايدىغان بولدى، ھەرگىزمۇ قىلغانلىرىغا ئازابلىنىش، ئۆكۈنۈش ھېسسىياتىدا بولمىدى.

مۇشۇ يەرگە كەلگەندە مۇنۇ خەۋەرنى قىستۇرغۇم كەپقالدى. باشتا بولدىلا، دېمەي دەپ ئويلىغان، ئەمما يەنىلا كىشىلەرگە ئادەملەرنىڭ قانداق بويكېتىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئارزۇيۇم غالىب كەلدى. ئادەم بۇنى يېزىشتىنمۇ نومۇس قىلىدۇ:

«ئەدەبىي ھېكايىلەر گېزىتى»نىڭ 2002-يىل 21-ئاۋغۇست كۈنىدىكى 13-سانىغا مۇنداق بىر خەۋەر بېسىلغان:

«خوتۇن ئالماشتۇرۇش ئويۇنى»يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئامېرىكا ئوتتۇرا قاتلام كىشىلىرى ئارىسىدا ناھايىتى ئەۋج ئالماقتا. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، ھازىر ئامېرىكىدا 500 دىن ئارتۇق خوتۇن ئالماشتۇرۇش كۇلۇبى بار ئىكەن. بەزى چوڭ تىپتىكى خوتۇن ئالماشتۇرۇش كۇلۇبلىرى بىرەر چوڭ مېھمانخانىنى كۆتۈرىگە ئېلىۋېلىپ، بىرلا ۋاقىتتا 4000چە ئادەمنىڭ قىزغىن كەيپىياتتا خوتۇن

ئالماشتۇرۇشىغا شارائىت ھازىرلاپ بېرىدىكەن. لوس ئانژېلىس خوتۇن ئالماشتۇرۇش كۇلۇبىنىڭ مەسئۇلى راچرېيتىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئويۇن 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرى باشلانغانىكەن. ئۇ چاغلاردا بۇ ئىشنى تولىسى جەمئىيەت لۈكچەكلىرى، جىنسىيەت ئىسيانكارلىرى قىلىدىكەن، ھازىرقىلىرى بولسا 30 ـ 40 ـ ياشقىچە بولغان، مۇقىم خىزمەت كىرىمى بار ئوتتۇرا بۇرژۇئازلار ئىكەن. ھەرھەپتە ئاخىرى سانفرانسىسكو دېگەندەك ھەممە چوڭ شەھەرلەردە بۇخىل چوڭ پائالىيەت ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرۇدىكەن. خەۋەر قىلىنىشىچە، بۇ ئويۇننى ئويناydىغانلار ناھايىتى باي بولۇپ، ھەمىشە پۈتۈن بىر بىنانى ئىجارىگە ئالىدىكەن. ئېيتىشىچە، بىر بىنانى مىزانلىق شەھىرىدە 4000 دىن ئارتۇق ئادەم 71قەۋەتلىك بىر بىنانى ئىجارىگە ئاپتۇ. يەنە ئۇنىڭدىن باشقا 2000 چە ھەۋەسكار ھەر يىلى يانۋاردا ياماykىنىڭ بىر ئىستىراھەت رايونىغا بېرىپ ياشايدىكەن. مەملىكەت بويىچە 500 دىن ئارتۇق مۇشۇنداق كۇلۇب بولۇپ، نەچچە مىڭ ئادەم مۇشۇ ئايدا نېۋادا شىتاتىنىڭ بىر شەھىرىدە مەملىكەتلىك ئەزالار چوڭ يىغىنى ئاچماقچىكەن. بۇ ئويۇنغا قاتناشقان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە، ئۇلار بۇ كۇلۇبقا قاتناشقاندىن كېيىن ئەزالىق بەدەل پۇلى تاپشۇرۇدىكەن. كۆپىنچە ئەرلەرنىڭ دەۋىتىدە ئايالار قاتنىشىدىكەن، نۇرغۇن ئايالار بۇنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ.

ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا بۇ يېڭى ئىش ئەمەسكەن. كۆپ سانلىق كىشىلەر بۇنى بىر ئېپلاس قىلمىش دەپ قارىسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ ئەھلىنىڭمۇ نۇرغۇن باھانىلىرى بار ئىكەن. ئۇلار ئەر ـ خوتۇن ئۇزۇن بىرگە ياشىسا، بىر ـ بىرىدىن زېرىكىپ قېلىشتىن ساقلانماق تەس، تالاغا قاراپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەر ـ ئايال بۇنى توغرا چۈشەنگەن ئاساستا، خوتۇن ئالماشتۇرۇپ ئىچ پۇشقىنى چىقارغان ياخشى، دەپ قارايدىكەن... ھەم ئۇلار بۇ ھېچكىمگە دەخلى قىلمىغاندىكىن، باشقىلارنىڭ ئۇلارنىڭ ئەركىنلىكىگە ئارىلىشىۋېلىش ئاساسى يوق، دەپ قارايدىكەن».

مەن بۇنى قىسمەن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلدىم. بەزى جايلىرىنى يېزىشقا ھەقىقەتەن يۈزۈم چىدىمىدى. مېنىڭ بۇ خەۋەر ھەققىدە ھېچنېمە دېگۈم يوق، ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئەقلىگە ئىشىنىمەن. ھەراست، يەنە ئاڭلىسام ئېيتىشىچە ئاۋىستىرالىيىدە بىر پاھىشىخانا پاي چېكىنى بازارغا سېلىپ كۆپ پۇل تېپىپتىمىش (بۇ ئەھۋال بۇ پاھىشىخانىنىڭ قانچىلىك تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ).

دېمەك، يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھازىرقى دەۋردە ئائىلىنىڭ ئورنى، نوپۇزى تارىختىكى ھەرقانداق دەۋردىكىدىن بەك تۆۋەنلەپ كېتىۋاتىدۇ. نىكاھنىڭ ھەقىقەتەن رولى، قىممىتى يوقمۇ؟

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈشىچە، تويى قىلغانلارنىڭ سالامەتلىكى، بويتاقلار ياكى ئاجرىشىپ كەتكەنلەرنىڭكىدىن كۆپ ساغلام بولىدىكەن، كېسەل بوپقالسىمۇ جۆرىسى يوق كىشىلەردىن تېز ساقىيىدىكەن. ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر تاشقى كېسەل دوختۇرى بۇ جەھەتتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئېرىشكەن خۇلاسىسى مۇنداق بولغان: تويى قىلغان ئادەم تويى قىلمىغان، ئايرىلىپ ئولتۇرۇشقان، ياكى ئاجرىشىپ كەتكەن ئادەملەرگە قارىغاندا ھەرخىل كېسەللەرگە تېخىمۇ ئاسان تاقابىل تۇرالايدىكەن. لوس ئانژېلىستىكى بىئولوگىيە دوكتورى روبېرت كوھس 130 تۈردىكى رەسمىي نەشر قىلىنغان تەجرىبە تەتقىقات ماتېرىياللىرىنى يىغىپ، نىكاھنىڭ شەخسنىڭ بەختىگە بولغان تەسىرىنى ئۆلچىگەن. بۇ تەتقىقاتلار ئۆتكەن 60 يىل جەريانىدا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، نەتىجىسى بىردەك تويى قىلغانلارنىڭ تويى قىلمىغانلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ساغلام،تېخىمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. يەنە بىر تەكشۈرۈش دوكلاتىدا تويى قىلغان 90 ئەر ـ ئايالنىڭ ئاز دېگەندە 56 ياش ئۆمۈر كۆرۈدىغانلىقى، قايسى خىل سەۋەبتىن بولمىسۇن ئىشقىلىپ، يا جۆرىسىدىن ئايرىلىپ قالغان، ئاجرىشىپ كەتكەن ياكى تويى قىلمىغانلارنىڭ ئاران70 60 ئىنىڭ 56 ياش ئۆمۈر كۆرۈدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتساق، تويى قىلغانلارنىڭ ئىقتىسادى ئومۇمەن تويى قىلمىغانلارنىڭكىدىن ياخشى بولىدىكەن. دوكتور ۋېتىر ئامېرىكىدا ياشانغانلارغا قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، تويى قىلغانلارنىڭ بايلىقىنىڭ تويى قىلمىغانلارنىڭكىدىن ئىككى ھەسسە كۆپ ئىكەنلىكىنى بايقىغان...

ئەلۋەتتە يۇقىرىدا دېگەنلىرىم، ھەرقانداق ئىشتا پەقەت ماددىي، ئەمەلىي ئۇنۇمنىلا كۆزلەيدىغانلار ئۈچۈن ماھىيەتتە نىكاھنىڭ پايدىسى بولا ئەمەس. نىكاھ ئىنسانلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ، تۇرمۇشىنى رەتلىك، بەختلىك قىلىدۇ، جەمئىيەتنى تىنچ قىلىدۇ، ئادەمنى ئەخلاقسىزلىقتىن ساقلايدۇ، پەرزەنتلەرگە ياخشى تەربىيە مۇھىتى يارىتىپ بېرىدۇ. قىسقىسى بۇ، ئىنسانلارنىڭ تۈپ، مۇقەددەس تۇرمۇش قانۇنىيىتى. كىمكى بۇ قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلىدىكەن، چوقۇمكى چەكسىز زىيان تارتىدۇ. ئىنسانلار ھەرۋاقىت

ئۆزگىرىش ئىچىدە تۇرىدۇ. پەقەت ئوخشىمىغان دەۋردىكى ئۆزگىرىشلەر كۆلەم-سۈرئەت، تەسىر جەھەتتە پەرقلىق بولغىنى ئۈچۈن بىز بەزى ئۆزگىرىشلەرنى ئالەمشۇمۇل، غايەت زور دېگەن سۈپەتلەشلەر بىلەن ئالاھىدە تىلغا ئالىمىز. ئىنسانلاردىكى مۇشۇ يىقىنقى ئىككى-ئۈچ ئەسىر بولۇپمۇ بىر ئەسىر مابەينىدە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى شۇنداق ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ھەقلىقمىز. بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرگىنىمىزدە، يەنىلا نەزىرىمىز يېقىنقى زامان ياۋروپا جەمئىيىتىدە يۈز بەرگەن دىنىي ئىسلاھات، ئەدەبىيات-سەنئەت ئويغىنىشى ۋە سانائەت ئىنقىلابىدىن ئىبارەت يېقىنقى زامان ياۋروپا جەمئىيىتىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە چۈشىدۇ. چۈنكى بۇ ياۋروپا جەمئىيىتىنىلا ئەمەس، ياۋروپا ئارقىلىق پۈتكۈل ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنى مەيدانغا كەلتۈردى. ھازىر ئەتراپىمىزدا يۈز بەرگەن ھەرقانداق ئۆزگىرىشنى غەربنىڭ تەسىرىسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

بولۇپمۇ ھازىرقى زامان ياكى تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، بۈگۈنكى زاماندا بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر دائىرىسى، كۆلىمى ۋە ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئاجايىپ تېز، بەك چوڭقۇر، بىۋاسىتە يۈز بېرىدىغان بولدى. مانا بۇ شىددەتلىك ئۆزگىرىشلەر ئائىلىنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى مۇقەددەس ئورنى، نوپۇزى، قىممىتىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. ئەنئەنىۋى ئائىلە قۇرۇلمىسىدا ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، ئائىلە بارغانسېرى ئەسلى مەنىسىدىن ياتلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. ئائىلىسىز جەمئىيەت بەزى ئىنسانلار ئىنتىلىدىغان يېڭى ئوتوپىيىگە ئايلاندى. ئىنسانلار بارغانسېرى ئائىلىنى ئۆزىنىڭ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىۋاتقان، ئىقتىدارىنى نامايەن قىلىپ زور ئىشلارنى تەۋرىتىشتىن توسىغان،پۇت-قوللىرىنى بوغۇۋالغان ئاسارەت دەپ قاراشقا باشلاپ، يېڭى تۇرمۇش شەكىللىرىنى ئىختىرا قىلىشقا يۈزلەندى. نىكاھسىز بىرگە تۇرۇش مودىغا ئايلاندى. پەرزەنتلىك بولۇشنى دېمىسە،توي قىلىش نۇرغۇن كىشىلەرگە ئەھمىيەتسىزدەك بىلىنىشكە باشلىدى. ئاجرىشىش، قايتا توي قىلىش دېگەنلەر خۇددى كىيىم-كېچەكنى سېلىپ-كىيگەنچىلىك شۇنچە ئوڭاي، بىمالال قىلىنىدىغان ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا، كەسپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئائىلىدە بەخت ئىزدەشتىنمۇ بەكرەك ئەھمىيەتلىك، زور ئىش بوپقالدى. ئىلگىرى ئائىلىلەر مېھىر-مۇھەببەت ئىزدەيدىغان، يېڭى ئەۋلاد يېتىلدۈرۈدىغان ئورۇن بولغان

بولسا، ھازىر پەقەتلا بىئولوگىيىلىك ۋە پسىخولوگىيىلىك ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇدىغان بىر ئۆتەڭ بوپقالىدى. كىشىلەرنىڭ ئائىلىگە بولغان چۈشەنچىسىدىمۇ ئۆزگىرىش يۈز بېرىشكە باشلىدى. نىكاھسىز بىرگە تۇرۇشنىڭ ئاۋام تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشى، نىكاھنىڭ ئىلگىرىكى مۇقەددەسلىك ئورنىنى يوقىتىشى، بۇخىل قىلمىشلارغا قارشى كۈچلۈك بىر ئىجتىمائىي ئەخلاق بېسىمى، قانۇن ۋاستىسى، جامائەت پىكرى بولماسلىقى، جىنسىي بۇزۇقچىلىقنىڭ بىر ئادەت سۈپىتىدە جەمئىيەتلىشىشىگە داغدام يول ھازىرلاپ بەردى. كىشىلەر ئىلگىرى ئەرلىرى، خوتۇنلىرىدىنلا ئېرىشەلەيدىغان نەرسىلەرگە باشقىلاردىنمۇ بىمالال ئېرىشەلىگەچكە، ئۇنى ھەر ئىككى تەرەپ مىنىڭ ھوقۇقۇم دەپ قارىغاچقا، بۇزۇقچىلىق قانۇنىي كاپالەت بىلەن قوغدىلىپ، ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت، جاۋابكارلىق ھېچكىمدىن سۈرۈشتۈرۈلمەيدىغان بولدى.

بەلكىم مۇشۇ تەرىقىدە داۋاملاشسا،ئائىلىسىز جەمئىيەتلەرمۇ مەيدانغا كېلىشى، ھارامدىن بولغان بالىلارنى دۆلەت ياكى ئىجتىمائىي خەير-ساخاۋەت ئورۇنلىرى بېقىشى، ھازىر ئاياللار ئەرلەرسىزمۇ پەرزەنتلىك بولالىغاچقا، ئەگەر جىنسىي تەلىپىنى قاندۇرۇدىغان يېڭى چارە تاپالىسا(بەلكىم تاپقاندۇ)، بەلكىم بىرگە ئەر لازىم ئەمەس، پەرزەنتلا لازىم، دەپ شوئار توۋلىشى، دورىخانىلاردا ئۇرۇق سېتىلىشى، ئايالىلار شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆزى ئۇرۇقلاندۇرالىشى، ياكى بەدەن سىرتىدىلا ھامىلە يېتىشتۈرۈپ بېقىشى، بۇنداق چارىلەر تېخىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ، بۇنى دوختۇرخانىلاردىلا قىلالايدىغان ھالەتتىن، ئۆيىدىمۇ كىشىلەر ئاددىي ئۇسۇللار بىلەن قىلالايدىغان بولۇشى مۇمكىن.

مانا مۇشۇ ۋاقىتتا ئىنسانلار جەمئىيىتىنى قانداقراق ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن؟ ئەلۋەتتە، ناۋادا شۇخىل ھالەت ھەقىقەتەن ئومۇملىشىپ قالسا، ئىنسانلار بۇنىڭغىمۇ يېڭى ئۇقۇم، نەزەرىيە ئىجاد قىلىپ، ئۇنىڭمۇ ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى ئىكەنلىكى، ئىنسانلارنىڭ بۇنىڭغا ماسلىشىشى كېرەكلىكى ھەققىدە قايىل قىلارلىق ھۆكۈملەرنى ئوتتۇرىغا قويالىشى مۇمكىن. چۈنكى ھازىر ئىنسانلارغا ئۆز نەپسى ئۈچۈن ھەرقانداق بىر نەرسە، مەيلى ئۇ مۇقەددەس دىنىي پرىنسىپ ياكى ئەنئەنە، ئۆرپ-ئادەت بولسۇن ھەممىسى بەرىبىر. ھازىر ئىنسانلار ئۈچۈن دېگىلى، يازغىلى بولمايدىغان گەپ، قىلغىلى بولمايدىغان ھېچقانداق ئىش يوق.

قايسى سەۋەب ھازىرقى زامان ئائىلىلىرى(بولۇپمۇ شەھەر ئائىلىلىرى)دە

يۇقىرىقىدەك يۈزلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى؟ مېنىڭچە، بۇنىڭ سەۋەبىنى تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپكە يىغىنچاقلاش مۇمكىن. ئەلۋەتتە بۇ ئىككى تەرەپمۇ بىر-بىرىنى شەرت-سەۋەب قىلىدۇ، بىر-بىرىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلغان مۇستەقىل جەريان ئەمەس.

بىرىنچى، ئىش تەقسىماتىدىكى ئۆزگىرىش.

يۇكسەك دەرىجىدىكى سانائەتلىشىش ئەر-ئاياللىڭ ئەنئەنىۋى ئىش تەقسىماتىغا زور ئۆزگىرىش ئەكېلىپ، ئىلگىرى ئەرلەرلا قىلالايدىغان ئىشلارنى ئاياللارمۇ قىلالايدىغان، ئۆزلىرى مۇستەقىل پۇل تاپالايدىغان،ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى تەڭ ئۈستىگە ئالالايدىغان بولدى. بۇ، ئەر ۋە ئاياللىڭ ئائىلىدىكى ئورنىغا،رولىغا يېڭى ئۆزگىرىش ئەكەلدى. ئاياللارنىڭ ئائىلىدىكى ئورنى ئىلگىرىكىدىن زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۇ، باشتا قانداقلا بولمىسۇن ئاياللارنىڭ ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان ياخشى ئىش دەپ قارالدى. ئەمما بۇ ياخشى ئىش بارغانسېرى ئۆزىنىڭ نورمال دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتىپ، ئاياللاردىكى ئانىلىق، خوتۇنلۇق بۇرچ تۇيغۇسى،ئېڭى بارغانسېرى سۇسلاپ، ئائىلە ئاياللار نەزىرىدە بارغانسېرى ئىككىلەمچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى،ئائىلىنى كىشەن،تۈرمە دەپ قارايدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئائىلىدىكى ئىللىقلىق بارغانسېرى يوقاشقا، ئائىلە ئوخشاشلا ئەرنىمۇ، ئاياللىمۇ تازا قىزىقتۇرالمايدىغان، ھەر ئىككى تەرەپ ئائىلىدىن زېرىكىدىغان ،ئائىلىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمەيدىغان، پەرزەنتنى دەپلا ياشايدىغان بولدى. نەتىجىدە بۇخىل ئائىلىدىن زېرىكىش ئائىلىدىن ۋازكېچىشكە ئۆزگەردى. ئائىلىنىڭ ھەر ئىككى تەرەپ نەزىرىدىكى قىممىتى،ئورنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى. ئەگەر ئاياللار ئائىلىدە تۇرۇپ ئېرىگە تايىنىپ،باللىرىنى بېقىپ ياشىسا، ئەرلەر ھەددىدىن ئېشىپ، مۇستەبىت بولۇۋېلىپ، ھەممىلا ئىشتا ئۆزىنى ھاكىم-قازى قىلىۋالىدى، ئاياللىنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتى،ئۆزىنىڭ ئاياللىغا نىسبەتەن ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى ھەققىدە ئويلانمىدى. قىسقىسى، ئائىلىدە ئاياللارغا تەڭسىزلىك پەيدا قىلىپ،ئائىلىنى بىر زۇلۇم زىندانىغا ئايلاندۇرۇپ، ئاياللارنى خارلىدى، ھەرگىزمۇ ئايالىم مېنىڭ تامىقىمنى ئېتىپ، كىر-قاتلىرىمنى يۇيۇپ، باللارنى بېقىۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلىدە بولاي دەپ قارىماي،شۇنى قىلمىسا نېمە قىلاتتى؟ ئۇ دېگەن خوتۇن كىشىنىڭ مەجبۇرىيىتى دەپ ئۆكتەملىك قىلدى. ئايال كىشىمۇ ئاز-تولا ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىپ پۇل تاپالىسا،مېنىڭمۇ ئېرىم، باللىرىم،ئائىلەم بار،

مەن قانداقلا بولمىسۇن يەنىلا بىر خوتۇن، بىر ئانا دەپ ئۆز سالاھىيىتىنى ئاكتىلىقلىق بىلەن تونۇمىدى، ئېرى بىلەن ئۆزەككە سوقۇشتۇردى. دېمەك، ئەر ۋە ئايالنىڭ ئۆز سالاھىيىتىنى توغرا تونۇپ يەتمەسلىكى ئائىلىنى بىر مۇھەببەت، ئىللىقلىقنىڭ ئۇۋىسى ئەمەس، ئازاب ـ دەردنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدى. نەتىجىدە ئەرمۇ، ئايالمۇ ئائىلىدىن ۋاز كېچىشنى دەرد ـ ئەلەمدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى قىلىۋالدى.

ئىككىنچىسى، كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشى، ئېڭىنىڭ ئۆزگىرىشى. ئاڭنىڭ ئۆزگىرىشى مۇنۇ ئىككى تەرەپنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ: بىرى، ھوقۇق ئېڭىنىڭ ئۆزگىرىشى، يەنە بىرى، ئەخلاق ئېڭىنىڭ ئۆزگىرىشى.

ئىش تەقسىماتىدا ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن باراۋار بولۇشى، تەبىئىيلا ئۇلاردا ھوقۇق ئىستىكىنى پەيدا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىغا يېڭى بىر سوئال قويىدى ھەم ئاياللار ھوقۇقىنىڭ بارغانسېرى كۈچەپ تەرغىب قىلىنىشى، كىشىلىك ھوقۇق چاقىرىقلىرى، جىنسىي ئازادلىق شوئارلىرى ئاياللاردا ئەرلەر بىلەن باراۋەر تۇرۇش ئېڭىنى، ئۆزىنىڭ خالىغىنىنى قىلىش ئىستىكىنى پەيدا قىلدى. ئاياللار ئىلگىرىكىدەك باشقۇرۇلمايدىغان، نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆزى خالىغىنى بويىچە قىلىدىغان بولدى. يۇقىرىدا دېگىنىمدەك، ئائىلە ئۇلار ئۈچۈن ئىككىلەمچى نەرسىگە ئايلاندى.

ئەخلاق ئېڭى جەھەتتە،ئىلگىرى نومۇس قىلىدىغان، ھايا قىلىدىغان نەرسىلەر بارغانسېرى كەڭ ئاۋام تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، دۆلەت تەرىپىدىن قانۇنلاشتۇرۇلدى، شەخسنىڭ ئەخلاقسىزلىقىغا بولغان جامائەت پىكرى بەكلا ئاجىزلاپ كەتتى. نىكاھسىز بىرگە تۇرۇش، بەچچىۋازلىق قاتارلىقلارنىڭ قانۇنلاشتۇرۇلۇشى، جىنسىي ئازادلىق شوئارلىرى، يەنە ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش چارىلىرى، بەدەن سىرتىدا ھامىلە يېتىشتۈرۈش تېخنىكىلىرى بۇ خىل ھالەتنى ئوبيېكتىپ شەرت ـ شارائىت بىلەن تەمىن ئەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەرمۇ ـ ئايالمۇ ئۆزىنىڭ تەلەپلىرىنى سىرتتىن،باشقىلاردىن بىمالال تەلەپ قىلالايدىغان، شۇلار ئارقىلىق قاندۇرالايدىغان بولدى، ھەرگىزمۇ قىلغانلىرىغا ئازابلىنىش، ئۆكۈنۈش ھېسسىياتىدا بولمىدى.

مۇشۇ يەرگە كەلگەندە مۇنۇ خەۋەرنى قىستۇرغۇم كەپقالدى. باشتا بولدىلا، دېمەي دەپ ئويلىغان، ئەمما يەنىلا كىشىلەرگە ئادەملەرنىڭ قانداق بويكېتىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئارزۇيۇم غالىب كەلدى. ئادەم بۇنى

يېزىشتىنمۇ نومۇس قىلىدۇ:

«ئەدەبىي ھېكايىلەر گېزىتى»نىڭ 2002-يىل 21-ئاۋغۇست كۈنىدىكى 13-سانىغا مۇنداق بىر خەۋەر بېسىلغان:

دېمەك، يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھازىرقى دەۋردە ئائىلىنىڭ ئورنى، نوپۇزى تارىختىكى ھەرقانداق دەۋردىكىدىن بەك تۆۋەنلەپ كېتىۋاتىدۇ. نىكاھنىڭ ھەقىقەتەن رولى، قىممىتى يوقمۇ؟

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈشىچە، تويى قىلغانلارنىڭ سالامەتلىكى، بويتاقلار ياكى ئاجرىشىپ كەتكەنلەرنىڭكىدىن كۆپ ساغلام بولىدىكەن، كېسەل بوپقالسىمۇ جۈرىسى يوق كىشىلەردىن تېز ساقىيىدىكەن. ئوكسفورد ئۇنىۋېرستېتىنىڭ بىر تاشقى كېسەل دوختۇرى بۇ جەھەتتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئېرىشكەن خۇلاسىسى مۇنداق بولغان: تويى قىلغان ئادەم تويى قىلمىغان،ئايرىلىپ ئولتۇرۇشقان،ياكى ئاجرىشىپ كەتكەن ئادەملەرگە قارىغاندا ھەرخىل كېسەللەرگە تېخىمۇ ئاسان تاقابىل تۇرالايدىكەن. لوس ئانژېلىستىكى بىئولوگىيە دوكتورى روبېرت كوھس 031تۇردىكى رەسمىي نەشر قىلىنغان تەجرىبە تەتقىقات ماتېرىياللىرىنى يىغىپ، نىكاھنىڭ شەخسنىڭ بەختىگە بولغان تەسىرىنى ئۆلچىگەن. بۇ تەتقىقاتلار ئۆتكەن 06يىل جەريانىدا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، نەتىجىسى بىردەك تويى قىلغانلارنىڭ تويى قىلمىغانلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ساغلام،تېخىمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. يەنە بىر تەكشۈرۈش دوكلاتىدا تويى قىلغان 09ئەر-ئايالنىڭ ئاز دېگەندە 56ياش ئۆمۈر كۆرۈدىغانلىقى، قايسى خىل سەۋەبتىن بولمىسۇن ئىشقىلىپ، يا جۈرىسىدىن ئايرىلىپ قالغان،ئاجرىشىپ كەتكەن ياكى تويى قىلمىغانلارنىڭ ئاران07 06ئىنىڭ 56ياش ئۆمۈر كۆرۈدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتساق،تويى قىلغانلارنىڭ ئىقتىسادى ئومۇمەن تويى قىلمىغانلارنىڭكىدىن ياخشى بولىدىكەن. دوكتور ۋېتىر ئامېرىكىدا ياشانغانلارغا قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، تويى قىلغانلارنىڭ بايلىقىنىڭ تويى قىلمىغانلارنىڭكىدىن ئىككى ھەسسە كۆپ ئىكەنلىكىنى بايقىغان...

ئەلۋەتتە يۇقىرىدا دېگەنلىرىم، ھەرقانداق ئىشتا پەقەت ماددىي، ئەمەلىي ئۈنۈمنىلا كۆزلەيدىغانلار ئۈچۈن ماھىيەتتە نىكاھنىڭ پايدىسى بۇلا ئەمەس. نىكاھ ئىنسانلارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ، تۇرمۇشىنى رەتلىك، بەختلىك قىلىدۇ، جەمئىيەتنى تىنچ قىلىدۇ، ئادەمنى ئەخلاقسىزلىقتىن ساقلايدۇ،

پەرزەنتلەرگە ياخشى تەربىيە مۇھىتى يارىتىپ بېرىدۇ. قىسقىسى بۇ، ئىنسانلارنىڭ تۇپ، مۇقەددەس تۇرمۇش قانۇنىيتى. كىمكى بۇ قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلىدىكەن، چوقۇمكى چەكسىز زىيان تارتىدۇ.